هاجى مىرزاھىد كېرىمى

# سۇلتان سەئىدخان



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سۇلتان سەئىدخان

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: مەمەت تەۋبەت

## هاجى مىرزاھىد كېرىمى ئەسەرلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1)
يۈسۈپ خاس ھاجىپ (2)
مىرزا ئابابەكرى
سۇلتان سەئىدخان
سۇلتان ئابدۇرەشىدخان
جۇدالىق
بوغدا قىزى
قاناتلانغان تىلەكلەر
ئالتۇن ئاچقۇچ

ISBN 978-7-228-18341-8

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هاجى مىرزاھىد كېرەمى

# سۇلتان سەئىدخان

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

苏丹·赛义德汗 : 维吾尔文 / 米尔扎依提·克里木著.
— 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2015.3
ISBN 978-7-228-18341-8

Ⅰ. ①苏… Ⅱ. ①米… Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代
— 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第046673号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 古丽巴哈尔·艾海提 |
| 责任校对 | 再米拉·裴达依 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 13.375 |
| 版　　次 | 2015年9月第1版 |
| 印　　次 | 2015年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1 — 5000 |
| 定　　价 | 38.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



• هاجى مىرزاھىد كېرىمى •

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب قۇتلۇق ئۇچرىشىش .................................. 1
ئىككىنچى باب مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ھىيلىسى ............... 38
ئۈچىنچى باب بارىسقاۋۇن داۋىنىنىڭ ئۇ يېقىدا ............. 64
تۆتىنچى باب بۇزرۇكۋارنىڭ نەسىھەتى ......................... 93
بەشىنچى باب يولۋاس چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ................. 131
ئالتىنچى باب قوچقار قىشلىقىدىكى سۇيىقەست ........... 146
يەتتىنچى باب ئاشىقنىڭ ئۆلۈمى .............................. 170
سەككىزىنچى باب سۇدا ئېقىپ كەلگەن رومال ................ 192
توققۇزىنچى باب ئاقئۆيدە ئوقۇلغان نىكاھ .................. 214
ئونىنچى باب نائىب سۇلتاننىڭ ئادالىتى .................... 240
ئون بىرىنچى باب تىنچسىز يىللار .............................. 263
ئون ئىككىنچى باب ئاقسۇدا كۆتۈرۈلگەن قارا قويۇن ..... 288
ئون ئۈچىنچى باب ئۇكەر تىكلەشكەندە ........................ 327
ئون تۆتىنچى باب جازا ھۆكۈم قىلىش .......................... 346
ئون بەشىنچى باب مەقبەرە ئالدىدا تۆكۈلگەن قان .......... 386

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# قۇتلۇق ئۇچرىشىش

### 1

ھاۋا ئوچۇق، كۆك دېڭىزىدىكى ئاق بۇلۇتلار خۇددى يەلكەندەك ئۈزۈپ يۈرەتتى. ياز قۇياشى زەرەپشان دالاسىغا ئوتلۇق نۇرىنى چاچماقتا. مۇڭلۇق «لاي ـ لاي» ناخشىسىنى ئېيتىپ خامان تېپىۋاتقان ياش ـ قېرى دېھقانلار تەرگە چۆمۈلگەنىدى. ئۇلار ھەدەپ چەشنى سورۇپ، باغلام ـ باغلام باشاقلارنى تاش تولۇق ئالدىغا تاشلايتتى. كالا، ئېشەك، ئاتقا سۆرەتكەن تاش تولۇقلار يېيىلغان باشاقلار ئۈستىدە غىلدىرلاپ ئايلىناتتى.

ئىسسىق تەپتىدىن باغباراڭلاردىكى توغاچ ـ شاپتۇللار قىزىرىپ، چۆنەكلەردىكى قوغۇن ـ تاۋۇزلار رەڭ تۈزەپ، چاك ـ چاك يېرىلاتتى، مەززىلىك پۇراق چىقىراتتى.

ئېتىز ـ قىرلاردىن يىراقتا بولغان قۇملۇق، تاقىر دەشتلەردىكى يۇلغۇنلار تاڭ شەپىقىدەك قىزىرىپ كەتكەن، ئۈستىدە توپ ـ توپ تومۇزغا ۋىڭىلدايتتى. تومۇز تەپتىدىن قورۇپ كەتكەن تىكەن، يانتاقلار كۆزگە تاشلىناتتى. خۇددى يەرگە قاداپ قويغان كۈنلۈكتەك تۇرغان قامغاق تۈۋىدە بوز توشقانلار سەگىدەپ يېتىشاتتى. يەر بېغىرلاپ يۈرگەن سالمىلار باشلىرىنى تىك كۆتۈرۈشۈپ كۈنگە قاراپ قويۇشاتتى. ئاسماندا بولسا قاغا، سارىدىن باشقا ئۇچار قۇش كۆرۈنمەيتتى.

زەرەپشان دەرياسىغا يېقىن بوستانلىقلاردا تورغاي، تۇمۇچۇق، قۇشقاچ، تۆمۈرتۇمشۇق كەبى قۇشلار ئىسسىقتىن باغرى ئۆرتىلىپ، شاخلاردا چاكىلداپ ئولتۇرۇشاتتى، جۈپتى بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ مۇھەببەتلىشەتتى، تۇمشۇقلىرى بىلەن بىر - بىرىنى سىلىشاتتى. ئەتىگەندىن بېرى سايراپ چارچاشقانمۇ قانداق، مۇشۇ تاپتا جىم بولۇپ قېلىشقانىدى. پەقەت ئاشىق كاككۇكلار سۇۋادان تېرەكنىڭ چىڭ ئۇچىدا ھەر يانغا بويۇنداپ سايراۋاتاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇياقلارغا كېلىدىغان كاككۇكلارنىڭ ھەممىسى «زەينەپ» ئىسىملىك چىشى قۇش بولۇپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا قالغان ئەركىكىنى «كاككۇك» دەپ چاقىرارىمىش.

پىلىدەك يۇمشاق كۆك قۇرتلار شاختىن - شاخقا ئۆتۈپ، دەرەخ غوللىرىنى غاجىلاپ ئۆتمىتۆشۈك قىلماقتا ئىدى. يەردە بولسا سانسىزلىغان قارا، سېرىق چۈمۈلىلەر سەپ تارتىپ، تۇپراقنى تىلغاپ، يۇمشىتىپ ئۆز قەسىرلىرىنى ياسايتتى، يېمەكلىك يىغاتتى. ئۇلارنىڭ جىم تۇرۇپ ئارام ئالغىنىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر - بىرى بىلەن سۆيۈشۈپ سالاملاشقىنى قىزىق ئىدى. ياپيېشىل يايلاقتىكى كېيىك، جەرەن، توشقانلار يۇمران، سۇتلۇق ئوتلارنى يېيىشىپ توپ - توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى. ئالدىدىن يىلانلار كۇشۇلداپ چىقىپ قالسا تاقلاپ - سەكرەپ نېرى قېچىشاتتى. بۆرە، تۈلكىلەر كېچىدىن بېرى تولا يۈگۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاپ ھارغان بولسا كېرەك، دەرەخ تۈۋىدىكى ئۆۋۈلىرىدا ئۇخلاپ قېلىشقانىدى. شۇڭا، ئوتخور ھايۋانلار ئارامخۇدا ئوتلىشىۋاتاتتى.

دولقۇنلاپ قىرغاق يالاپ ئېقىۋاتقان زەرەپشان بويلىرى بىر ئاز سالقىن ئىدى. دەريادىن ئەسكەن مەيىن شامال سۇغا كۆلەڭگىسى چۈشۈپ تۇرغان سۆگەت، تېرەكلەرنى ئىرغاڭشىتالمىسىمۇ، نۇر قۇچقان كۈمۈش ياپراقلارنى شىلدىرلىتاتتى.

سۇ ئىچكىلى كەلگەن بىر توپ كېيىك تاقلاپ - سەكرىشىپ

دەريا بويىغا چۈشتى. ئېغىزلىرىنى ئېقىنغا تەگكۈزۈپ سۈمۈرۈپ سۇ ئىچكىلى تۇردى. پات ـ پات باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇياق ـ بۇياققا بويۇنداپ قاراپ قويۇشۇپ يەنە سۇ ئىچىشەتتى. ئۇلار بىردىنلا قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشىپ بويۇنداپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىر يا ئوقى غۇيىيدە ئۇچۇپ كەلگىنىچە بىر ئانا كېيىك ئالدىدىكى سۇ يالاپ ئورىچەك قىلىپ قويغان يەرگە سانجىلىپ قالدى. كېيىك چۆچۈپ ئەتراپىغا چەبدەسلىك بىلەن سەپسالدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىككى تاقلاپ قىرغاققا چىقتى. باشقا كېيىكلەرمۇ ئالاقزەدە بولۇشۇپ، يۇگۇرۇپ قاچقانلىرىچە كۆزدىن غايىب بولۇشتى.

— ئاپلا، شاھزادە، ئوقلىرى تەگمەپتۇ، — دىدى ئابدۇرەشىدخاننىڭ كەينىدىن ئات چېپىپ كەلگەن خاس نۆكەر ئەكرەمبەگ قىرغاقتا توختاپ، — كېيىكلەر قېچىپ كېتىپتۇ.

— ياخشى بوپتۇ، ئەكرەم. مەن ئەتەي قارىغا ئالمايلا ئوق ئۈزگەنىدىم. ھېلىمۇ ئەتىگەندىن بېرى بىرمۇنچە قىرغاۋۇل، كەكلىك، تاغ تېكىسى، توشقانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇق، شۇمۇ يېتەر. مۇشۇ يەرگە بارگاھ قۇرۇپ بىر ـ ئىككى كۈن تۇرساق دەيمەن.

ئابدۇرەشىدخان ئاتتىن چۈشۈپ، تىزگىنىنى نۆكەرگە تۇتقۇزۇپ، غاتجۇغلىۋالغان يىلاننى ئېلىپ تۇرۇۋىدى، بەگئەتكەلىرى — ئەمىر غورى بارلاس، ئەمىر مىرەك بارلاس، مۇھەممەد شىرازىيلار يېتىپ كېلىشتى.

— ئوھوي، شاھزادە، بارچە ئۇۋچىلار قۇش، ھايۋان ئۇۋلىسا، سىلى يىلان ئۇۋلاپلىغۇ، — ئەمىر مىرەك بارلاس سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا تۇرۇپ قالدى ۋە يېقىن كېلىپ يىلاننىڭ پارقىراپ تۇرغان مۆڭگۈزلۈك بېشىنى ئاستا تۇتتى، — ئوھوي، بۇ ئادەتتىكى يىلان ئەمەس ئىكەن، يىلانلارنىڭ پادىشاھىنى ئۇۋلاپلا، شاھزادە. كەم تېپىلىدىغان، خاسىيەتلىك ئولجىغا ئىگە بولۇپلا، — ئەمىر مىرەك بارلاس سۆيۈنگىنىدىن شاھزادىنىڭ مۈرىسىگە

شاپىلاقلاپ قويدى، — سىلىنى يالغۇز قويۇۋەتكىنىمىز ئوبدان بوپتىكەن. ئېسىل ئولجىنى ئىبىرىشىپلا قالماستىن، تېنىمەي، دېيىشكەن يېرىمىزگىمۇ كېلەلەيلا.

— كېلەلمەيدۇ دېگەنمۇ، بەگئەتكە، مېنى كىچىك كۆرگەنلىرى بىلەن چوڭ بولۇپ قالدىم. جاڭگالغا قويۇپ كەتسەڭلارمۇ ئوردىغا ئاداشماي بارالايمەن. قېنى ئېيتسىلا، بۇ راستىلا يىلانلارنىڭ پادىشاھىمۇ؟

ئەمىر مىرەك بارلاس ئورنىغا مۇھەممەد شىرازىي جاۋاب بەردى:

— شاھزادە، ئەمىر ئېيتقانىدەك بۇ راستىلا يىلانلارنىڭ پادىشاھى، قارىسىلا مۈڭگۈزىگە. كىتابلاردا يېزىلىشىچە، مانا شۇنداق مۈڭگۈزنى قولغا چۈشۈرگەن ئادەمگە دۈشمەنلەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىكەن، مەرتىۋىسى ئۈستۈن، ھۆرمىتى زىيادە بولىدىكەن. بۇنى قورقماستىن قانداق تۇتۇۋالدىلا؟

ئوۋچىلار ئىچىدە مۇشۇ كىشىلا ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيمىگەنىدى. ئۇزۇن چار ساقىلى، ئاق سەللىسى، شايى تونى ئۇنى ناھايىتى سىپايە كۆرسەتسە، ئەمىر غورى بارلاس بىلەن ئەمىر مىرەك بارلاسنى دۇبۇلغا ـ ساۋۇت سۇرلۇك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇلار كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان بۇ تەقۋادار ئالىمنى ساپ ھاۋادا دەم ئالدۇرۇش، تەبىئەتنىڭ جەلپكار مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن بىللە ئاچىققانىدى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇمۇ خېلىلا روھلىنىپ قالدى.

شاھزادە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىۋاتقان بۇ بەگئەتكەسىگە مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ، دېدى:

— ئۇستاز، بىز قونغان قىشلاقتىن ئەتىگەندىلا شىكارغا ئاتلاندۇق ئەمەسمۇ، مەن ئالدىڭلاردا ئات چاپتۇرۇپ كەتتىم. قىزىقچىلىقتا توختىماي چېپىپ بىر يۇلغۇنلۇق ئىچىگە كىرىپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئاتنى ئاستىلىتىپ ئارقامغا قارىسام، سىلەر كۆرۈنمىدىڭلار. ئولجىسىز قايتقۇم كەلمەي ئاتنى دېۋىتىپ

تىزگىنىنىمۇ قويۇۋەتتىم. قاقاس يۇلغۇنلۇقتا قانچىلىك يۈرگىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئات كىشنەپ، ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپچىپ توختىۋالدى، قامچا ئۇرساممۇ ماڭمىدى. قارىسام بىر يىلان چوغدەك يانغان كۆزلىرىنى ماڭا قاداپ، بوينىنى تىك قىلغىنىچە چەمبەر بولۇپ يولۇمدا يېتىپتۇ. تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. ئاتنى بۇراپ كەينىمگە ياناماقچى بولۇۋىدىم، يىلان ئېتىلماقچى بولۇپ چەمبەردەك يۆگىلىۋالغان تېنىنى ئۇزۇن سوزدى. نېمىدېگەن دەھشەت! مەن دەرھال نىيىتىمدىن يېنىپ ئوقيانى قولۇمغا ئالدىم. يىلاننىڭ كۆزى، بېشى ماڭا ئاجايىپ كۆرۈنۈپ، بوينىنى قارىغا ئېلىپ ئوق ئۈزدۈم، بوغۇزىغا سانجىلدى. قارىسىلا ئۇستاز، بوغۇزى يېرىلدى، قويۇق قارامتۇل قېنى شورلۇق يەرگە ئاقتى، بىردەم تېپىرلاپ جان بەردى. ئۇنى ئېگەرگە غانجۇغىلاپ، كەينىمگە ياندىم ــ دە، يۇلغۇنلۇق چېتىگە چىقىپ ئەكرەم بىلەن ئۇچراشتىم. ئىككىمىز دەريا بويىغا بىللە كەلدۇق. مەن تېخى ئەرزىمەس نەرسىنى ئوۋلاپ كۆلكىگە قالىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغاندىم.

ـــ بارىكاللا، شاھزادە، ـــ دېيىشتى بەگئەتكەلەر ئۇنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولۇپ.

ئارقا ــ ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن شاھزادىنىڭ ھەمراھلىرى، خاس نۆكەرلىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ بارگاھ راسلاشقا كىرىشتى.

ئابدۇرەشىدخان يىلاننى ئېتىغا يەنە غانجۇغىلاپ قويدى. تىزگىنىنى ئەكرەمبەگكە بېرىپ ئات باغرىدەك يانتۇ قىرغاقتىن دەريا بويىغا چۈشتى. دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان زەرەپشان سۈيىگە ئېڭىشىپ قول ــ يۈزىنى يۇدى. سۇمباتلىق قامىتى دەريادا ئەكس ئەتتى. ئۆرە بولۇپ شايى ياغلىقى بىلەن باش ــ بويۇنلىرىنى سۈرتتى. شاھزادىنىڭ بۇرۇتى خەت تارتىپ قالغان، ۋۇجۇدىدا كۈچ ــ غەيرەت ئۇرغۇپ تۇراتتى.

بولسا ئىككىمىزنىڭ يۈزى ئەكسى سۇدا پەيدا،
ئول سۇ ني تەرەف بارسا ئاچىلغاي گۈلى رەئنا.

ئۇ نەۋايىنىڭ بۇ ئىككى مىسرا غەزىلىنى ئوقۇپ بولۇپ قىرغاققا چىقىشىغا، بىر ساداق ئوقى قۇلىقى تۈۋىدىن ۋىڭڭىدە ئۆتۈپ، ئىككى قەدەم نېرىدىكى سۆگەت غولىغا سانجىلىپ قالدى. خۇددى كېيىكتەك چۆچۈپ كەتكەن شاھزادە ئەنسىز تەزىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا تىكتى. قۇم بارخانلىرى، يۇلغۇن، توغراقلاردىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇ بېرىپ سانجىلىپ قالغان ساداق ئوقىنى تارتىۋالدى.

— شاھزادەم، بۇ يەر تىنچ ئەمەس ئىكەن، كەتسەك بولارمىكىن، — دېدى خاس نۆكەرلەر سەردارى ئەكرەمبەگ ئالاقزادە بولۇپ.

بەگئەتكەلەرمۇ ئەكرەمبەگنى قۇۋۋەتلەپ باشقا جايغا يۆتكىلىشكە مەسلىھەت بەردى.

— بۇ ساداق ئوقىنىڭ قەستەن ئېتىلغانلىقىغا كىم گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان سەردارغا، ئاندىن بەگئەتكەلىرىگە قارىدى، — بىكار ئەندىشە قىلمايلى، بەلكىم ياخشىلىقتىن بېشارەتتۇر.

— ئىنشائاللا، شاھزادە، ئېيتقانلىرىدەك بولغاي.

ئەكرەمبەگ دېگىنىدىن يانمايدىغان ئابدۇرەشىدخاننى زورلىماي، ئەتراپىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىشكە ئادەم ئورۇنلاشتۇردى.

«بۇ ساداق ئوقىنى ئاتقان كىمدۇر؟ قارىغا ئالغىنى مەنمۇ ياكى بىرەر قۇشمۇ، سەۋەبى نېمىدۇر؟» دەريا ئېقىنىنى بويلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان لاچىنغا قاراپ ئويغا چۆمگەن شاھزادە ئات تىۋىشىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرالدى. قارا تەرگە چۆمۈلگەن چىلان تورۇقتىن

www.uyghurkitap.com

سەكرەپ چۈشكەن ئوردا ياساۋۇلى قەيسەربەگ شاھزادىگە ئېگىلىپ سالام بەردى. ئابدۇرەشىدخان سورىدى:

— خەۋەر ئەكەلدىڭىزمۇ، ياساۋۇل؟

— ئارى، شاھزادە.

— كىمدىن؟

— خان ھەزرەتلىرىدىن.

— قېنى ئېيتىڭ.

— خان ئالىيلىرى: «ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخان شىكارغا چىقىپ كەتكىلى بىر ھەپتە بولدى، قايتىپ كەلمەيۋاتىدۇ. ئۇ قەيەردە بولسا شۇ يەردىن ئوردىغا قايتسۇن» دەپ بۇ پەرماننى ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈشۈمنى بۇيرۇغانىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئۇچرىغان كىشىلەردىن سوراپ، ئىز قوغلاپ يۈرۈپ بۇ يەردە يېتىشىۋالدىم، — دېدى قەيسەربەگ ھۆرمەت بىلەن پەرماننى ئۇزارتىپ.

شاھزادىمۇ ئىززەت - ئىكرام بىلەن پەرماننى ئېلىپ باش ئۈستىگە كۆتۈردى ۋە ئېچىپ ئوقۇدى:

ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخان، بۇ پەرمانىم قايسى ۋاقىتتا قولۇڭغا تەگسە، شۇ ۋاقىتتا ئوردىغا قايتقىن. تاغاڭ مەنسۇرخاننىڭ يېنىغا بارىسەن.

ئاتاڭ سەئىدخان.

— سەردار ئەكرەمبەگ، شاھزادىنى دەرھال يولغا چىقىشقا كۆندۈرۈڭ، بولمىسا خان ھەزرەتلىرى خاپا بولۇپ قالىدۇ، — پىچىرلىدى قەيسەربەگ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ.

— ھاجىتى يوق، شاھزادە ئۆزى بىلىدۇ ...

ئەكرەمبەگنىڭ سۆزى تۈگىگۈچە ئابدۇرەشىدخان ئاتقا مىنىپ بولدى.

— ئاتلىنىڭلار! ئوردىغا قايتىمىز! — شاھزادە ئاتقا قامچا ئۇردى.

قۇشچىلار قارچىغا، بۈركۈتلىرىنى قوللىرىغا قوندۇرۇپ، مۇلازىم نۆكەرلەر ئوۋلانغان قۇش، ھايۋانلارنى ئاتلىرىغا غانجۇغىلاپ شاھزادىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كېتىشتى.

## 2

— ئوغلۇم، بۇ قېتىم يولۇڭغا بەكمۇ تەلمۈرتۈۋەتتىڭ، شىكار ۋاقتى ئۈچ كۈندىن ئاشماسلىقى كېرەك ئىدى. ئىككى كۈندىن بېرى سەندىن ئەنسىرەپ ئاناڭمۇ كۆز يۇممىدى. شىكارمۇ، ئويۇن تاماشىمۇ يولىدا بولۇشى كېرەك. يىگىت بولۇپ قالغىنىڭنى بىلەمسەن؟

سەئىدخان كۆركەم ياسالغان ھەرەم قەسىرىنىڭ گۈلدار سالاسۇنلۇق پېشايۋىنىغا قويۇلغان تەختتىن تۇرۇپ، شىكاردىن قايتىپ كەلگەن ئوغلىنى كايىش، تەنبىھ بىلەن كۈتۈۋالدى.

قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان ئابدۇرەشىدخان جاۋاب ياندۇرماي جىم تۇرۇۋالدى. ئۇچىسىدا جەڭ لىباسى، قولىدا ئورالغان ئۆلۈك يىلان بار ئىدى. ئۇ ئاتىسىغا جەڭدىن غەلىبە قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن قەھرىمان سەركەردىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. خەت تارتىشقا باشلىغان بۇرۇتى چىرايىغا خوپ ياراشقانىدى. نەچچە غۇلاچ يەرگە چۈشكەن سايىسى ئۇنىڭ زەبەردەس قامىتىنى تېخىمۇ سالاپەتلىك قىلىۋەتكەنىدى.

«شۈكۈر ئاللا !» دېدى سەئىدخان ئىچىدە ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپ، ئاق سانجىلغان ساقىلىنى سىيپاپ، گۆھەر قادالغان تاج ۋە دەستارىنى تەختتە قويۇپ پەسكە چۈشتى.

— ئوغلۇم، ئات ئۈستىدە، جەڭگاھلاردا بالىلىق چاغلىرىڭنى ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ سەن بېسىپ ئۆتكەن يوللار بەك ئۇزۇن ...

— ئۇنتۇپ قالمىدىم، خان ئاتا، — دېدى شاھزادە مەغرۇر ھالدا، ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئوچۇق ئىدى، — ئاخسى، جەيھۇن

دەريالىرىغا چۆمۈلۈپ ئۈينىغىنىم ھازىرمۇ ئېسىمدە، باراكوھ① تېغىغا چىققانلىقىم، ئۇنىڭدىن كېيىن قانچە ـ قانچە تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتۈپ كاشغەرگە كەلگەنلىكىمىز، ئاتامنىڭ توسقىنىغا قارىماي بارگاھتىن چىقىپ مىرزا ئابابەكرى سىپاھلىرىغا ئوق ئاتقىنىممۇ ئېسىمدە. ئۇ چاغدا جەڭ بەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئەمدى بولغاندا ئۇنداق دەھشەتلىك جەڭلەرگە قاتنىشىش نېسىپ بولمايۋاتىدۇ.

سەئىدخانىنىڭ ئابدۇرەشىدخانغا زوقى كەلدى. زەر كىمخاب تونىنى خاس مەھرەمگە بەردى ـ دە، غۇلاچ كېرىپ ئۇنى قۇچاقلىدى.

ــ سەن جەڭ قۇچىقىغا تۇغۇلغان، ئوغلۇم. تېخى ئەمدىلەتىن ياشلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويدۇڭ. ئاللا سالامەت قىلسىلا، ئارزۇ چوققىسىغا جەزمەن تۇغ قادايسەن، سەۋرلىك، جۈرئەتلىك بولغىن.

ــ سۆزلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن، خان ئاتا. مەقسەتلىرىنى چۈشەندىم. بۇ قېتىم شىكارغا چىقىشىم تاماشا ئۈچۈنلا بولماستىن، بەلكى يادىن ئوق ئۈزۈش، قىلىچۋازلىق ماھارىتىنى قانچىلىك ئىگىلىگەنلىكىمنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، بەگئەتكەلىرىم ۋە ئۇستازلىرىمنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش ئىدى.

ــ ئۆتتۈڭمۇ، ئوغلۇم؟

ــ ئۆتتۈم، خان ئاتا.

ــ ئوۋلىغىنىڭ قۇشمۇ، ئوتخور ھايۋانلارمۇ؟

ــ قۇشمۇ بار، ئوتخور، گۆشخور ھايۋانلارمۇ بار، يەنە مۈڭگۈزلۈك يىلاندىنمۇ ئوۋلىدىم. ئۇنى ئۆزلىرىگە سوۋغاتقا ئەكەلدىم، خان ئاتا.

ــ يىلان ئوۋلىدىڭ؟ قالتىسقۇ، قانداق يىلان ئوۋلىدىڭ؟ ــ سەئىدخانىنىڭ قويۇق قارا قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ كۆزلىرى يوغان

---

① باراكوھ ــ قىرغىزىستاندىكى بىر تاغنىڭ نامى.

ئېچىلدى. ئۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ، يىلان قېنى دېگەندەك قاراپ قويدى.
— ئوۋلىغىنىم يىلانلارنىڭ پادىشاھى ئىكەن، بېشىدا تېخى مۆڭگۈزى بار، — شاھزادە يۈگەكنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ كەلگۈدەك قىزغۇچ چار يىلان ئۇنىڭ قولىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى.
— ماۋۇ ئىشنى ! راستىلا مۆڭگۈزى بار ئىكەن. يىلانلارنىڭ پادىشاھى مانا شۇنداق مۆڭگۈزلۈك بولىدۇ. يارايسەن، بالام، — سەئىدخان تەختكە چىقىپ ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، — ئامەتلىك ئىكەنسەن، بۇ سوۋغاتنى قوبۇل قىلدىم. ئەمدى ئۆز نامىمدىن ساڭا تارتۇق قىلىمەن، بېشىنى ئۇزۇۋېلىپ يېنىڭدا ساقلا، نۇسرەت ساڭا يار بولغۇسى. ئۇنىڭ تېنىنى پۇراپ قالماستىن توغراپ ھەلەپكە ئارىلاشتۇرۇپ، شىكارغا مىنىپ بارغان ئېتىڭغا يېگۈزگىن، كېسەل بولمىغاي.
— ماقۇل، ئاتا، — ئابدۇرەشىدخان تەختتىن چۈشۈپ بېلىگە ئېسىقلىق خەنجەر بىلەن يىلاننىڭ بېشىنى كېسىۋالدى. سەئىدخاننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تەخت قۇببىسى ئۈستىگە يىلاننىڭ مۆڭگۈزلۈك بېشىنى ئىلىپ قويدى، شامالداپ قۇرۇسۇن دېگەن بولسا كېرەك.
خاس مەھرەم يەردە سوزۇلۇپ ياتقان يىلان تېنىنى ئاتقا يېگۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ئەكەتتى.
— ئەزىز ئوغلۇم، — دېدى سەئىدخان يېنىدا ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — كاشغەر، ياركەند، خوتەندە، كەشمىر، بەدەخشان، ئاقسۇ، كۇچا، تارىم دالاسىدا قىرىق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، خانلىقىمىزنى قۇرغىنىمىزغا بەش يىلدىن ئاشتى. زۇلۇمدىن قۇتۇلغان خالايىق روناق تاپماقتا. شۇنى ئېسىڭدە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، غەيلەت ھەرقاچان مەغلۇبىيەتكە ھامىلدار. بىز ھوشيار بولمىساق، تەرەپ - تەرەپتىن كۆز تىكىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

دۇشمەنىنىڭ ئالىقىنىغا چۈشۈپ قالىمىز، — سەئىدخان سۆزىنى توختىتىپ ئوغلىغا قارىدى. ئابدۇرەشىدخان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ دىققىتى بىلەن ئولتۇراتتى. خان ئاتىسىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى نەچچە قېتىم ئاڭلىغاچ، ئۇنىڭدىمۇ جاسارەتلىك پادىشاھ بولۇش ئارزۇسى تۇغۇلغان، ئاتىسىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى تىڭشاشقا خۇشتار ئىدى. ئۇ شۇ دەم تەقەززالىق بىلەن «قېنى، گەپلىرىنى داۋاملاشتۇرسىلا، ئاتا» دېگەن مەنىدە قارىدى. سەئىدخان ئۇنىڭ مۇرىسىنى بېسىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بالام، مۇشۇ كۈنلەردە تۇرپان خانى بولغان ئاكام مەنسۇرخان خانلىقىمىزنى ئىلكىگە ئېلىش كويىدا بولۇۋېتىپتۇ. بۇ ۋاققا قەدەر بۇ قېرىنداشنى دۈشمەن ئورنىدا كۆرگىنىم يوق، بەلكى ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. مۇشۇ ئەزگۈ نىيىتىمنى ئەلچى ئارقىلىق ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. سېنى شىكاردىن چاقىرتىپ كېلىشىمدىكى سەۋەب، قېرىندىشىڭ مىرزا ھەيدەر، تاغاڭ قانائىبەگ بىلەن تۇرپانغا بارسەن. گۈدەكلىك چاغلىرىڭدا ماڭغان يولدا يەنە يۈرۈپ كەلگىن، بولامدۇ؟

— خوپ، خان ئاتا، ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرگەيمەن.

— ئاناڭمۇ ماقۇل بولدى. ئەمدى چىقىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىل، بۇ يىلان مۆڭگۈزىنى يېنىڭدىن ئايرىما. ئۆگۈنلۈككە — سەيشەنبە سەھەر يولغا چىقىسىلەر.

— باش ئۈستىگە، خان ئاتا، — ئابدۇرەشىدخان تەخت قۇبىسىدىن يىلان مۆڭگۈزىنى ئېلىپ، ئۆز قەسرىگە ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، خاس ھوجرىدىن چىققان مەختۇمە سۇلتان بېگىم:

— شاھىم، كەچلىك غىزا تەييار بوپتۇ، ئوغلىمىزمۇ بىز بىلەن ھەمداستىخان بولسۇن، — دەپ توختىتىۋالدى.

بۇ چاغدا كەچكى شەپەق قەسىر دېرىزىلىرىگە جۇلا تاشلىغانىدى.

# 3

دۇنيادا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەر ئاز ئەمەس. ئابدۇرەشىدخان تۇرپانغا يېڭى بارغاندا كارىزنى كۆرۈپ «يەر ئاستىدىمۇ ئۆستەڭ بولىدىكىنا ...» دەپ ھەيران قالدى.

كۈزنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى بولغاچقىمۇ، ياركەندكە نىسبەتەن تۇرپان ياز كۈنىدەكلا ئىسسىق ئىدى. شاھزادە ھەر كۈنى كۈن قىيام بولغاندا كارىزغا چۈشۈپ ئىككى ـ ئۈچ سائەت سالقىنلاپ چىقاتتى. ئۇنىڭغا تۇرپانغا بىللە كەلگەن مىرزا ھەيدەر، قاناتبەگ، ئەكرەمبەگ، ئوسمانبەگلەر، تاغىسى مەنسۇرخاننىڭ ۋەزىر، ياساۋۇللىرىمۇ ھەمراھ بولاتتى. خاس نۆكەرلىرىنىڭ سەردارى بولغان ئەكرەمبەگ ئۇنىڭدىن بىرقەدەممۇ نېرى بولمايتتى.

مەنسۇرخان ئۇلارنى ئاستانىدىكى باغۇ بوستانلىق ئوردىسىدا كۈتۈۋالدى. سەئىدخان ئەۋەتكەن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئابدۇرەشىدخانغا ئالاھىدە مېھرىبانلىق كۆرسەتتى؛ ۋەزىرلىرىنى قوشۇپ «ئەسھابۇل كەھف»نى، ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىنى، بېزەكلىكنى سەيلە قىلدۇردى. ئورۇنلۇق گەپ ـ سۆزى، تەمكىنلىكى، قەيسەرلىكى، كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى، خۇش مىجەزى بىلەن بۇ ياش شاھزادە مەنسۇرخانغا بارغانسېرى يېقىپ قېلىۋاتاتتى. تۇرپانغا خان بولغاندىن كېيىن ئاۋامنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كولاپ پۈتكۈزگەن چوڭ كارىزغا ئابدۇرەشىدخاننى ئۆزى ئەپچۈشتى. ئۇلارغا خانىش زەينەپ سۇلتان بېگىم، مەنسۇرخاننىڭ كەنجى قىزى — ئون ئۈچ ياشلىق گۈلنىگار بىكە ھەمراھ بولۇپ كارىزغا بىللە چۈشكەنىدى. بۇ قىز ئەركە چوڭ بولغاچقا، ناھايىتى شوخ، شار ـ شۇر ئىدى. ئۇ ئوينىشىپ شاھزادىگە سۇ چاچتى، كارىزنىڭ باش تەرىپىگە بېرىپ ئالما تاشلىۋىدى، ئابدۇرەشىدخان ئۆركەشلەر بىلەن سۈيۈشۈپ

كېلىۋاتقان ئالەمنى سۈزۈۋالدى ...

زۇمرەتتەك سۈزۈك كارىز سۈيى، ھېچقانداق پەردە ھېس قىلىپ باقمىغان راھەتبەخش سالقىن ھاۋا شاھزادىنى ئاجايىپ ھۇزۇرلاندۇردى.

ئابدۇرەشىدخان بۈگۈنمۇ ئوسمانبەگ، ئەكرەمبەگلەر بىلەن كارىزغا چۈشتى.

يېڭى تويى بولغان قىزنىڭ يېشىدەك زىلال سۇ كۆۋەجەپ، ئويناقلاپ ئاقماقتا. قارا، ئاق، كۆك، سارغۇچ، بېغىر رەڭ تاشلار سۇ ئاستىدىن رەڭگارەڭ مارجاندەك كۆرۈنەتتى. كارىزنىڭ ئالاھىدە گىرۋەك چىقىرىلغان يېرىگە ئابدۇرەشىدخاننىڭ بەھۇزۇر سالقىنلىشى ئۈچۈن زىلچا، يېكەنداز سېلىنغانىدى. ئۇ كېلىپ ئولتۇردى. بۇ كارىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى بولۇپ، يەر ئۈستىدىن توققۇز ـ ئون غۇلاچ كېلەتتى.

— ئوسمانبەگ ئاغا، يەر ئۈستى ئوتتەك قىزىق، يەر ئاستى مۇزتاغ باغرىدەك سالقىن دىيار ئىكەن ـ ھە بۇ! رۇستەمبەگنى ئالغاچ كەلگەن بولساق، كۆڭلى ئېچىلىپ قالار ئىكەن، — دېدى شاھزادە قارا كۆزلىرىنى كارىزنىڭ ئىككى تەرىپىگە يۈگۈرتۈپ. ئۇ دائىم بىللە ئوينايدىغان ئادىشىنى ياد ئېتىپ قالغانىدى.

— رۇستەمبەگ خانلىق مەدرىسەسىدە ئوقۇۋاتسا، ئاتىلىرى ماقۇل بولاتتىمۇ، شاھزادە، ئەجەب ئۇنى ئەسلەپ قالدىڭىزغۇ؟ — دېدى كارىز سۈيىگە قاراپ ئولتۇرغان ئوسمانبەگ مەرھۇم ئاكىسى ئەلىبەگنىڭ كەنجى ئوغلى رۇستەمبەگنى شاھزادىنىڭ ياد ئەتكىنىدىن ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولۇپ.

سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى تىبەتتىن ئەكېلىۋاتقاندا، شەخسىي ئۆچ ئېلىش غەرىزى بىلەن ئۇنى يولدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن سەردار ئەلىبەگنى خاننىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ قاتىللىق قىلىش جىنايىتى بىلەن ئالدىنقى يىلى سەئىدخان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانىدى. ئۆتكەن يىلى «ئۇنىڭ ئايالىنى بەختسىز قىلغانمۇ مەن، بەختلىك قىلغانمۇ مەن بولاي» دەپ خان ئۆزى

قۇيۇچىبەگكە نىگاھلاپ، ئوغلى رۇستەمبەگنى بىلىم تەھسىل قىلىشقا خانلىق مەدرىسەگە بەرگەنىدى.

— ئاتىسىنىڭ چىپىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، رۇستەمبەگنىڭ كۆڭلى سۇنۇقلۇقنى بىلىمەن، سەردار. ئۇ راستچىل، سەممىي، ئۆز گېپىدە تۇرىدىغان قەيسەر بالا ئىكەن، ئىككىمىز ئوبدان دوست بولۇپ قالدۇق.

— دوستلۇقۇڭلار بۇزۇلمىغاي، — دېدى ئوسمانبەگ سۆغا قاراپ ئويلىنىپ قالغان شاھزادىگە مىننەتدارلىق بىلەن كۆز سېلىپ، — مەرھۇم ئاكامنىڭ يېتىم ئوغلىنى دوست تۇتقانلىرىدىن زىيادە خۇش بولدۇم. ئۇ بالا زېرەك ھەم ھوشيار، ئالىيلىرىنى يەرگە قارىتىپ قويمايدۇ.

— ئىشىنىمەن، ئۇ ئەمدى يېتىم ئەمەس، خان ئاتام ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدۇ، مەنمۇ ئۆز ئىنىمدەك كۆرىمەن.

ئابدۇرەشىدخان سەل ئېڭىشىپ ئېقىپ كەلگەن قىزغۇچ ئالمىنى سۇزۇۋالدى ۋە ئەجەبلەنگەن ھالدا قولىنى سۆغا تىقىپ تۇرغان ئوسمانبەگدىن سورىدى:

— سەردار جانابلىرى، ئالما نەدىن ئېقىپ كەلگەندۇ، ئۇنى كىم سۆغا تاشلىغاندۇ؟

— يەر ئۈستىدىن بىرەر بالا تاشلىغان بولۇشى مۇمكىن، شاھزادە، — ئوسمانبەگ ئابايا كۆرگىنى ئېسىگە كېلىپ شۇ ھامان سۆزىنى ئۆزگەرتتى، — بىز كارىزغا چۈشۈپ بۇ باغقا ماڭغاندا، گۈلنىگار بىكەنىڭ ئۇ تەرەپكە كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەنىدىم.

— ئۆزى يالغۇزمۇ؟

— كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە.

— ھە، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنلۇك ئاۋازدا، ئۇنىڭ خىيالچان چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى، ئالمىنى ئۆرۈپ — چۆرۈپ قارىدى، — قارىسىلا، سەردار، نېمىدېگەن چىرايلىق، خۇشبۇيلۇقىچۇ تېخى.

www.uyghurkitap.com

— مانا شاھزادە، ئۈزۈممۇ ئېقىپ كەلدى، — يىپىقا تىزغان كەھرىۋادەك پارقىراپ تۇرغان بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئوسمانبەگكە سوزۇۋېلىپ ئابدۇرەشىدخانغا سۇندى.

— قىزىق ئىش، — دېدى شاھزادە ئالمىنى ئويناپ تۇرۇپ، — ئۈزۈمنى سىلى يېسىلە، ئالمىنى مەن يەي.

ئوسمانبەگ بىر شىڭگىل ئۈزۈمنى ئاجرىتىپ مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بىلەن ئەكرەمبەگكە بېرىپ، قولىدا قالغىنىدىن بىر تالنى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇۋىدى، ساداقتىن ئېتىلغان ئوق ئابدۇرەشىدخاننىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۆتۈپ، كارىزنىڭ تاشلىق تېمىغا تەگدى-دە، قاڭقىپ سۇغا چۈشتى. چۆچۈپ كەتكەن شاھزادىنىڭ قولىدىكى ئالمىمۇ سۇغا چۈشۈپ كەتتى.

— شاھزادە، سىلىگە زىيان-زەخمەت يەتمىگەندۇ؟ — دېدى ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان ئوسمانبەگ قولىنى بېلىگە ئېسىقلىق قىلىچقا ئۇزارتىپ. ئۇ ئىككى يېنىغا ئەندىشە بىلەن كۆز سالدى، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سوغۇق سۇدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى.

مەڭدەپ ئولتۇرۇپ قالغان ئابدۇرەشىدخان تېز قوپۇپ تار گىرۋەكتە ئالمىنى سوزۇۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈردى.

— توختىسىلا، شاھزادە، ئالما ئېقىپ كەتسە كېتىۋەرسۇن. كارىزدىن چاپسان چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ئەكرەمبەگ ۋەھىمە ئىلكىدە بىر قاتىل يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەك بىلىنىپ.

— ياق، ئالمىنى سوزۇۋالمىسام بولمايدۇ.

شاھزادە لەيلەپ-چۆكۈپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئالمىنى ئاخىر سوزۇۋالدى ۋە جايىغا يېنىپ كەلدى.

ئوسمانبەگ شىرىنلىك ئۈزۈمنى ئەكرەمگە بېرىۋېتىپ، ئاپايا سۇدىن ئېلىپ يالپاق تاش ئۈستىگە قويۇپ قويغان ساداق ئوقىنى قولىغا ئالدى.

— يۈرسىلە، شاھزادە، بىخۇدلۇق قىلىپ بۇ يەردە ئولتۇرۇۋەرسەك، جېنىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمىز.

— سەردار جانابلىرى، سىلى نېمىدېگەن قورقۇنچاق، بىر غايىب ئوقتىن قورقۇپ كارىزدىن قېچىپ چىقساق مەنسۇرخان تاغام بىزنى مازاق قىلمامدۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان ئالىمنى يەپ ئولتۇرىۋەردى.

— شاھزادە، بۇ غايىب ئوق بىكار ئېتىلمىغان، قارىغاندا كەينىمىزگە دۈشمەن چۈشكەندەك قىلىدۇ، ئېھتىيات قىلغىنىمىز تۈزۈك. سەردار توغرا ئېيتتى، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي چىقىپ كېتەيلى، — ئەكرەمبەگمۇ ئۇنى كارىزدىن چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى. ئابدۇرەشىدخان ئاخىر خالىمايراق ئورنىدىن تۇردى، ئۇلار كارىزدىن چىققاندا كۈن غەربكە قىيسايغانىدى.

## 4

مۇشۇ تاپتا مەنسۇرخان ئوردا تەكىيىخانىسىنىڭ① كۆركەم زالىدا تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاتا ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، ئەمىر قاناتبەگ باشلىق مېھمانلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ قارا قاشلىرى سايە چۈشۈرۈپ تۇرغان قوي كۆزلىرىنى ئېشىككە تىكىپ:

— شاھزادە كەلمەيدۇغۇ، ئاتا ۋەزىر؟ — دېدى تەرى تۇرۇلۇپ.

ئابدۇرەشىدخان قاتناشماي كېلىشىم ھاسىل قىلىنىغان تەقدىردىمۇ، بۇ سۆھبەتنىڭ تازا ئىشەنچلىك بولمايدىغانلىقى مەنسۇرخانغا ئايان ئىدى. سەئىدخان ئوغلىنى بىكار ئەۋەتمىگەن - دە.

— خان ھەزرەتلىرى، بۈگۈن سۆھبەت بولىدىغانلىقىنى شاھزادە بىلمىگەچكە، سەير قىلغىلى چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، ئارقىدىن ئەمىر قاناتبەگكە قاراپ قويدى.

① تەكىيىخانا — مېھمانخانا.

— ئاتا ۋەزىر، دەرھال ئادەم بۇيرۇپ سۆھبەت بولمىغانلىقىدىن شاھزادىنى ۋاقىپلاندۇرسىلا، — مەنسۇرخان قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرغان كەكە ساقال جەببار بەردىبەگكە بۇيرۇدى.

— باش ئۈستىگە، شاھىم! — ئاتا ۋەزىر شاپاشلاپ چىقىپ كەتتى.

— مېھمانلارغا ئۇسسۇلۇق كەلتۈرۈلسۇن!

مەنسۇرخاننىڭ ئەمرى بىلەن پەتنۇس - لېگەنلەردە ئەكېلىنگەن كاسا - كاسا قوغۇنلار مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. خان پات - پات ئىشىككە كۆز تاشلاپ تاقەتسىزلىنەتتى. ئۇ قىزىققان، ئالدىراڭغۇ بولغاچقا، چوڭ ئىش بولسۇن، كىچىك ئىش بولسۇن، ئالدىراپلا تۇراتتى.

تاتلىق قوغۇنلار يېيىلىپ بولدى. ئىچى تىت - تىت بولغان مەنسۇرخان شاھمات ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. مۇلازىملار پىل چىشىدىن ياسالغان شاھماتنى ئەكېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاتا ۋەزىر جانابلىرىنىڭ شاھمات ئويناشقا رىغبىتى بارمىكىن، — دەپ مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانغا قارىدى مەنسۇرخان تەختتىن چۈشۈپ.

— ئەلۋەتتە، خان ھەزرەتلىرى. كابۇلدا پادىشاھ بابۇر مىرزا ئالىيلىرى بىلەن ئويناپ ھېرىسمەن بولۇپ قالغانىدىم.

— قېنى مەرھەمەت، ئىنىم، شاھزادە كەلگۈچە ئويناپ تۇرايلى، — مەنسۇرخان مىيىقىدا كۈلۈپ بىرىنچى قەدەمدىلا ئاتنى ماڭدى. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانمۇ كۈلۈمسىرەپ پەرزىن ئالدىدىكى پېشكىنى بىر قەدەم سۈردى. ئۇ مەنسۇرخاننىڭ شاھمات ئويناشقا تازا ماھىر ئەمەسلىكىنى دەسلەپ مېڭىشىدىنلا بىلگەنىدى. مەيلىگە قويۇپ بېرىپ «شاھ!» دەپلا مات قىلىپ قويدى.

— ھا - ھا - ھا ... — كۈلۈپ كەتتى مەنسۇرخان مەنسىتمەي، — ئاتا ۋەزىر، ياخشى ئۆگىنىپتىكەنلا، ماڭا رىئايىمۇ قىلمىدىلا.

— خان ھەزرەتلىرى، پادىشاھ بابۇر مىرزىغىمۇ رىئايە قىلمىغانمەن، تېخى ئۆزلىرىگە كۆپ يول قويدۇم.

مەنسۇرخاننىڭ ئاقۇچ يۈزى قىزىرىپ، مەڭزىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ چاغقىچە قارشى تەرەپ «خان» دەپ رىئايە قىلغانلىقى ئۈچۈنلا يېڭىپ كەلگەنىدى. رىئايە قىلمايدىغان رەقىبكە بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشى ئىدى. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تاتىرىپ - سارغىيىپ ئۆڭدى.

— ھىم، مۇنداق دېسىلە، بىر نەۋرە ئىنىم بولمىغانلىرىدا مەنمۇ رىئايە قىلمايتتىم. بۇ شاھماتنى سىلىدەك بىر نەۋرە ئىنىم بولغان پادىشاھ بابۇر مىرزا ھىندى دىيارىغا بارغىنىمدا سوۋغا قىلغان. ئۇنىڭ يېنىدا بىرقانچە ئىنىم خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. قېنى يەنە بىر ئويناپلى، بۇ قېتىم مەن سىلىنى مات قىلىمەن.

باشقىلار كىيىۋالارمىكىن دەپ قورقۇپ، خان، پادىشاھلار كېچىسى تاجىنى بېشىدىن ئېلىۋېتىپ ئۇخلاشتىنمۇ ئەندىشە قىلىدۇ، دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك. مەنسۇرخان تەھدىت نەزىرى بىلەن تاجىنى بېشىدىن ئېلىپ يېنىغا قويدى - يۇ، يەنە دەرھال كىيىۋالدى. شۇ چاغدا ئابدۇرەشىدخان مۇلازىملىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ئاتا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، شاھزادەم، مەرھابا، — مەنسۇرخان قوپۇپ ئۇنى تەختكە تەكلىپ قىلىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— لەشكەر تارتىپ كېلەرمىكىن دېسەم، سوۋغا - سالاملار بىلەن كېلىپ، پېقىرنى شاد، ئەلنى خاتىرجەم قىلدىڭلار. نەچچە كۈندىن بېرى دىيارىمىزدا سەيلە - ساياھەتتە بولۇۋاتقىنىڭلار ئۈچۈن كۆڭۈلدىكى مۇددىئا - تىلەكلىرىمىزنى ئېيتىپ سىردىشالمىغانىدۇق. بۈگۈن ئەھۋاللاشقۇم كېلىپ بۇ سورۇنني تۈزدۇم، — دېدى ئۇ ئابدۇرەشىدخانغا، ئاندىن مىرزا

مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانغا قاراپ جاۋاب كۈتتى.

— خان ھەزرەتلىرى، ئىجازەت بەرسىلە، ئاۋۋال شاھزادە سۇلتان سەئىدخاننىڭ تىلەكلىرىنى يەتكۈزسۇن، ئاندىن ئەمىر قاناتبەگ ئىككىمىز كېلىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمىزنى بايان قىلساق.

— ئارى، ئارى، — دېيىشتى جەببار بەردىبەگ باشلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالار.

ئابدۇرەشىدخان تەختتىن چۈشۈپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، دېدى:

— ئالىيلىرىغا پەدەر بۇزرۇكۋارىمىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزگەنىدىم، ئەمدى ئۇنىڭ «سۇلتان مەنسۇرخان مېنىڭ ئاكام، ئاتامنىڭ ئورنىدا ئاتا، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنى خالايمەن» دېگەن ئارزۇسىنى يەتكۈزىمەن.

مەنسۇرخانمۇ تەختتىن چۈشۈپ شاھزادىنى قۇچاقلىدى.

— ئىنشائاللا، مەنمۇ ئىنىم سەئىدخاننى سېغىنىدىم، دىدارلاشقۇم كەلدى، — ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — خان ئىنىمنىڭ مەشرىق بىلەن مەغرىب زېمىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق چوڭ خانلىقنى بەرپا قىلغانلىقىغا ھەۋەسىم كېلىدۇ ...

جەببار بەردىبەگنىڭ چىرايى ئۆڭدى. ئۇ كۆكسىگە يېيىلىپ تۇرغان قىزغۇچ ساقىلىنى سىقىملاپ، يېنىدا ئولتۇرغان كوسا، پاكار مەقسۇدبەگنى بىقىنداپ قويدى.

— خان ئالىيلىرىنىڭ سۆزى ھەق، سۇلتان سەئىدخاننىڭ موغۇلىستان، خۇراسان ئەللىرىگە شاھ بولغۇچىلىكى بار، — دېدى ئورنىدىن تۇرغان مەقسۇدبەگ مەنسۇرخاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە يامان غەرەز يوشۇرۇنغانىدى.

— بەس! بولدى قىلسىلا، ۋەزىر جانابلىرى. خان ئىنىمنىڭ ئۇنداق قارا نىيىتى بولسا، توققۇز تارتۇق① قىلىپ ئوغلىنى

① توققۇز تارتۇق — ھەر نەرسىدىن توققۇز جۈپتىن توققۇز يۈز قىرىق خىل قىلىپ ئەۋەتىلىدىغان شاھانە سوۋغات.

ئالدىمغا ئەۋەتمەس ئىدى.

مىرزا ھەيدەر قاناتىبەگكە قاراپ قويدى. ئۇ مەقسۇدبەگنىڭ سۆزىدىكى شۇملۇقنى سېزىپ قوشۇمىسىنى تۈردى. ئەمما، مەنسۇرخاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تەبەسسۇم قىلدى.

مەنسۇرخان مەقسۇدبەگكە ئالىيىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سەئىدخان مېنىڭ ئىنىم، ئۇنىڭ سۇلتانلىقىدىكى سەئىدىيە خانلىقى بىلەن مېنىڭ سۇلتانلىقىمدىكى تۇرپان خانلىقى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئەمەس، باشقا ـ باشقا خانلىقمۇ ئەمەس، بەلكى جاھانغا ئايان بولغان موغۇلىستان خانلىقىدۇر. بىزنى ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنغان كىشىلەر ماڭمۇ، خان ئىنىمغىمۇ دوست ئەمەس، دۈشمەندۇر. شۇڭا، خوجا تاجىدىن بىننى خوجا ئۇبەيدۇللا بۇزرۇكۋاردىن سەئىدخان ئىنىمغا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ توققۇز تارتۇق ئەۋەتكەنىدىم. خان ئىنىممۇ ھەرقايسىلىرىنى ئەۋەتىپ، پېقىرنى كۆپ خۇرسەن قىلدى.

ئابدۇرەشىدخان جەببار بەردىبەگ بىلەن مەقسۇدبەگنىڭ پىچىرلىشىۋاتقىنىدىن يەنە بىر شۇملۇقنى سېزىپ، مەنسۇرخانغا قاراپ، دېدى:

— خان ئاتا، ئۆزلىرىنىڭ دۇردانە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېشىم ئاسمانغا يەتتى. بىزنى ياخشى كۈتۈپ كۆپ مېھرىبانلىق قىلدىلا، بۇنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدارمىز. لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىشنى ئالىيلىرىغا ئېيتىشقا مەجبۇرمەن.

— ئېيتسىلا، بالام، نېمە ئىش ئىكەن ئۇ؟ — بىئارام بولۇپ سورىدى مەنسۇرخان. ئۇنىڭ پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرى ئەندىشە بىلەن شاھزادىگە قادالدى.

مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئۇقمىغاچقا، سەل بىئارام بولۇپ قالدى.

ئابدۇرەشىدخان ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئۇسمانبەگكە

www.uyghurkitap.com

قارىدى.

— سەردار جانابلىرى، غايىبتىن ئېتىلغان ھېلىقى يا ئوقىنى خان ئاتامغا كۆرسەتسىلە.

ئوسمانبەگ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان يا ئوقىنى تەزىم بىلەن مەنسۇرخانغا كۆرسەتتى. جەببار بەردىبەگ بىلەن مەقسۇدبەگنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، قاپىقى تۈرۈلگەنلىكىنى مىرزا ھەيدەر كۆرۈپ قالدى. «مەنسۇرخاننىڭ بۇ ئىككى ۋەزىرىنىڭ قورسىقىدا جىن بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ، بۇ يەرنىڭمۇ تىنچ ئەمەسلىكىنى بىلدى ...

## 5

ئابدۇرەشىدخان تۇرپانغا ماڭغاندا ئىككىنچى ئىنىسى ئىبراھىم سۇلتان يېڭىسارغىچە ئۇزىتىپ قويغانىدى. ئۇ كەلگەندە بولسا، چوڭ ئىنىسى ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن كەنجى ئىنىسى مۇھسىن سۇلتان كاشغەرگىچە بېرىپ كۈتۈۋالدى. سەئىدخانمۇ ۋەزىر، ئەمىرلىرى بىلەن پايتەختنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ دەبدەبە بىلەن قارشى ئالدى.

— مەرھابا، مەرھابا! مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، قاناتبەگ ئاغا، ئاللا سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن.

سەئىدخان كاشغەرنىڭ ھاكىمبېگى سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەلگىنىدىن بەك خۇشال بولدى، بۇ باھادىر سەپدىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن ئابدۇرەشىدخاننى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىغا سۆيدى.

— تاغام مەنسۇرخان ئۆزلىرىگە سالام ئېيتتى، ئامانلىق تىلىدى، — دېدى ئۇ تۇرپاندا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ، كۆزى ئالدىغا غۇنچە بويى، ئاھۇ كۆز، چېچەن، شوخ گۈلنىگار بىكە كېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تۇرپان دىيارىغا قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ مەنسۇرخان تاغام بىزگە كاتتا ھۆرمەت ـ ئىززەت كۆرسەتتى، ياخشى كۈتتى. مەنزىرىلىك جايلارنى،

باغباراڭلارنى، قەدىمىي شەھەرلەرنى ساياھەت قىلدۇردى. سۆھبەتتىمىزمۇ سەممىمىي بولدى، ئۇقۇشماسلىقلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇ توغرۇلۇق مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئاغام تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ. بىز قايتىدىغان كۈنى تاغام مەنسۇرخان شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ ماڭا: «سەئىدخان دۈشمىنىم ئەمەس، جانجىگەر ئىنىم، ئاللا بىزنى ساق ـ سالامەت دىدارلاشتۇرۇپ مۇراد بېغىغا بىللە قەدەم باستۇرغۇسى» دەپ ياخشى تىلىكىنى بىلدۈرۈپ قالدى، خان ئاتا.

سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولغان سەئىدخان ئۇلارنى جاھانباغدا ھاردۇق چېيى ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

ئەمىر نەزەر مىرزا زامانىدا بىنا قىلىنغان، مىرزا ئابابەكرى كېڭەيتىپ ياسىغان بۇ باغ سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆركەم تۈس ئېلىپ، جەلپكار سەيلىگاھقا ئايلانغانىدى. سەئىدخان باشقا ئەللەردىن كەلگەن پادىشاھ، سۇلتانلارنى، مەرتىۋىلىك مېھمانلارنى ۋە ئۆزگە يېقىن دۆلەت ئەركانلىرىنى مۇشۇ باغدا قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلىشەتتى.

ئابدۇرەشىدخان خان جەمەتى قەدەم تەشرىپ قىلىدىغان دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. سەئىدخان ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ قويۇپ، پۈتىنى يەرگە قويدى. مەھرەملەر ئۇنىڭ ھەم دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ئاتلىرىنى خانلىق ئاتخانىسىغا ئەكېتىشتى. ئالما ـ ئامۇت دەرەخلىرى سايە تاشلىغان خىلۋەت يول بىلەن ھەۋزەئى سۇلتانغا يېتىپ كەلگەندە، دەرەخ شاخلىرىدا چاڭقىلداپ سايراۋاتقان تورغاي، تۇمۇچۇقلار ئاسمانغا پەرۋاز قىلىشتى. مەجنۇنتاللار چىلىشىپ تۇرغان تىنىق كۆلدە قۇياش چۆمۈلۈپ ئويناۋاتاتتى.

سەئىدخان رەڭدار گىلەم، كىمخاب كۆرپىلەر سېلىنىپ، پەر ياستۇقلار تىكلەپ قويۇلغان شاھ سۇپىسىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ۋەزىر، ئەمىر، بەگلەر ئۇلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

— جانابلار، بۇ يەردە ھاۋالىنىپ ھاردۇق ئېچىش ئۈچكەچ، ئاتا ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانىنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلايمىز، ئاندىن سالقىن كېچە پەيزىنى سۈرىمىز.

— خان ئالىيلىرى، — دەپ سۆز باشلىدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن. ئۇنىڭ يارىشىملىق قىسقا ساقىلى خۇش چىرايىغا ناھايىتى ماس كەلگەنىدى. بەستلىك قامىتىدىن تەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى، — بىز ئۆزلىرىنىڭ سالىمىنى ئېلىپ تۇرپانغا قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپ، سۇلتان مەنسۇرخان بىزنى ھەم كاتتا ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتتى، ھەم ئاستىرتىن كۆزەتتى. خانىنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى خۇرسەنلىكىمىزنى ئاشۇرغان بولسا، ھەربىر قەدىمىمىزنى نازارەت قىلىشى ھوشيارلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئېھتىياتچان قىلىپ قويدى. بولۇپمۇ مەنسۇرخانىنىڭ ئاتا ۋەزىرى جەببار بەردىبەگ ھەربىرىمىزدىن خۇپىيانە گەپ ئېلىپ، ئۆزگە تارتىش ئۈچۈن ئۇرۇندى. ئۇ: «تۇرپاندا قېلىشنى خالامسىز، بۇ يەردىمۇ ئاتا ۋەزىر بولۇرسىز» دەپ مېنىمۇ چېكىپ باقتى. «زەرەپشاندا بېلىق تۇتۇپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن» دەپ ئۇنى نائۈمىد قالدۇردۇم. ئالىيلىرىنىڭ ئىتتىپاق بولۇپ ئىناق ئۆتۈشتىن باشقا ئارزۇسى يوقلۇقىنى سۆز - ھەرىكەتلىرىمىزدە ئىپادىلەپ، مەنسۇرخاننى ئىلاجسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇق، ھۆرمىتىمىزنى قىلدۇرغان قىلدۇق.

— زادى كېلىشىم ھاسىل قىلالىدىڭلارمۇ؟ — سورىدى خان تەقەززا بولۇپ.

— ھاسىل قىلدۇق، خان ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان تەمكىن ھالدا، — سۇلتان مەنسۇرخان باشتا جىم تۇرۇۋېلىپ، «كۆڭلۈمدىكىنى تاپ» دېگەندەك قىلىپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغانىدى. ئابدۇرەشىدخان تىلەك - ئارزۇلىرىنى قايتا - قايتا يەتكۈزۈپ ئۇنى ئېرىتتى. ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كۈنسېرى روناق تېپىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن

ئىمكانلىكىنى بىلدۈردى. ئۆزىنىڭ ياركەندكە لەشكەر تارتىپ كېلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. «مۇنداق ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقۇچىلارنىڭ غەرىزى بىز ئاكا ـ ئۇكىلارنى دۈشمەنلەشتۈرۈپ، تاجۇتەختتىن مەھرۇم قىلىش» دېدى. ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھەتىنىمۇ ئىلىك ئالماي، ئالىيلىرى بىلەن دىدارلىشىش ئارزۇسى بارلىقىنى بىرقانچە قېتىم بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكىچە كېلىشىم ھاسىل قىلدۇق، — مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئاۋۋال سەئىدخانغا، ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ تەبەسسۇم قىلدى، — بىرىنچى، «مەنسۇرخان سەئىدىيە خانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، ياركەندكە باستۇرۇپ كېلىدىكەن، سەئىدخان لەشكەر تارتىپ تۇرپانغا يۈرۈش قىلىدىكەن، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن» دېگەندەك گەپلەر پىتنە ـ پاسات، ئىغۋادىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ قەيت قىلىندى. ئىككىنچى، ئەرابات[①] تۇزلەڭلىكىنى ياركەند سەئىدىيە خانلىقى بىلەن تۇرپان خانلىقىنىڭ چېگراسى قىلىپ بېكىتتۇق. ئەراباتنىڭ شىمالى تۇرپان خانلىقىغا، جەنۇبى سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە بولىدىغان بولدى. ئۈچىنچى، سۇلتان مەنسۇرخان بىلەن سۇلتان سەئىدخان ئاقسۇنىڭ ئەرابات دېگەن جايىغا كېلىپ دىدار ـ مۇلاقاتتا بولىدۇ، دەپ بېكىتىلدى.

— ماشائاللا، ماشائاللا، ئاكام بىلەن دىدارلىشىدىغان پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەپتۇ، — سەئىدخان خۇشال بولغىنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سىلەرنىڭ بۇ سەپىرىڭلار قۇتلۇق بوپتۇ. مەن سىلەردىن رازى بولدۇم، ئۇرۇش ـ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تىنچلىق ـ سائادەتكە يول ئېچىپسىلەر.

سەئىدخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ كېلىشىمنى ھاسىل قىلىشتا ئوينىغان رولىدىن سۆيۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنى ماختاپ

① ئەرابات — باي ناھىيەسى بىلەن ئاقسۇ جام يېزىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەر نامى.

بىر نىمە دېمىدى، ئەمما كۆڭلىدە ئەقلىگە قايىل بولدى. ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن داستىخان سېلىنىپ، ھاردۇق ئېشى — ئۇگرە كەلتۈرۈلدى. بۇ مەززىلىك ئاش ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن سەئىدخان ئورنىدىن تۇردى.

جاھانباغ ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، خان ۋە ئۇنىڭ جەمەتى سەير قىلىپ، ئارام ئالىدىغان قىسمى «باغى ئېرەم» دەپ ئاتىلاتتى، ھېچقانداق يات كىشى كىرگۈزۈلمەيتتى. مېھمانلار كۈتۈلىدىغان تەكىيىخانا، مۇراسىم، زىياپەت ئۆتكۈزۈلىدىغان قەسرى ھەبىب قاتارلىق كۆركەم بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قىسمى «باغى ھۇزۇر» دەپ ئاتىلاتتى. سەئىدخان باغى ھۇزۇرغا قاراپ ماڭدى، قەسرى ھەبىبكە كىرىپ تەختكە چىقتى. بۇ ناھايىتى ئازادە ساراي بولۇپ، ئىككى ياندىكى دېرىزىلىرى باغقا قارايتتى. بىنەپشەرەڭ پەردىلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

سەئىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن ئاغىچى ئۇلۇغى① ئەلى سەئىد كوكۇلداش مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، ئەمىر قاناتبەگلەرگە ئالتۇن تۇگمىلىك كىمخاب تون كىيدۈردى. كاشغەرنىڭ ھاكىمبېگى ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزىغىمۇ تون ياپتى. خوجا شاھمۇھەممەدى ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، سارغۇچ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ ئولتۇرغان مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— كۆردىلىمۇ، ۋەزىر جانابلىرى، خانىمىزنىڭ دانالىقىنى؟ ئۇ بىزنى ئۇنتۇپ قالدى.

— خان ھازىر ئۇنتۇپ قالغان بىلەن، كېيىن تونۇپ قالىدۇ ... — مىرزا ئەلى تاغاي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ سوزۇنچاق يۈزى تارتىشىپ، قىسىق كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى.

— مۇبارەك بولسۇن !

— ئاللانىڭ رەھمىتى ساداقەتمەنگە مەنسۇپ !

---

① ئاغىچى ئۇلۇغى — مالىيە ۋەزىرى.

كۆپچىلىكنىڭ قۇتلۇقلاپ قىلغان سۆزلىرى ئاغىچى ئۇلۇغى بىلەن ۋەزىرنىڭ پىچىرلاپ قىلىشىۋاتقان گەپلىرىنى ئۇزۇپ قويدى.

— ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخان بالاغەتكە يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان بەگ ئەتكەلىرى — مەۋلانا مۇھەممەد شىرازىيغا، ئەمىر غورى بارلاسقا، ئەمىر مىرەك بارلاسقا تەشەككۇر ئېيتىمەن، ئۇلارغا زەرباب تون كىيدۈرۈلسۇن. تۇرپانغا بارغان سەردار، بەگ، سىپاھلارغا ئون تىللادىن تارتۇق بېرىلسۇن.

ئوردا سىپاھلىرىنىڭ ئەمىرى خوجا شاھمۇھەممەدنىڭ يۈرىكى بىردىنلا قىسىلدى. قىپقىزىل ھاپا قوۋۇز يۈزى ئاقىرىپ ئولتۇرالماي قالدى. ئەلى سەئىد كوكۇلداش بۇنى بىلىپ ئاتايىن يۆتىلىپ قويدى، ئۇنىڭمۇ ئىچى ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارغا كۆز قۇيرۇقىدا قارىغان مىرزا ھەيدەر بىرنېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، سەئىدخاننىڭ بىر كۈمۈش ساپلىق خەنجەرنى ئابدۇرەشىدخانغا ئۇزارتقانلىقىنى كۆرۈپ، گەپ قىلالماي كۈلۈمسىرىدى. شاھزادە يۈكۈنۈپ خەنجەرنى قولىغا ئالدى، باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ، ئاندىن لەۋلىرىنى پارقىراپ تۇرغان ئۆتكۈر بىسىغا تەگكۈزۈپ بېلىگە ئېسىۋالدى.

— رەھمەت، خان ئاتا، ئىشەنچلىرىگە داغ چۈشۈرمەيمەن، — دېدى ئۇ دەس تۇرۇپ.

— مۇبارەك بولسۇن، شاھزادە !

— ئاتىنىڭ شەپقىتى — ئەلنىڭ شەپقىتى !

— كامال تاپقايلا !

ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سىپاھلارنىڭ ئالقىش ـ سادالىرى ئۇنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى.

— سۇلتان ئاتام ئۈچۈن جېنىم پىدا ! — ئابدۇرەشىدخان بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى.

داستىخان سېلىنىپ شورپا تارتىلدى. پۈتۈن پېتى توتۇردا پىشۇرۇلغان قوي، غاز، بۆدۈنە كاۋاپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن

كەلتۈرۈلدى. چوڭ ـ كىچىك خۇمىلاردا شاراب، مەيزاپ، بوزا، قىمىز ئەكىلىنىپ ساقىيلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. كۈمۈش جاملارغا لىققىدە شاراب قۇيۇلدى. بىرىنچى قەدەھ سۇلتان سەئىدخانغا، ئىككىنچى قەدەھ ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزىغا، ئۈچىنچى قەدەھ ئاتا ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانغا تۇتۇلدى. باش ساقىي ئەمىر قاناتبەگ تاماقلىرىنى چاكىلىدىتىپ ئولتۇرغان ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايغا، ئاغىچى ئۇلۇغى ئەلى سەئىد كوكۇلداشقا، ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدىگىمۇ شاراب سۇندى.

باش خوراز چىللىغان بولسىمۇ زىياپەت تېخىچە داۋاملىشۋاتاتتى. ئەمىر كەبىر پىيالىدىكى مەينى باشقىلارغا تۇيدۇرماي ئاياغ ئاستىغا تۆكۈۋېتىپ، مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانغا قارىدى:

— زىياپەتنى ئەمدى ئاياغلاشتۇرساق بولارمىكىن، خان مەست بولۇپ قالدى، ئاتا ۋەزىر.

— ساقىيلار، قەدەھنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭلار، — دېدى ئاتا ۋەزىر، ئۇ سەئىدخاننى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، خاس ھۇجرىسىغا ئاچىقىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

بۇ سورۇندا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئابدۇرەشىدخانلا شاراب ئىچمىدى.

## 6

ھىجرىيە 922 ـ يىلى① قىش جۇدۇنلۇق كەلدى، قار كۆپ ياغمىدى، بوران ـ چاپقۇن كۆپ بولدى. بەزى كۈنلىرى قار يېغىپ، ئەمدىگىنە يەردىن باش كۆتۈرگەن كۈزگى بۇغداي مايسىلىرىنى كۆمۈۋەتسە، دەل ـ دەرەخلەرنى توپا ـ چاڭدىن تازىلاپ ئاق شايى كۆڭلەك كىيىپ چىققان قىز بالىدەك چىرايلىق

① ھىجرىيە 922 ـ يىلى — مىلادىيە 1516 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

قىلىۋېتەتتى. بەزى كۆنلىرى تۆيۇقسىز چىققان شىۋىرغان كۆز ئاچۇرماي ئادەمنى شۇمشەيتىۋېتەتتى، بىردەمدىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ بۇلۇت يىرىپ كۈن چىقاتتى. بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى.

— ھاۋا نېمىدېگەن ئوچۇق، ئەلنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئاتلانغانلىقىمىزدىن جانابىي ئاللا رازى بولغان بولسا كېرەك، بوران - چاپقۇندىن بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى، — دېدى سۆيۈنگەن ھالدا سەئىدخان ئاتنىڭ تىزگىنىنى سەل تارتىپ.

— ئارى، شاھىم، — خاننىڭ سول تەرىپىدە كېتىۋاتقان سەيىدمۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى، — ئۇرۇش خەلقنىڭ ئارامىنى بۇزىدۇ، ئەلنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، دۆلەتنى ۋەيران قىلىدۇ، پادىشاھنى ئەنسىز قىلىپ قويىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ بۇ سەپىرى تىنچلىق ئۈچۈن بولدى. خەلقنىڭ ئارزۇ - تىلىكىدىن چىققان شاھ قۇدرەت تاپالايدۇ.

— ئىنشائاللا، ئاكام مەنسۇرخان بىلەن ئاكام سەئىدخاننىڭ دىدار - مۇلاقاتتا بولۇشى شىمال ۋە جەنۇبتىكى پۇقرالارنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، پېقىر بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن، — دېدى خاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېتىۋاتقان ئەمىن خوجا سۇلتان.

ئۇ ئۆتكەن يىلى كەچ كۈزدە مەنسۇرخاننىڭ توققۇز تارتۇق سوۋغا - سالامىنى ياركەندكە ئەكەلگەنىدى. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن سەئىدخان ئاقسۇغا ئۇنى ھاكىمبەگ قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. خان بۇ نۆۋەت ئاقسۇغا كېلىپ ئون كۈن تۇرۇپ، مەنسۇرخان بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، ئۇچتىكى ئۇ ئىنىسىنىمۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالدى.

تۇرپاندىن كېلىۋاتقان مەنسۇرخانمۇ ئاقسۇغا يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇ ئاتا ۋەزىر جەببار بەردىبەگنى سەئىدخان بىلەن بولىدىغان دىدار - مۇلاقاتنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالدىنئالا ئەۋەتتى. ئۇنى مىرزا ھەيدەر جام يېزىسىدىكى ئۆزى چۈشكەن باغدا كۈتۈۋالدى.

ھەر ئىككى خانىنىڭ لەشكەرلىرى ئۇچرىشىشقا يېرىم سائەتلىك مۇساپە قالغاندا ئۆز جايىدا توختاپ تۇرۇشلىرىنى، دىدار ـ مۇلاقاتنىڭ بىخەتەر بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىگىرمىدىن ئوتتۇزغا قەدەر كىشىنىڭ بارىمتاي① سۈپىتىدە ئىككىلا تەرەپتىن تۇتۇلۇپ تۇرۇشىنى ئىككى ئاتا ۋەزىر كېڭىشىپ بېكىتتى. جامغا كېلىپ توختىغان سەئىدخان بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولدى.

شەرقتىن كەلگەن قارا بۇلۇت تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، قار توختاپ گىرىمسەن بولۇپ قالغان ئاسمان گۈمبىزى پاللىدە ئېچىلدى. تېرەك شېخىغا قونۇپ سايراۋاتقان سېغىزخاننىڭ ئاۋازىغا قولاق سېلىپ تۇرغان سەئىدخان ئاكىسىنىڭ دىدارىغا پاتراق يېتىش ئۈچۈن ئاق تورۇقىنى دېۋىتىپ يەنە ئالدىراپ يولغا چىقتى. ئۇ ناھايىتى روھلۇق ئىدى.

خانىش مەخدۇمە سۇلتان بېگىم، سەئىدخانىنىڭ سىڭلىسى مۇھىببە سۇلتان بېگىم ۋە ئۇنىڭ گۆدەك ئوغلىمۇ كېنىزەك ـ مەھرەملىرى بىلەن دىدار ـ مۇلاقات ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.

ئابدۇرەشىدخانىنىڭ بەگئەتكەسى ئەمىر مىرەك بارلاس ياساۋۇل، قورۇقچى مۇلازىم، سىپاھلارغا باش بولۇپ، گاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتسە، گاھ كەينىگە ئۆتەتتى. نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ سەركەردىنىڭ ئۆتكۈر نەزىرى ئۇلجا ئىزدەپ پەرۋاز قىلغان قارچىغىنىڭ كۆزلىرىدەك ھەر تەرەپكە تىكىلەتتى.

يىراقتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. سەئىدخان ئېتىنى توختاتتى. ئەمىر مىرەك بارلاس بىرنەچچە نۆكەرنى ئېلىپ چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلگەن تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي قايتىپ كېلىپ:

— خان ئالىيلىرى، سۇلتان مەنسۇرخان كېلىۋېتىپتۇ، —

① بارىمتاي — كاپالەت ئۈچۈن ئادەم تۇتۇپ تۇرۇش.

دەپ خەۋەر بەردى.

سەئىدخان سەيىدمۇھەممەد مىرزىغا باش لىڭشتىپ قويۇپ، ئاق تورۇقنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى، چاپچىپ كېلىۋاتقان چىلان تورۇقنى كۆرگەندە ھاياجاندىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ ئىختىيارسىز ئاتتىن چۈشتى. ئۇ چىلان تورۇق ئۈستىدە ئاكىسىنى كۆرگەنىدى.

ئىنىسىغا كۆزى چۈشكەن مەنسۇرخانمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، غۇلاچ كېرىپ ئالدىغا ماڭدى.

سەئىدخان ئاكىسىغا ئۈچ قەدەم قالغاندا تىزلىنىپ يەتتە تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئاكا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خان ئىنىم!

ئىتتىك كەلگەن مەنسۇرخان سەئىدخاننى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئاكا - ئۇكا خانلار قۇچاقلاشتى.

چېھرىدە كۈلكە، كۆزدىن ئاقتى ياش،
دىدار كۆرۈشتى ئىككى قېرىنداش.

مەخدۇمە سۇلتان بېگىم، مۇھەببە سۇلتان بېگىملەرمۇ مەنسۇرخاننىڭ خانىشلىرى بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشۈپ تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى. ئىككى خاننىڭ ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سىپاھلىرىمۇ دىدار - مۇلاقاتتا بولۇشتى.

ئىككى خان ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئالاھىدە تەييارلانغان بارگاھقا ئورۇنلاشتى. ناماز پېشىننى مەنسۇرخاننىڭ پىر - ئۇستازى خوجا تاجىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ ئىماملىقىدا ئوقۇشتى.

مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئاغىچا - كېنىزەكلىرى بىلەن بېرىپ مەخسۇس قورۇدا بارىمتاي بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەنسۇرخاننىڭ ئانىسى ساھىب دەۋلەت بېگىم، مەنسۇرخاننىڭ ھەمشىرىسى ماھىم خېنىمدىن ھال سوراپ كەلدى. مەنسۇرخانمۇ

www.uyghurkitap.com

بارىمتاي بولۇپ تۇرۇۋاتقان مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بىلەن شاھزادە ئابدۇرەشىدخاننى يوقلىدى.

سەئىدخان ئوغلىنى يوقلاپ كەلگەن ئاكىسىنى بارگاھ ئالدىدا كۈتۈۋالدى. ئۇ توققۇز ھارۋىغا بېسىلغان خوتەننىڭ يۇڭ، يىپەك گىلەملىرىنى، توققۇز تاي ئەتلەس، توققۇز تاي شايى، توققۇز تاي قارا مەللە يۇڭ چەكمەن، توققۇز تۆگىگە ئارتىلغان بادام، ياڭاق ۋە ھەر خىل قۇرۇق يەل ـ يېمىش، توقسان توققۇز سەر ئالتۇن، توققۇز يۈز قىلىچ، توققۇز يۈز ئوقيا قاتارلىقلارنى توققۇز تارتۇق قىلدى ۋە ئاكىسىغا زەر چۇچىلىق شاھانە تون كىيدۈردى.

مەنسۇرخانمۇ قاراشەھەرنىڭ داڭلىق قارا بويۇن ئاتلىرىدىن توققۇز جۈپ، توققۇز ھارۋىغا بېسىلغان كىمخاب، تەتىللا، تاۋار، توققۇز جۈپ قېچىرغا ئارتىلغان قۇرۇق ئۈزۈم، توقسان توققۇز يامبۇ قاتارلىقلارنى سەئىدخانغا توققۇز تارتۇق قىلىپ، ئالتۇن تۈگمىلىك مەخمەل تون، ئالتۇن تاج كىيدۈردى.

ئاكىسىنىڭ قەدەم تەشرىپىگە سەئىدخان بەرگەن زىياپەت ناماز دىگەردىن كېيىن باشلىنىپ تاكى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

قازانلاردا پىشۇرۇلغان گۆش، تونۇرلاردا پۈتۈن پىتى كاۋاپ قىلىنغان قوزا، ئوغلاق، كېيىك گۆشلىرى كەينى ـ كەينىدىن كەلتۈرۈلدى، تۇلۇملاردىكى قىمىز، خۇمرىلاردىكى مەيزاپ ـ شارابلار ئىچىلىپ تۈگىدى. ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزا زىياپەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن بارگاھ ئالدىدا ئاكا ـ ئۇكا خانلارلا قالدى.

— خان ئىنىم، ئاللاغا مىڭ قەترە شۈكۈر، بىز ئاخىر دىدار كۆرۈشتۇق. بۇنىڭدىن بەك مەمنۇنمەن، — دېدى مەنسۇرخان، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى.

— ئارى، سۇلتان ئاكا، بىزنى جانابىي ئاللا ئۇچراشتۇردى، مەنمۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەنمەن. ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۇلۇغ ئاللادىن تىلەپ يۈرۈپ ئاخىر سىلى ئاكامنى كۆردۈم،

ئىنىم بابا سۇلتاننى كۆردۈم، تۇغقانلارنى كۆردۈم. سىلى ئوبدان تۇرۇپلا، ئاكا، ئاتامنى كۆرگەندەك بولدۇم. قانداق خىزمەتكە بۇيرۇسىلا قولۇم كۆكسۈمدە، نېمە تەلەپلىرى بولسا بەجا كەلتۈرىمەن. بۇ ۋاقىتقا قەدەر بويۇنتاۋلۇق قىلغىنىمنى كەچۈرسىلە، ئاكا.

— زىنھار ئۇنداق دېمىسىلە، خان ئىنىم. مەن ئاللا ئالدىدا گۇناھكار. بۇنى پىرىم خوجا تاجىدىن ھەزرەت بىلدۈردى. يىللار مابەينىدە ئاچ كۆز، مەنسەپپەرەس، ئاسىي ۋەزىر - ئەمىرلىرىمىنىڭ سۆزىگە چىنىپۇتۇپ موغۇلىستان، ماۋەرائۇننەھرگە خان بولۇشنى كۆزلىگىنىم راست. ئەمدى ئويلىسام، نىيىتىم دۇرۇس بولمىغاچقا تىلىكىمگە يېتەلمەپتىمەن. سىلى توغرا يولدا مېڭىپتىلا، خان ئىنىم. سۇلتان مىرزا ئابابەكرىدەك زالىم پادىشاھنى مەغلۇپ قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنى بەرپا قىلدىلا، ئەمما ماڭا قارشى لەشكەر تارتمىدىلا، ئەلچى ئەۋەتىپ ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلدىلە. مەن سىلى ئىنىمنىڭ ياخشى نىيەتتە ئىكەنلىكلىرىنى ئاخىر چۈشەندىم. سىلى ۋە ئىنىلىرىم بىلەن ئېجىل - ئىناق ئۆتمىسەم، ياۋۇز دۈشمەنلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىدىغانلىقىمنىمۇ بىلىپ يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ دىدارلىرىنى ئىزدەپ كەلدىم، — مەنسۇرخان سۆزىدىن توختاپ، سامى بولۇپ ئولتۇرغان ئىنىسىغا سەپسالدى. ئۇنىڭ سەللە ئورالغان تاجىغا ھال رەڭ گۆھەر قادالغان بولۇپ، شام - چىراغلار يورۇقىدا پالىلداپ تۇراتتى. چىرايلىق ياسىتىلغان دۈگىلەك ساقىلى قارا بۇرۇتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ئويچان كۆزلىرى سەل قىسىلىپ، قويۇق قاشلىق كەڭ ماڭلىيىدا بىر تۈرۈك پەيدا بولغانىدى. شاھانە تونى ئۈستىدىن بېلىگە باغلانغان ئالتۇن كەمىرىگە كۈمۈش ساپلىق خەنجەر ئېسىلغانىدى. ئۇ شۇ ھالدا مەخمەل يېكەنداز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

«ئىنىم تىمەن تۇرۇپتۇ ...» دەپ ئويلىغان مەنسۇرخان سەئىدخاننىڭ تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ جاسارەتلىك، جۇرئەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، كۈمۈش جامدىكى چاينى سۇمۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— پەرزەنتىمىز ئابدۇرەشىدخان ئويلىغىنىمدىنمۇ زېرەك، قەيسەر ئىكەن، خان ئىنىم. ئۇ تۇرپانغا بارغاندا يىراق يەرگە كېتىپ قايتىپ كەلگەن ئوغلۇمنى كۆرگەندەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. قۇتلۇق سالاملىرىنى يەتكۈزۈپ، مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتى، — مەنسۇرخان بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى، — ھالبۇكى، خان جەمەتىنىڭ ئىناق ئۆتۈشىگە جان - جەھلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىدىغان كىشىلەرگە سەل قارىغانىكەنمەن. قۇتلۇق قەدەم ئوغلىمىز ئابدۇرەشىدخانغا قەست قىلماقچى بولغانلارنى ئاللا يامان نىيىتىگە يەتكۈزمىدى. شاھزادە ئۆزىگە ئېتىلغان يا ئوقىنى ماھا تاپشۇرغانىدى، پېقىر ئەندىشە قىلىپ ئۇنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن قايتىشىغا رۇخسەت قىلدىم. ۋەزىر، ئەمىرلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا ئاشۇ ساداق ئوقىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى دەرھال ئېنىقلاپ چىقىشىنى بۇيرۇدۇم. ئوردىمىز نۆكىرى مۇخپۇل ئەئىماننىڭ ئوقى ئىكەنلىكى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېنىقلاندى. ئۇ ئوردا سىپاھلىرىنىڭ ئەمىرى ۋەزىر مەقسۇدبەگنىڭ ئون تىللا بېرىپ قەسەم قىلدۇرۇپ بۇيرۇشى بىلەن، كارىزنىڭ ئەگمە يېرىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئوق ئاتقانىكەن. ئۇ زىندانغا تاشلاندى. مەقسۇدبەگ خانغا ئاسىيلىق قىلىپ سۈيىقەست بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇرەشىدخانغا تەگمىگەن يا ئوقى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. شانۇشەۋكەتلىك جەمەتىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇپ، لاي سۇدىن بېلىق تۇتماقچى بولغان قارا نىيەت، مۇناپىقلارنىڭ ئارىمىزدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ غەپلەتتە قالساق، ئېلىمىز قانغا غەرق بولىدىكەن. خان ئىنىم، شۇنداق قارا كۆڭلەردىن خۇدا ئۆزى ساقلىغاي.

— توغرا ئېيتتىلا، سۇلتان ئاكا، — دېدى سەئىدخان

قىلىچىنى قۇچىقىغا توغرا قويۇپ ئولتۇرغان مەنسۇرخانغا چىن دىلى بىلەن. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تۈرۈك يوقىلىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەندى، — كەمىنە ئىنىلىرى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تاجىنى سىلىگە كىيدۈرۈپ، ئاسايىشلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دىدارلىرىغا تەشنا بولۇپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئاللاغا مەلۇمكى، سۆزلىرىنى ئىشىتىپ بېشىم ئاسمانغا يەتتى. ئەمدىكى گەپ ئىپتىقانلىرىمىزغا ئەمەل قىلىشتا قالدى، — سەئىدخان چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرغان ئاكىسىدىن جاۋاب كۈتۈپ جىم بولدى.

— ھۆرمەتلىك خان ئىنىم، سەمىمىيەتلىرىدىن قىلغان ئىشلىرىمغا قاتتىق ئۆكۈندۈم، — مەنسۇرخان ئىككى قولىنى سۆكۈتتە ئولتۇرغان سەئىدخانىنىڭ تىزىغا قويدى، — ھىممەتلىرىگە بارىكاللا! لەۋزىمگە ئەمەل قىلمىسام، خۇدا راۋا كۆرەرمۇ، ئاۋام قوبۇل قىلارمۇ؟ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن تاجى ئالىيجاناب، باھادىر ئەزىمەتكە مەنسۇپ. ئۇ بولسىمۇ سىلى، خان ئىنىم، شۇڭا مەن ئۆز ئېلىمگە سۇلتانلىق قىلاي، سىلىمۇ ئۆز ئەللىرىگە خان بولۇپ ئۆتىۋەرسىلە. بۇ ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ئەزىز ۋەتىنىمىز بىرقانچە خانلىققا بۆلۈنگەن بىلەن جەمەتىمىزنىڭ باشقۇرۇشىدىلا بولىدىكەن، يەنىلا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان بولىدۇ. مەن مۇشۇ سۆزۈمنى دېگىلى ۋە سىلى بىلەن كۆرۈشۈپ مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان جانابلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىگە قول قويغىلى كەلدىم، — مەنسۇرخان ئاقىرىشقا باشلىغان ساقىلىنى تۇتاملاپ سۆزدىن توختىدى.

سەئىدخان توققۇز تارتۇق قىلغان قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى ئۇنى شۇنداق سۆزمەن قىلىۋەتتىمۇ ياكى راستلا قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، ھەقىقەتنى تونۇپ شۇنداق دەۋاتامدۇ ۋە ياكى غەرىزىنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ شۇنداق دەپ قويۇۋاتامدۇ؟ بۇ بىر خۇداغا مەلۇم ئىدى. سەئىدخان شۇ تاپتا

ئۆزگىرىشچان مىجەزلىك ئاكىسىنىڭ پەيلىدەك يۇمشاپ كەتكىنىدىن گۇمانلانسىمۇ، يەنىلا ئۈمىدۋار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

— سۇلتان ئاكا، ياخشى نىيەت، ياخشى تىلەكلىرى خەلقىمىزنىڭ سائادىتى، خانلىقىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇق كاپالىتى. سىلى ئاتام ئورنىدا، ئەلۋەتتە سىلىگە ئىشىنىمەن.

سەئىدخاننىڭ بۇ سۆزى مەنسۇرخانغا يېقىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدىكى يەنە بىر مەخپىيەتنى ئاشكارىلاپ، دېدى:

— خان ئىنىم، ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ يېنىمدا تەربىيەت تاپقانلىقى سىلىگە ئايان. ئۇ ئەر بولۇپ قاتارغا قوشۇلغاندىن كېيىن ھەمىشە پىتنە - پاساتچى بەگلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاشكارا، يوشۇرۇن ھالدا ماڭا قارشى ھەرىكەت قىلىپ كەلدى. نەچچە قېتىم تۇمشۇقىغا يېگەن بولسىمۇ، پەيلىدىن يانمىدى. مىجەزىم چۈس، ئاچچىقىم يامان بولغاچقا، چىداپ تۇرالماي پىچان ھاكىمى ياركە بەگكە ئۇنى ئەۋەتىپ، كۆزدىن يوقىتىش توغرىسىدا يوشۇرۇن بۇيرۇق بەردىم. ئۇزاق ئۆتمەي ياركە بەگ ئەمىن خوجا سۇلتاننى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەنلىكى خۇسۇسىدا مەكتۇپ ئەۋەتتى. قانداقلا بولمىسۇن ئىنىم بولغاچ، ئىچىم ئېچىشتى. شۇ ۋاقىتتا ياركەندكە كەتكەن خوجا تاجىددىن بۇزرۇكۋار قايتىپ كېلىپ، سالاملىرىنى ماڭا يەتكۈزدى. ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئۇنى ۋاقىپلاندۇرۇپ ھەسرەتلەندىم. خوجا تاجىددىن ھەزرەتلىرى: «ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ ئۆلگەنلىكىگە كۆڭلۈم گۇۋاھلىق بەرمەيۋاتىدۇ. ياركە بەگنى چاقىرتىپ سوراپ كۆرسىلە، ھايات بولسا ئەجەب ئەمەس» دېدى. مەن ئۈمىدلىنىپ ياركە بەگنى چاقىرىپ كېلىشكە چاپارمەن ئەۋەتتىم. ئۇ كېلىپ پۇشايمان قىلغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن: «كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىغايلا، سۇلتانىم. ئىنىلىرى ئامان - ئېسەن يۈرۈپتۇ» دېدى. ئۇ ھامان بىر كۈنى قارارىمدىن پۇشايمان قىلىدىغانلىقىمنى بىلىپ، ئەمىن خوجا سۇلتاننى ئۆز

مۇھاپىزىتى ئاستىغا ئېلىپ ساقلىغانىكەن. ئاللانىڭ بۇ كارامىتىدىن مىننەتدار بولۇپ ياركە بەگكە كۆپ ئىنئام بېرىپ قايتۇردۇم. ئەمىن خوجا سۇلتاننى قايتۇرۇپ كېلىپ يانلىرىغا ئەۋەتكەنىدىم، ياخشى كۈتۈۋېلىپ ئاقسۇدەك كاتتا دىيارنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىپتىلا. بۇنىڭدىن بەك خۇرسەن بولدۇم ھەم ئەندىشە قىلدىم. بۇ راست سۆزۇم. سىلىمۇ بۇ ئىنىمىزدىن پەخەس بولغايلا.

— ئاللا ئۇستىمىزدە تۇرۇپتۇ، سۇلتان ئاكا، — دېدى سەئىدخان ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ئەمما ئىنىسىنى ئاقلايدىغان سۆز قىلماستىن، بۇنىڭدىن كېيىن نېمىلەرنى قىلىش زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئۆز قارىشىنى ئوچۇق قويدى، — مەن قېرىنداشلىرىمىنىڭ ساداقەتمەنلىكىدىن ئۈمىدۋارمەن. «ياغى ياندىن چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. ئۆزئارا ئىزادىن ساقلانساق، بىر - بىرىمىزگە ئىشەنسەك، ئاۋامغا ھەققىي كۆڭۈل بۆلسەك، ئادىل بولساق، ئېلىمىز روناق تاپىدۇ، خانلىقىمىز مۇستەھكەملىنىدۇ، دۈشمەنلىرىمىز چېقىلالمايدۇ. بىر - بىرىمىزگە قارا ساناپ ئىزادىن ساقلىنالمىساق، ئاۋام بىلەن كارىمىز بولمىسا، ئادالەت بىلەن ئىش كۆرمىسەك، غەپلەتتە قالساق، ئارىمىز بۇزۇلۇپ، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سۇيىقەستىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپلا قالماي، بەلكى خانلىقىمىزنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلاپ، مۇنقەرز بولۇپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن بولىمىز، بۇ ھالدا ئاللا بىزنى كەچۈرمەيدۇ. ئەۋلادلارنىڭ لەنىتىگە، ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايمىز. مۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ئاللا ئىگەم ساقلىسۇن. سۇلتان ئاكا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىمىزنى ئېلىمىزنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى، خانلىقىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا بېغىشلايلى.

«قى - قى - قى - قىق !» يىراقتىن خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭلاندى. مەنسۇرخاننىڭ يەنە سۆزلىگۈسى بولسىمۇ، مۇگدەك بېسىپ، ئۆز بارگاھىغا قايتماي ئىنىسى يېنىدا يېتىپ قالدى.

ئۆنىڭ ئاقسۆنى سەئىدخاندىن سورىۋېلىپ، ئۆز ئىلكىگە ئېلىش غەرىزى بار ئىدى. ئەمما، بۇنى ئاغزىدىن ئۇدۇل چىقىرالماي خېلى كۆپ گەپ ئەگىتىپ باقتى. سەئىدخان ئاكىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەنىدى. ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئويلاپ، ئىككىنچى قېتىم خوراز چىللىغاندا ئاندىن ئۇخلاپ قالدى.

ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىم خوراز چىللىدى. تاڭ سۈزۈلدى. بامدات نامىزىغا ئەزان چىقتى.

— سۇلتان ئاكا، تۇرسىلا، بامدات ۋاقتى بولۇپ قالدى، — سەئىدخان تۇرۇپ مەنسۇرخاننى ئويغاتتى.

— ئۇيقۇغا تېخى قانمىدىم، ئىنىم.

— غۇسلى - تاھارەت بىزگە زۆرۈر، سۇلتان ئاكا. قوپسىلا، ناماز ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ.

سەئىدخان شاراب ئىچسىلا غۇسلى قىلىپ توۋا قىلىشنى ئۇنتۇمايتتى. ئۇ ئاكىسىنى قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى.

ئۇلار ھاممامدا ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇنۇپ، ناماز بامداتنى جامائەت بىلەن ئوقۇۋېلىشتى.

بۈگۈن جۈمە ئىدى. تۇرپاندا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىگە چاشگاھ ۋاقتىدا قول قويۇشتى. سەئىدخان جۈمە نامىزىدا خاتىپ خوجا تاجىددىن بۇزرۇكۋارغا دەپ، قۇتبىدە ئاۋۋال مەنسۇرخاننىڭ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلدۇردى.

بارىمتاي بىكار قىلىندى. ئابدۇرەشىدخان ئاتا ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بىلەن بارگاھقا قايتىپ كەلدى.

# ئىككىنچى باب

# مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ھېيلىسى

## 1

— بۇگۇنكى دەرس «ساۋاقلارنى يەكۇنلەش». ساۋاق توغرا يەكۇنلەنسە، پادىشاھ نۇسرەت قازىنىدۇ، پۇقرالار ئامانلىقتا، ھۆرلۇككە ئېرىشىدۇ؛ توغرا يەكۇنلەنمىسە، پادىشاھنى غەپلەت، ئاۋامنى بالايىئاپەت باسىدۇ. شۇڭا، ساۋاقلارنى توغرا، ئەستايىدىل يەكۇنلەش زۆرۈر، — دەپ سۆز باشلىدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان كۆزلىرىنى ئۆزىگە تىكىپ ئولتۇرۇشقان شاھزادە، ئەمىرزادە، بەگزادىلەرگە نەزەر سېلىپ. ئەمىر مىرەك بارلاس، ئەمىر غورى بارلاسلار قىلىچلىرىنى تىزلىرى ئۈستىدە توغرا قويۇپ يېكەنداز ئۈستىدە باداشقان قۇرۇشقانىدى. ساقىلى ئاقىرىشقا باشلىغان مۇھەممەد شىرازىي ياستۇققا يۆلەنگىنىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ سەللە ئورالغان بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. ئۇلار ئابدۇرەشىدخاننىڭ بەگئەتكەلىرى بولغاچقا، مۇھىم دەپ قارىغان نەزەرىيەۋى دەرسلەرگە بىللە قاتنىشاتتى. ئابدۇرەشىدخان ئەلى سەئىد كوكۇلداشنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز كوكۇلداشنىڭ سېكىلىكىنى تارتىپ ئويناۋاتقان رۇستەمبەگنى بىقىنداپ قويدى. بىر يەردە تىنچ ئولتۇرالمايدىغان ئۇ يىگىت دەرھال قولىنى تارتتى. ئىشىك يېنىدىلا يۈكۈنگەن ئوسمانبەگ يەنە قولىنى كۆتۈرگەن رۇستەمبەگكە جىملىگەن

www.uyghurkitap.com

تەرزدە ئالايدى.

— خەپشۇك ! — شاگىرتلىرىغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان سۆزىنى داۋام قىلىدۇ، — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا بەش يىل بولدى. بۇ جەرياندا سۇلتانىمىز سەئىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن ئەل - يۇرتقا ئامانلىق، ئاۋامنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە بەرىكەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن دۈشمەنلەر، ئوغرى - قاراقچى كەبى يامان ئادەملەر قۇرغان تۇزاقلارنى يەكسان قىلىپ، ئادالەت قىلىچىنى يۇقىرى كۆتۈردۇق. ئېلىمىز تاۋاق - تاۋاق ئالتۇننى يولغا قويۇپ قويسا يوقالمايدىغان، ئوغرى - يالغاندىن خالىي، ئاۋات، ھۆر مەملىكەتكە ئايلاندى. يولۇچىلار قومۇلدىن بەدەخشانغىچە بارغۇچە يول ئوزۇقى ئالماي، ئۆيدىن - ئۆيگە مېھمان بولۇپ يۈرىدىغان بولدى. خانلىقىمىزنىڭ مۇنداق ئاسايىش تېپىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ — مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان خۇش پىچىم ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ شاگىرتلىرىغا كۆز يۈگۈرتتى، — قېنى قايسى ئەزىمەت جاۋاب بېرىدۇ؟

— بۇ جان تىكىپ جەڭ قىلغانلىقتىن بولغان، — دېدى ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش بېلىگە ئېسىۋالغان كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى سىقىملىغىنىچە ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ. ئۇنىڭ ھاپا قوۋۇز يۈزىدە تەبەسسۇم پەيدا بولۇپ، شالاڭ قېشى مىدىرلاپ كەتتى. گەدىنىگە چۈشكەن بىر تال سېكىلىكى ئۇنىڭ تاھايىتى ئارزۇلۇق بالا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ئەلى سەئىد كوكۇلداشنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، بەكمۇ ئەركە ھەم مەمەدان ئىدى.

— مەملىكىتىمىز ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ دانالىقىدىن ئاسايىشلىققا ئېرىشكەن، — دېدى ئۆمەر دانىش تاغاي پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ. ئۇ ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئوغلى ئىدى.

ئۇستاز مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بېشىنى چايقىدى.

— ئىككىلا بەگزادىنىڭ جاۋابى توغرا ئەمەس، — دېدى رۇستەمبەگ ئالدىراپ سۆزلەپ. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى. «قاتىلنىڭ بالىسى» دەپ ھاقارەتلىنىدىغان ۋەزىرنىڭ بۇ كۆرەڭ ئوغۇللىرىنى ئۇ تولىمۇ ئۆچ كۆرەتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ مەمەدانلىق قىلىغانلىقى ئۇنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى.

— قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، ئوغلۇم! خانلىقىمىز زادى نېمە سەۋەبتىن تىنچلىق ۋە ئاساپىشلىق تاپتى؟

رۇستەمبەگ گەدىنىنى سىلاپ ئۇستازىغا تەلمۈرگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— بىلسەڭ دەپ باقمامسەن قېنى؟! — دېدى ئۆمەر دانىش تاغاي زەردە بىلەن.

— مەرھۇم ئاتامنىڭ: «زالىملارنى يوقىتىش ئەلگە تىنچلىق - ئامانلىق ئەكېلىدۇ» دېگەن سۆزى يادىمغا كېلىپ قالدى. سەۋەب مۇشۇ بولسا كېرەك، — دېدى رۇستەمبەگ بوغۇق ئاۋازدا. «نېمە دەركەن» دەپ زەن سېلىپ ئولتۇرغان تاغىسى ئوسمانبەگكە يېنىچە قاراپ ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ قويدى.

— بۇ قانداقمۇ سەۋەب بولسۇن؟ — ئابدۇلئەزىز كوكۇلداش مەنسىتمىگەن تەرزدە رۇستەمبەگكە ئالىيىپ دىمىقىنى قاقتى.

— ھا - ھا - ھا! — ئۆمەر دانىش مەسخىرىلىك كۈلدى، — سەن راستىلا دانا ئىكەنسەن.

— خەپشۇك! — مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان شاگىرتلىرىنى سۆزدىن توختاتتى، — ئېيتقىنىڭلار خاتا ئەمەس، بىراق ئاساسلىق سەۋەبمۇ ئەمەس. يەنە ئويلاپ بېقىڭلار.

— مەن جاۋاب بېرىپ باقسام، — دەپ قولىنى كۆكسىگە قويدى ئابدۇرەشىدخان.

— سۆزلىسىلە، شاھزادە.

— مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، يولباشچى پىداكار بولمىسا، ئەتراپىغا كۆچ ئۇيۇشمايدۇ. ئىككىنچىدىن، پادىشاھنىڭ نىيىتى يامان بولسا، ئەل روناق تاپمايدۇ.

— دۇرۇس، توغرا جاۋاب بەردىڭ، شاھزادە، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ماقۇللاپ.

— ئارى، ئارى، — دەپ باش لىڭشىتىپ تەستىقلاشتى بەگئەتكەلەرمۇ.

— بۇنى شەرھلەپ بەرسىلە، شاھزادە، — مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئۇستازلىق مېھرى بىلەن ئۇنى رىغبەتلەندۇردى.

ھاياجانلانغان ئابدۇرەشىدخان بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، ئاۋۋال ئۇستازىغا، ئاندىن بەگئەتكەلىرىگە قاراپ، دېدى:

— خان ئاتامنىڭ گۆدەك چېغىمدىن باشلاپ مېنى قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە ئېلىپ بارغانلىقى ئېسىمگە چۈشۈۋاتىدۇ. كابۇلدىن ئەندىجانغا، ئەندىجاندىن ياركەندكە كەلگۈچە ئاتامنىڭ ئۈمىدسىزلەنگىنىنى، ماڭغان يولىدىن ئارقىغا قايتقانلىقىنى، قىلغان سۆزىدىن تانغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان. مېنىڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغىنىم شۇكى، ئاتام توق بولسۇن، ئاچ قالسۇن ئاۋامدىن ئايرىلمىغان. چۆل - باياۋانلاردىمۇ، باغۇبوستانلاردىمۇ ئاۋامنىڭ غېمىنى يېگەن. مۇستەبىت خاننىڭ زۇلمىغا خاتىمە بېرىپ، ھۆر، باياشات، قۇدرەتلىك مەملىكەت قۇرۇش ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئاتامنىڭ ئەتراپىغا ناھايىتى زور كۈچ ئۇيۇشتى. مانا شۇ كۈچ سەئىدىيە خانلىقىنى بەرپا قىلدى، — ئابدۇرەشىدخان بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — سۇلتان مىرزا ئاتابەكرى تەدبىرلىك، ئەمما بەتنىيەت؛ غەيۇر، لېكىن زالىم پادىشاھ ئىدى. كىم ئادالەتنى ياقلىسا، مەيلى دۆلەت ئەركانلىرى بولسۇن ياكى پۇقرا بولسۇن، ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچرايتتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇ زىيانكەشلىك قىلمىغان

قان قىرىنداشلىرى، ھەتتا ئۆز پەرزەنتلىرىمۇ قالمىدى. ئۆز سەلتەنەتىنىلا كۆزلەپ، ئاۋامنىڭ غېمىنى يېمىدى. ئەلنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلدى، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكتى. شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەندەك، جانابىي ئاللا ئۇنى يامان نىيىتىگە يەتكۈزمىدى.

— يامان نىيەت دېگەن زادى نېمە؟ ئۇنىڭغا قانداق تەبىر بېرىدىلا، شاھزادەم؟ — سورىدى مۇھەممەد شىرازىي ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەسىلىلەرگە مەنتىقىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ. مىرزا ھەيدەر قوشۇلغان تەرزدە باش لىڭشىتىپ قويدى.

— نىيەت بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بەل باغلاش دېمەكتۇر. يامان نىيەت باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش بەدىلىگە ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان مەقسەت ـ مۇددىئادۇر. پادىشاھقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يامان نىيەت زورلۇق ـ زومىۇلۇق بىلەن سەلتەنەت سۈرۈشكە ئىراده قىلماقتۇر.

— ئەقلىلىرىگە بارىكاللا، شاھزادەم، بەرگەن تەبىرلىرى ناھايىتى توغرا بولدى. ئۆزلىرىگە ئاللا رەھمەت قىلسۇن، — مۇھەممەد شىرازىي ئۆزىدىن پارس تىلى ئۆگىنىۋاتقان شاگىرتىنىڭ جاۋابىدىن قانائەت ھاسىل قىلغانىدى.

— سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرسىلا، شاھزاده، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان چېھرى يورۇق، پىكرى ئوچۇق شاگىرتىدىن سۆيۈنۈپ.

— خوپ، ئۇستازىم، — ئابدۇرەشىدخان بېشىنى سەل ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈردى، — سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ئۆز سەلتەنەتىنى قۇدرەت تاپتۇرۇشنىلا ئويلاپ، ئاۋامنى ئۇنتۇپ قالدى. ئەلنى ئادالەت بىلەن سورىماي، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىش ھېسابىغا بايلىق توپلىدى. مەملىكەتنى خاراب قىلىپ، ئەلنى روناق تاپتۇرمىدى. ئاللا

بەندىلىرىگە بەرگەن ئىختىيارلىقنى تارتىۋېلىش كويىدا زالىملىقتا ھەددىدىن ئاشتى. ھالبۇكى، مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىمۇ يىغقان دۇنيا ـ دەپىنىسىنى تولۇق ئەكېتەلىمىدى، ئەكەتكەنلىرىمۇ ئۇنىڭغا نىجاتلىق ئاتا قىلالمىدى. كۆپلۈكىدىن، ئېغىرلىقىدىن ئۆزىگە زۇلۇم بولدى، ئوت قويۇپمۇ كۆيدۈرۈۋېتەلمىدى. جانابىي ئاللا ئۇ زور بايلىقنى ئاخىر ئەلگە نېسىپ قىلدى. ئاتام ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئاۋامغا، بىر قىسمىنى لەشكەرلەرگە بۆلۈپ بەردى، يەنە بىر قىسمىنى سەئىدىيە خانلىقىنى راۋاج تاپتۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئاقىۋەت شۇ بولدىكى، سۇلتان مىرزا ئابابەكرى نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن خورلاپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن ساۋاق ئالمىساق، بىزنىڭمۇ ئاقىۋىتىمىز ياخشى بولمايدۇ، تەخسىرلىرىم.

ئابدۇرەشىدخان سۆزۈم تۈگىدى دېگەندەك قىلىپ، باشتا مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانغا، ئاندىن بەگ ئەتكەلىرىگە باش ئېگىپ جىم ئولتۇردى. باشقا شاگىرتلار ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ زۇۋان سۈرۈشمىدى. پەقەت يېشى ھەممەيلەننىڭكىدىن كىچىك رۇستەمبەگ تۇلۇمىدىن توقماق چىققاندەكلا سورىدى:

ــ زالىم پادىشاھنىڭ كاللىسىنى ئېلىشمۇ گۇناھمۇ؟

قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك ئۆيئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. «ئاتامنى ئەيىبلەۋاتىدۇ» دەپ ئويلىغان ئابدۇرەشىدخان مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانىنىڭ چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى ئۈتۈنگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. بۇنى چۈشەنگەن ۋەزىر رۇستەمبەگكە دېدى:

ــ بالام، زالىم پادىشاھنىڭ بېشىنى خەلقئالەمگە ئىبرەت قىلىپ جازا مەيدانىدا كېسىش گۇناھ ئەمەس، ساۋاب. بۇنىڭ ئەكسىچە شەخسىي ئۆچمەنلىك بىلەن ئەلنىڭ كۆزىدىن نېرى جايدا ئۆلتۈرۈش شەرىئەتكە خىلاپ، ئوخشاشلا قاتىللىق

قىلغانلىق، ئەلۋەتتە بۇمۇ ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟

رۇستەمبەگ كۆزىنى مىت قىلماي جاۋاب بەردى:

— چۈشەندىم، ئۇستاز. بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق سوئال سورىمايمەن.

— بالام، زېرەك ئىكەنسەن، ھەرقاچان سەئىدىيە خانلىقىغا سادىق بولغىن.

— سادىق بولىمەن، ئۇستاز.

ئابدۇرەشىدخان رۇستەمبەگنىڭ قولىنى سىقتى. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلىگەندىن كېيىن:

— بىرىنچى ھېكمەت، — دېدى ئۇ، — ئۇيۇشقان ئۇتىدۇ، بۆلۈنگەن ئۇتتۇرىدۇ. ئىككىنچى ھېكمەت، ئەلنى ئادالەت بىلەن سورىغان پادىشاھنىڭ ھۆرمىتى ئۇستۈن بولىدۇ، كۈچ - قۇدرىتى خورىمايدۇ. دەرسىمىز شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى، سوئالىڭلار بولسا مەرھەمەت.

بەگئەتكەلەر باشقا سۆز قىلىشمىدى. شاگىرتلار بىردەم بەس - مۇنازىرە قىلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مىرزا ھەيدەر ياشقىلارنى ئۇزاتقاندىن كېيىن ئابدۇرەشىدخاننى ئوسمانبەگ بىلەن ئېلىپ قالدى. گۈللۈك ئويۇق، كەشتىلىك دېرىزە پەردىلىرى بىلەن كۆركەم تۇس ئالغان ئايۋان بوشلا قالدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان كۈنگۈرىلىك قۇببىسى نەپىس ياسالغان ئوچاقنىڭ يېنىدا يۈكۈندى.

— ئولتۇرۇڭلار، باللىرىم.

ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئوسمانبەگ يېكەنداز ئۇستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى.

— شاھزادە، مەن ئاتىلىرىنىڭ ئورنىدا، بۇنى بىلىدىغانلا؟

— نېمىشقا مۇنداق دەيدىلا؟ — ئابدۇرەشىدخاننىڭ قۇندۇزدەك قاشلىرى سەل كۆتۈرۈلدى.

www.uyghurkitap.com

— مەن ئۆزلىرىنى بالام ئورنىدا كۆرگەن بىلەن، سىلى مېنى ئاتا ئورنىدا كۆرمىدىلە. خان ئاتىلىرى بىلەن بىر تۇغقانلىنىڭ بالىلىرى بولۇپلا قالماي، ياش ۋاقتىمدىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن پىكىرداش، تەقدىرداش بولغىنىم ئۇچۇن مەندىن سىر يوشۇرمايتتى.

— ئۇستازىم، بۇ ئەلۋەتتە ماڭا مەلۇم، نېمىشقا بۇلارنى ئېسىمگە سالدىلا؟ بۇ ۋاقىتقا قەدەر ھەرقانداق تېرەن مەنىلىك سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ كەلگەن بولساممۇ، «ئاتا ئورنىدا كۆرمىدىلە» دېگەن سۆزلىرىنى چۈشىنەلمىدىم.

— ياق، چۈشەندىلە، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، ئۇنىڭ خۇشخۇي چىھرىدە غەم كۆلەڭگىسى ئەگىپ يۈرەتتى.

— ئۇستاز، نېمىشقا، مۇنداق تونۇشقا كېلىپ قالدىلا؟ نەزەرلىرىدە كازراپلاردىن پەرقىم قالمىغاندەك تۇرىدۇ، — ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلىنى قانداقتۇر بىر گۇمان باستى. ئۇ دەررە بىلەن ئۇرسىمۇ مۇنداق ئازابلانمىغان بولاتتى، پېشانىسىدىكى مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرىنى ياغلىقى بىلەن ئېرتىپ ئويغا چۆمدى.

— چۈنكى، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان جىددىي تەلەپپۇزدا، — بالا ھەرقانداق ئىشنى ئاتىدىن سىر تۇتماسلىقى كېرەك. ۋاھالەنكى، ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى مەندىن سىر تۇتتىلا.

— قايسى ئىشنى دەيدىلا، ئۇستاز؟

— تۇرپانغا بېرىشىنىڭ ئالدىدا شىكارغا چىققانلىرى ئەسلىرىدە بولسا كېرەك. زەرەپشان بويىدا ئۆزلىرىگە ئېتىلغان ساداق ئوقىنى خاس نۆكەر ئوسمانبەگ ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس، ئالدىن پىلانلانغان يوشۇرۇن قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، شاھزادە. بۇنى نېمە ئۈچۈن ماڭا ئېيتمىدىلا؟

— ھە، راست، — ئابدۇرەشىدخاننىڭ غەمكىن چىرايى

ئېچىلدى، — مەن بۇنىڭغا سەل قاراپتىمەن، ئۇستاز. خان ئاتام بىلەن ئۆزلىرىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغۇم كەلمىگەنىدى.

— دۈشمەننىڭ سۈيىقەستىگە سەل قاراش ئادەمگە ئەجەل ئەكېلىدۇ. ئۆزلىرى سۇلتانىمىز سەئىدخاننىڭ تۇنجى ئوغلى، خاندانلىقىمىزنىڭ كەلگۈسى ۋارىسى. ئاۋامىڭىزمۇ، ۋەزىر - بەگلەرنىڭمۇ، دوستلارنىڭمۇ، دۈشمەنلەرنىڭمۇ كۆزى ئۆزلىرىدە. ئالىمادىن ئۆزلىرىگە زىيان - زەخمەت يېتىپ قالسا (ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي)، ئاتىلىرى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇ زاتى مۇبارەك پۈتۈن ئۈمىدىنى، ئىشەنچىنى، خاندانلىقنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىنى، ئاۋام - پۇقرانىڭ تەقدىرىنى ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەن، شاھزادە. ئۇ زەھەرلىك يىلاننىڭ بېشىنى دەل ۋاقتىدا مىجىۋەتمەك لازىم ئىدى، ئەپسۇس...

ئابدۇرەشىدخان لېۋىنى چىشلىگىنىچە مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— كەچۈرسىلە، مۆھتەرەم ئۇستاز! ئىككىنچى قېتىم زىنهار مۇنداق بولمايدۇ، — ئابدۇرەشىدخان دەس تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— دۈشمەن يىراقتا ئەمەس، يېنىمىزدىلا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇلار ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن خان ئاتىلىرىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىۋالغان. كەمىنىلىرى بۇنى بۇرۇنلا سەزگەنىدىم، — دېدى مىرزا ھەيدەر كۆرەگان سالماق ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — قوي تېرىسىنى يېپىنىۋالغان چىل بۆرىلەرنىڭ نىقابىنى يىرتىپ تاشلاش كېرەك، شاھزادە. ئەمدى بىپەرۋالىق قىلساق، كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىۋاتقان خانلىقىمىز زىيانغا ئۇچرايدۇ، — مىرزا ھەيدەر نەزىرىنى ئوسمانبەگكە ئاغدۇردى، — ئوسمانبەگ، ھەر زامان پەخەس بولسىلا. بىرەر شەپە سەزگەن ھامان شاھزادە بىلەن مېنى ۋاقىپلاندۇرسىلا.

— باش ئۇستىگە، ۋەزىر ئەزەم، — ئوسمانبەگ قول باغلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۇردى.

— ئاللاغا ئامانەت.

— ئامان بولسىلا، ئۇستاز.

ئۇلار ئىشىكتىن چىقىشىغا ناماز پېشىنغا ئەزان ئېيتىلدى.

## 2

يازنىڭ پېژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرى تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى، بولۇپمۇ ئىشىكئاغىسى مىرزا ئەلى تاغايغا شۇنداق تۇيۇلاتتى. ئۇ غۇر - غۇر شاماللىق كۈزنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىنى، باش - كۆزىدىن قۇيۇلۇپ تۇرغان ئاچچىق تەرنىڭ توختىشىنى تىلەيتتى، قىپرىشقاندەك قىزغۇچ سېرىق شاپ بۇرۇتى دائىم پېشانىسىدىن ئاققان تەر بىلەن نەمدىلىپ ئىچىنى پۇشۇراتتى. ئۇ جۈمە نامىزىدىن قايتىپ ئۆيگە كىرگەندە پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى، شايى يەكتىكىنى سېلىپ سۇپىغا تاشلىدى. بېشىدىكى كۇلاھقا ئورالغان سەللىسىنى ئالدىغا كەلگەن چوڭ خوتۇنى خانئايىم ئاغىچىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— دوزاخ ئوتى چىچىلىپ كەتكەندەك ئىسسىپ كەتتىيا بۇ جاھان. بىرەرى بېشىمغا بىر ئاپتۇۋا سوغۇق سۇ قۇيىۋۇەتسۇنچۇ، خاتۇن.

— ئوبدان، مۇرەببىيىم، — خانئايىمنىڭ تامدىكى تۈچ ئاسقۇچقا بويى يەتمىگەچكە، سەللىنى پەسرەكتىكى كۇنگۇرىلىك ئەگمە چىقىرىلغان ئويۇقتا قويۇپ قويدى. ئۇنىڭ بويى پاكار، ۋەزىرىنىڭ قولتۇقىغا كېلەتتى. مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنى «يۇمشاق تەكىيىم» دەپ جىلە قىلاتتى.

— هاي مەريەمنىسا! — چىرقىراق ئاۋازدا تووۋلىدى خانئايىم.

— لەببەي، ئاغىچا خېنىم، — تال باراڭلىق هويلىدىن

ئايۋانغا ئىتتىك كىرگەن قىز ئېگىلىپ تۇردى.

— بىر ئاپتۇۋا مۇزدەك سوغۇق سۇ ئەكىرە، ماڭ!

— خوپ، ئاغىچا خېنىم، — مەريەمنىسا يەردىن باش كۆتۈرمەي پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ تاپىنىغا چۇشۇپ تۇرغان ئۆرۈمە چاچلىرىغا قاراپ مىرزا ئەلى تاغاي تامىقىنى چېكىپ قويدى. «بۇ كاساپەتكە قۇندۇزدەك چاچ، سەرۋىدەك قامەت ئاتا قىلغان خۇدا يۈزىنى ئاپتاپ قىلماي، نېمىشقا زاۋال قىلىپ قويغان بولغىيدى؟ ئارقىسىدىن قاراپ يەۋەتكۈڭ كەلسە، ئالدىدىن سەپ سالساڭ بىزار بولىسەن، ھەي تەڭشەلمىگەن جاھان ... لېكىن، ھەرھالدا مۇنۇ بىر غېرىچ تەكىيدىن تۈزۈك.» خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە، كۆڭلىدىن قانداقتۇر بىر ئوي كەچتى - دە، خانئايىمغا:

— خوتۇن، سىلى بىر چەينەك ئاچچىق چاي دەملەڭلا. سۇنى مەريەمنىسا قۇيۇپ بەرسۇن، — دېدى.

— چاينى ئۇ جومباق دەملىسە بولمامدىكەن، مۇرەببىيەم؟ — خانئايىمنىڭ گۆشلۈك يۈزى ھۈپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— تولا كاپشىماي، يوللىرىغا ماڭسىلا! — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي قاپىقىنى ئۈچۈرۈپ. خانئايىم پايپاسلىغىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. شۇ ئارىدا مەريەمنىسا قولىدا ئاپتۇۋا كۆتۈرگىنىچە ھويلىدا پەيدا بولۇپ، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ قېشىغا كەلدى. مىرزا ئەلى تاغاي شاپاق دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، سۇپا ئۈستىدىن يەرگە ئېڭىشتى، — ئاز - ئازدىن قۇيۇڭ، ئاپپىقىم.

چىلاپچىنى يەرگە قويۇپ سۇپىغا چىققان مەريەمنىسا بىر قولىدا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى يىغىپ تۇرۇپ ۋەزىرنىڭ تاقىر بېشىغا سۇ قۇيدى:

«ئۆلگۈر تاز، تۆت خوتۇنى تۇرۇپ، سۇنى ماڭا قۇيدۇرۇۋاتقىنىنى. ئۆلمەيدىغان! مېنى پەس كۆرۈۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن. قېنى ئايىغىمدا ئۆمىلىمىگىنىڭنى بىر كۆرەي ...»

— سۇنى دۇمبەمگە قۇيۇۋەتتىڭغۇ، مەرەز !
ۋەزىرنىڭ ۋارقىرىشى مەريەمنىسانى خىيالدىن ئويغاتتى.
— خاپا بولمىسىلا، ۋەزىر ئەزەم.
— ها ـ ها ـ ها... كېرەك يوق، ئاپپاق قىز، — مىرزا ئەلى تاغاي كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سەل كۆتۈرۈلگەن ئېتەك ئاستىدىكى شاتاۋار تامبالنىڭ قات ـ قات بولۇپ پۈرۈلگەن يېرىگە ھەۋەس بىلەن سەپسالدى. شەھۋىتى قوزغىلىپ، ئىختىيارسىز گۆشلۈك قولى بىلەن مەريەمنىسانىڭ پاقالچىقىنى تۇتتى، قىزنىڭ بارماقلىرى بارغانسېرى يۇقىرىغا ياماشتى. «بەچچىخەرنىڭ قىزى! بەدىنى نېمىدېگەن چىڭ، تونۇردەك ئىسسىق ئىكەنا ...»
— ۋەزىر ئەزەم، مېھمان كەلدى !
مىرزا ئەلى تاغاي قۇلىقىغا كىرگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.
— ئاپپاق قىز، ئەتە يەنە مۇشۇ ۋاقىتتا بىر ئاپتۇۋا سۇ تەييارلاپ قويۇڭ. ئىككى ئاپتۇۋا بولسىمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ، بەك راھەتلەندىم.
— ئەتە چولام تەگمەيدۇ.
— نېمىشقا؟
— زۆرۈر ئىشىم بار.
مىرزا ئەلى تاغاي يەكتىكىنى يېپىنچاقلاپ، ئاق دوپپىسىنى كىيىپ ئالدىراپ ھويلىغا چىقتى. ئەلى سەئىد كوكۇلداش، ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس كەڭ ئېچىلغان باغ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىۋاتاتتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم !
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، جانابلار، مەرھابا، مەرھابا !
مىرزا ئەلى تاغاي مېھمانلارنى تاشقىرىقى ھويلىدىكى پېشايۋانلىق مېھمانخانىغا باشلىماي، ئىچكىرىكى ھويلىدىكى ئايۋان ئۆي بىلەن كىرىدىغان خاس ھۇجرىسىغا ئەكىردى.
— جانابلار، ۋاقىتىدا كېلىشتىلە، مۇبارەك قەدەملىرىگە

ھەشقاللا، قېنى ئولتۇرۇشسىلا.

— بىزدىن باشقا مېھمانلار يوق ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى ئەلى سەئىد كوكۇلداش كىمخاب كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە يوق، خاتىرجەم بولۇشقايلا، بۇنىڭدىن كېيىن خۇدا خالىسا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ۋەزىرنىڭ جاۋابىنى ماقۇللىغاندەك قىلىپ يوغان بېشىنى لىڭشىتىپ پەر ياستۇققا يۆلەندى. ئۇنىڭ ساقال قاپلاپ كەتكەن سوزۇنچاق يۈزىدە كۆزلىرى قىسىلىپ تۇراتتى.

خىزمەتكارلار ئارقا - ئارقىدىن كىرىشىپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى. داستىخان سېلىپ، مەزە، گېزەك، چاي كەلتۈرۈشتى.

— چاينى تاماق ۋاقتىدا كەلتۈرۈڭلار، ھازىر ئۇسسۇزلۇق، قوغۇن - تاۋۇز ئەكىرىڭلار.

— خوپ، ۋەزىر ئەزەم.

قوغۇن - تاۋۇز، شاپتۇل، توغاچ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

مۇزدەك ئانار شەربىتىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالمىدى. قوغۇننىڭ سەرخىلى بولغان بىشەكشىرىن تەشنالىقنى خېلى باستى.

— جانابلار، ھەربىرلىرىنى غېرىب خانامغا تەكلىپ قىلىشىمدىكى مەقسەت، بەھۇزۇر سىردىشىپ دوستلۇقىمىزنى مۇستەھكەملەش، كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈندۇر، — دەپ ئېغىز ئاچتى مىرزا ئەلى تاغاي، — مەرھۇم ئاكام ئەمىر ۋەلى تاغاينى مىرزا ئابابەكرى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە ئوتتۇز يەتتە ياشتا ئىدىم، دىۋاندا مۇنشى بولۇپ ئىشلەيتتىم. ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتتى. مانا ھازىر سەئىدخانغا ۋەزىر بولدۇم. تۆگىنىڭ يوتىسى بولدۇمكى، قۇشقاچنىڭ تۇمشۇقى بولالمىدىم. ھەربىرلىرىمۇ

پېقىرغا ئوخشاش ساپ بولۇپ، خەنجەر بولۇشالمىدىلا.

— ئارى، كۆڭلۇمدىكى گەپنى قىلدىلا، — ئەلى سەئىد كوكۇلداش كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ پۇشۇلداپ تىندى.

خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس باش لىڭشىتىپ ئويغا چۆمدى: «بۇ ھەق گەپ، شۇنچە يىللاردىن بېرى جان تىكىپ پىداكارلىق كۆرسەتسەممۇ بىرەر شەھەرنىڭ ھاكىملىقى تەگمىدى. ئەمىر دېگەن قۇرۇق قالپاق بىلەن خاننىڭ ئاغزىغا قاراپ كېلىۋاتىمەن. مەنمۇ شەھەر سوراپ باقسام، يۇرۇش قىلسام ئارمىنىمغا يەتمەسمىدىم ...»

مىرزا ئەلى تاغاي ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىگە زەن قويۇپ قارشى پىكىردە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سۇلتان سەئىدخان ئۆز يېقىنلىرىغا، جەمەتىدىكىلەرگە يۇقىرى مەنسەپ، ئالىي مەرتىۋە بەردى. سەييىدمۇھەممەد مىرزا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىنىسى بولسىمۇ، ئەمىر كەبىرلىك ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا بېرىپلا قالماي، بەلكى كاشغەردەك كاتتا دىيارنىمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. ئەسلىدە ئۇنى جازالاش زۆرۈر ئىدى. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان خان بىلەن بىر نەۋرە بولغاچقا، باش ۋەزىرلىك كۇرسىدا ئولتۇردى. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن تىلى بىر. ئەمىر قاناتبەگمۇ ياقا يۇرتلۇق، بىلىمسىز، كالۋا بىر ئادەم، شۇنداق تۇرۇقلۇق خانلىقنىڭ مۇھىم ھوقۇقى ئۇنىڭ قولىدا. كەمىنە بولسا دەرۋازىۋەن، — ئەلى سەئىد كوكۇلداشقا قارىدى مىرزا ئەلى تاغاي، ئاندىن بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ، نەزىرىنى خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسقا يۆتكىدى، — ئەمىر جانابلىرى، ئۆزلىرى ئوردا قاراۋۇللىرىغىلا قارانچۇق، قول ئاستىلىرىدا لەشكەر يوق. دېمەكچىمەنكى، ئارزۇيىمىزدىكىدەك ئەمەل - مەنسەپكە ئېرىششىمىز ئۈچۈن ئورۇن ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش



www.uyghurkitap.com

قىلمىساق، خاننىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ھەتتا بېشىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. سۇلتان سەئىدخان ئاق كۆڭۈل، تۈز ئادەم. ئۇ ھازىر ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. بۇ بىز ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ قولتۇقىدا پاناھلىنىشىمىز، ئەمىن خوجا سۇلتاننى قولغا كەلتۈرۈپ، سەئىدخاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىرىشىمىز لازىم. ئەمىن خوجا سۇلتان مەنمەنچى، شۆھرەتپەرەس، ئاكىسىنىڭ ئورنىغا چىقىش كويىدا يوشۇرۇن قىلىچ ئوينىتىۋاتقىلى نەۋاق. ئۇ تەختكە چىقسا بىز كۈتكەن ھوقۇق - مەنسەپكە ئېرىشەلەيمىز، بىراق بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى كۆزىتىۋاتقان بىر زېرەك ئادەم بار، ئۇ بولسىمۇ ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان. يەنە بىر شىجائەتلىك ھەم دانا بىر ئادەم بار، ئۇ بولسىمۇ شاھزادە ئابدۇرەشىدخان. بىز ئابدۇرەشىدخاننى كۆزدىن يوقاتساقلا، مەقسىتىمىزگە يېتەلەيتتۇق. ئەپسۇسكى، ئىككى قېتىم ھەرىكەت قىلىپ مەغلۇپ بولدۇق.

— مېنىڭ سادىق ھەم تەڭداشسىز چەۋەندازىم ھارىس نەجمىدىن دوغلات بۇگۈنگىچە جانابلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئوقنى دەل جايىغا تەگكۈزەلمىگىنىدىن ھەيرانمەن، ۋەزىر، — دېدى خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۇ مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن خاس نۆكىرى ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنى قولدىن چىقىرىپ قويغىنىغا ئۆكۈنگەندەك قىلاتتى، — ئۇنىڭ بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقساق دەيمەن.

— ئەمىرنىڭ بۇ سۆزىدە بىر ھېكمەت بار، — ئەلى سەئىد كوكۇلداشنىڭ يۇمىلاق، ئاقۇچ يۈزىگە خاۋاتىرلىنىش، ئەنسىزلىك كۆلەڭگە تاشلىغانىدى، شۇڭا گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي جاۋاب كۈتۈپ ۋەزىرگە قارىدى.

— مەسىلىنىڭ نازۇك يېرى مانا شۇ، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي ئەپسۇسلانغان ھالدا. ئۇنىڭ گۆشلۈك قاپىقى ئاستىدىكى

www.uyghurkitap.com

دۈگىلەك كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى، ــ قارىغاندا ئابدۇرەشىدخاننى ئۈجۈقتۇرۇش مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. مۇمكىن دېگەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ بىزگە نىسبەتەن خەتىرى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدىغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان. ھەممىنى دەڭسەپ كۆرگەن ئەقلىم مۇنداق بىر مەسلىھەت كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئابدۇرەشىدخاننى پەيت كەلگۈچە ھايات قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ۋە مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بىلەن سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىپ، مۇددىئاغا يېتىش.

ئەلى سەئىد كوكۇلداش باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، شايى يەكتەكنى سىلىقۇېتىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنى سەل يېنىكلەپ قالغاندەك سەزدى. خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ قاپىقى سىلىنىپ، چىرايى سۆرۈن تۈس ئالدى. تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ چەكمەن تونىغا يۆگىنىپ ئولتۇرىۋەردى.

تەخسىلەردىكى قوغۇن ــ تاۋۇزلار ئازلاپ قالغانىدى. كۆك ئامۇت، شاپتۇل، توغاچلار شۇ پېتىچە تۇراتتى. ئانار شەربىتى ئىچىلىپ بولغانىدى. داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ قايتا سېلىنغاندىن كېيىن جانان چىنىلەردە شورپا قويۇلدى. مىرزا ئەلى تاغاي تونۇردا تاۋلاپ پىشۇرۇلغان گىردىلەرنى ئوشتۇدى:

ــ قېنى جانابلار، مەزەگە بېقىڭشىلا. ھاي، مەريەمنىسا، بىزنى يەلپۈپ سەگىتىپ قوي!

يۇزىگە قارا چۈمبەل تارتقان مەريەمنىسا يېنىك دەسسەپ كىرىپ تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قارا چاچلىرى تېقىملىرىغا يۆگىشىپ، نەپىس تىكىلگەن چورۇققا تېگىپ تۇراتتى. بىنەپشە رەڭ يىپەك رومال كەڭ يەلكىسىدىن تارتىپ تولغان ساغرىسىنىمۇ ياپقانىدى. ئۇ قولىدىكى سېپتا رەندىلەنگەن ئاق بالداقتا ئۆتكۈزۈلگەن قاتلاق ــ قاتلاق چوتا[①] رەختىنىڭ بۆرجەكلىرىنى تەڭشەپ، سەل ئېگىلدى ــ دە، يەلپۈشكە

① چوتا ــ سېپتا توقۇلغان پاختا رەخت.

باشلىدى. قوللىرىنى ئۇياق - بۇياققا قىلغاندا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى سىلكىنىپ، بېلى تولغىنىپ، ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى يەلپۈنۈپ، ئەلى سەئىد كوكۇلداشنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىۋەتتى. «نېمىدېگەن سۇلكەتلىك ئايال بۇ، دېدەكمۇ مۇشۇنداق نازاكەتلىك بولىدىكەن - ھە! چاچلىرىنىڭ مەجنۇنتالدەك تاشلىنىپ تۇرغىنىنى قارىمامدىغان ...»

خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي شورپىنى ئىچىپ تۈگەتتى. ئۆزىگە تارتىلغان سان گۆشنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، قېنىق دەملەنگەن چايدىن ئىككى پىيالە ئىچىۋەتتى.

— ئەمىر جانابلىرى، ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنى ئۆزلىرىدىن سورىۋالغاندىن كېيىن يېنىمدىن ئايرىماي خىزمىتىمگە سېلىپ كەلگىنىم ھەممىگە مەلۇم. مەن بۇ ئەزىمەت يىگىتتىن ناھايىتى مىننەتدار. ئابدۇرەشىدخانغا ئاتقان ئوقىنىڭ تەگمىگىنىمۇ ئوبدان بوپتىكەن. ئەمدى بۇ چەۋەندازنى جانابلىرىغا قايتۇرۇپ بېرەيمىكىن دەيمەن، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي مەرىيەمنىساغا چىقىپ كەت دېگەن مەنىدە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ. دېدەك قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سەل ئېڭىشىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەنسۇرخان بىلەن سەئىدخاننىڭ يارىشىپ قېلىشى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتتى. سەئىدخاننىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئابرۇيى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تۇرپاندىن ياركەندكىچە، كاشغەردىن بەدەخشان، قازاق دالالىرىغىچە مەمۇرچىلىق، تىنچلىق، ئاسايىشلىق قانات يايدى. بۇلاڭچى، قاراقچى، ئوغرىلاردىن خالىي بولغان سەئىدىيە خانلىقى قۇدرەت تېپىۋاتىدۇ. كەمىنە بارچە ئاماللارنى قوللىنىپ، بۇ خانلىققا ئورا كولىغان بولساممۇ، سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ چاڭ - توزانلىرى بىلەن تىنىپ قالدى، يوچۇق ئاچماق تەس بولۇۋاتىدۇ. خەۋىرىڭلار بولسا كېرەك، مەنسۇرخان ئىنىسى بىلەن يارىشىپ تۇرپانغا قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە كۈچلۈك يۆلەنچۈككە

ئىگە ھېس قىلىپ تەختىدە بەرقارار بولغانىدى. مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇ يەردىكى سادىق كىشىلىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ گۈلنىگار بىكەنى ئەپقېچىپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن بولساممۇ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككى خانىنىڭ ئىناقلىقىغا تەسىر يەتكۈزەلمىدىم. ئەمما، تەخت ۋارىسى بولمىش ئابدۇرەشىدخان ئۇ مەلىكىگە ئۆيلىنەلمەيدىغان، كېلەچەكتىمۇ تۇرپان خانلىقى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم سۈرىدىغان بولدى. بۇ جۈرئەت قىلساقلا مۇددىئاغا يېتىش ئۈچۈن يول ئاچالايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ.

— ئىشكىئاغىسى ھەزرەتلىرى، مەنسۇرخانىنىڭ ۋەزىرى مەقسۇدبەگنىڭ ئابدۇرەشىدخانغا قىلغان قەستى ئاشكارىلىنىپ قالمىغان بولسا، بىزگە زور خەۋپ يېتىشى مۇمكىن ئىدى. ھەزرەتلىرى يېتۈك ئەقىل ـ پاراسەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھاياتىمىزنى ساقلاپ قالمىغان بولسىلا، ھۇزۇرلىرىدا مۇنداق راھەتلىنىپ ئولتۇرۇشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەكچىمەنكى، ھەزرەتلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىش بىز ئۈچۈن نىجاتلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

مىرزا ئەلى تاغاي ئەلى سەئىد كوكۇلداشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. «خۇپسەنلىك قىلىۋاتىسەن ھارامزادە، ئەگەر ئاسىيلىق قىلىمەن دېسەڭ جاجاڭنى يەيسەن ...»

چوڭ مىس تەلەڭگىدە ئەكىرگەن ئوغلاق كاۋىپى غوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ شۆلگىيىنى كەلتۈردى. ئۇ تونۇر كاۋىپىغا بەك ئامراق ئىدى. تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى سىلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمىرلىك كەمىرىنى يېشىپ، چەكمەن تونىنى سالدى ـ دە، ياتپاشلاپ ئولتۇردى. مىرزا ئەلى تاغاي ئۆزىچە كۈلۈمسىرىدى.

— قېنى جانابلار، كاۋاپقا قىزىقىدا ئېغىز تېگىشكەيلا، — ئۇ چوڭ پىچاق بىلەن پۈتۈن پېتى پىشۇرۇلغان ئوغلاقنى پارچىلىغاندىن كېيىن ئەلى سەئىد كوكۇلداشنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب تەرىقىسىدە دېدى:

— ئاللا ئىگەم ئۆزى ساقلىدى، ۋەزىر جانابلىرى. بىلەملىكىن، مەقسۇدبەگ ئىرادىلىك كىشى ئىدى. ئىرادىلىك كىشىلەر ئۆلۈم ئالدىدىمۇ مەسلەكداشلىرىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. ئۇ ھېچكىمنى ئاشكارىلىماي مەردانىلارچە ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. مۇشۇ تۈپەيلى كېيىن بىز يەنە بىر ساداقەتمەن كىشىمىز ئارقىلىق گۈلنىگار بىكىگە ئەجەل شارابىنى ئىچۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدۇق. مەنسۇرخاننىڭ يۈرىكىگە چاك كەتتى. ئۇ ۋەزىر، ئەمىر، ھاكىملىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپمۇ قاتىلنى تاپالمىدى. جانابىي ئاللا ئوت ئىچىدە غوزىنى ئېچىلدۇرماقتا. ئاغزىمىز چىڭ بولسىلا خەۋپ - خەتەرگە يولۇقمايمىز.

— گەپ شۇنىڭدا، — دېدى خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس بىر پارچە كاۋاپنى يەپ بولۇپ، — مۇشۇ تويماس ئاغزىمىزنى چىڭ تۇتمىقىمىز لازىم. ئەلۋەتتە، «نەپسى بالا» دېگەن سۆز بالا ئېغىزنىڭ بوشلۇقىدىن، گېپىدە تۇرماسلىقتىن كېلىدۇ دېگەن مەنىگە ئىگە. ھەزرەتلىرى، مەنسۇرخاننىڭ يۈرىكىنى چاك كەتكۈزگەن ئەزىمەتنىڭ ئۆزى كىم؟

— بۇ بىر سىر، ئۇنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ، ئەمىر. قاچانكى ئۆزلىرى باش ئەمىرلىك كۇرسىدا ئولتۇرسىلا، ئۇ جەۋان مەردنىڭ كىملىكىنى بىلىلا.

— بىز تېخىچە ئىشەنچلىرىگە ئېرىشەلمەپتۇق - دە، ۋەزىر ئەزەم؟ — دېدى خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس چىرايى ئۆزگىرىپ، مىرزا ئەلى تاغاي مىجەزى چۇس بۇ ئادەمنىڭ ئوچۇق سۆزلۈكىنى ياقتۇراتتى.

— سەۋر قىلسىلا، ئەمىر. دۇنيادا يېشىلمەيدىغان سىر يوق، ئۇ ھامان ئاشكارا بولىدۇ. بەزى مەخپىيەتلىك بالدۇر ئاشكارىلىنىپ قالسا، بالايىئاپەت يۈز بېرىدۇ، قان تۆكۈلىدۇ.

— چۈشەندىم، ۋەزىر ئەزەم.

— ھېكمەتلىك گەپ بولدى. سىر ئاشكارىلانغۇچە

كۆتمىگەنمىز ئامانلىقىمىز ئۈچۈن زۆرۈردۇر، — دېدى ئەلى سەئىد كوكۆلداش.

— شۇنداق، جانابلار، سىر ساقلىماق ئالالاغا خاستۇر بەندە بۇ سۈپەتتە ئاجىز، ئەمما سەۋر قىلماق لازىم. بىر مەزگىل سەئىدخان ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ، ئۇنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ، ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، پۇرسەت كۈتىشىمىز كېرەك. ئەمىن خوجا سۇلتاننى ئۆزۈم ئۇندەككە كەلتۇرىمەن. ھەربىرلىرىڭىزمۇ ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئابرۇيلۇق زاتلارنى ئۇندەككە كەلتۈرۈپ، يوقىرى ئۆرلەشكە پەلەمپەي ھازىرلاشلىرىنى، يولەككە ئىگە بولۇشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن، لېكىن خۇپىيانە ھەرىكەت قىلىشقايلا، زىنھار يەڭگىلتەكلىك قىلىشمىغايلا، ھەرقاچان ھوشيار بولۇشقايلا. خوش، قېنى بىر جامدىن مەيزاپ ئىچەيلى، — مىرزا ئەلى تاغاي ئۈچ كۈمۈش جامغا مەيزاپ قۇيۇپ، كۈمۈش پەتنۇس بىلەن مېھمانلارغا سۇندى.

كەينى - كەينىدىن سۇنۇلغان جاملار بوشاپ ئەلى سەئىد كوكۆلداشنىڭ يۈزى خوراز تاجىدەك قىزىرىپ، كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ كەتتى. خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ئىچكەنسېرى ئىشتىھاسى ئېچىلدى. ئۇ سورۇنلاردا بىر خۇمرا مەيزاپنى ئىچىپمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتەلەيدىغانلاردىن ئىدى.

— زوھۇرىدىنبەگ! — ئىشىككە قاراپ توۋلىدى مىرزا ئەلى تاغاي، ئۇ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسقا تىكتى، — ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنى بۈگۈن ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىمەن. بۇ چەۋەندازلىرى ھازىر كېلىدۇ.

— لەببەي، ۋەزىر ئەزەم، — قىلىچ ئاسقان ياساۋۇللار باشلىقى زوھۇرىدىنبەگ نەقىشلىك ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى.

— ھارىس نەجمىدىن دوغلات كىرسۇن!

— خوپ، ۋەزىر ئەزەم! — زوھۇرىدىنبەگ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

قارامتۇل، بويلۇق كەلگەن ھارىس نەجمىدىن دوغلات كىرىپ

تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— كەل، ئەزىمەت، كەل، — ئورنىدىن تۇرغان ۋەزىر ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشتى، ئەلى سەئىد كوكۆلداشمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى. خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ئولتۇرغىنىچە قولىنى ئۇزارتتى.

— ۋەزىر ئەزەم سەندىن رازى بولغان بىلەن مەن رازى ئەمەس، سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ نەۋرە ئىنىسى دەپ بىلىپ ئۆز ئوغلۇمدەك تەربىيەلىگەنىدىم، ئۈمىدىمنى يەردە قويدۇڭ.

— ياق، ئۇنداق دېمىسىلە، ئەمىر جانابلىرى. ئىنىم ھارىس نەجمىدىن دوغلات ئۈمىدىمىزنى يەردە قويمايدۇ. سەئىدخانىنىڭ ئېتىبارلىق سەركەردىسى ئىسسىقكۆل دىيارىدا بويۇنتاۋلىق قىلدى، خان ئەدىپىنى بېرىش ئۇچۇن يۇرۇش قىلماقچى. ھارىس نەجمىدىن دوغلات ئەلۋەتتە جانابلىرى بىلەن بۇ يۇرۇشكە قاتنىشىدۇ، — مىرزا ئەلى تاغاي بىر پارچە تونۇر كاۋىپىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتتى، — ئىنىم، ئەمىر دېگەندەك مەن سەندىن رازى. مانا شۇ سائەتتىن باشلاپ ساداق ئوقىنى ئابدۇرەشىدخانغا ئەمەس، ئۇنىڭ دۈشمىنىگە قارات، ئۇنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكىن، ئەمىر جانابلىرى سېنى ئابدۇرەشىدخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەمدىكى خىزمىتىڭ ئۇنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇددىئا ـ غەرەزلىرىدىن ئەمىرنى ۋاقىپلاندۇرۇش. مەن ساڭا بىر ئۇچقۇر ئات، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت تەييارلاپ قويدۇم. ئۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغىتىم بولسۇن.

ھارىس نەجمىدىن دوغلات ۋەزىرگە قادىلىپ بىر دەقىقە سۈكۈت قىلدى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدە بىر ئۇچقۇن يالت قىلىپ قالدى.

— ھىممەتلىرىگە ھەشقالالا، ۋەزىر ئەزەم! — ئۇ سۇنۇلغان جامنى قولىغا ئېلىپ، لىققىدە قۇيۇلغان مەيزاپنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

## 3

سەئىدخان باغى ئېرەمدىكى ھەۋزەئى سۇلتان بويىغا قويۇلغان يۇلەنچۇكلۇك كۇرسىدا خامۇش ئولتۇرغان، كۆلەڭگىسى ئەينەكتەك تىنىق سۇدا بوشقىنا تەۋرىنىپ تۇرغان، قولىدا كەشمىرنىڭ پاتلىق قەغىزىدىن ياسالغان لىپپاپ بار ئىدى. «تېخى سەبىي قىز ئىدى، شۇنداق خۇشخۇي، شۇنداق لەۋەن. قۇندۇز چاچلىق بېشىنى گۇل قەددىدىن جۇدا قىلىشقا قايسىبىر قارا نىيەت قول سوزغاندۇ؟ ئەي، ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچى قادىر ئاللا، ئۇ نارەسىدىگە مۇنداق ئازابلىق ئۆلۈمنى قانداقمۇ راۋا كۆرگەنسەن؟ بۇ پاجىئەدە قانداق ھېكمەت ۋە ئىبرەت بار؟ ئۆزۈڭ ھەممىنى بىلگۈچى ۋە بىلدۈرگۈچىسەن ...»

— خان ئالىيلىرى، مۇبارەك چىرايلىرىغا قايغۇ سايە تاشلىغىنىنى كۆرۈپ، يۈرەك - باغرىم پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سەۋر - تاقەتلىرى بىلەن ئەلگە ئاسايىشلىق، جەمەتىمىزگە غەيرەت بەخش ئەتكەيلا. ئاللا ئۆزى مەدەتكار، — دېدى مەختۇمە سۇلتان بېگىم بىر قەدەم نېرىدا خاننى يەلپۈپ تۇرغان كېنىزەكنىڭ قولىدىن يەلپۈگۈچنى ئېلىپ، كۆزى بىلەن كېنىزەكنى كىرىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىپ ئۆزى يەلپۈشكە باشلىدى. سەئىدخان ئۈن چىقارمىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئالدىغا ئەراباتتىكى ئۇچرىشىش كەلدى. ساھىب دەۋلەت بېگىم، ماھىم خېنىم، گۈلنىگار بىكە ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى سەئىدخان قېشىدا، ئابدۇرەشىدخان بىلەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان مەنسۇرخان قېشىدا بارىمتاي بولۇپ تۇرغانىدى. ئاھۇ كۆزلۈك، سۇمبۇل چاچلىق گۈلنىگار بىكە شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان تاجىگۈلدەك مۇلايىملىقى، دۇتاردەك يېقىملىق ئاۋازى، يۈرۈش - تۇرۇشتىكى ئەدەپلىكلىكى بىلەن سەئىدخانغا يېقىپ قالغانىدى. «كېلىن قىلىۋالسام ئاكام بىلەن تېخىمۇ ئىناق ئۆتەلەيمەن» دېگەن ئويغا كېلىپ، بۇ ئارزۇسىنى مەنسۇرخانغا يۇرتىپمۇ

قويغانىدى. ئەمدىلىكتە بۇ ئارزۇ يوققا چىقتى. تەقدىر نېمىدېگەن رەھىمسىز؟ نېمىشقا ئەزگۇ ئارزۇ ـ تىلەكلەر ئەمەلگە ئاشمايدۇ؟

ھەۋزەئى سۇلتانغا يېقىنلاپ كەلگەن ئابدۇرەشىدخان غەمگۇزار ئانىسى بىلەن ئويغا چۆمگەن ئاتىسىغا قاراپ:

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! ـــ دەپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. سەئىدخان قايغۇلۇق خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، قولىدىكى ئاغزى ئوچۇق لىپاپىنى ئابدۇرەشىدخانغا بەردى:

ـــ ئۇيقۇڭنى ئاچ، ئوغلۇم، دۈشمەنلەر جېنىمىزغا قەست قىلماقتا، بۇ مەكتۇپنى ئوقۇ !

شاھزادە لىپاپىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، مەكتۇپقا كۆز يۈگۈرتتى:

يۈكسەك ھۆرمەت ساھىبى بولغان قېرىندىشىم سۇلتان سەئىدخان، ئاۋۋال ئۇلۇغ ۋە كەرەملىك ئاللادىن خاندانلىرىغا نۇسرەت ۋە ئەمىنلىك، پەرزەنتلىرىگە سالامەتلىك ۋە مېھىر ـ شەپقەت تىلەيمەن. سوڭرە شۇنىڭدىن ۋاقىپلاندۇرىمەنكى، گۈلنىگار بىكە ئاستانىدىكى خانلىق باغقا كېتىۋاتقىنىدا نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەنىدى، كەمىنە ياساۋۇل ـ نۆكەرلەر بىلەن قىزىمنى قۇتقۇلدۇرۇشقا ئاتلىنىپ، ئۈچ كۈنگىچە چىقمىغان دۆڭ، چۈشمىگەن ئوي قالمىدى. ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالمىدۇق. قايغۇرۇپ تۇرسام بىرنەچچە دېھقان كېلىپ يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان كىشىلەرنىڭ قىزىمنى يالقۇنتاغ تامان ئەكەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. كۆزۈمدىن ئوت، بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. دەرھال يالقۇنتاغ تەرەپكە ئات يۈگۈرتتۇم. ھەربىر تۈپ دەرەخ، گىياھ، تاشلارنىمۇ كۆزدىن نېرى قىلماي ئاختۇردۇق، ئاخىر بىر كۆيۈك ئۆڭكۈر ئىچىدىن قىزىمنىڭ جەسىتىنى تاپتۇق. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلمىغان، گويا چۆلدىكى تىنىق بۇلاقتەك سېھىرلىك ئىدى. ئاقارغان يۈزى ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك يورۇق،

تىرىكتەكلا ياتاتتى. قارا چاچلىرى ئۆز قىنىغا چىلانغان، كۆكسىگە قوش بىسلىق خەنجەر قادالغان، ئوقچۇپ چىققان قان باغرىدا ئۇيۇپ قالغانىدى ... كۆرۈپلا هوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

كۆزۈمنى ئاچسام ئوردىدا ئىكەنمەن. گۈلنىگار بىكەنىڭ مۇبارەك جەسىتىنى زار - زار يىغلاپ، چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت ئىلكىدە يەرلىككە قويغىنىمىزغا قىرىق كۈندىن ئاشتى. قىرىق نەزىرىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بۇ پاجىئە توغرۇلۇق خان ئىنىمغا خەۋەر بېرىش ياكى بەرمەسلىك توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىر خەۋەرلەندۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپتىم. خانىدانىمىزغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلارنى سەل چاغلاپ، بىپەرۋالىق قىلغانىكەنمەن، داغدا قالدىم، بۇ ساۋاقنى زىنھار ئېسىمدىن چىقارمايمەن. خان ئىنىم، دۈشمەنلەرنىڭ يوشۇرۇن قەستىدىن پەخەس بولغايلا. ئابدۇرەشىدخاننى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار بىر ئاللانىڭ ئۆزىگە مەلۇمدۇر.

دىدار كۆرۈشكۈچە ئاللاغا ئامانەت

كامالىي ئېھتىرام بىلەن:

سۇلتان مەنسۇرخان

ھىجرىيە 924 - يىلى① جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ 15 - كۈنى، چارشەنبە

ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوللىرىلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى.

— ھۆرمەتلىك خان ئاتا، ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، تاغام سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ يېنىغا بېرىپ، مەلىكە گۈلنىگار بىكەنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ كەلسەم، — دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كۆڭلىدە قاتىلنى تۇتۇپ جازالاش ئىستىكى پەيدا بولۇپ

---

① ھىجرىيە 924 - يىلى — مىلادىيە 1517 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

قېنى قىزىغانىدى.
— گۈلنىگار بىكە جەمەتىمىزنىڭ ئەتىۋارلىق گۈلى ئىدى. ئۇنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى مېنىڭ يۈرىكىمگىمۇ دەز كەتكۈزدى، ئۇ خۇشخۇي، چېچەن مەلىكىنى كېلىن قىلىۋالغۇم بار ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇس ... — سەئىدخان سۆكۈتتە تۇرغان شاھزادىگە يېقىن كەل دېگەن مەنىدە قولىنى ئۇزارتتى. ئابدۇرەشىدخان ئېگىلىپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتتى.
— ئوغلۇم، — دېدى سەئىدخان ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ، — يىراقتىكى دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئارىمىزدىكى دۈشمەنىنىڭ زىيانكەشلىكى خەۋپلىكتۇر. ساڭا ئىككى قېتىم ساداقىتىن يوشۇرۇن ئوق ئېتىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق چۆچۈگەنىدىم. گۈلنىگار بىكەنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى ئاكام سۇلتان مەنسۇرخانغىلا ئەمەس، ماڭىمۇ ئېغىر زەربە بولدى. ئوقنى ساڭا تەگكۈزەلمىگەن دۈشمەن مەلىكىگە تەگكۈزۈپ، مېنىڭ باغرىمنىمۇ يارا قىلدى. ئەمدى ھوشيار بولمىساق، قاراملىق قىلساق، تېخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرايمىز. سېنىڭ تۇرپانغا بېرىشىڭ دۈشمەنلەرنىڭ كۆتكىنى ... مەنسۇرخاننىڭ يېنىغا ئىنىڭ ئىبراھىم سۇلتان بىلەن ئاغىچى ئۇلۇغى ئەلى سەئىد كوكۇلداش بېرىپ، بىز ئۇچۇن ھال سوراپ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىدۇ. سەن مەن بىلەن بارىسقاۋۇن داۋىنىدىن ئۆتۈپ، قىرغىز دىيارىنى تىنچىتىشقا بارىسەن. ئەر بولۇپ قالدىڭ، كۆپنى بىلىشىڭ، كۆپنى كۆرۈشۈڭ كېرەك.
— خان ئاتا، پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، — ئابدۇرەشىدخان بىر قەدەم كەينىگە يېنىپ تىزلاندى، — دۇئا بەرسىلە.
سەئىدخان ھاياجان ئىلكىدە ئوغلىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ سەل ئولتۇرۇشقان قوي كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى. قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:
— ئەي يۈرەك پارەم، سېنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. سەپىرىڭ بىخەتەر، ھەر ئىشىڭغا زەپەر يار بولسۇن، ئامىن! —

دېدى.
— ئامىن! — مەختۇمە سۇلتان بېگىم ياش تۆكۈپ
پىچىرلىدى، — سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، ئوغلۇم. قەيەردە
بولساڭ ئاتاڭدىن ئايرىلما، ئەل ئالدىدا يۈزۈڭ يورۇق،
دۈشمىنىڭنىڭ يولى تۇيۇق بولسۇن!
— ئاللا تىلەكلىرىگە يەتكۈزسۇن، ئانا، — ئابدۇرەشىدخان
بالىلىق مېھرى بىلەن ئانىسىغا ئىگىلدى.
— شاھىم، ئوغلۇم، — دېدى مەختۇمە سۇلتان بېگىم، —
ھەربىرلىرىنى جانابىي ئاللاغا تاپشۇردۇم.
سەئىدخان قەسىرگە قاراپ ماڭدى.

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## بارىسقاۋۇن داۋىنىنىڭ ئۇ يېقىدا

### 1

بارىسقاۋۇن داۋىنى ئات باغرىدەك قىيپاش بولۇپ، ئېگىز، سۇرلۇك داۋان ئىدى. ئۈستى كۆك ئاسمان بىلەن، ئاستى ئوت ـ چۆپلۈك قىرغىز دالاسى بىلەن سۆيۈشۈپ تۇراتتى. شەرق تەرىپى ئۇچقا تۇتىشاتتى. نۆكەر، ياساۋۇللار ئۆز رېتى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەۋاتاتتى. ئاللىبۇرۇن داۋان ئۈستىگە چىقىپ بولغان سەئىدخان لەشكەرلىرىگە نەزەر سېلىپ، ئابدۇرەشىدخاننى كۆردى. ئۇ ئاق بويۇن قارا گىر ئۈستىدە كېلىۋاتاتتى. ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيگەن شاھزادە ئاتنىڭغا قاراپ قول پۇلاڭلاتتى. بۇ ئۇنىڭ بارىسقاۋۇن داۋىنىدىن ئۈچىنچى قېتىم ئۆتۈشى ئىدى. بىرىنچى قېتىم ئەندىجاندا خەتنە تويى بولغان شاھزادە ئاتىسىنىڭ مىرزا ئابابەكرىگە قارشى ئاتلانغان لەشكەرلىرى بىلەن ئۆتكەنىدى. ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ پەرغانە دىيارىدىكى مەشھۇر شەھەر ئەندىجاندا ھىجرىيەنىڭ 909 ـ يىلى تۇغۇلغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۆزىگە ئات قويۇپ بەرگەن پادىشاھ بابۇر مىرزىنىڭ كىملىكىدىن تېخىمۇ بىخەۋەر ئىدى. ئاشۇ ۋاقىتتا بارىسقاۋۇن داۋىنى ئۈستىگە چىققاندا: «ئانا، بۇ داۋاندىن ئۆتۈپ نەگە بارىمىز؟» دەپ سورىغانلىقى، مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ: «بالام، بىز ئاتاڭ سەئىدخان تۇغۇلغان ئەزىز دىيارغا بارىمىز» دەپ جاۋاب

بەرگەنلىكى خۇددى چۈشىدە ئىشىتكەندەك يادىغا كېلەتتى.

ئىككىنچى قېتىم ئاتىسى بىلەن ياركەندتىن ئاتلىنىپ بارىسقاۋۇن داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن مەنسۇرخاننىڭ ئىجازىتى بىلەن قوشۇن تارتىپ ماڭغان تاغىسى باباخان سۇلتانغا چېدىر كۆلدە يېتىشىۋالغانلىقى ئېسىدە، دوغىلاق كەلگەن باباخان سۇلتان ئۇنىڭغا بىر ساداق، ئون توققۇز تال ئوق بېرىپ: «دۈشمەنىنىڭ بېشىغا ئات، بىرمۇ ئوقنى زايە قىلما!» دېگەنىدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ قىرىق بىر نەپەر خاس نۆكىرى بار ئىدى. ئۇ شۇلارنىڭ ھىمايىسىدە سۆيۈنچەكخان بىلەن بولغان جەڭگە قاتنىشىپ بىرنەچچە دۈشمەننى ئاتتىن يىقىتقان، تاغىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ نەقىش چېكىلگەن كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغانىدى. ئۈمىدىنى بۇ جەسۇر ئوغلىغا باغلىغان سەئىدخان پايتەختكە قايتىپ، قىشنى ئۆتكۈزۈپلا سېرىق ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانغان ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسقا ئابدۇرەشىدخاننى قوشۇپ قويدى.

چەرچەن، چاقىلىقتا ياشاپ كەلگەن سېرىق ئۇيغۇرلار تېخىچە ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ خوتەندىكى ئايغاقچىلىرى سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر يەتكۈزگەچكە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى چىغىر يوللار بىلەن چىڭخەي، دۇنخۇاڭ تەرەپلەرگە قاچتى. بىر قىسمى جاڭگال ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كوچا، ئۆيلىرى ئادەمسىز قالغان چەرچەنگە، ئاندىن چاقىلىققا بارغان لەشكەرلەر بىرەر كىشىنى ئەسىرمۇ ئالالماي قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئابدۇرەشىدخان جەڭ قىلالمىغىنىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندى. قۇم بېسىپ كەتكەن يوللاردا گاھ تۆگىدە، گاھ ئاتتا، گاھ پىيادە يول يۈرۈپ، سەپەر ئازابىنى يەتكۈچە تارتتى، پۇتلىرى قاپىرىپ كەتسىمۇ مېڭىشنى داۋام قىلدى، ئوسمانبەگ يۆدۈپ ماڭاي دېسىمۇ ئۇنىمىدى. ئىسسىق ئۆتۈپ يېتىپ قالغاندىلا، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ

مىڭىشتى.

خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھارىس نەجمىدىن دوغلات ئوسمانبەگكە ياردەملىشىپ شاھزادىنى كۈتتى. شاھزادە ئاتقا مىنسە ئاتنى، تۆگىگە مىنسە تۆگىنى يېتىلىدى. خوتەنگە كەلگەندە ئابدۇرەشىدخان ساقىيىپ، ئاتقا ئۆزى مىنگۈدەك ھالغا كەلدى. ئۇ ئەمىرلەشكەرنىڭ سادىق ياساۋۇلى بولغان ھارىس نەجمىدىن دوغلاتتىن رازى بولۇپ، ئۇنى ئۆزىگە خاس نۆكەر قىلىۋالدى.

ئۇ بۈگۈن ئۇچىنچى قېتىم بارىسقاۋۇن داۋىنىغا ھارىس نەجمىدىن دوغلات بىلەن قەدەم قويغانىدى. ئوسمانبەگ ئۇلارنىڭ كەينىدە ئىدى. ئۇلار كۆن قايرىلغاندا داۋان ئۈستىگە يېتىپ كېلىشتى.

— بارىسقاۋۇن داۋىنىنىڭ شەرقى، غەربىي شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن قىلىچىمنى قانغا بويىغىنىمدىن بۇ ۋاققا قەدەر ئۆكۈنگىنىم يوق، ئوغلۇم، — دېدى سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن لەشكەرلەرگە كۆز سېلىپ تۇرغان سەئىدخان داۋان ئۈستىگە چىقىپ سالام بەجا كەلتۈرگەن شاھزادىگە، ئۇ گېپىنى ئوغلىغىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەلگە قىلىۋاتقاندەك ۋەزمىن ئاھاڭدا داۋام قىلدى، — سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ، پاراۋان مەملىكەت قۇرۇشتا ئۈزلۈكسىز خىزمەت كۆرسەتكەن بىر باھادىر سەركەردىنىڭ، تەدبىرلىك يۇرت بېشىنىڭ تەستە قولغا كەلگەن ئەمىنلىك، ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇپ، ئەھلى يۇرتنى تەپرىقىچىلىك ئازابىغا مەھكۇم قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىدىن قايغۇرۇپ قېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپ چىققان بولسامۇ، قىلىچ كۆتۈرۈپ قان تۆكۈشكە رايىم بارمايۋاتىدۇ. ئۇ ئاللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولسىمۇ ھەققانىيەتكە قايتسا بولاتتى.

ئابدۇرەشىدخانغا ئاتىسىنىڭ سۆزلىرى قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، دېدى:

www.uyghurkitap.com

— ئەي، بۇزرۇكۋارىم، ئوغۇللىرىغا ئىجازەت بەرسىلە، ئەمىر مۇھەممەدبېككە مۇددىئالىرىنى يەتكۈزۈپ يامان نىيەتكە توۋا قىلدۇرۇپ ئالدىلىرىغا ئەكېلەيكى، بىر قوشۇق قان تۆكۈلمىگەي، ئىنشائاللا.

— ياخشى نىيەت ئاللا دەرگاھىدا مەقبۇلدۇر، شاھىم. پېقىرمۇ شاھزادىگە ھەمراھ بولسام، ئەمىر مۇھەممەدبېكنى قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدۇرۇپ، قان قېرىندىشىمىز قىرغىز ئېلىگە ئادالەتلىرىنىڭ چىرىغىنى يېقىش ئۈچۈن قەدەم رەنجى قىلسامىكەن دەيمەن، — دېدى سەييىدمۇھەممەد مىرزامۇ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ.

كاشغەرنىڭ ھۆكۈمدارى — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بۇ ئەمىر كەبىرى سەئىدخاننىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەسلىھەتچىسى ئىدى. خاننىڭ ئالدىدىكى ھۆرمەت ئېتىبارىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن زادىلا ئۆزىگە تەمەننا قويمايتتى. ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ئۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا دوست كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى.

— ئەمىر كەبىر جانابلىرىنىڭ پىداكارلىق روھى ھەممىمىز ئۈچۈن ئەينەك. ئۇنىڭ بىر مۇلازىمى سۈپىتىدە بىللە بېرىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا، شاھىم، — دېدى خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسمۇ ئېگىلىپ.

— خان ئالىيلىرى، مەن ئۆزلىرىگە بىر كىشىنى تەۋسىيە قىلاي. ئۇ كىشى ئەندىجاندا، تارىم دەشتلىرىدە، تاغ ـ داۋانلاردا ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولغان، سادىقلىق بىلەن جان تىكىپ ھاياتلىرىنى قوغدىغان، ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەنگە تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ بولغان، كېيىن قىلغانلىرىغا پۇشايمان، توۋا قىلىپ، مىرزا ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىشتا ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن، ئەمما ئۆزىنى پىنھان تۇتۇپ كەلگەن باھادىر مويسىپىت، — دېدى

سەييىدمۇھەممەد مىرزا خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلماي.

— كىم ئۇ، ئەمىر كەبىر؟ — سەئىدخان ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغانلارغا كۆز يۈگۈرتتى.

— ئۇ ناتونۇش كىشى ئەمەس، — سەييىدمۇھەممەد مىرزا يېنىغا سەل سۈرۈلۈپ، ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك ئادەمنى ئالدىغا چىقاردى. ئۇ ئادەم قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تىزلاندى:

— قۇللىرىنى جازاغا تارتسىلا، شاھىم.

— نېمە ئۈچۈن؟ — ئەجەبسىنىپ سورىدى خان.

— پېقىر ئالىيلىرىنى ئەندىجاندا جانىبېكخانغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان خوجا ئەلى بولىمەن.

ئەمىر، ۋەزىرلەرنىڭ گېپى ھەيران قالدۇرالمىغان خاننى بۇ مويسىپىتنىڭ گېپى ھەيران قالدۇردى. «تەقدىر قىسمەت ئەجەب بولىدىكەن ...»

— ئۆزۈڭ جان تىكىپ قوغدىغان شاھزادىنى يەنە نېمىشقا دۈشمەنگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولغانىدىڭ؟

— چۈنكى، ئۆزلىرىدىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەنىدى، — دەپ بېشىنى سالدى خوجا ئەلى.

— نائۈمىد شەيتان، كېيىن قانداق ئويلىدىڭ؟

— كېيىن يەككە - يېگانە ئاللادىن باشقا ھېچ بەندە ماڭا سائادەت ئاتا قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، تەقدىرىمنى ئادەملەرگە، بولۇپمۇ پادىشاھ، شاھزادىلەرگە باغلاپ قويغىنىمدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. جانىبېك، شاھىبېكخانلاردىن كۆڭلۈم سوۋۇدى. شاھزادە، خانلار ئىچىدە ئالىيلىرىنىڭ ساپ دىل، ئاۋامنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ناھەق قان تۆكمەيدىغان ئادالەتپەرۋەر ئىكەنلىكلىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئاسىيلىق قىلغانلىقىمغا مىڭبىر پۇشايمان قىلدىم. تەركىدۇنيا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن پىنھان جايلاردا يۈردۈم. ئاق كۆڭۈللۈكلىرى، باشقىلارغا بولغان ساداقەتلىرى، دۈشمەنگە تىز

www.uyghurkitap.com

پۈكمەيدىغان قەيسەر ئىرادىلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ، مېنى يانلىرىغا تارتىپلا تۇردى، شاھىم. سۇلتان مىرزا ئابابەكرىگە قارشى ئاتلىنىپ ماڭغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، بىر بۆلەك ئادەملىرىم بىلەن ئارقىلىرىدىن ئىز بېسىپ كاشغەرگە كەلدىم. ئەمىر مۇھەممەدبېك قىرغىزغا نۆكەر بولغانىدىم. جەڭدە ئۆلۈشنى نىيەت قىلغان بولساممۇ، ئاللا بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزمىدى. مۇھەممەدبېك قىرغىز ئېلىگە ماڭغاندا، ئەمىر سەييىدمۇھەممەد مىرزىغا پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىمنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ، مېنى ئېلىپ قېلىشنى ئۆتۈندۈم. بۇ تىلىكىم قوبۇل بولۇپ يېنىدا خاس نۆكىرى بولۇپ كېلىۋاتقىنىمغا يەتتە يىلدىن ئاشتى. بىز بەندىلەر ئۆز تەقدىرىمىزنى يەنە بىر بۆلەك بەندىلەرگە باغلاپ مۇراد تاپالمايدىكەنمىز، ئەمما جانابىي ئاللا ئاجىزىمىزنى كۈچلۈككە، كەمبەغەلنى بايغا، پۇقرانى پادىشاھقا باغلاپ تەقدىر ـ قىسمىتىمىزنى بېشىمىزدىن كەچۈرگۈزىدىكەن. ئەمىر كەبىرگە ئىلتىماس قىلىپ، ياشانغان چېغىمدا ئالىيلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈش، جازا ھۆكۈم قىلىشلىرىنى ئۆتۈنۈش ئۈچۈن ئالدىلىرىغا كەلدىم. بوينۇم قىلدا باغلاقلىق، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، بېشىنى سالغىنىچە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى.

— مەن گۇناھىڭدىن ئاللىبۇرۇن ئۆتكەن، خوجا ئەلى. ئەينى چاغدا كابۇلدا جازالىماي كەتكۈزۈۋەتكىنىم ئېسىڭدە باردۇ؟ — سورىدى سەئىدخان.

— ئۇ شەپقەتلىرى ئېسىمدە ھازىرقىدەكلا بار، ئالىيلىرى.

— كۆرسەتكەن جان پىداكارلىقىڭ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق، قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتكەنىدىم، ئاخىر كەلدىڭ، نېمىشقا قوشۇنۇمدا ئۆزۈڭنى يوشۇرۇپ يۈردۈڭ؟

— ئالىيلىرىغا يۈز كېلەلمەيتتىم. گۇناھىمنى قېنىم بىلەن يۇماقچى بولۇپ، ئەمىر مۇھەممەدبېكتىن پېقىرنى ئاشكارىلىماسلىقنى ئۆتۈنگەنىدىم، ئۇ ماقۇل بولۇپ

ئاشكارىلىمىدى. ئۇ يۇرتقا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئەمىر كەبىرگە كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ نامىمنى پىنهان تۇتۇشنى ئىلتىماس قىلدىم.

— راستمۇ؟ — سەئىدخان سەييىدمۇھەممەد مىرزىدىن سورىدى.

— بەرھەق، ئالىيلىرى. ئەمىر مۇھەممەدبېك بىلەن بولغان كۈنلەردە خوجا ئەلى جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغان. مېنىڭ يېنىمغا كەلگەندىن بېرىمۇ ساداقەتمەنلىك بىلەن خەزىنە ئىشلىرىنى باشقۇردى. بىر تىيىنغىمۇ خىيانەت قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ئاساسەن ئالىيلىرىغا بىلدۈرمىگەنىدىم.

— ئەمدى نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىماقچى بولدۇڭ؟ — سەئىدخان خوجا ئەلىگە ئىلتىپات نەزىرى بىلەن باقتى.

— ئالىيلىرى، سىلى سەئىدىيە خانلىقىنى قۇردىلا، زالىم - ئاسىيلارنى جازالىدىلا، خەلقنى ئەمىن تاپتۇردىلا. جازالانمىغان مەنلا قالدىم، ۋىجدانىم ئازابلىنىدۇ، راستىنى ئېيتسام، جانابىي ئاللا كالامىنىڭ ئېلىنىشىدىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىمنى ئاخىر ئۆزۈمگە بىلدۈردى. ئۆلۈمدىن قورقمىغان باھادىر بولالايدۇ. باھادىر بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسلىكىمنىمۇ ھېس قىلدىم. ئاخىر ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلغانلىقى، ئالىيلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلانماقچى بولغانلىقلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ جازا يۈرۈشىگە مېنىمۇ قاتناشتۇرۇشنى ئەمىر كەبىرگە ئىلتىماس قىلدىم. مەقسىتىم شۇكى، مۇھەممەدبېكنى ئالىيلىرىنىڭ ئادالىتى ئالدىدا باش ئەگدۈرۈش. مۇشۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال ئۆزۈمنى ئاشكارا قىلىپ، جازالاشلىرىنى سەممىمىي نىيەت بىلەن ئۆتۈندۈم. مەن ئالدىلىرىدا گۇناھكار، شاھىم.

سەئىدخان ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— گۇناھىنى تونۇغان ئادەم گۇناھتىن خالاس بولىدۇ. سەن

www.uyghurkitap.com

باھادىر ئىدىڭ، باھادىرلىقتا كامال تېپىپسەن، ئەقىل ـ پاراسەتتە توشۇپسەن، ياشانغان بولساڭمۇ غەيۇر ياشلاردەك تىمەن تۇرۇپسەن. ئوغلۇمغا، ئەمىر كەبىرگە، خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسقا ھەمراھ بولۇپ بارغىن. ياۋنىڭ قىلىچىنى تارتىۋالكى، قىلىچىڭنى تارتقۇزۇپ قويما. ئەمىر مۇھەممەدبېكنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئەكېلىڭلار. ئۆلۈكىنى ئەمەس، تىرىكىنى كۆرەي، يىغا ـ زارىنى ئەمەس، ئاھ ـ دادىنى ئىشىتەي، ـــ دېدى سەئىدخان.

ـــ خوپ، خان ئاتا! ـــ ئابدۇرەشىدخان قەسەمياد قىلغاندەك ئوڭ پۇتى بىلەن تىزلاندى، ـــ ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن.

ـــ خان ئالىيلىرى، خاتىرجەم بولغايلا، ـــ ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزا، ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس، خوجا ئەلى باتۇرلارمۇ ئوڭ پۇتى بىلەن تىزلىنىشتى، ـــ پەرمانلىرىنى چوقۇم بەجا كەلتۈرگەيمىز.

ـــ سىلەرنى كېرەملىك ئاللاغا تاپشۇردۇم، ئاتلىنىڭلار!

ئابدۇرەشىدخان خوجا ئەلى باتۇرنىڭ باشلىقىدا داۋاندىن بىرىنچى بولۇپ چۈشتى. سەئىدخان داۋان ئۈستىدىكى بارگاھىدا ئابدۇرەشىدخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا نۇسرەت تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

## 2

تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ كۆۋەجىگەن سۈزۈك ئېقىن بويىدا پادا ـ پادا قويلار سۇ ئىچىۋاتاتتى. تاشلىق سايدىكى بۇ ئېقىنغا قارىغان كىشىگە يۈزلىگەن قوي سۇغا چۆمۈلۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئات ئۈستىدىكى پادىچى قىزنىڭ شولىسى سۇدا تېخىمۇ گۈزەل، سېھىرلىك كۆرۈنەتتى. غۇر ـ غۇر كۆكلەم شاملىدا ئۇنىڭ قارا چاچلىرى سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن قۇندۇزدەك تولغىناتتى. ئويچان كۆزلىرى بەئەينى چولپان يۇلتۇزدەك نۇرلۇق، بېشىدىكى ئۇكە تۇتۇلغان تەقىيە قان تەپچىپ تۇرغان

يۈزىگە سايە تاشلىغان، نەپىس گۈل كەشتىلەنگەن تىرە جىلىتكىسى ئىنچىكە بىلىنى قىسىپ ئۇنى تېخىمۇ زىلۋالاشتۇرۇۋەتكەنىدى. قىز ئوزۇن ساپلىق قامچىسىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئىككى قېتىم قاس چىقىرىۋىدى، قويلار سۇدىن بۆرىلىپ سايغا يېيىلدى. شۇ چاغدا يىراقتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. پادىچى قىز قويلارنى دەرھال كەينى تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى. ئۇ كەينىگە قاراپ قۇيۇندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆردى ـ دە، بۆرە توپىغا يولۇقۇپ قالغان كېيىكتەك چۆچۈپ ئېتىنى توختاتتى. قويلار بىر شەپە سەزگەندەك قۇلاق يوپۇرۇپ توپلىنىپ چەمبەر ھاسىل قىلىشتى. شۇ ھالدا ئاتلىقلار يېقىنلاپ كېلىشتى. قىز سەپسېلىپ قاراپ كەلگۈچىلەرنىڭ لەشكەرلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. قىز قېچىشقا ئۈرۈنغان بىرنەچچە قوينى توسۇپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ تۇرىۋەردى. ئالدىدىراق يېتىپ كەلگەن ياشانغان سەردار ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى.

— قىزىم، قىرغىز باشى مۇھەممەدبېكنىڭ تۇرالغۇسىنى بىلەمسىز؟

قىز سوئالغا جاۋاب بەرمەي، قارا قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سورىدى:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟

— بىز سۇلتان سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى.

مۇھەممەدبېكنى تۇتقىلى كەلگەنلىكىنى بىلگەن قىز ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيگەن بۇ قېرى سەردارغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى.

— مۇھەممەدبېكنىڭ تۇرار جايىنى مەن نەدىن بىلەي، قىرغىز دالاسى كۆك ئاسماندەك كەڭ تۇرسا.

— خوجا ئەلى باتۇر، بۇ قانجۇقنى قوي پادىسى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىشقا ئادەم قويۇپ يولىمىزنى داۋام قىلايلى، — دېدى قىزنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ئاڭلىغان خوجا شاھمۇھەممەدبارلاس، — بىرىنچى قەدىمىمىزدە خەيرلىك ئولجىغا ئېرىشتۇق.

www.uyghurkitap.com

خوجا ئەلى زۇۋان سۇرمەي تۇرۇپ كېتىپ، نۆكەرلىرىگە قىز بىلەن قوي پادىسىنى ئېلىپ داۋان ئاستىدا ساقلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى ۋە ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ ئېقىنىدىن كېچىپ ئۆتتى. ئابدۇرەشىدخان نۆكەرلەر ئارىسىدا ئاچچىقلىنىپ كېتىۋاتقان قىزغا قاراپ، ئۇنى قويدۇرۇۋەتكۇسى كەلدى ـ يۇ، «ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ كۆڭلىگە كەلمىسۇن» دەپ ئويلاپ، خوجا ئەلىنىڭ كەينىدىن چېپىپ كەتتى. تاشقا تەگكەن ئات تۇياقلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرايتتى، ئەمدىلا كۆكىرىشكە باشلىغان سايلىقتىكى گۈل ـ گىياھلار چەيلىنەتتى. بۇلارنى يىراقتىن كۆرگەن بىر توپ بۆكەن تاقلاپ ـ سەكرەپ بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى. ئابدۇرەشىدخان ئاتقان ئوق بىر قارا تاشقا تېگىپ قاڭقىپ كەتتى. ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان خوجا ئەلى بىردىنلا ئاتنىڭ تىزگىنىنى قاتتىق تارتتى، ئات ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇشقۇرۇپ توختىدى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى، ئوقچۇپ تۇرغان ئاق قاشقىنى ئاران توختاتتى.

— خوجا ئەلى ئاغا، نېمە ئىش بولدى؟ — ئۇ تۇيۇقسىز توختاشنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچىدى.

— شاھزادە، ئاۋۇ ئاقئۆيلەرنى كۆردىلىمۇ؟ — دېدى خوجا ئەلى ئوڭ قولىنى پېشانىسىغا سايىۋەن قىلىپ، — بارگاھتەك قىلىدۇ.

خوجا ئەلى نۆكەرلەرگە ئاتتىن چۈشۈشنى بۇيرۇدى. ئابدۇرەشىدخانمۇ قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى كۈن نۇرىدىن توسۇپ تۇرۇپ قارىدى. يىراقتا گويا يەرگە قونغان ئاق بۇلۇتتەك ئاقئۆيلەر تۇراتتى، ئارىلىقتا ئادەملەر مېڭىپ يۈرەتتى، نۆكەرلەر بولسا كېرەك.

— تۇردىبەگ ! — توۋلىدى خوجا ئەلى.

— لەببەي، سەردار جانابلىرى، — ھاپا قوۋۇز، پاكار بىر يىگىت ئاتلىق توپ ئىچىدىن ئايرىلىپ چىقتى.

— سەن بېرىپ خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسقا يەتكۈزكى، ئەمىر جانابلىرى لەشكەرلەرنى توختىتىپ شاھزادىنى كۈتۈپ تۇرغاي. مەن مۇھەممەدبېك بارگاھىغا بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلەي.

— خوپ، سەردار، — تۇردىبەگ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

— شاھزادە، — دېدى خوجا ئەلى، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، خىيالچان تۇرقىدىن بىر ئىشقا بەل باغلىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — مەن كۆن پاتقۇچە ئەھۋالنى ئىگىلەپ كېلىمەن. ئۆزلىرى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغايلا. كۈن پاتقۇچە قايتىپ كېلەلمىسەم، خانغا مەلۇم قىلىپ، ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن ئىش كۆرگەيلا.

ئابدۇرەشىدخان بېشىنى لىڭشىتتى. خوجا ئەلى يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا كۈن پېتىشقا نەيزە بويى قالغانىدى. نۆكەرلەر ئابدۇرەشىدخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار يەتمىشتەك ئادەم بولۇپ، قىرىق بىر نەپىرى شاھزادىنىڭ يىگىتلىرى، ئوتتۇزى خوجا ئەلىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. داۋان ئۇستىدە تاماق يېگەندىن كېيىن بىرنەرسە يېمىگەچكە، قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەنىدى.

— شاھزادە، رۇخسەت قىلسىلا، ئىككى - ئۈچ كېيىك ئوۋلاپ كېلىپ پىشۇرۇپ يېسەك بوپتىكەن، — دېدى هارىس نەجمىدىن دوغلات. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئاغىمىز خوجا ئەلى كەلگۈچە تۇرۇپ تۇرايلى، مۇھەممەدبېكنىڭ ئادەملىرى بىزنى كۆرۈپ قالسا بولماس، — ئوسمانبەگ شاھزادىگە قارىدى.

— ئوسمانبەگ توغرا ئېيتتى، هارىس. تاغ سۈيى بىلەن ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرغاچ بىرئاز تالقان يەۋالايلى. شىكار قىلىش ئۆزىمىزنى ئاشكارىلىغانلىق بىلەن باراۋەر. دۈشمەن سېزىپ قالسا، خان ئاتامنىڭ قان تۆكمەڭلار دېگەن ئەمرىگە

www.uyghurkitap.com

مۇخالىپ ئىش قىلىپ قويىمىز.

— ئەپۇ قىلسىلا، شاھزادە ئالىيلىرى. ئىرادەمگە مۇخالىپ ھالدا سۆزلەپ قويۇپتىمەن، — ھارىس نەجمىدىن دۇغلات كەچۈرۈم سوراپ، ئوسمانبەگ سالغان داستىخانغا قول ئۇزارتتى. نۆكەرلەر تالقان، نان، كۆك يېمىش، ياڭاق مېغىزى بىلەن نائۇشتا قىلىشتى. ئابدۇرەشىدخانمۇ مۇزدەك ئېقىن سۇيى بىلەن نان يېدى.

— شاھزادە، ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسقا خوجا ئەلى باتۇرنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدۈم، ئۇ مۇشۇ يەردىن ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان يەردە كۈتۈپ تۇرماقچى بولدى، — دېدى قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردىبەگ. ئۇنىڭ تەرگە چۆمۈلگەن ئېتىنى بىر نۆكەر سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئەكەتتى.

كۈن پېتىشقا ئاز قالغانىدى. شەپەق بۇلۇتلار ئۈستىدىن تاشلىق سايغا جۇلا تاشلىدى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىدە ھال رەڭ، قىزغۇچ شولا پەيدا بولۇپ، تاشلىق دالا گۈگۈم ۋاقتىدىكى سېھىرلىك گۈزەللىكىنى نامايان قىلدى. قىزارغان ئۇپۇق يەرگە لەۋ يېقىپ، خۇددى ئانارغا ئوخشاپ قالغان قۇياشنى باغرىغا ئالدى ـ دە، مىنۇت ئۆتمەستىن يۇتۇۋەتتى. ئالەمگە تۈن قارا رومىلىنى يايدى. جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان شاھزادە خوجا ئەلىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ قارىۋىدى، يىراقتىن قارا كۆلەڭگىلەر كۆرۈندى.

— ئوسمانبەگ ئاغا، قارىسىلا، ئاۋۇ كېلىۋاتقانلار كىملەردۇ؟ خوجا ئەلى ئىكەن، يېنىدا ئىككى ئادەم باردەك قىلىدۇ. ئەمدى ئېنىق كۆردۈم، خوجا ئەلى ئىكەن.

— خوجا ئەلى باتۇر كېلىۋېتىپتۇ، — دېدى ئوسمانبەگمۇ تىكىلىپ قاراپ، — نېمە خەۋەر ئەكەلدىكىن؟

ھېلىلا شام نامىزىدىن پارىغ بولۇشقان نۆكەرلەر ئورنىدىن تۇرۇشۇپ سەپراس بولدى.

خوجا ئەلى ئىككى ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ يېتىپ كەلدى.

— ئامان - ئېسەن كەلدىلىمۇ، ئاكا؟ — ئالدىغا باردى ئوسمانبەگ.

— ساق - سالامەت قايتىپ كەلدىم، بۇ ئەتراپتا بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟

— ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى. تۇردىبەگ خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسقا سۆزلىرىنى يەتكۈزدى، بىز كېلىشلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتۇق.

— خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن، ئۇكام، — دېدى خوجا ئەلى ۋە شاھزادىگە قاراپ قولىنى كۆكسىگە قويدى، — شاھزادە، بەش چاقىرىم نېرىدىكى يايلاقتا چېدىر، بارگاھ قۇرۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن لەشكەر توپلاۋاتقان سەردار مۇھەممەدبېكنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇ ئىككى نۆكىرىنى ئەكەلدىم.

— ئۆزىچۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلەنمىگەن تەرزدە سورىدى.

— مۇھەممەدبېك ئاقئۆيدە سەردارلىرى بىلەن بوزا ئىچىشىۋاتقانىكەن، — دېدى خوجا ئەلى گەپنى باشتىن باشلاپ، — ئۇنىڭ بارگاھىنى چۆرىدەپ تىكىلگەن ئاقئۆيلەردە نۆكەرلەرمۇ گۆش يەپ، بوزا ئىچىشىۋېتىپتۇ. ئارىلاپ ساناپ باقسام تىكىلگەن ئاقئۆيلەر يۈزدىن كەم ئەمەس ئىكەن. توپلانغان لەشكەرلەر مىڭدىن ئاشىدىغاندەك تۇرىدۇ. قارىغاندا قىرغىز داالىرىدىن ھەمدەمگە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن بولسا كېرەك. مەن يەنە مۇھەممەدبېكنىڭ بارگاھىغا باردىم. ئۇ ھەشەمەتلىك ئاقئۆينىڭ ئالدىدا تۇرغان قاراۋۇللارمۇ بوزا ئىچىپ مەست بولۇپ قالغانىكەن، قوللىرىنى باغلاپ، ئاغزىغا بەلباغلىرىنىڭ ئۇچىنى تىقىپ، ئالدىمغا سېلىپ ئەكەلدىم، شاھزادە.

— بۇلارنىڭ قوللىرىنى يېشىۋېتىسىلە، — دېدى ئابدۇرەشىدخان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— خوپ، شاھزادە، — خوجا ئەلى ئۇلارنىڭ قوللىرىنى باغلاقتىن بوشاتتى، — جىم تۇرۇش، ئەگەر بويۇنتاۋلىق

قىلىشساڭ، باشلىرىڭ تەنلىرىڭدىن جۇدا بولىدۇ.

— بىزگە رەھىم قىلسىلا، بىزگە رەھىم قىلسىلا، — دېيىشى بىشى چوڭراق كەلگەن سالپاڭ قۇلاق سىپاھ قىرغىزچە سۆزلەپ. ئۇ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ ئۆڭدىسىغا يىقىلدى. ئۇنى ھەمراھى — يوغان باش، بادام قاپاق قىرغىز يىگىت مۇشت بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنىدى.

خوجا ئەلى شارت قىلىپ قىلىچىنى سۇغۇردى.

— توختىسىلا ! — ئابدۇرەشىدخان قولىنى سەل كۆتۈرۈپ ئۇنى توستى، ئاندىن قىرغىز يىگىتكە قارىدى، — سەن ھەمراھىڭنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟

— بۇ دۆيۈزنى ئۇرماي، قۇچاقلىسام بولامتى ئەمىسە؟ — قوللىرىنى كېرىپ ھومايدى ئۇ.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— توختىغۇل.

— نۆكەرمۇسەن؟

— ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ يۈزبېشىمەن.

— يۈزبېشى؟ — مەسخىرىلىك كۈلدى ئابدۇرەشىدخان، — يۈزبېشى تۇرۇقلۇق بارگاھ ئالدىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپسىنا، ئەخمەق !

— ئۇخلاپ قالغىنىم جىنايەت. بۇنىڭ ئۇچۇن سىنىڭ قولۇڭدا ئەمەس، ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ قولىدا چېپىلىپ كەتسەم رازى ئىدىم. ھەي، بەك ئەخمەقلىق قىپتىمەن، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئەتراپىغا بويۇندىدى.

ئابدۇرەشىدخان ئويلىنىپ قالدى.

— سەن شاھزادە ئالدىدا بويۇنتاۋلىق قىلىۋاتىسەن، خۇنپەر. ئۆلۈمگە لايىق ئىكەنسەن ! — دېدى قىلىچىنى باش ئۈستىگە كۆتۈرگەن ھارىس نەجمىدىن دوغلات. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىمۇ توستى.

— ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ بۇ يەرگە لەشكەر توپلىشىنىڭ

سەۋەبى نېمە؟

— بىلمەيمەن ! — جاۋاب بەردى قەتئىيلىك بىلەن توختىغۇل، كۆزلىرى يەنىلا يىراقلارغا تىكىلەتتى.

— مەن بىلىمەن، — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى ئېگىلىپ.

— سۆزلە، بۇ يەرگە قانچىلىك ئەسكەر يىغىلماقچى؟ ئەمىر مۇھەممەدبېك كىم بىلەن جەڭ قىلماقچى؟

— ئون ئۈچ لەك ئەسكەر يىغىلىپ سۇلتان سەئىدخان بىلەن جەڭ قىلماقچى، ھازىر تېخى تولۇق يىغىلىپ بولالمىدى، — جاۋاب بەردى ئۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ سوئالىغا.

— ئۇنىڭ دېگىنى يالغان، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، — دېدى توختىغۇل غەزەپ بىلەن.

— سەن بىلەمسەن؟ — ئابدۇرەشىدخاننىڭ قارا قاشلىرى سەل كۆتۈرۈلدى.

— مەنمۇ بىلمەيمەن !

— سەن بىلمىسەڭ، نېمىشقا ئۇنىڭ ئىقرارىنى يالغانغا چىقىرىسەن؟

— ئۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ ئاسىيلىق قىلدى.

— مۇنداق دېگىن، — ئابدۇرەشىدخان كۈلۈمسىرىدى، — مەن چۈشەندىم. سەن نېمىشقا ھەدەپ ئەتراپقا قارايسەن؟ راستىڭنى ئېيت !

— مۇشۇ ئەتراپتا بىر پادىچى قىز قوي بېقىۋاتاتتى، كۆرۈنمەيدۇ، — دېدى توختىغۇل خورسىنىپ، — شاھزادە، ئۇ قىز سىلەرگە ئۇچرىمىدىمۇ؟ — ئۇنىڭ نېمىگىدۇر بىتاقەت بولۇۋاتقانلىقى توختىماي ھەر تەرەپكە نەزەر سېلىۋاتقان قارا كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇچرىدى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان توختىغۇلغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ، — ئۇ سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟

— بىز بىر قىشلاقتىن، قوشنىمىزنىڭ قىزى ئىدى.

— يالغان، — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى ئالدىراپ سۆزلەپ، —

www.uyghurkitap.com

ئۇ قىز قوشنىسىنىڭ قىزى ئەمەس، ئاۋۇل باشلىقىنىڭ قىزى. توختىغۇل ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ھۇ، ئىتنىڭ بالىسى! — توختىغۇل ئۇنىڭ چىكىسىگە مۇشت بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ بىرىپ دۈم يىقىلدى، ئاغزى تاشقا تېگىپ قاناپ كەتتى.

— ئېتىڭ نېمە؟ — ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— جۇنۇسبېك، — دېدى ئۇ ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان قاننى يېڭى بىلەن ئېرتىپ، ئۇنىڭ كىگىز قالپىقى يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. خوجا ئەلى ئىككىنچى قېتىم توختىغۇلنى چاپماقچى بولدى.

— چاپىدىغىنى ئۇ ئەمەس، ماۋۇ ھارامزادە. ئۆز سەردارىغا ئاسىيلىق قىلغان، ئۆز ھەمراھىغا ساتقىنلىق قىلغان مەلئۇن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئۇ خوجا ئەلىنىڭ «ھاي شاھزادە، غەزەپلەنمىگەيلا!» دېگەن سۆزىگىمۇ پىسەنت قىلماستىن جۇنۇسبېكنى چاپماقچى بولدى - يۇ، يەنە توختاپ قالدى. چۈنكى، سەئىدخاننىڭ قان تۆكمەسلىك توغرىسىدىكى پەرمانى تۇيۇقسىز يادىغا يەتكەنىدى.

— بولدى كەت، كۆزۈمدىن يوقال! — ئابدۇرەشىدخان قىلىچنى قىنىغا سالدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە نامەردلىك ئىنسان ئۈچۈن يىرگىنچلىك ئىللەت بولۇپ، ئۆز ئېلىگە، پادىشاھىغا، دوست - ھەمراھلىرىغا زىيان يەتكۈزۈپ جان ساقلايدىغانلارنىڭ خاراكتېرى ئىدى. نامەرد، ئاسىيلارنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ، دېگەن ئەقىدە دىلىغا مەھكەم ئورناپ كەتكەنىدى. ئۇ بېشىنى سالغىنىچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان جۇنۇسبېكتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، توختىغۇلغا تىكىلدى.

— كۆردۈڭمۇ، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، يەنە ئۆلتۈرمىدىم؟

ھەيرەتتە قالغان توختىغۇل نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىدى.

— ئۇقالمىدىم، شاھزادە، بۇنىڭ ھېكمىتى ئاللاغا مەلۇم بولسا كېرەك.

— بىلىپ قويىكى، ئۆز سەردارىغا، ھەمراھىغا ئاسىيلىق قىلغان ئادەمدىن ۋاپا كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ماڭا بىلدۇرگەن ساداقىتى يالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇم، لېكىن خان ئاتام قان تۆكمەسلىكنى پەرمان قىلغاچقا، ئۇنىڭ جېنىنى ئامان قويدۇم. نامەردنىڭ بەلگىسى نېمە، بىلەمسەن؟

— نامەردلىكنىڭ بەلگىسى قورقۇنچاقلىق، ئالىيلىرى، — دېدى توختىغۇل دەرھاللا.

— سەنمۇ ئۆلۈمگە لايىق دۈشمەن ئىدىڭ، ئەمما بېشىڭغا كەلگەن ئۆلۈمدىن قورقماي، سەرداىڭغا، ھەمراھىڭغا سادىق بولدۇڭ، بۇ پەزىلىتىڭ ماڭا يارىدى، شۇڭا سېنى ئۆلتۈرمىدىم. يەنە بىر سوئالىم بار، راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەرسەڭ، دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان بولساڭمۇ سېنى كەچۈرىمەن.

— سورىسىلا، شاھزادە، راست سۆزلىشىم ئۈچۈن ئىگەم ئاللا مەدەتكار بولغاي.

— ئېيتقىنا، نېمە ئۈچۈن ئەمىر مۇھەممەدبېككە نۆكەر بولۇپلا قالماي، يۈزبېشى بولالىدىڭ؟

توختىغۇلنىڭ قوي كۆزلىرى قاراڭغۇ تۈن قوينىغا تىكىلدى. «ئەمدى ئۆلتۈرىدىغان بولدى، راستىنى ئېيتاي» دېدى ئۇ ئىچىدە.

— ئاۋۋۇلىمىزغا سېلىق يىغقىلى كەلگەن سەئىدخاننىڭ بىر نۆكىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىم ئۈچۈن، ئەمىر مۇھەممەدبېك مېنى نۆكەرلىككە تاللىدى. كېيىن جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ يۈزبېشى بولدۇم. راست شۇنداق.

— شاھزادە، ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك دۈشمەن ئەسلى مۇشۇ ئىكەن، — خوجا ئەلى گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ، ئابدۇرەشىدخاندىن جاۋاب كۈتۈپ تۇردى.

— ياق، خوجا ئەلى ئاكا، بۇ ئەزىمەت ھەقىقەتەن كەچۈرۈشكە

تېگىشلىك.

خوجا ئەلى لېۋىنى چىشلىدى: «دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئىسپاتلاۋاتسا، قانداقمۇ كەچۈرگىلى بولسۇن؟»

— يالغان سۆزلەپ دوستلۇق ئىزهار قىلغان بەتنىيەتتىن راست سۆزلەپ دۈشمەنلىكىنى ئوچۇق بىلدۈرگەن توغرا نىيەتلىك رەقىب ياخشىدۇر. مەن بۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەچۈردۈم، — دېدى ئابدۇرەشىدخان كەسكىن تەلەپپۇزدا. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ قالغان توختىغۇلغا كۆز تىكتى، — ئەمدى قاياققا كەتسەڭ كېتىۋەرگىن، يولۇڭ ئوچۇق.

— ئۆزلىرىگە ئاللا رەھمەت قىلسۇن، شاهزادە، پادىچى قىزنى ئەكېتىشىمگە رۇخسەت قىلىشلىرىنى سورايمەن.

— تولا ھەددىڭدىن ئاشماي، دەرھال يوقال! — ھارىس نەجمىدىن دوغلات بىگىز قولى بىلەن شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئېقىن تەرەپنى كۆرسەتتى.

— بىز ماڭايلى! — ئابدۇرەشىدخان ئوسمانبەگ، خوجا ئەلى، ھارىس نەجمىدىن دوغلات ۋە يەنە بىرنەچچە نۆكەرنى ئەگەشتۈرۈپ تاغ تەرەپكە ئۈچقاندەك چېپىپ كەتتى، توختىغۇلمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. تۆت - بەش كۈنلۈك بولغان ھىلال ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى.

## 3

كۆكلەم شامىلى تاشلىق ساينى سىيپاپ ئۆتۈپ توپا - شېغىللىق داۋانغا غۇرۇلداپ ئۇرۇلاتتى ۋە ئاجايىپ سىرلىق ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. بۇنىڭغا ئاتلارنىڭ كىشنىشى، مەشئەل كۆتۈرگەن نۆكەرلەرنىڭ سۆز - چاقچاقلىرى قوشۇلۇپ دالا كېچىسىنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلغانىدى.

داۋاندىن پەسكە چۈشۈپ بارگاھتا ئورۇن ئالغان سەئىدخان ئابايا يېتىپ كېلىشكەن ئابدۇرەشىدخان بىلەن خوجا

شاھمۇھەممەدى بارلاس ئاڭلىغان مۇھەممەدبېك توغرىسىدىكى ئەھۋالاتنى مۆلاھىزە قىلىۋاتاتتى. ئۇ سەيىيدمۇھەممەد مىرزا، ئەمىن خوجا سۇلتانلار بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن پەرمان چۈشۈردى. بۇ پەرمانغا ئاساسەن سەيىيدمۇھەممەد مىرزا، ئەمىن خوجا سۇلتان، ئابدۇرەشىدخان، ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسلار مۇھەممەدبېك بارگاھىنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ، قان تۆكمەي ئۇنى ئەل قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىشتى.

ھىلال ئاي تىكلەشكەن، كېچىمۇ تەڭلەشكەندى. ئاقئۆيلەردە ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ نۆكەرلىرى ئېغىر ئۇيقۇدا ئىدى. ئاتلىرىنى نېرىدا قالدۇرۇپ، يالاق كېلىشكەن سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى تۆت تەرەپتىن قورشاپ ئاستا - ئاستا ئاقئۆيلەرگە يېقىنلاشتى. بۇ يەردە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان نۆكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئاقئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا يېنىچە يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىشكەن، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقان نۆكەرلەرنى مۇگدەك باسقان، مېڭىپ يۈرگەنلىرى يوق دېگۇدەك ئىدى. توشقانغا ئېتىلغان قارچىغىدەك ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ نۆكەرلىرى ئۇلارنى باسماقداپ تۇتۇپ، ئېغىز ئاچۇرماي باغلىۋەتتى.

خوجا ئەلى مۇھەممەدبېكنىڭ بارگاھى — چوڭ ئاقئۆيگە ئېتىلىپ كىرگەندە، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بۇ ئەمىر خورەك تارتىۋاتاتتى. مەشئەل يورۇقى يۈزىگە چۈشكەندە، كۆزىنى ئېچىپلا يۇمۇۋالدى. «ئابدۇرەشىدخان، خوجا ئەلى باتۇرلار قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرىدۇغۇ. بۇ قانداق چۈش ئۆزى؟ ...» «مۇھەممەدبېك، تۇر ئورنۇڭدىن !» دېگەن ئاۋاز قۇلىقىغا كىرگەندەك بولۇپ، يەنە كۆزىنى ئاچتى. تۆمۈر ساۋۇت كىيىشكەن ئابدۇرەشىدخان، خوجا ئەلى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بېشىدا قىلىچ كۆتۈرۈپ دېۋەيلىشىپ تۇراتتى. «چۈشۈممۇ، ئويغۇممۇ بۇ؟ ...» دېدى ئۇ دەككە - دۈككىدە.

— تۇر ئورنۇڭدىن ! — تۇۋلىدى ئابدۇرەشىدخان

مۇھەممەدىبېك ئۈستىگە يېپىشقان يولۋاس تېرىسىنى قىلىچ بىلەن قايرىپ تاشلاپ.

بۇنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى بىلگەن مۇھەممەدىبېك ئورنىدىن قوپتى. ياشانغان بۇ سەردار قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قوللىرىنى ئۇزارتتى.

— شاھزادە، پېقىرنى سۇلتان ئالدىغا ئېلىپ بارغايلا، — دېدى ئۇ باش سېلىپ.

مىرزا ئابابەكرى بىلەن بولغان جەڭدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن بۇ سەردارنى سەئىدخان ئۈچ يىل بۇرۇن ئەمىرلىككە كۆتۈرۈپ، ئانا يۇرتى — قىرغىز دىيارىغا ھۆكۈمدار قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. بۇ غەيۇر سەردارغا ھۆرمىتى زىيادە ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ ياۋاشلىق بىلەن باش ئەگكىنىنى كۆرۈپ قەھرى تۈتتى:

— ئەمىر جانابلىرى، سىلى يولۋاستەك قورقۇمسىز ئەمەسمىدىلە؟ ئۆزلىرىنى بۇ ھالدا كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. بىزدەك ئادەم باللىرىغا ھېچقانداق قارشىلىقسىز باش ئەگكەنلىرى نېمىسى؟ ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقمىدىلىمۇ؟ سىلىگە ئىچىنىۋاتىمەن!

— پېقىرنى ئىنسان قىلىپ ياراتقان جانابىي ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماي ئامالىم يوق، شاھزادە. سىلى تېخى ياش، بۇنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالىدىلا. مېنى نېمە قىلسا خان ئۆزى قىلسۇن، ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارغايلا، — دېدى مۇھەممەدىبېك ئىشىك تامان مېڭىپ.

— قەدەملىرىنى توختاتسىلا، ئەمىر! — ئابدۇرەشىدخان بۇيرۇق بىلەن ئۇنى توختاتتى، — قىلىچقا قىلىچ تەڭلەپ يېڭىلگەن بولسىلا، ئۆزلىرىنى كەچۈرەر ئىدىم. مۇنداق بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالسىلا، كىم سىلىنى مەككار دېمەي، مەرد دەپ ھۆرمەتلەيدۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ خوجا ئەلىگە قارىدى، — باغلىسىلا ئۇنى، ئاسىي گۇناھكارغا رەھىم قىلىشقا بولمايدۇ!

— شاھزادە، ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشلىرىنى تىلەيمەن. ئەمىرنىڭ سۆزىدە ھېكمەت بار، خانىدانلىقىمىزنى تىكلەشتىمۇ زور تۆھپە كۆرسەتكەن، — دېدى خوجا ئەلى، — ياشلىق قىلمىسىلا. ئۇ ئاتىلىرى ئۈچۈن جان پىدا قىلغان باھادىر ئىدى، گۇناھىنى تونۇشىغا پۇرسەت بېرەيلى.

— شاھزادە توغرا دېدى، ئۇنى باغلاپ ئېلىپ بېرىش كېرەك! — ھارىس نەجمىدىن دوغلات خوجا ئەلىنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماستىن، كەلگىنىچە مۇھەممەدبېكنى باغلىدى. ئۇنىڭ پەرمانىبەردارلىقى ئابدۇرەشىدخاننىڭ دىل رايىغا بەكمۇ خوپ كەلدى.

— ئېلىپ مېڭىڭلار!

قوللىرى باغلانغان ئەمىر مۇھەممەدبېكنى ئاقئۆيدىن ئاچىققاندا، ئۇنىڭ سەردار، ياساۋۇل، نۆكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەل قىلىنىپ بولغانىدى.

سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن مۇھەممەدبېكنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن نۆكەرلىرى كەڭرى سايلىقتا سەپراس بولدى. ياساۋۇللار ئېگىز كۆتۈرگەن مەشئەللەر ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

سەئىدخان چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، دېدى:

— مەن قان تۆككىلى كەلمىدىم، قېرىنداشلىرىم. ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن ئامان - ئېسەن دىدار كۆرۈشۈپ، دادىڭلارغا يېتىپ، ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالغىلى كەلدىم. قانداق تەلىپىڭلار بولسا ئېيتىڭلار. ئادالەت مېنىڭ تۇتقان يولۇمدۇر.

سەئىدخان سۆزىنى توختىتىپ، باغلانغان ھالدا باش ئېگىپ تۇرغان مۇھەممەدبېككە قارىدى:

— سەن خانلىقىمىزنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەنىدىڭ. ئەمدى ئاسىيلىق قىلىپ، ئەلنىڭ ئارامىنى بۇزدۇڭ. بۇنىڭغا ئىقرارمۇسەن؟

— ئىقرارمەن، شاھىم. مەن گۇناھكار.

www.uyghurkitap.com

— ئەسلىدە سېنى دارغا ئاسسام بولاتتى، لېكىن خانلىقىمىز ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۆھپەڭنى نەزەرگە ئېلىپ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم. بۇنىڭدىن كېيىن جايىڭ زىندان بولىدۇ. يەنە ئېيتار گېپىڭ بارمۇ؟

— بار، خان ئالىيلىرى، — دېدى مۇھەممەدبېك بېشىنى كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزىدە كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى، — قىرغىز دىيارىدىن ئېلىنىدىغان سېلىق ئېغىرلىشىپ كەتتى. قوۋم - قېرىنداشلىرىم نامراتلىقتىن قۇتۇلغىنى يوق ... تەلەپىم سېلىق يېنىكلىتىلىپ، ئادالەت جارى قىلدۇرۇلسا. باشقا گېپىم يوق، ئالىيلىرىنىڭ ھۆكمىگە رازىمەن.

— ئەمىر مۇھەممەدبېك ھەق گەپ قىلدى، — دېدى ئەسىرلەر ئارىسىدىكى بىر چال قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، — سۇلتان ئالىيلىرى، پېقىر ئىسسىقكۆل دىيارىدىن، ئېتىم تۇرسۇنبېك، ئاۋۇل ئاقساقىلىمەن. ھەر يىلى خانلىق ئۈچۈن يارام ئاتتىن يۈز تۇياق، قويدىن مىڭ تۇياق سېلىق تاپشۇرۇپ كەلدىم. يىلدىن - يىلغا نامراتلىشىپ كەتتۇق. ئاخىر مۇھەممەدبېككە ئەگىشىپ زۇلۇمغا قارشى قوزغالماقچى بولغانىدۇق. كۈتمىگەندە ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ يەرگە ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك قەدىمى يېتىپ، ئۆلۈم - يېتىمدىن ساقلىنىپ قالدۇق، قان تۆكۈلمىدى. بىزگىمۇ ئەمىنلىك، مەمۇرچىلىق بولسا دەيمىز، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياشلار تۆكۈلدى.

— تۇرسۇنبېك توغرا ئېيتىدۇ!

— سېلىقتىن جاق تويدۇق!

— بىزگە مەمۇرچىلىق كېرەك!

— خاننىڭ ئادالىتى بىزنىڭ سائادىتىمىز!

سەئىدخان كۆز ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ساداسىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ، كۆپچىلىككە نەزەر تاشلىدى:

— قېرىنداشلىرىم، سىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىڭلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ يەتتىم. ئەگەر بارىسقاۋۇن داۋىنىدىن ئۆتمىگەن بولسام، سىلەر بىلەن دىدار كۆرۈشەلمەيلا قالماستىن، ئەھۋالىڭلاردىن خەۋەر تاپالمايدىكەنمەن. بىھۇدە قان تۆكۈلۈپ، ئاللانىڭ ئالدىدا گۇناھىم ئېغىرلىشىدىكەن. مېنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈپ، ھالىڭلارنى بىلىشكە مۇيەسسەر قىلغان ھەقتە ئاللاغا مىڭ مەرتىۋە ھەمدۇسانالار بولغاي! بۇگۈندىن باشلاپ ئۈچ يىلغىچە قىرغىز دىيارىدىن سېلىق ئېلىنمايدۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئېتى ئون تۇياقتىن، قويى يۈز تۇياقتىن ئاشقانلاردىن مۇۋاپىق ھالدا سېلىق ئېلىنىدۇ. كىمكى بۇ پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، جازاغا تارتىلىدۇ. سىلەر ئەسىر ئەمەس، ھازىردىن باشلاپ ھۆر سىلەر. ئاۋۇل - قىشلاقلىرىڭلارغا قايتىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەيسىلەر!

— سۇلتان سەئىدخانغا ئاللا رەھمەت قىلسۇن!

— سۇلتان سەئىدخاننى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

سەئىدخان ئۆزىگە قارشى قوزغالماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتقان تىلەكلىرىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— خان ئالىيلىرى، دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يەتمەك ئىمان جۈملىسىدىندۇر، — دېدى سەيىدمۇھەممەد مىرزا سەل ئېگىلىپ، — غەزەپ بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ. شەپقەت خۇرسەنلىك، ئۈمىد بەخش ئېتىدۇ. ئادالەت پادىشاھنى قۇدرەت تاپتۇرىدۇ. بۇ ئاقىلانە پەرمانلىرى قىرغىز قېرىنداشلىرىمىزغا بەخت - سائادەت ئەكەلگەي، ئىنشائاللا!

ھەمىشە ئاۋام - پۇقرانىڭ غېمىنى يەيدىغان سەييىدمۇھەممەد مىرزا كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتتى. سامى بولۇپ تۇرغان خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ خۇيى تۇتتى، گۆشلۈك قاپاقلىرى سېلىندى. ئۇنىڭچە بولغاندا، مۇھەممەدبېك

www.uyghurkitap.com

باشچىلىقىدىكى قىرغىز توپىلاڭچىلىرىنى قىرغىن قىلىپ، مىڭلىغان ئات ـ كالا، قويلارنى ھەيدەپ كېتىش كېرەك ئىدى. سەئىدخاننىڭ كەڭ قورساقلىق بىلەن چۈشۈرگەن يارلىقى ئۇنى زور ئۆلجىغا ئىگە بولۇش ئارزۇسىغا يەتكۈزمەيلا قالماستىن، «خاننىڭ كۆڭلىدىكى ئادەم بولۇۋېلىش» ئىستىكىنىمۇ يوققا چىقارغانىدى.

«مۇشۇنداق ئادىل پادىشاھنىڭ ئوغلىنى پېقىرغا ئۆلتۈرگۈزۈش ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ قارا نىيىتىنى ئاشكارىلىمامدۇ؟ ئەي، خۇدا، پېقىرنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ...» دېدى كۆڭلىدە ھارىس نەجمىدىن دوغلات.

— قېرىنداشلىرىم، دەردىڭلارنى بىلدىم. سىلەر ئاۋۇل ـ قىشلاقلارغا قايتىپ پەرمانىمنى يەتكۈزۈڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن سىلىق دەپ ھېچكىم زۇلۇم قىلمايدۇ. كىمدىكىم زۇلۇم قىلىدىكەن، ماڭا ئەرز يېزىپ ئەۋەتىڭلار. داد ئېيتىپ كىم ئالدىمغا كەلسە، ئۇنىڭ ھالىغا يېتىمەن! — سەئىدخاننىڭ ئاۋازى ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. «پادىشاھ دېگەن شۇنداق بولسا، نېمىدېگەن مەرد! ئەي، ئاللا، ئۇنى ئامان قىلغىن» دېدى ئۇ يەنە ئىچىدە. سەئىدخاننىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ دىلى يورۇغاندەك بولدى.

— مۇھەممەدبېك! — دېدى سەئىدخان غەزەپلىنىپ، — خەلقىنىڭ ئاھۇزارىدىن مېنى نېمىشقا ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرمىدىڭ؟ قىرغىزلار خانلىقىمىزغا قارشى چىقسا، مەقسىتىمگە يېتىمەن، دەپ ئويلىدىڭمۇ يا؟ ئون يىلغىچە ئالۋان ـ ياساق ئالماسلىق توغرىسىدىكى يارلىقىمنى نېمىشقا ئىجرا قىلمىدىڭ؟ جاۋاب بەر!

— ...

مۇھەممەدبېك زۇۋان سۈرمەي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— ئەلنى قوزغاپ يېغىلىق قىلماقچى بولغىنىڭ خانلىققا ئاسىيلىق قىلغىنىڭ. لېكىن، مەن بۇ گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم، —

دېدى سەئىدخان ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، — يارلىقىمنى خەلقىڭگە يەتكۈزمەي، سىلىق يىغىپ زۇلۇم قىلغىنىڭنى كەچۈرەلمەيمەن! نېمە تىلىكىڭ بار؟ ئېيت!

مۇھەممەدبېك تىزلاندى.

— شاھىم، مەن گۇناھكار، ماڭا رەھىم قىلسىلا! تىلىكىم مۇشۇ.

— خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس! — چاقىردى سەئىدخان.

— لەببەي، شاھىم! — ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى.

— مۇھەممەدبېكنىڭ بارلىق سەردار، بەگ، ياساۋۇل، نۆكەرلىرىنىڭ ئات جابدۇقلىرىنى، قىلىچ ـ قالقانلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار. ماكانلىرىغا قايتسۇن!

— خوپ، شاھىم! — خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس تاتارغان ھالدا ئارقىسىچە مېڭىپ بېرىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، سەپراس تۇرغان لەشكەرلەر سېپىگە كېلىپ خاننىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى.

يۈزبېشى، مىڭبېشى بولغان بەگ، سەردارلار ئۆزلىرى ئەسىر ئالغانلاردىن تارتىۋالغان ئات، ھارۋا، قورال ـ ياراغلارنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى.

— سۇلتانىمىز سەئىدخانغا ئاللا رەھمەت قىلسۇن! پېقىر قىرغىز دىيارىدىكى ئاۋام نامىدىن رەھمەت ئوقۇيمەن. ئادالەت ياشىسۇن! — دېدى ھاياجان بىلەن سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرغان تۇرسۇنبېك.

— ئادالەت ياشىسۇن!

— سۇلتان سەئىدخانغا شان ـ شەرەپلەر بولسۇن!

— سۇلتان سەئىدخاننى ئاللا ئامان قىلغاي!

ئاتلىرى قايتۇرۇپ بېرىلگەن، قىلىچ، نەيزە، قالقانلىرىنى قولىغا ئالغان قىرغىزلار خۇشاللىقىدىن چۇقان سېلىشتى.

تۇرسۇنبېك باشلىق توقسان نەپەر ئاۋۇل ـ قىشلاق ئاقساقىلى سەئىدخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى.

— دىيارىمىزدا قان ئاقىدىغان بولدى دەپ قايغۇرغاندۇق، ئاللا كۆچۈللىرىگە مېھىر ـ شەپقەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، غەزەپلىرىنى باستى. دىيارىمىزدا ئادالەت چىرىغىنى ياندۇرۇپ، قىرغىز خەلقىگە كاتتا شەپقەت ياغدۇردىلا. بىز ئۆزلىرىدىن ئالەمچە مىننەتدارمىز. يىراق جايدىن مىڭ مۇشەققەت بىلەن داۋان ئېشىپ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىدا تۇز ـ تائاملىرىمىزغا ئېغىز تەگمەي كەتسىلە، دىلىمىز رەنجىيدۇ. كېرەملىك ئاللا دىل رەنجىنى ھېچقاچان راۋا كۆرگەن ئەمەس. ئەي، ئادالەتلىك خان ئالىيلىرى، ئاتتىن چۈشۈپ مۇبارەك قەدەملىرىنى ئەزىزانە تۇپرىقىمىزغا باسسىلا. قان قېرىنداشلىقىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەملەنسۇن، سەئىدىيە خانلىقى تېخىمۇ قۇدرەت تاپسۇن. ئاتتىن چۈشسىلە، قىرغىز خەلقى ئۆزلىرىگە قۇچاق ئاچىدۇ.

سەئىدخان ئاتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ۋە كەينىدە تۇرغان ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلارمۇ ئاتتىن چۈشۈشتى. تۇرسۇنبېك كەڭ قۇچاق ئېچىپ سەئىدخاننى، ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى، ئەمىن خوجا سۇلتاننى قۇچاقلىدى. ئۇلارنى مۇھەممەدبېك بارگاھ قىلغان كاتتا ئاقئۆيگە باشلىدى.

ئونلىغان تاي، يۈزلىگەن قوي سويۇلدى. كۈمۈش لېگەندىكى يۇمشاق پىشۇرۇلغان قوي بېشىنى سەئىدخاننىڭ ئالدىغا قويغان تۇرسۇنبېك دېدى:

— زۇلۇم ئەلنى قوزغاتسا، ئادالەت ئەلنى تىنچىتىدۇ. ئادالەتلىرىنىڭ سايىسىدا دىيارىمىزدىكى قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمىز تىنچ ـ ئاسايىشلىققا ئېرىشىدىغان بولدى. خان ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئەلنىڭ بېشى، جانابىي ئاللا مۇبارەك تەنلىرىنى ئامان ـ ئېسەن، تەختلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم قىلغاي. قېنى ئاشقا ئېغىز تەگسىلە.

— تۇرسۇنبېك ئاغا، ئاللا پۈتۈن قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمىزنى ئېجىل ـ ئىناق ئۆتكىلى نېسىپ قىلغاي. بالىلىرىمىز، نەۋرىلىرىمىز، ئەۋرە ـ چەۋرىلىرىمىزمۇ ھەمداستىخان بولۇپ

ئۆتكەي ! — دېدى سەئىدخان ئېسلىپ پىشقان كالللىدىن ئاغزىغا بىر كېسىم سېلىپ، — رەھمەت ئاغا، رەھمەت قېرىنداشلىرىم.

سەئىدخان ئۆزىگە تارتىلغان بىر سان گۆشتىن خېلى يەپ، بىر يىلدىن بېرى تۇلۇمدا ساقلىنىپ كۆچلىنىپ كەتكەن قىمىزدىن ئۈچ ھېجىر ئىچتى. تۆتىنچى ھېجىرنى ئىنىسى ئەمىن خوجا سۇلتانغا ئۆتۈندى.

تاشلىق سايدىكى ئېقىننى ياقىلاپ تىكىلگەن ئاق كىگىز ئۆيلەردە ئۇيغۇر، قىرغىز سەردار، نۆكەرلەر تاڭ ئاتقۇچە گۆش يەپ، قىمىز ئىچىپ، تاماشا قىلىشتى. قاچانكى سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ مەزىنى ئەزان ئېيتىشقا باشلىغاندا ئۇلار داستىخاندىن قول تارتىپ، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئىمامىلىقىدا بامدات نامىزى ئوقۇلغاندىن كېيىن، سەئىدخان ئىسسىقكۆل دىيارىنىڭ ئاقساقىلى تۇرسۇنبېكنى قىرغىز ئېلىگە ھۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلىدى ۋە قايتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھالبۇكى، تۇرسۇنبېك ۋە قىرغىز مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن، بۇ يەردە ئۈچ كۈن ئارام ئېلىپ ئاندىن قايتىدىغان بولۇشتى. بىر پادا قوي بىلەن داۋان باغرىدا نەزەربەند قىلىنغان پادىچى قىزنى ئېسىدىن چىقارمىغان ئابدۇرەشىدخان مۇھەممەدبېك ئەسىر ئېلىنغان چاغدا گاڭگىراپ قالغان توختىغۇلنى چاقىردى. ئۇنىڭغا ھارىس نەجمىدىن بارلاسنى قوشۇپ، دەرھال قىزنى ئەكېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ قىز — تۇرسۇنبېكنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، توختىغۇلنىڭ مەشۇقى ئىدى.

كۈن بارىسقاۋۇن داۋىنىغا نۇر چاچقاندا قىزنى بىر پادا قوي بىلەن ئەكېلىشتى. قىز تۇرسۇنبېكنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئاتا، جېنىم ئاتا ...

www.uyghurkitap.com

— قىزىم، جىگىرىم بالام، قەيەرگە كەتتىڭ؟ — تۇرسۇنبېك قىزىنى باغرىغا باستى، باستى - يۇ، قىزغا تەلمۈرۈپ تۇرغان توختىغۇلنى كۆرۈپ، قىزىنى ئىتتىرىۋەتتى، — سەن بۇ دۈيۈر بىلەن بىللىمىدىڭ، قانجۇق؟ بىلىپ قوي، سىېنى ھەرگىز توختىغۇلغا ياتلىق قىلمايمەن!

تۇرسۇنبېكنىڭ قەھرى بىلەن قىلغان سۆزلىرىدىن ئابدۇرەشىدخان ئەھۋالنى چۈشەندى. «ئەسلىدە بۇ ئاقساقال قىزىنىڭ توختىغۇلغا ياتلىق بولۇشىنى خالىمايدىكەن - دە!» ئۇ شۇنداق ئويلاپ، يېنىدا تۇرغان خوجا ئەلىنىڭ قۇلىقىغا: «ئەھۋالنى ئاتامغا بىلدۈرۈڭ» دەپ پىچىرلىدى - دە، بىر يانغا ئۆتۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

خوجا ئەلى پادا ھەيدەپ كېتىۋاتقان قىزنى ئۇچراتقانلىقىنى، ئېيتقان گەپ - سۆزلىرىنى، كېيىن ئۆزىنىڭ توختىغۇلنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۇنى قويۇۋەتكەنلىكىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.

— ئاقساقال، ئەمدى نېمە دەيدىلا؟ — دېدى سەئىدخان تۇرسۇنبېككە قاراپ.

— شاھىم، مەن يېڭىلىپتىمەن. توختىغۇلنى كەمبەغەل ساناپ، قىزىمنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشنى راۋا كۆرمىگەنىدىم. ۋاھالەنكى، ئۇ بىر ئەزىمەت ئىكەن. مەن ئۇنى كۈيۈئوغۇل قىلىشنى خالايمەن. مەردلىك بىلەن ئۇنى كەچۈرگەن شاھزادە ئابدۇرەشىدخانغا رەھمەت ئوقۇيمەن، — ئۇ سەئىدخانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئۇياق - بۇياقتا كۆز سېلىپ، شاھزادىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن تاتارغان چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈرگەن توختىغۇلغا تىكىلدى، — سەئىدخاننىڭ شاپائىتى، ئابدۇرەشىدخاننىڭ جاسارىتى بىلەن قىرغىزلار قىرغىندىن ساقلىنىپ قالدى. تويۇڭلار شاد - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتىدىغان، بېشىڭلارغا بەخت قۇشى قونىدىغان بولدى. سۇلتانىمىزغا رەھمەت ئوقۇڭلار.

ئالتۇن بىكە بىلەن توختىغۇل سەئىدخانغا تەزىم قىلىشتى. يىگىت بىلەن قىزنىڭ بىر ـ بىرىگە تەلمۈرۈشۈپ تۇرغىنىنى بىر چەتتە كۆرۈپ تۇرغان شاھزادە «ئادەمنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى خەۋپ بىلەن ئاسايىشلىق ئىچىدە قارار تاپىدىكەن. مەن بارىسقاۋۇن داۋىنىدىن ئۆتمىگەن بولسام، كۆتمىگەن ئىشلارغا دۇچ كەلمىگەن، ئۇستازىم ئۆتمىگەن ساۋاقلارغا ئېرىشمىگەن بولاتتىم» دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ ئاسمانغا قاراپ بارىسقاۋۇن داۋىنى تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان لاچىننى كۆردى. ئۇنىڭ قەلبىنى قانداقتۇر بىر خۇرسەنلىك لەرزىگە كەلتۈرۈۋاتاتتى. «خان ئاتام ناھايىتى كەڭ قورساق، مەن شۇنداق بولالارمەنمۇ؟» دېگەن ئوي كۆڭلىدىن كەچكەندە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ جايىغا قايتىپ كەلدى.

مۇھەممەدبېك توغرۇلۇق ھېچكىم ئېغىز ئاچمىدى. ئۇنىڭ بارگاھى ئالدىدا چاشگاھ ۋاقتىدا باشلانغان سورۇن كۈن قىيام بولغاندا ئاياغلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

## بۆزرۆكۋارنىڭ نەسهەتى

### 1

گۈلئىرەم ئوردىسى سۇلتان مىرزا ئابابەكرى بىنا قىلدۇرغان يېڭى ياركەند شەھىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غەرب ۋە شەرققە قارايدىغان ئىككى چوڭ دەرۋازىسى بار بولۇپ، غەربتىكىسى «قوۋۇقى مەغرىب» شەرقتىكىسى «قوۋۇقى مەشرىق» دەپ ئاتىلاتتى. قوۋۇقى مەغرىبنىڭ ئالدى كەڭ چىمەنلىك مەيدان بولۇپ، ئۇدۇلىدا ئازنا مەسچىت، خانلىق مەدرىسەنىڭ گۇمبەز، مۇنارلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوڭ تەرەپتىكىسى ئالىم، شائىرلار، سازەندە ـ مۇغەننىلەر يىغىلىپ مۇنازىرە، مۇتالىئە قىلىدىغان، ئارام ئېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ھەيدەرباغ گويا قانات يايغان تۇزدەك كىشىنى جەلپ قىلاتتى. سول تەرەپتە رەستە ـ بازارلار كوچىدىن ـ كوچىغا سوزۇلغانىدى.

سۇلتان سەئىدخان ھەر ھەپتىسى جۈمە نامىزىدىن كېيىن مۇشۇ مەيداندا دادخالىق قىلىپ كەلگەن دەردمەنلەرنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلاتتى، ھال ـ ئەھۋالىنى سورايتتى، گېپىنى ئاڭلايتتى. زوراۋان، قاتىل، ساختىپەز، ئالدامچىلار جازالىناتتى. زىيانكەشلىك قىلىنغۇچىلار، يېتىم ـ يېسىر، مىسكىنلەرنىڭ بېشى سىلىناتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ مەيدان

«مەيدانى ئادالەت» نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

قوۋۇقى مەشرىقنىڭ ئالدى خىيابانلىق بولۇپ، دەل - دەرەخلەر، گۈل - گىياھلار ئارىسىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. بۇ ئۆستەڭ سەئىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن ھىجرىيە 930 - يىلى① چېپىلغانىدى. شەھەر ئاھالىسى ۋە ئەتراپتىكى يېزىلار مۇشۇ ئۆستەڭدىن سۇ ئىچەتتى. ئۇنىڭغا تۇتاشقان ئېرىقنىڭ سۈيى گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ سېپىلى ئاستىدىكى سۇڭگۈچتىن ئۆتۈپ، چارباغدىكى شاھ ھەۋزىسىگە قۇيۇلاتتى.

ئوردىنى ئايلاندۇرۇپ چوڭقۇر قېزىلغان خەندەككە سېلىنغان ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتسە، مۇشۇ دەرۋازا ئارقىلىق خاننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىلا تۇرىدىغان كۆركەم ھەرەمخانا - قەسىرلەرگە كىرگىلى بولاتتى. بۇ دەرۋازىدىن پەقەت خان جەمەتىلا ئوردىغا كىرەلەيتتى، باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنغانىدى.

كېچىسى ھەر ئىككى دەرۋازا ئېتىلىپ، خەندەك ئۈستىدىكى ئاسما كۆۋرۈك كۆتۈرۈۋېتىلەتتى. جىسەكچى قاراۋۇللار دەرۋازا ئالدىدا نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ سەگەك تۇرۇشاتتى. ئوردا سېپىلى ئۈستىدىمۇ نۆكەرلەر ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ھەرقانداق يات كىشىنىڭ كىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئوردا كېچە - كۈندۈز قاتتىق قوغدىلاتتى.

سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەنە شۇنداق كېڭەيتىپ ياسىلىپ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈلگەن گۈلئېرەم ئوردىسىغا كۈندە دېگۈدەك باشقا مەملىكەتلەردىن كەلگەن ئەلچىلەر، مېھمانلار سالامغا كىرىپ تۇراتتى. ۋەزىر، ئەمىر، سەردار، بەگ، ئالىم، شائىر، مۇغەننىي، غەزەلخان، مۇنەججىم ھۆكۇما ... قاتارلىق ئەمەلدار - خادىملار بۇ ئوردىدا دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. سەئىدخان ھەر كۈنى چاشگاھ

① ھىجرىيە 930 - يىلى — مىلادىيە 1524 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ۋاقتىدا ئوردىنىڭ سۇلتان سارىيىدا تەختكە چىقىپ دۆلەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ ئوردىغا كىرگەن يەرلىك ئەمەلدارلار، لەشكەر باشلىقلىرى، پۇقرالار يارلىق ئېلىشقىلى چىقىپ كېتىشەتتى. ناماز دىگەر ۋاقتىدا سەئىدخان تەختتىن قوزغىلاتتى. ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئوردا خىزمەتچىلىرىمۇ خان بىلەن ناماز دىگەرنى ئوردا مەسچىتىدە ئوقۇپ ئۆيلىرىگە قايتاتتى. سەئىدخانىنىڭ كەچلىك زىياپىتىمۇ شۇ ۋاقىتتا باشلىناتتى، ئۇنلىغان كالا، قوي، ئوغلاق، موزاي، تايلار سويۇلۇپ چوڭ داش قازانلاردا پىشۇرۇلاتتى. ھەر خىل قۇشلارنىڭ كاۋاپلىرى تەييارلىناتتى. بۇ زىياپەتكە سەئىدخان تەكلىپ قىلمىسا بەزى ۋەزىر، ئەمىرلەرمۇ قاتنىشالمايتتى. مەيزاپ ـ شارابلار سۇدەك ئىچىلەتتى. ئىشىكئاغىسى مىرزا ئەلى تاغاي بۇ شاھانە زىياپەتتە ساقىيلىق قىلاتتى.

— ئەلنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ئالىيلىرىنىڭ ئادالىتىدىن بولغان، مەغرىبتىن نۇشىرۋان ئادىل چىققان بولسا، مەشرىقتىن ئۆزلىرى چىقتىلا، پېقىر قۇللىرى ئاۋام خەلق نامىدىن بىرىنچى قەدەھنى بۇزرۇكۋار ئالىيلىرىغا تۇتىمەن، — مىرزا ئەلى تاغاي سەئىدخانغا شاراب تۇتۇپ:

ساقىيا، كەلتۈر قەدەھ پەيمانىنى ھەم مەينى بەر،
كەلدى دۆلەت خانىغا سۇلتانكى قىلغانتى سەپەر.

دەپ نەزم ئوقۇسا، مەگزى شەپەقتەك قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشقان سەئىدخان:

كىمكى بولسا قولىدا ئەيش خۇشاللىق جامى،
ئەگەر ئۇ ئىچمىسە قالغۇسى مالاللىق نامى.

دەپ ئالتۇن جامنى قولىغا ئالاتتى ـ دە، كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتەتتى، چىرايلىق ياسالغان قارا ساقىلىنى ساقىغان تامچىلار ھۆل قىلىۋېتەتتى.

— بارىكاللا، خانغا قېرىلىق يەتمىسۇن، — دەپ تۇۋلىشاتتى ئەمىر ـ ئەركانلار.

— ئەي، ئۇلۇغ شاھىم، مۇبارەك تەنلىرى ئامان، دۆلەتلىرى تېخىمۇ زىيادە بولغاي! كەمىنە قۇللىرىنىڭ ساداقىتىنى قوبۇل قىلغايلا، — دەپ نەچچە يىل كۆمۈپ قويۇپ كۈچلەندۈرۈلگەن مەيزاپتىن سۇناتتى ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس.

كەينى ـ كەينىدىن سۇنۇلغان شارابتىن مەستخۇش بولغان سەئىدخان ھەممە نېمىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇد چېلىشقا باشلايتتى.

ئونلىغان خۇمرا، ئىدىشتىكى شاراب تۈگەپ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئالىجوقا سۆزلەشكە باشلىغاندىلا ۋەزىر مىرزا ھەيدەر: «بەس، جانابلار، شاھىمىزنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقتى بولدى» دەپ سەئىدخاننى يۆلەپ ئاچىقىپ كېتەتتى. شۇ چاغدىلا مىرزا ئەلى تاغاي نائىلاج شاراب قۇيۇشتىن توختاپ، زىياپەت ئەھلىنى غودۇرىغان ھالدا ئۇزىتاتتى. ئۇ ساقىيلىق قىلىپ يۈرۈپ سەئىدخانغا يېقىنلىشىپ كەتكەن، شاراب ئىچىشتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسمۇ سەئىدخاننىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ شارابقا مۇنداق بېرىلگىنىگە ئىككى يىل بولغانىدى. بارىسقاۋۇن داۋىنىدىن ئۆتۈپ، مۇھەممەدبېكنى ئەل قىلىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتىن باشلاپ، دەسلەپ ئايدا بىر قېتىم، كېيىن ھەپتە ئارىلاپ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى. كېيىنچە مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ كۈچەپ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن كۈن ئارىلاپ ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. بۇنىڭغا باش ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانمۇ، دىۋانبېگى بولغان

قاناتيەگمۇ ئامالسىز قېلىشتى. ئاخىر بىر كۈنى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بامداتتىن يېنىپلا سەئىدخاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئېغىز ئاچتى:

— خان ئاكا، كەمىنە ئۆزلىرىگە كىچىك چېغىمدىن تارتىپ ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، بىز قىيامەتلىك دوست بولۇپلا قالماي، بىر نەۋرە ئاكا ـ ئىنىلەرمىز. ئاكا ئىنىگە، ئىنى ئاكىغا كۆيۈنۈش، دوستلار بىر ـ بىرىگە سادىق بولۇش ئادىمىيلىك جۈملىسىدىندۇر. مەن ئۆزلىرىگە قېرىنداشلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن سەمىلىرىگە شۇنى سالىمەنكى، خانلىقىمىزنىڭ بايلىقى زىيانغا ئۇچراۋاتىدۇ، كۆڭۈللىرىگە مەقبۇل كەلسە، بايلىقنى ئاسرىغان بولساق.

— قانداق زىيان ئىكەن ئۇ؟ — سەئىدخان ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— خان ئالىيلىرى، نەچچە يىلدىن بېرى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلاردىن، سېتىقچى ـ تىجارەتچىلەردىن، دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن باج، سېلىق ئېلىنمىغاچقا، خەزىنىمىز كىرىمسىز قالدى، — دېدى مىرزا ھەيدەر ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، — بىراق لەشكىرىي خىراجەت، ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ چىقىمى كۈنسېرى ئېشىپ باردى. ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن مەردلەرچە قىلىنىۋاتقان سوۋغا ـ سالاملار، خەير ـ سەدىقىلەر ئۇچۇنمۇ كۆپ مال ـ دۇنيا سەرپ بولۇۋاتىدۇ. ئوردىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان زىياپەتلەرگە بولسا تېخىمۇ كۆپ پۇل خەجلىنىۋاتىدۇ. مۇنداق كېتىۋەرسە خەزىنىمىز قۇرۇقدىلىپ، خانلىقىمىز ئېغىر كۈنگە قالىدۇ، ئاۋامدا نارازىلىق پەيدا بولىدۇ. خەزىنە خانلىقىمىزنىڭ غول تۈۋرۈكى، بۇ تۈۋرۈك ئاجىزلاپ غۇلاپ كەتسە، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بېسىپ كىرىشىگە پۇرسەت تۇغۇلىدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز. ئويلىنىپ كۆرۈشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. بارىسقاۋۇن داۋىنىغا ئاتلىنىش ئالدىدىمۇ بۇ توغرۇلۇق سەمىلىرىگە سالغانىدىم.

— توختىسىلا، ۋەزىر جانابلىرى، — سەئىدخان چۈشەنمىگەندەك قىلىپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — پۈتۈن خەزىنە ئاللانىڭ ئىلكىدىدۇر. بەندىلەرنىڭ پۇل - مېلى تۈگىسە، پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاتائالا ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن خاۋاتىرلەنمىسىلە، — ئۇ كايىغاندەك قىلىسىمۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى سىلىق چۈشۈردى.

مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان خانغا گېپىنىڭ تەسىر قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈمىدسىزلەنگىنىچە سارايدىن يېنىپ چىقتى.

ئۇ ھىجرىيە 931 - يىلى سەمەرقەنتتىن كاشغەرگە، كېيىن ياركەندكە كېلىپ، زور ئابروي قازانغان تەرىقەت پېشۋاسى خاجەئى نۇرانغا بۇ خۇسۇستا ئويلىغانلىرىنى دەپ، سۇلتانغا نەسىھەت قىلىشنى ئۆتۈندى. چۈنكى، خاجەئى نۇران ياركەندكە كەلگەندىن بېرى سەئىدخان ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ زىيادە ئەتىۋارلىغانىدى. شۇڭا، خاجەئى نۇران ئىككى قېتىم ئالاھىدە كېلىپ، زىياپەتنى كۆپ ئۆتكۈزۈپ مەملىكەت بايلىقىنى ئىسراپ قىلماسلىق، شاراب ئىچمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلغاندا، سەئىدخان قوبۇل كۆرۈپ، زىياپەتنى ئازايتقان، شارابتىن قول ئۈزگەنىدى. ئەمما، مىرزا ئەلى تاغاي، ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس قاتارلىق مەرتىۋىلىك دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن يەنە زىياپەت باشلىنىپ، شارابخورلۇق ئەۋجىگە چىققانىدى. ھەتتا ئاغىچى ئۇلۇغمۇ خانلىق خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتقىنىنى ئېيتىپ، زىياپەتنى ئازايتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈشنى ئۆتۈنگەندە، سەئىدخان:

— شۇنچە كاتتا مەملىكەتنىڭ سۇلتانىمەن. ئەل - يۇرت بېيىدى، بىزگە كېرەك بولغان نەرسىنى ئاللا ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، خەزىنە ھەرگىزمۇ قۇرۇقدىلىپ قالمايدۇ. غەم قىلمىسىلا، ئاغا، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالمىغانىدى.

سەئىدخان زىياپەتلەردىلا ئىچىپ قالماستىن، خانىشلارنىڭ يېنىدىمۇ ئىچىدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىدىمۇ شارابىنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلغان مىرزا ھەيدەر كۆرەگان قاناتبەگنى ئېلىپ خاجەئى نۇرانىنىڭ يېنىغا تونۇگۇن — پەيشەنبە كەچقۇرۇن يەنە باردى.

بۈگۈن جۈمە ئىدى، چاشگاھ بولغاندىمۇ سەئىدخاننىڭ سۇلتان سارىيىغا كەلمىگىنىگە قاراپ، «بىرەر خانىشنىڭ قېشىدا مەينىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىغان مىرزا ئەلى تاغاي مىستەك پارقىراق بېشىنى سىلىغىنىچە ئىشىكئاغىلىق كۇرسىدا كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. خاننىڭ شىكاردىن يانغانلىق شەرىپىگە بېرىلگەن ئاخشامقى زىياپەت يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلغانىدى. زىياپەتكە مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان تەكلىپ قىلىنمىغانىدى. مىرزا ئەلى تاغاي ئۆيىگە كېتىپ ئۇخلاپ، بامدات نامىزىغا ئۇلگۇرۇپ ئوردىغا كەلگەنىدى. «تاڭ ئاتقىلى تۆت سائەت بولدى، خان چىقمايۋاتىدۇ. ۋەزىر، ئەمىرلەر ئۇنى كۈتۈپ جىلە بولۇشماقتا. باش ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانمۇ قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. جۈمە نامىزىغىمۇ كەلمىسە ئوبدان بولاتتى» دېدى ئۇ ئىچىدە بىر شۇملۇقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ. ئۇ دىۋانخانىدا باش سىلىپ ئولتۇرۇشقان ۋەزىر - ۋۇزرالارغا بىرمۇبىر كۆز سېلىپ گۆشلۈك قاپىقىنى قولى بىلەن ئۇۋۇلاپ قويدى. دەرگۇمان بولۇپ، سۇلتان كىرىدىغان ئىشىككىمۇ خۇپىيانە قارىۋالدى.

قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپ، دىۋانخانا دېرىزىلىرىنىڭ دەرپەردىلىرىگە جۇلا تاشلىدى. ھاۋا ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى. سۇلتان چىقمىغانسېرى ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ سۈكۈت بۇزۇلدى.

— سۇلتانىمىزنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈش ئەجەبمۇ تەس بولۇپ كەتتى، — دېدى ئەلى سەئىد كوكۇلداش ئاق يىپەك ياغلىق



www.uyghurkitap.com

بىلەن باش ـ كۆزىدىن قويۇلۇپ تۇرغان تەرنى سۈرتۈپ.
پۈتۈن دىققىتى بىلەن كەلگەن نامە، ئەرىزلەرنى رەتلەۋاتقان باش پۈتۈكچى شاھ سەئىد ئالىم ئۇن چىقارمىدى.
— خان ئالىيلىرى ئوخلاپ قالغانمىدۇ يا؟ ئاخشامقى زىياپەت بەك ئۇزاق داۋاملاشقانىدى.
— كەيپچىلىكتە ئۇخلاپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.
— بۈگۈن جۈمە كۈنى تۇرسا، خان ئالىيلىرى نامازغا چىقمىسا ئەل نېمە دەر؟
— خەيشۇك! خوجا خاۋەند خاجەئى نۇران بۇزرۇكۋار ھەزرەتلىرى ئوردىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلدى، — خەۋەرچى بەگنىڭ ئاۋازى ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ غۇلغۇلىسىنى توختاتتى.
ئۇچىسىغا ئاق شايى تون كىيىپ، بېشىغا سەللە ئورىغان ئېگىز بويلۇق مويسىپىت كىشى دىۋانخانىنىڭ قوش قاناتلىق قاپارتما نەقىشلىك ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، جانابلار! — ئۇ ئىككى تەرىپىگە قاراپ باش لىڭشىتتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، پىر ـ ئۇستاز، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك، — ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئەركانلار دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلىشتى.
— مەرھابا، مەرھابا، پىر ـ ئۇستازىم، — مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قولتۇقىدىن يۆلىدى، — ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى بۈگۈن ئوردىمىزنى نۇرلاندۇرىدىغان بولدى، مەرھەمەت قىلسىلا، — ئۇ ئۆزى ئولتۇرغان كۆرسىگە خاجەئى نۇراننى تەكلىپ قىلدى.
— جانابىي ئىشىكئاغىسى، كەلگىنىمنى خانغا خەۋەر قىلسىلا، — دېدى خاجەئى نۇران سۇلتان سارىيىنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۈمۈش ھالقىلىق ئىشىكىگە قاراپ قەدەم تاشلاپ.
مىرزا ئەلى تاغاي نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

خاجەئى نۇران سەئىدخاننىڭ تېخى ئوردىغا كەلمىگەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغانىدى.

— ئىشىكئاغىسى، ئىشىكنى ئاچسىلا، خاننى تەختى ئالدىدا ساقلايمەن.

— باش ئۇستىگە، ھەزرەتلىرى، — مىرزا ئەلى تاغاي سەئىدخان ئۇستاز تۇتقان پىر - ھەزرەتكە ياق دېيەلمەيدى. كۆڭلىدىن قانداقتۇر بىر ئوي كېچىپ، ئاچقۇچنى قويۇن يانچۇقىدىن ئالدى - دە، بېرىپ سۇلتان سارىيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

— مەرھەمەت قىلسىلا، پىر - ئۇستاز.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن سالام بېرىپ، سۇلتان سارىيىغا كىرگەن خاجەئى نۇران پارقىراپ تۇرغان تەخت ئالدىغا بېرىپ، قوينىدىن نېپىز ئاق جايناماز ئالدى - دە، يەرگە سېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— ئىشىكئاغىسى، كەلگىنىمنى خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلسىلا. مەن مۇشۇ يەردە دۇئا - تىلاۋەت قىلىمەن.

— خوپ، ھەزرەتلىرى، — مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پىچىرلىدى، — خانغا شۇنچە نەسىھەت قىلسامۇ ئىلىك ئالمىدى ھەزرەتلىرى، كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئوبدان نەسىھەت قىلىپ قويغايلا.

خاجەئى نۇران جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن ئارقىسىچە مېڭىپ سۇلتان سارىيىدىن چىققان مىرزا ئەلى تاغاي دىۋانخانىغا كىرىپ كەلگەن ئابدۇرەشىدخاننى كۆردى. ۋەزىر، ئەمىرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ شاھزادىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈكۈلۈپ سالام قىلىپ، سورىدى:

— شاھزادەم، سۇلتانىمىزنىڭ يېنىدىن كەلدىلىمۇ؟ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇۋاتىمىز.

— ياق، ئىشىكئاغىسى، — ئابدۇرەشىدخان ئەجەبلىنىپ

ئۆتىشىغا قارىدى، — خان ئاتام ئوردىدىغا تېخى چىقمىدىمۇ؟ مەن ئۇستازلىرىمدىن دەرس ئېلىپ بولۇپ، ئۇدۇل بۇ يەرگە كېلىشىم.

— سۇلتان ئالىيلىرى ئارامگاھىدىن تېخى چىقمىدى. ئەتىگەن بەدەخشان شاھىنىڭ باش ۋەزىرى كەپتىكەن، خەۋەر قىلاي دەپ خانىنىڭ ئارامگاھىغا بارسام، خاس مەھرەم ئوبۇل ئەلاخانغا سۇلتانىمىز ھېلى چىقىمەن دەپ سۆز ئېيتىپ بىر ئېپتىكەن، قايتىپ كېلىپ كۈتۈۋاتقىنىمغا ئۈچ ئاش پىشىم بولدى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي قول قوۋۇشتۇرۇپ، ئاندىن قوشۇپ قويدى، — خاجەئى نۇران ھەزرەتلىرىمۇ بايا كەلگەنىدى، سۇلتان سارىيىنى ئاچۇرۇپ، مۇشۇ يەردە خاننى ساقلايمەن دەپ تەخت يېنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئابدۇرەشىدخان لېۋىنى چىشلىدى. باشقا گەپ قىلماي ئارقىسىغا بۇرالدى ـ دە، دىۋانخانىدىن تېز ـ تېز چىقىپ كەتتى. باش ۋەزىر مىرزا ھەيدەر گەپ قىلاي دەپ تەمشىلىپ توختاپ قالدى. «خانغا نېمە بولغاندۇ؟ زىياپەت ھەرقانچە ئۇزاققا سوزۇلسىمۇ، ئەتىگەندە ئوردىغا كېلەتتى. بۈگۈن بامدات نامىزىغا مەسچىتكە چىققاندا شۇنچە خۇشخۇي، تىمەن ئىدى. نېمىشقا بۇ ۋاققىچە ئوردىغا كەلمەيدىغاندۇ؟ شارابقا بېرىلىپ قالدىمۇ يا؟ ئەستاغپۇرۇللا ...» ئۇ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالغاندا، مىرزا ئەلى تاغاي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

## 2

ھەيبە سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىدىن چىقىپ، شاھ مۇنچىسىدا يۇيۇنغان سەئىدخان ئوردا مەسچىتىدە بامدات نامىزىنى ئۆتۈۋالدى. «سۈرە ياسىن»نى تىلاۋەت قىلىپ بولۇپ، كۈن چىققۇچە دۇرۇت ئوقۇدى. مەسچىتتىن چىقىپ، خاس سارىيىغا كىرىپ بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئاندىن

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» كىتابىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ كەتتى.

ئۇنىڭ كۈمۈش ساپلىق ئۆتكۈر قىلىچى سىلىق سۇۋىلىپ، ناۋات سۈيى بىلەن پات بېرىلگەن تامدىكى كۆركەم مىس ئاسقۇغا ئېسىقلىق تۇراتتى. تونى گۈمبەز شەكلىدە چىرايلىق ياسالغان، نەپىس قاپارتما نەقىشلىك مورا يېنىدىكى گۈلدار تەكچىگە قويۇلغانىدى. يېنىدا ئالتۇن تاجمۇ پارقىراپ تۇراتتى. ئاق مەشۈت كۆڭلەك، ئاق يېپەك دوپپا، ئۇزۇن ئاق تامبال كىيگەن سەئىدخان شۇ تۇرقىدا غەيۇر پادىشاھقا ئەمەس، تەقۋادار سوپىغا ئوخشاپ قالغانىدى. «ئەي، ھەممىنى بىلىپ - كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللا، كىبىر، رىيا بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن» دېدى ئۇ بىر چاغدا كىتابتىن كۆزىنى ئۈزۈپ.

بۇ چاققانغىنا سارايدا سەئىدخان ئۆزىلا دەم ئالغاچ كىتاب كۆرەتتى. ئىران شاھىنىڭ ئەلچىسى سوۋغا قىلغان شاھانە يېپەك گىلەم بۇ ئۆيگە لىق كەلگەنىدى. پادىشاھ بابۇر مىرزا ھىندىستاندىن ئەۋەتكەن كاككۇك سائەت قىبلە تامدا چىكىلداپ تۇراتتى. يېشىل كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن تورۇس گويا ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەك كۆرۈنەتتى، ئوتتۇرىسىغا سەككىز كۆزلۈك مىس شامدان ئېسىلغانىدى. ئۆينىڭ شەرقىي تېمىغا چىقىرىلغان دېرىزە ئارىلىقىدىكى كۈنگۈرىلىك ئويۇقلارغا خىلمۇخىل كىتابلار تىزىلغانىدى. فىردەۋسىي، شىرازىي، نەۋايى ۋە نىزامىيلارنىڭ نەزمىي، نەسرىي كىتابلىرى، شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان»، «گۈلىستان»ى، فارابىي، ئىبنى سىنانىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى ئەڭ ئۈستۈنكى ئويۇقتا تىزىپ قويۇلغانىدى. سارايىنىڭ قوش راملىق تۆت دېرىزىسىنىڭ ئىككىسى قىبلە تامدا، ئىككىسى شەرقىي تامدا بولغاچقا، ناھايىتى يورۇق ھەم راھەتبەخش ئىدى. ئىككى دېرىزە خاننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تۇرىدىغان قەسىر ھويلىسىنىڭ گۈللۈككە،

يەنە ئىككى دېرىزە گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ بېغىغا قارايتتى.

سەئىدخان بىرپەس خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە كىتابقا كۆز تىكتى.

ئۇ «يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قىسسەسى»نى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىنلا ئورنىدىن قوپۇپ، نەقىش ئويۇلغان كۇنگۇرىلىك ئويۇققا كىتابنى قويدى. بىنەپشە رەڭ پەردىسى يېرىم قايرىپ قويۇلغان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئۈستۈنكى كۆزنەكنى ئېچىۋەتتى، خۇشبۇي رەيھان ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلدى. خۇش ھاۋادىن سۈمۈرۈپ قوللىرىنى كەردى. سەل قىسىلغان كۆزلىرى ھەرەم ھويلىسىدا ئىدى. قىزارغان ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش نۇرى بۇ ھويلىغا تېخى چۈشمىگەن بولسىمۇ، سالاسۇنلۇق پېشايۋان بىلەن گۈللۈككە زەڭگەر ئاسماندىن شەپەق جۇلاسى چۈشۈپ تۇراتتى. سەئىدخاننىڭ نەزىرى ئىككى كېنىزەكنىڭ داستىخان، پەتنۇس كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئامراق خانىشى ھەبىبە سۇلتان بېگىمگە چۈشتى. «ناشتىلىق ئەكەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋۇدى، كۈمۈش ھالقىلىق ئىشىك ئاستا چېكىلىپ، خاس مەھرەم ئوبۇل ئەلاخان كىرىپ كەلدى:

— خان ئالىيلىرى، ھەبىبە سۇلتان بېگىم كەلدى.

— كىرسۇن، — سەئىدخاننىڭ ئويچان چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

ئىشىكنىڭ بىر قانىتى ئېچىلىپ، بۇلۇڭغا تىكلەپ قويغان چوڭ تاش ئەينەكتە خانىشنىڭ گۈزەل رۇخسارى نامايان بولدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھىم! — ھەبىبە سۇلتان بېگىم مەجنۇنتالدەك ئېگىلىپ سالام بەجا كەلتۈردى. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى سەئىدخانمۇ ئىلتىپات كۆرسىتىپ، — مەرھابا، ئاغىچا، قېنى ئولتۇرسىلا.

— تېخى ناشتا قىلمىغانلا، شاھىم؟

— يوقسۇ، مەن كەچلىك غىزاغا قايسى ئاغىچىنىڭ قېشىدا داخىل بولسام، ناشتىلىقنىمۇ شۇنىڭ قولىدىن يەيدىغانلىقىم ئۆزلىرىگە مەلۇم ئەمەسمۇ؟ — سەئىدخان خىرىلداپ كولگىنىچە كىمخاب كۆرپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. خانىش كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىشىك تۈۋىدە كۈتۈپ تۇرغان كېنىزەكلەرگە:

— غىزانى ئەكىرىڭلار، — دېدى.

كېنىزەكلەر تولىمۇ سىپايە قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى. خانىش كەشمىرنىڭ يىپەك داستىخىنىنى سەئىدخاننىڭ ئالدىغا سالدى ـ دە، كېنىزەكلەر كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر پەتنۇس مەزەنى، پىيالە، چەينەكنى، سۈت، تۇخۇم، قېتىق، ھەسەل، قىرغاۋۇل گۆشىنى داستىخانغا ئەدەپ بىلەن تىزدى. كېنىزەكلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خانىش سەئىدخاننىڭ ئۇدۇلىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى گىلەم ئۈستىدە يىلاندەك تولغىنىشىپ تۇراتتى. ئۇ قىزىرىپ پىشقان گىردىنى ئۇشتۇپ سەئىدخانغا بىر پارە سۇندى.

— خانىش ئايىم، ناشتىلىقنى كۆڭلۈمدىكىدەك تەييارلاپتىلا، ئۆزلىرىدىن كۆپ مىننەتدارمەن، — دېدى سەئىدخان گىردىدىن بىر چىشلەپ، — مەن گىردىگە بەك ئامراق. ھەقىقىي جەۋان مەردنىڭ نېنى بۇ.

— شاھىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوردا ناۋىيىنى كاشغەردىن ئەكەلدۈرگەن ئىكەنلا ـ دە. مەنمۇ كىچىكىمدىن گىردىگە ئامراق ئىدىم، رەھمەتلىك ئاتا ـ ئاناممۇ ناشتىدا گىردە يەيتتى، — ھەببە سۇلتان بېگىم ئاتا ـ ئانىسىنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلدى، — مۇشۇ كۈنلەرگە ئۇلاشقان بولسىچۇ ...

— ياش تۆكمىسىلە، ئاغىچا، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى باللىرىنى مىڭبىر جاپادا چوڭ قىلىپ، ئەمدى راھەت كۆرەي دېگەندە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىكەن. بۇ ئەزەلدىن داۋاملىشىۋاتقان تەقدىر ـ قىسمەت. ئادەم باللىرى بۇ پانىي دۇنياغا مېھمان، ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتمەيدىغان ئىنسان يوق، ئاخىر ھەممىمىز قارا تۇپراق

قوينىغا كىرىپ كېتىمىز، مەرھۇم قېيىنئاتام بىلەن قېيىنئانامغا ئاللا ئىگەم جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي، — دېدى سەئىدخانىمۇ قېيىنئاتىسى مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزا بىلەن قېيىنئانىسى خۇبنىگار خېنىمنى ياد ئېتىپ.

ھەبىبە سۇلتان بېگىمنى سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان سەمەرقەنتتىن ئەكەلگەن. ئۇ سەئىدخانغا ياتلىق بولغاندا، ئاتا - ئانىسى ئاللىبۇرۇن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان، ئەمما ئۇلارنىڭ توي مەرىكىسى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكەنىدى. بۇنىڭغا ئون ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ، سەئىدخانغا خۇددى تۈنۈگۈن بولغاندەك بىلىنەتتى. يىللار نېمانچە تېز ئۆتكەن - ھە!

سەئىدخان تۈنۈگۈن كەچ ھەبىبە سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە كىرگەندە، خانىش ئۇنى شاد - خۇرام كۈتۈۋېلىپ، خىلمۇخىل ناز - كەرەشمە بىلەن كۆڭلىنى ئالغانىدى. ئۇنىڭدىن رازى بولغان سەئىدخان سەھەردە غۇسلى تاھارەت ئېلىپ، بامدات نامىزىنى ئوردا مەسچىتىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە مۇشۇ سارايدا كىتاب ئوقۇغاچ ناشتىلىق كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. ھەبىبە سۇلتان بېگىم ناشتىلىق ئەكىرىپ، سەئىدخانغا ئۆتمۈشنى ئەسلەتتى. سەئىدخان خۇشبۇي دەملەنگەن چايدىن ئوتلىغاچ، دېدى:

— مەختۇمە سۇلتان بېگىم ماڭا ئۇزۇن سەپەرلەردە ھەمراھ بولغان ۋاپادار مەھبۇبەم. ئۇ ئۆزلىرىگە غەمگۇزار، ئۇنىڭ بىلەن ئەپ ئۆتكەيلا.

— ئەلۋەتتە، شاھىم، ئۇ خانىشنى ئويلىمايدىغان چاغلىرى يوق - ھە؟ — دېدى ھەبىبە سۇلتان بېگىم، شۇنداق دېدى - يۇ، دەرھال پۇشايمان قىلدى، — ئەپۇ قىلغايلا، ئالىيلىرى. ئىچى يامانلىق قىلىپ، ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپنى دەپ سالدىم، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

سەئىدخان بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى.

— ئادەم بەزىدە نىيىتى توغرا بولسىمۇ بىلمەستىن خاتا سۆزلەپ قويىدۇ. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئەمما، يامان غەرەز بىلەن ياخشى سۆز قىلىپ كىشىنى ئالدىغان ھەممىدىن يامان. ئۆزلىرى كۆڭۈللىرىنى توق تۇتۇپ، چوڭ - كىچىك خانىش ۋە چۆرە - ئاغىچىلار بىلەن ئەپ ئۆتسىلە، مەن شۇنىڭدىن رازى.

— جېنىم بىلەن شۇنداق قىلىمەن، شاھىم. مەندەك بىر ئاجىزەنىڭ بېشىنى سىلاپ، مەرتىۋەمنى ئۈستۈن قىلدىلا. ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئوغلىمىز ئىسكەندەر سۇلتان چوقۇم جاۋاب قايتۇرىدۇ، مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتا كۈتىدىغان بىردىنبىر ئۈمىدىم شۇ، — دېدى خانىش قارا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈپ.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، خانىش ئايىم. ئاللاتائالا ئۆزلىرىدەك ئاق كۆڭۈل بەندىسىنىڭ مۇراد - مەقسىتىنى ھاسىل قىلغۇسى. سىلى مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم، سىلىگە قانچە قىلسام ئەرزىيدۇ. ئوغلىمىز ئىسكەندەرنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالسىلا.

— ئەلۋەتتە، شاھىم، — ھەبىبە سۇلتان بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ سەرۋىدەك قەددىنى مەجنۇنتالدەك ئەگدى. سەئىدخان ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ھەبىبە سۇلتان بېگىم جايىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، سەئىدخاننىڭ ئالدىدىكى قۇرۇقدىلىپ قالاي دېگەن پىيالىگە چاي قۇيدى. سەئىدخان چايدىن بىر ئوتلىغاندىن كېيىن قاتلىمىدىن بىر پارچە يېدى، قىرغاۋۇل گۆشىدىن بىر كېسىم ئاغزىغا سالدى.

— ئەجەب لەزىز پىشۇرۇپتىلا، خانىش ئايىم، — دېدى ئۇ ھوزۇرلىنىپ چايناپ، — قېنى ئۆزلىرىمۇ تېتىپ باقسىلا، — ھەبىبە سۇلتان بېگىمگە گۆشتىن بىر پارچە سۇنۇپ سورىدى، — ئوغلۇم ئىسكەندەر سۇلتاننى ئەكەلمەپتىلىغۇ؟

— ئوغلىمىز ناشتا قىلىپلا مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ھەزرەتلىرىدىن ساۋاق ئالغىلى كەتتى. ئۇنىڭ ئەرەب تىلىغا

بولغان ئىشتىياقى بەكمۇ كۈچلۈك، — دېدى ھەببىبە سۇلتان بېگىم ئوغلىدىن سۆيۈنۈپ، ئارقىدىن گۈلدەك ئېچىلىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تاش ئەينەك يېنىغا ئېسىقلىق دۇتارنى ئەكېلىپ ئولتۇردى، — مەن ئانامدىن ئۆگەنگەن بىر غەزەلنى ئوقۇپ بەرسەم ئاڭلامدىلا، شاھىم؟

— مەن نەغمە ـ ناۋاغا بەكمۇ خۇشتار. غەمناك كۆڭلۈم ھېچ نەرسىدىن ئېچىلمىسا، نەغمە ـ غەزەل بىلەن ئېچىلۇر. قېنى مەرھەمەت!

ھەببىبە سۇلتان بېگىم دۇتارنى تەڭكەش قىلىپ، نەۋايىنىڭ غەزىلىنى تولىمۇ يېقىملىق بىر ئاۋازدا ئوقۇدى:

باغ مەندەك سارغارىپ، بۇلبۇل مېنىڭدەك بولدى لال،
گۈيىيا مۇنداق ئېمىش، ھەر گۈلدىن ئايرىلغاندا ھال.

يەردە ياپراغ غەرىبۇ خاكسار ئەر بولماسا،
مەن كەبى نى ۋەجھىدىن يۈزى سارىغۇ ئەشكى ئال.

سۆغا كىم تۆشمىش قىزارغان بەرگلەر كۆرگەن كىشى،
كۆز ياشىم ئىچرە باغىر پەرگالەسى ئەيلەر خىيال.

شاخ مەجنۇندۇركى ئۇريان بولۇبان ئەفغان قىلۇر،
بەرگ لەيلىدۇركى مىلۇ ئىگنە بىرلە قازدى خال.

ھەجر ئارا ئاھىمغا باقماي باردى، لېكىن شۇكر ئېرۇر،
كىم خەزاندىن سەرۋغا ئاسىب يەتكۇزمەس شامال.

— پاھ ـ پاھ! خانىش ئايىم، ئوقۇغان غەزەللىرى يۈرەك تارىمنى چەكتى، دۇتارنىمۇ شۇنداق ياخشى چالدىلا. سىلىگە باشقىدىن مەھلىيا بولۇپ قېلىۋاتىمەن، — سەئىدخان دۇتارنى يېنىدا قويۇپ، چاي سۇنغان ھەببىبە سۇلتان بېگىمگە ئىللىق

نەزەر تاشلىدى، — كۆڭۈللىرىدىكى پىغانلىرى ماڭا ئايان بولدى. ئاغىچا، قالتىس ئايال ئىكەنلا، ئۆزلىرىدەك ئاياللىق لاتاپەت ھەم پەزىلەتتە كامال تاپقان بىر مەھبۇبەمنىڭ بولغانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن، — ئۇ چاينى ئېلىپ سۇمۇرۇپ ئىچتى.

ئەرنىڭ بىر ئېغىز ياخشى گېپى ئايال ئۈچۈن ئالەمچە خۇشاللىقتۇر. سەئىدخاننىڭ سۆزىدىن روھلانغان ھەبىبە سۇلتان بېگىم دۇتارنى ئېلىپ يەنە بىر غەزەل ئوقۇماقچى بولۇۋىدى، ئىشىك چېكىلدى.

— ئىجازەت! — دېدى سەئىدخان قاپىقىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تۈرۈپ. ئوبۇل ئەلاخان كىرىپ تىز پۈكتى:

— شاھىم، ئىشىكئاغىسى مىرزا ئەلى تاغاي بەدەخشان پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى مىرزابەگ مۇھەممەدنىڭ كەلگىنىدىن ئۆزلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈشۈمنى ئېيتتى.

— خەۋەر تاپتى دېگىن.

— خوپ، شاھىم، — ئوبۇل ئەلاخان ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىۋىدى، ھەبىبە سۇلتان بېگىم قاقاھلاپ كۈلدى:

— ئەجەب پاكار ئادەم ئىكەن بۇ، ئۆزى بىر غېرىچ، سەللىسى ئون غۇلاچ كېلەمدۇ نېمە؟

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئاغىچا، — دېدى سەئىدخانمۇ كۈلۈمسىرەپ، — مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەي: ئوبۇل ئەلاخاننىڭ دادىسى ئوبۇل ھەسەنخان خوتەن پادىشاھى قۇلنەزەر مىرزىنىڭ خاس مەھرىمى ئىكەن. مىرزا ئابابەكرى قۇلنەزەر مىرزىنى ھىيلە ئىشلىتىپ ئۆلتۈرگەندە، ئوبۇل ھەسەنخان قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنىپتىكەن. يېتىم قالغان ئوبۇل ئەلاخان دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن پەيت كۈتۈپ يىللارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز خوتەنگە يېتىپ بارغاندا، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئالدىمغا كەپتىكەن، شۇنىڭدىن بېرى خاس مەھرىمىم بولۇپ ساداقەت بىلەن

خىزمىتىمنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. خوتۇنى، بىر قىزى، بىر ئوغلى بار. خوتۇنىنىڭ بويى ئۇنىڭكىدىن بىر ھەسسە ئېگىز، ئەمما ناھايىتى ۋاپادار ئايال. ئوغلى دادىسىنى، قىزى ئانىسىنى تارتقان. ئوبۇل ئەلاخاننىڭ بويلۇق، تىمەن ئانىسىمۇ بار. ھازىرغىچە كېلىنىگە ياردەملىشىپ بەقەسەم، ئەتلەس توقۇيدىكەن. ئورددىكى خانىش، چۆرە، كېنىزەكلەرنىڭ ئۇ توقۇغان شايى، ئەتلەستىن كۆڭلەك كىيمىگىنى يوق دېيەرلىك. ماڭىمۇ بىر تونلۇق بەقەسەم توقۇپ بەرگەنىدى، تون تىكتۈرۈپ قويدۇم. ئۆزلىرىگىمۇ بىر كۆڭلەكلىك ئەتلەس توقۇتۇپ بېرەي.

— ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقاللا، شاھىم.

— ئاغىچا، دۇتارنى ماڭا بېرىپ، ئۆزلىرى كېنىزەكلەرنى شاراب ئەكېلىشكە بۇيرۇسىلا. يېقىملىق غەزەللىرىدىن ھۇزۇرلانغاچ، مەينى رايىم تارتىپ قالدى.

— باش ئۇستىگە، شاھىم، — ئورغاقتەك ئەگمە قېشى سەل كۆتۈرۈلگەن ھەبىبە سۇلتان بېگىم خالىمىغان ھالدا ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. دەھلىزدە ئولتۇرغان ئوبۇل ئەلاخان غىلدىرەكتەك مېڭىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— خانىش ئاغىچا، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

— كېنىزەكلىرىمنى چاقىرسىلا.

— قۇللۇق، خانىش ئايىم، — ئۇ تاشقىرىقى ئۆيدە ئولتۇرغان ئىككى كېنىزەكنى چاقىردى.

— قەسىر غوجىدارىغا دەپ ئېسىل شارابتىن بىر خۇمرا ئەكېلىڭلار.

— خوپ، خانىش ئالىيلىرى، — كېنىزەكلەر ئىتتىك چىقىپ كېتىشتى.

«خان ئالىيلىرى مۇشۇ ۋاقىتقىچە مېنىڭ يېنىمدا شاراب ئىچىپ باقمىغانىدى، ئەجەبا ...» دەپ ئويلىغان ھەبىبە سۇلتان بېگىم سەئىدخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت كۈتۈپ تۇردى.

www.uyghurkitap.com

— ئولتۇرسىلا، ئاغىچا.

— رەھمەت، شاھىم، شارابنى ھازىر ئەكىلىدۇ.

سەئىدخان دۇتارنى «راك» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىگە چالدى. ئۇ بارىسقاۋۇن داۋىنىدىن ئۆتۈپ، مۇھەممەدبېك باشچىلىقىدىكى قىرغىزلارنى قان تۆكمەي ئەل قىلىپ كەلگەندىن بۇيان شارابقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشقانىدى. ئىلگىرى خانىش، چۆرىلەرنىڭ قېشىدا زادىلا شاراب ئىچمەيدىغان سەئىدخان يېقىندىن بېرى ئىچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كەچتىلا ئىچىپ قالماستىن، ئەتىگەنلىرى خاس ئارامگاھىدىمۇ ئىچەتتى. ھەبىبە سۇلتان بېگىم سەئىدخاننىڭ شارابخور بولۇپ كېتىشىۋاتقىنىدىن چۆچۈدى ھەم ئەنسىرىدى، لېكىن ئۇنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم بۇنىڭغا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى. سەئىدخاننىڭ خوتەندىن ئەڭ ياخشى مەيزاپلارنى ئەكەلدۈرۈپ ئىچىۋاتقىنىدىن ۋاقىپلانغان بولسىمۇ، ئەل غېمىدىن بىرئاز خالىي بولۇپ ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ مەيلىگە قويۇۋەتكەنىدى. ھەبىبە سۇلتان بېگىم: «ئىلگىرى خان مۇنداق ئەمەس ئىدى. قانداق بىر دەرد ئۇنى مەيخور قىلىپ قويغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ ئورنىغا چىقماي، شاراب ئىچمەكچى بولۇۋاتقىنىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىۋاتاتتى. «سۇلتان بېگىملەر نېمىدەپ قالار؟ يامان ئادەتلىق بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن. ئاكام مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان سۇلتاننى شارابتىن نېمىشقا توسمايدىغاندۇ؟ ...»

— ئاغىچا، كۆڭۈل شاخلىرىغا قانداق خىيال قۇشى قونۇۋالدى؟ مۆڭلىنىپ قالدىلىغۇ؟ — دېدى سەئىدخان ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە دۇتارنى سۇنۇپ.

— تورغايلار سايراپ كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىۋاتىدۇ، شاھىم.

سەئىدخان بۇ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ھېس قىلدى.

— يانلىرىدا مەن تۇرسام، يەنە نېمىگە ئىزتىراپ چېكىدىلا، ئاغىچا؟ كۆڭۈللىرىنى ئازادە تۇتسىلا.

— شۇ تاپتا ئوردىدا ۋەزىر، ئەمىر، ئۆلىمالار يوللىرىغا قاراپ كۆزى تۆت بولدى. سۇلتان بېگىملەرنىڭمۇ كۆزى مۇشۇ سارايدا، — دېدى ھەبىبە سۇلتان بېگىم خۇمار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— بىلىمەن، — سەئىدخان ھەبىبە سۇلتان بېگىمنىڭ ئالتۇن بىلەزۈك پارقىراپ تۇرغان، بۇلۇتتەك يۇمشاق بىلىكىدىن تۇتتى، — ئەنسىرەپ كەتمىسىلە، ئاغىچا. سىلى مېنى مەھلىيا قىلىۋالدىلا. بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھەپتىدە ئىككى كېچە مۇڭلۇق غەزەللىرىدىن ئەلنىڭ غېمى يارا ئەتكەن دىلىمغا ئاراملىق تاپاي دەيمەن. گۈلدەك چىرايلىرىدا قايغۇ ئەمەس، تەبەسسۇم ئوينىاپ تۇرغاي.

— ئىلتىپاتلىرىغا كۆپتىن - كۆپ تەشەككۈر، ئالىيلىرى، — ھەبىبە سۇلتان بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى، — لېكىن ئاجىزەلىرى خان جەمەتىدىن بولسامۇ، ئاتا - ئانىسىز قارا يېتىممەن. ئۇنداق قىلسىلا مەختۇمە سۇلتان بېگىم ۋە چۆرىلەر نېمىدەپ قېلىشار؟

— مېنى خۇشال قىلىشقا دىل رايىلىرى يوق ئىكەن - دە، ئاغىچا؟

— ئاجىزەلىرىغۇ ھەر كۈنى ئالىيلىرىغا ھەمراھ بولۇشنى ئىستەيمەن، ئەمما ...

— بولدى، ئەمدى باشقا گەپ قىلمىسىلا، قارارىم ئۆزگەرمەيدۇ، — سەئىدخان ھەبىبە سۇلتان بېگىمنى باغرىغا باستى.

ئۇ ئادەتتە ھەر ھەپتىدە بىر خوتۇنىغا، ئىككى ھەپتىدە بىر چۆرىگە ھەمراھ بولاتتى. ھالبۇكى، بۇ نىزام بۇزۇلسا؟ ...

ھەبىبە سۇلتان بېگىمنىڭ چىرايىدا كۈلكە، قارا كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولدى. ئۇ سۆز بىلەن ئەمەس، سۈكۈت بىلەن خاننىڭ سۆزىگە قوشۇلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

www.uyghurkitap.com

— خالمايدىغان ئوخشىمامالا، ئاغىچا؟ — خوتۇنىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەن سەئىدخان ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى.

— ئەلۋەتتە خالايمەن، شاھىم، لېكىن مۇنداق بولسا باشقا خانىش، چۆرىلەر نارازى بولۇپ قالارمىكىن.

— مەن دېگەن پادىشاھ، ئەلنىڭ بېشى. مېنىڭ ھەرقانداق ئىشىم دەخلىسىز.

ھەبىبە سۇلتان بېگىم سەئىدخانىنىڭ قۇچىقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ نېرى سۇرۇلدى.

— ۋىيەي، ئىشىك چېكىلىۋاتىدۇ، كېنىزەكلەر شارابنى ئەكەلگەن چېغى، — ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، سەئىدخان ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ:

— ئىجازەت، — دېدى. بىر خۇمرا شارابنى كۆتۈرگەن ئوبۇل ئەلاخان كىرىپ تەزىم قىلدى.

— شارابنى قويۇپ دەرھال چىقىپ كەت، ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلغۇچى بولما.

— قۇللۇق، شاھىم.

ھەبىبە سۇلتان بېگىم ئاباپامقىدىنمۇ بەكرەك تېلىقىپ كۈلدى:

— بوي تۇرقى ئۆزى كۆتۈرگەن خۇمرا بىلەن تەڭ بولسىمۇ، ۋەزىر، ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەي ئالدىلىرىغا كىرەلمەيدىكەن. شۇنداق كىچىك بىر ئادەمگە شۇنچە چوڭ ھوقۇق بېرىۋېتىپلا، شاھىم.

— ئېسىل، كاتتا ئادەملەرگە قارىغاندا، ئاددىي، ئاسانلىقچە باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقمايدىغان ئادەملەر سادىق، ۋاپادار بولىدۇ. ئوبۇل ئەلاخان جۇغى كىچىك بولغىنى بىلەن، غەيرىتى چوڭ، ۋاپادار، پەزىلەتلىك ئادەم بولغاچقا، بۇ خاس ئارامگاھىمنىڭ غوجىدارى بولالىدى، لېكىن باشقا سورۇنلارغا كىرەلمەيدۇ.

سەئىدخان كۈمۈش جامغا لىققمۇلىق قۇيۇلغان شارابنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

— ۋاھ ـ ۋاھ ـ ۋاھ، ئەجەب بەلەن شاراب ئىكەن، ئاغىچا. مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىلە، يەنە بىر جام قۇيسىلا.

ئۇ قىرغاۋۇل گۆشىدىن بىر پارچە يەپ، ئىككىنچى جامنىمۇ بوشاتتى. ئىشىك يەنە چېكىلدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ۋارقىرىدى:

— مېنى ئاۋارە قىلىشما!

— شاھزادە كەلگەنىكەن، ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى دەيدۇ، — ئىشىك كەينىدىن ئوبۇل ئەلاخاننىڭ مۇلايىم ئۈنى ئاڭلاندى.

— شاھىم، شاھزادىنىڭ كەلگىنىگە قارىغاندا، مۇھىم خەۋەر يەتكۈزمەكچى بولسا كېرەك، — دېدى ھەبىبە سۇلتان بېگىم يۆتكىلىپ ئولتۇرۇپ.

— قايسى شاھزادە؟ — ئۈنلۈك سورىدى سەئىدخان.

— مەن، خان ئاتا! — ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — كىرسەم بولامدۇ؟

سەئىدخاننىڭ ئىشارىتى بىلەن ھەبىبە سۇلتان بېگىم جام، خۇمرىنى تامغا چىقىرىلغان ئەينەكلىك ئويۇقتا يوشۇرۇپ قويدى ـ دە، شاراب ھىدى كېلىپ تۇرغان داستىخانغا ئەنبەر چاچتى.

— كىرگىن، ئوغلۇم.

ئابدۇرەشىدخان كىرىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خان ئاتا، ئامان تۇردىلىمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ئوغلۇم، — سەئىدخان يەرگە باققىنىچە قورۇنۇپ تۇرغان ئوغلىغا سەپسېلىپ، يۈرىكى قىسىلغاندەك بولدى ـ دە، «ئەي، كەرەملىك ئاللا، مەندەك قۇللۇڭنى كەچۈر، شۇنداق ھايالىق پەرزەنت ئاتا قىلغىنىڭ ئۈچۈن مىڭ شۈكۈر» دېدى ئىچىدە.

— خان ئاتا، خاجەئى نۇران ھەزرەتلىرى كەلگەنىكەن، ئۆزلىرىنى ئوردىدا كۈتۈپ قالدى.

سەئىدخان مۇشۇنداق كۈتمىگەن چاغدا ئۇستازىنىڭ ئوردىغا

كەلگىنىنى ئاڭلاپ، سەل ئوڭايسىزلاندى.

— هازىر چىقىمەن، بالام، ئۇستازىمغا ئۆزرەمنى يەتكۈزۈپ قويغىن، — سەئىدخان يەردىن كۆز ئالماي چىقىپ كېتىۋاتقان ئابدۇرەشىدخانغا قارىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. «ئەستاغپۇرۇللا، ئۇستازىم ئەجەب ۋاقىتتا كەپتۇ. نېمە ئىش بىلەن كەلگەندۇ؟ ئۆتكەن قېتىم شاراب ئىچمەسلىكىم توغرىسىدا كۆپ نەسىھەت قىلىۋىدى. ئەمدى نېمە دەرمەن؟» دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە.

## 3

سەئىدخان ئۇستازىنىڭ ئالدىغا شۇنداقلا چىقىشنى خوپ كۆرمەي، هامامدا قايتا يۇيۇنۇپ كىيىم يەڭگۈشلىدى. ھەببە سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ بۇرۇت - ساقاللىرىغا ئەنبەر چېچىۋاتقاندا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

سەئىدخان دىۋانخانىدا ۋەزىر، ئەمىر، ئۆلىمالارنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خىجىللىق ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭ دىدارىغا ھەقىقەتەن ئىنتىزار بولغانىدى. سەئىدخان بۇنى ئۇلارنىڭ ئويچان، هارغىن، خاپىغان چىرايلىرىدىن بىلدى. ئۇ ساداقەت ۋە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرغان ئوردا ئەھلىگە جاۋاب سالام قايتۇرغاندىن كېيىن سۇلتان سارىيىغا قەدەم قويدى. ئالتۇن تەخت ئالدىدا نامازغا تۇرغان خاجەئى نۇرانغا كۆزى چۈشكەندە بەكمۇ ئوڭايسىزلاندى. «ئۇستازىم ماڭا ئىنساب تىلەپ ناماز ئۆتەۋېتىپتۇ - دە. ئەي، ئۇلۇغ ئاللا، ئۆزۈڭدىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولسام، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىل! جەڭ مەيدانىدىمۇ، يول ئۇستىدىمۇ، ياستۇققا باش قويغىنىمدىمۇ سېنى ئۇنتۇمىغىنىم ئۆزۈڭگە ئايان، گۇناھىمنى كەچۈرگىن» دەپ ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇۋىدى، خاجەئى نۇران دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئۈنلۈك مۇناجات قىلدى:

— ئەي، ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى ئاللا، قاراڭغۇ تۈندىمۇ، يورۇق كۈندۈزدىمۇ ئوخشاشلا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى قادىر خۇدا، سەئىدخاننىڭ كۆڭلىگە ئىنساب، تەۋپىق ئاتا قىلغىن، دىلىنى ھىدايەت نۇرى بىلەن يورۇتقىن. ئۇنى ئەل بېشىلىق شەرىپىگە ئىگە قىلغانمۇ، شاھلىق تاجىنى ھەدىيە قىلغانمۇ سەن ئۆزۈڭ. ھازىر ئۇ ھارامغا بېرىلىپ كەتتى، ئۆزىنى كاتتا چاغلاپ ئاۋامنى ئۇنتۇدى. ئەيش - ئىشرەتكە، شارابقا بېرىلىپ، ھىدايەتتىن چەتنىدى. بىز بەندىلەر ئالدىڭدا شۇنچىلىك ئاجىز، شۇنچىلىك بىقۇۋۋەتمىز؛ سەن ئۆزۈڭ كەرەملىك ھەم قۇدرەتلىكسەن، مېھىر - شەپقىتىڭ ۋە ھېكمەتلىرىڭ چەكسىزدۇر. ئۆزۈڭ ئەزىز قىلغان ئاشۇ بەندەڭ — سەئىدخانغا ھىدايەت، تەۋپىق نېسىپ قىلغىن. ئۇنىڭ دىل رايىنى ئەھلى مۆمىنلەر ئۈچۈن ھارام قىلىنغان شارابتىن ياندۇر. ئۇنى ئەيش - ئىشرەت تۆشىكىدىن ئادالەت تەختىگە قايتۇر. ئى ئاللا، ئۇنى ئۆزۈڭ ھەقنىڭ يولىغا باشلىغىن. ئۇنى گۇمراھلىق ئىسكەنجىسىدىن ئۆزۈڭ قۇتقۇزمىساڭ، ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. سەئىدخاننىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىل. ئۇنى بالا - قازادىن ساقلا، ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن! ئامىن! ...»

خاجەئى نۇراننىڭ دۇئاسىدىن سەئىدخاننىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى، كۆزلىرىدىن تامغان ياش ساقىلىغا ئېقىپ چۈشتى. خاجەئى نۇران ھاسىسىغا تايىنىپ قوپتى. قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرغان سەئىدخانغا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى! ئامان - ئېسەن تۇردىلىمۇ؟

— دۇئالىرىنىڭ بەرىكاتى بىلەن ئامان - ئېسەن تۇردۇم، ئۇستاز.

— ئالىيلىرى بىلەن يالغۇز سۆزلەشسەم بولامدۇ؟

— بولمامدىغان، ئۇستاز، ئەلۋەتتە بولىدۇ، — سەئىدخان ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، نېرىدا قول باغلاپ تۇرغان ئىشىكئاغىسىغا

چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. مىرزا ئەلى ئاغاي ئارقىسىچە يېنىپ، سۇلتان سارىيىنىڭ ئالتۇن بوسۇغىسىدىن پۇتىنى سىرتقا ئېلىپلا ئىشىكنى ياپتى.

— بىر مەملىكەتنىڭ سۇلتانى بولغان ئادەم كۆڭ قىيام بولغۇچە تەخت ئۈستىدە قارار تاپمىسا، ئەلنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولمامدۇ؟ بۇنى ئاللا راۋا كۆرەرمۇ؟ — دېدى خاجەئى نۇران تولىمۇ ۋەزمىن تەلەپپۇزدا.

— كەمىنىلىرى كەم ئەقىللىك قىپتىمەن، ئۇستاز، — دېدى سەئىدخان ئوڭايسىزلانغىنىچە، — ئاللا ئالدىدا، ئەل - يۇرت ئالدىدا گۇناھكار بولدۇم.

— شاھىم، تەختلىرىدە ئولتۇرسىلا. ئاللانىڭ مۇنداق ئىنايىتى ئىنتايىن ئاز ئادەمگە نېسىپ بولىدۇ. بۇ زور ئىلتىپات ئۈچۈن جانابىي ئاللاغا مىڭلارچە شۈكۈر قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ مەغرۇرلىنىشقا ھەم ھەقنىڭ يولىنى تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ، — خاجەئى نۇران ھاسىسى بىلەن تەختنى كۆرسىتىپ، سەئىدخاننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— بۇزرۇكۋار ئۇستازىمدىن يۇقىرى ئولتۇرسام ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق تۇرۇپ تەلىملىرىنى ئاڭلاي، ھەزرىتىم.

— ياق، سۇلتان ئالىيلىرى، سىلىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشلىرى ئاللانىڭ ئىرادىسى، قېنى چىقسىلا.

سەئىدخان ئۇستازىنىڭ دەۋىتى بىلەن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

— ئەمدى پېقىرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسىلا، — دېدى خاجەئى نۇران، — چۈنكى مەن ئۆزۈمنى چاغلىماي ئالىيلىرىنىڭ زىتىغا تېگىپ قويدۇم.

— ھەرگىز مۇنداق دېمىسىلە، ئۇستاز. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان كىشى ئۆزلىرى ئەمەس، گۇناھقا پاتقان نالايىق سۇلتان. ئۆزلىرى زىنھار زىتىمغا تەگمىدىلە، بەلكى خاتالىق، سەۋەنلىكلىرىمنى كۆرسىتىپ بېرىپ مېنى قارا پاتقاقتىن

تارتىۋالدىلا. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بېشىمغا ئالسامىمۇ ئەرزىيدۇ.

— يوقسۇ، شاھىم. تەختتە ئولتۇرغانلىرىدا يەر چاناپ ئاشلىق تېرىۋاتقان دېھقانلارنى، كېچىلىرى ئۇخلىماي قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ساۋاق ئېلىۋاتقان تالىپلارنى، توختىماي ئىزدىنىۋاتقان ئالىم، شائىرلارنى، قىزىق تونۇرغا باش تىقىپ نان ياقىدىغان ناۋايلارنى، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ بويۇن قىسىپ قالغان يېتىم ـ يېسىرلارنى ... ئۇنتۇپ قالمىسىلا. مەن شۇنىڭدىن ئالەمچە رازى، شاھىم، خاتالىق ـ سەۋەنلىكلىرىنى تەن ئالغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ئالىلا رەھمەت قىلسۇن. ئەگەر ئېيتقانلىرى چىن دىللىرىدىن چىققان بولسا، پېقىرنىڭ مۇنۇ سوئالىغا جاۋاب بەرگەيلا، — خاجەئى نۇران ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ، تەختنىڭ بىرىنچى پايىسىغا ھاسىسىنى تىرىدى.

— سورىسىلا، ئۇستاز، راست سۆزلىشىمگە ئالىلا مەدەت بەرگەي، — سەئىدخان ئورنىدىن تۇردى.

— ئولتۇرسىلا، سۇلتانىم، ئولتۇرۇپ جاۋاب بەرسىلە.

— رەھمەت، ئۇستازىم، — سەئىدخان ئولتۇردى. خاجەئى نۇران ئېغىز ئاچتى:

— خان ئالىيلىرى، سىلىدىن شۇنى سورايمەنكى، شاراب ھالالمۇ، ھاراممۇ؟

— ئەلۋەتتە، ھارام.

— ئۇنداق بولسا ئۆزلىرى مۇسۇلمان ئېلىنىڭ خانى تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ھارام نەرسىنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆردىلە؟

سەئىدخان چېكىسىنى تۇتتى. بۇ سوئالغا ئۆزى ئېيتقاندەك راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەرمىسە بولمايتتى. ئۇنىڭ شاراب ئىچىپ كېلىۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولغانىدى. ياش ۋاقىتلىرىدا دەرد ـ ئەلەمنى يېنىكلىتىش، روھىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ئىچەتتى، ئەمما شارابقا ئۆزىنى مۇنچە ئۇرۇپ كەتمەيتتى. ئۇ كابۇلدىن ئەندىجانغا كەلگەندە تۇنجى قېتىم كۆپ ئىچىپ قويۇپ

مەست بولۇپ قالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغۇچە ئۇنداق كۆپ ئىچىمگەننىدى. تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن بارا ـ بارا شارابقا بېرىلىپ كەتتى. مىرزا ئەلى تاغايى شىكاردىن قايتقاندا ئىچىلىدىغان شارابقا «شارابى ئارام» دەپ ئات قويغان بولسا، جەڭدىن يانغاندا ئىچىلىدىغان شارابقا «شارابى نۇسرەت» دەپ، باشقا ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتكەندە ئىچىلىدىغان شارابنى بولسا «شارابى خۇررەم» دەپ ئاتىۋالغانىدى. مۇنداق چىرايلىق ناملار بىلەن ئاتالغان شارابنى كىمنىڭ ئىچكۈسى كەلمىسۇن؟ ئوردا ئەھلىنىڭ كۆپ قىسمى شارابقا بېرىلدى، بولۇپمۇ سەئىدخان مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرى ھارام ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك، شارابنى كۆڭلى تارتىپ ئىچىدىغان بولۇپ قالغانىدى ...

ئۇ شۇلارنى ئەسلىگەندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى:

— ئۇستازىم، ئاللا ئاتا قىلغان بۇ يۈكسەك مەرتىۋە تۈپەيلى ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغان كىبىر ۋە تەمەننادىن دىل كۆزۈم خىرەلىشىپ، ئۆزۈمنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلىغانلىقىم ۋە ئىسلام يولىدىن ئازغانلىقىم ئۈچۈن شارابقا بېرىلىپ كەتكىنىم راست. بۇ گۇناھىمنى ئۆزلىرى ماڭا تونۇتتىلا. مەن ھەقىقەتەن ئاللانىڭ جازاسىغا لايىقمەن.

— ئاللانىڭ شەپقىتى چەكسىزدۇر، سۇلتانىم. گۇناھى چېكىدىن ئاشقانلارنىمۇ جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. گۇناھىنى تونۇغان، چىن قەلبىدىن تۆۋا قىلغان بەندىسىنى كەچۈرىدۇ، — خاجەئى نۇران سۆزدىن توختاپ بىردەم تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ياغاق پېشانىسىدە بىر تۈرۈك پەيدا بولدى، تارالغان ئۇزۇن ساقىلىنى سىلاپ ـ سىلاپ قويدى، يېقىملىق چىرايى ئويچان تۈس ئالدى، — ئاللا شارابنى جانابىي رەسۇلۇللا زامانىسىدا ھارام قىلغان. بۇ «قۇرئان كەرىم»دە قەيت قىلىنغان. بۇنىڭغا شەك كەلتۈرگەن كىشى دىندىن چىقىدۇ. شاراب ئىچكەن شاھنىڭ بولسۇن، گادايىنىڭ بولسۇن، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ يېگىنى ھارام، لەۋزى

ئىناۋەتسىزدۇر. ئەگەر ئايال زاتى مەست ئېرى بىلەن ياتقان كېچىسى ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالسا، تۇغۇلغان بالىمۇ هارامدىن بولغان بولىدۇ، سۇلتانىم.

سەئىدخاننىڭ چېكىسىدىن تەر، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. مەڭزىدىكى قىزىللىق يوقىلىپ، چىرايى سەبدەردەك سارغىيىپ، ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالدى. ئۇ شاراب ئىچىشنىڭ مۇنداق يامان ئاقىۋەتكە قالدۇرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇستازى ئالدىدا ئاللاغا بەجانىدىل توۋا قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن شارابنى قەتئىي ئىچمەسلىك، ئوردىدا ۋە مەملىكەتتە شاراب ئىچىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈش قارارىغا كېلىپ، گويا يەلكىسىدىن ئېغىر تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ، دېدى:

— گۇناھىمغا توۋا قىلدىم، ئۇستازىم، مىڭ مەرتىۋە توۋا، ئاللا توۋامنى قوبۇل قىلغاي، — سەئىدخان شاھانە تونىنىڭ ياقىسىنى چىڭ تارتتى، گېلى سىقىلىپ تىنالمايۋاتسىمۇ قويۇۋەتمىدى، خېلى ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن قوللىرىنى ياقىسىدىن چۈشۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەي، كۆيۈمچان ئۇستازىم، سىلى ماڭا قانداش، دىنداش ۋەتەنداشلىرىم ئالدىدىكى بۇرچۇمنى تونۇتتىلا. هارامنى ئۆزۈمگە هالال ساناپ شاراب ئىچىپ، هىدايەت يولىدىن چىققانىكەنمەن. خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىشى بىلەن كارىم بولماي، خانلىق ۋە ئاۋامنىڭ بايلىقىنى بۇزۇپ - چېچىپ، مەن ئۈچۈن جان پىدا قىلغان، ماڭا ئۈمىد، ئىشەنچ باغلاپ شاھلىق تاجىنى كىيدۈرگەن قېرىنداشلىرىم، يار - بۇرادەرلىرىم ۋە سەپداشلىرىمدىن يىراقلاپ، تېگى يوق هاڭ تۈۋىگە بېرىپ قاپتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنىمەن. ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن سىلى مېنى هالاكەت گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ، توغرا يولغا قايتۇردىلا. گۇناھىمنى ئاللادىن تىلەيمەن. ئۆزلىرىگە كۆپتىن - كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئوردا ئەھلىنىڭ ۋە ئاۋامنىڭ

مەندىن كۆتكەن ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن، تىنىقىم توختىغۇچە ئادالەت تۇغىنى لەپىلدىتىمەن.

سەئىدخان تېنىگە تىترەك ئولىشىپ، خاجەئى نۇرانىنىڭ قۇچىقىغا باش قويدى، بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇستازىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ياش تۆكتى.

— كەمىنە ئىككىمىزنى دىدارلىشىش ۋە سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان ھەمدە دىللىرىنى يورۇتقان ئاللاغا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، سۇلتان ئالىيلىرى. ئەمدىكى گەپ ئەمەلدە قالدى، ئەمەلسىز ئىبادەت مېغىزسىز شاكالغا ئوخشاش پايدىسىزدۇر. ۋەدىگە ئەمەل قىلماسلىق رىياكارلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. شۇنى بىلىشلىرى كېرەككى، ئاللا بەندىسىنى ئالدىمايدۇ، جازالايدىغاننى جازالايدۇ، ئەزىزلەيدىغاننى ئەزىزلەيدۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرىدۇ. بەندىنىڭ ھەربىر ئوي ـ خىيالى، ئەمەل ـ ھەرىكىتى ئاللانىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان رىياكار بەندىسىنى كەچۈرمەيدۇ. دېمەككى، بەندە گۇناھىغا چىن كۆڭلىدىن تەۋبە قىلىشى، ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى قايتىلىماسلىقى كېرەك. تەۋبە قىلىپ، گۇناھتىن قول ئۈزگەن بەندىسىنى ئاللا ئۆزى ھىدايەت تاپتۇرىدۇ، ئىنسابقا كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭغا بۇ پانىي دۇنيادا يۇقىرى مەرتىۋە، ياخشى كۈن، ياخشى دوست ئاتا قىلىپلا قالماي، باقىي ئالەمدىمۇ جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، ئەمدىكى گەپ ئەمەلدە قالدى، بۇنى ئۇنتۇمىغايلا، سۇلتان ئالىيلىرى. جۈمە ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، ئەمدى قايتاي، تاھارەت يەڭگۈشلىشىم زۆرۈر.

خاجەئى نۇران ئۆرۈك ياغىچىدا ياسالغان قىزغۇچ ھاسىسى بىلەن سەئىدخاننىڭ تىزىغا يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى ـ يۇ، بىردىن توختاپ كەينىگە بۇرالدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، قاچانكى تۇۋىلىرىنى ئۈنتۈپ، لەۋزىلىرىدىن يانىدىكەنلا، پېقىر شۇ ھامان ياركەند دىيارىدىن ئايرىلىمەن، بۇنى ئۇنتۇپ قالمىغايلا، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئىشىكتىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى. سەئىدخان سۇلتان سارىيىدىن ئوردا ئالدىغىچە چىقىپ، دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن بىللە خاجەئى نۇران ھەزرەتلىرىنى ئۇزىتىپ قويدى.

— ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - سەركەردىلەر، ئالىم - ئۆلىما، مۇنەججىم، ھۆكۈمالار، ھەربىرلىرىنى يولۇمغا قارىتىپ مالال قىلىپ قويغىنىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن. ئەپۇ قىلىشسىلا، خۇدا خالىسا بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ناماز جۈمەگە بىللە بارايلى، — سەئىدخان ئوردا ئەھلىگە خۇش نەزەر تاشلاپ قەدەم يۆتكىدى.

مىرزا ئەلى تاغاي چىرايى ئۆڭگىنىچە يەرگە قارىۋالدى.

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، سۇلتانىم، — دېدى باش ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان كۆڭلى تەسكىن تېپىپ. ئۇ سۇلتان بىلەن يانمۇيان ماڭدى.

— مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان جانابلىرى، بەدەخشان پادشاھىنىڭ ۋەزىرى كەلگەنىكەن، كۆرۈشتىلىمۇ؟ — كېتىۋېتىپ سورىدى سەئىدخان. ھەم تۇغقان، ھەم دوستى بولغان مىرزاھەيدەر كۆرەگاننى ئۆزىگە يېقىن كۆرگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا دائىم ئىسمىنى ئاتاپ گەپ قىلاتتى.

— يېرىم كېچىدە كەلگەنىكەن، ئوردا ئەمىرى خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس تەكىيەخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. بۈنى ئەتىگەن ئۇقتۇم، ئالىيلىرىنى كۈتۈپ ئۇنىڭ قېشىغا بارالمىدىم. ئەمىر قاناتبەگ ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەن.

— مۇنداق دېسىلە، — دېدى سەئىدخان خىيالغا چۆكۈپ، — ئۇ ۋەزىر خەۋەر ئەكەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— مىرزا ئەلى تاغاي ئابايا ماڭا مىرزابەگ مۇھەممەد

سۇلتاندىن باشقا كىشىگە دېگىلى بولمايدۇ دەپ، نېمە ئىش بىلەن كەلگىنىنى ئېيتمىدى، دېدى. ئالىيلىرى، ئۇنى قوبۇل قىلىشلىرىغا جۇمەدىن كېيىن ۋاقىتلىرى چىقارمۇ؟

«مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولغان بەدەخشان دىيارىنى خانلىقىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ماڭا خەۋەرمۇ قىلىپ قويماي مىرزاخان ئىگىلەپ بويۇنتاۋلىق قىلغاندا، بېرىپ ئۇنى سەگىتىپ قويغانىدىم. ئەجەبا، يەنە بويۇنتاۋلىق قىلغان بولسا ـ ھە ...»

— ئالالا خالىسا، بۇ دىدار ـ مۇلاقەتكە ئۆزلىرىمۇ ئىشتىراك قىلىدىلا، كۆرەگان ھەزرەتلىرى، — دېدى سەئىدخان.

— ئاللا ئاسانلىقنى بەرگەي، شاھىم.

— مەن شارابقا بېرىلىپ، ئاللانىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ئىش قىلىپ قويۇپتىمەن، مىرزا مۇھەممەدھەيدەر. بۇ خاتالىقىمنى دەرھال تۈزەتمىسەم، خانلىقىمىز خاراب بولغۇدەك. ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى چاقىرىپ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.

— ياخشى نىيەت يېرىم دۆلەت، ياخشى ئەمەل پۈتۈن نۇسرەت، شاھىم. ئاللا ئىگەم مەرتىۋىلىرىنى تېخىمۇ ئۈستۈن قىلغاي.

ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئارقىدا كېلىۋاتقان ئابدۇرەشىدخان بىرەر ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، «خاجەئى نۇران ھەزرەتلىرى بىكار كەلمىگەنىكەن ـ دە. خان ئاتامغا ئۇنىڭ ئېيتقان ھېكمەتلىرى قاتتىق تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ، چىرايى بۆلەكچىلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلاپ، قاپىقى سېلىنىپ كەتكەن خوجا شاھمۇھەممەدنى بارلاسقا قاراپ قويدى. شۇ چاغدا رۇستەمبەگ بىلەن ھەيدەرباغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئۈچ ئىنىسىغا كۆزى چۈشۈپ توختىدى. يازنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپى مەيدانى ئادالەتنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى.

## 4

سەئىدخاننىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى: تۇنجىسى مەختۇمە سۇلتان بېگىمدىن بولغان ئابدۇرەشىدخان؛ ئىككىنچىسى ھەبىبە سۇلتان بېگىمدىن تۇغۇلغان ئىسكەندەر سۇلتان، ئۇ ئابدۇرەشىدخاندىن ئىككى ياش كىچىك؛ ئۈچىنچىسى مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ ئابدۇرەشىدخاندىن كېيىن تۇغۇلغان بالىسى ئىبراھىم سۇلتان، ئىسكەندەر سۇلتاندىن بىر ياشلا كىچىك؛ تۆتىنچىسى ھەبىبە سۇلتان بېگىمدىن تۇغۇلغان مۇھسىن سۇلتان، تېخى ئۆتكەن يىلى خەتنىسى قىلىنغانىدى.

سەئىدخان ئۆز تەربىيەسىگە ئېلىپ ئوقۇتۇۋاتقان رۇستەمبەگ ئابدۇرەشىدخاندىن بىر ياش چامىسىدا كىچىك ئىدى. ئىككىسى گۆدەكلىك ۋاقتىدىن باشلاپ بىللە ئويناپ، بىللە ئۆگىنىپ بىر ـ بىرىگە ئىچەركىشىپ كەتكەنىدى. بۇ تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل ئېغىر ـ بېسىق بالىغا سەئىدخانمۇ ئامراق ئىدى. ئابدۇرەشىدخان قەيەرگە بارسا بىللە ئېلىپ باراتتى. كۆڭلى سۇنۇپ قالمىسۇن دەپ ئىشقىمۇ بۇيرۇمايتتى. ئەمما، رۇستەمبەگ خاننىڭ ئۆز بالىسى ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، ئۆزىنى ئاياپ ھەممە ئىشتا ئابدۇرەشىدخانغا يول قوياتتى. ئۇلار ئىناق ئۆتەتتى. بىرلا ئىسكەندەر سۇلتان ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى، كۆزگە ئىلمايتتى، بىللە ئوينىمايتتى. ئىبراھىم سۇلتان بىلەن مۇھسىن سۇلتان ياۋاش، نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان رۇستەمبەگنى ئاكىسىدەك كۆرەتتى، ئۇلار خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇيتتى. بۈگۈن جۈمە ئارام ئېلىش كۈنى بولغاچقا، ھەيدەرباغقا بېرىپ شائىر، مۇغەننىلەرنىڭ شېئىر، مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپ قايتىشقانىدى.

رۇستەمبەگ ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئابدۇرەشىدخاننى كۆرۈپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاكا، — دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىنىم، ھەيدەرباغدا ئويناپ كەلدىڭلارمۇ؟

— شائىر ئاكىلارنىڭ مۇشائىرىلىرىنى ئاڭلاپ، مۇغەننىلەرنىڭ مۇسىقىلىرىنى تىڭشاپ، ئاندىن قېيىقتا ئولتۇرۇپ كۆلدە ئوينىدۇق. سىلى بارمىدىلىغۇ، ئاكا؟

— مەن ئوردىدا بولدۇم، ئۇكام، — ئابدۇرەشىدخان سەل نېرىدا توختاپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇشقان ئىنىلىرىغا كۆلۈمسىرەپ باقتى، — ئوبدان ئوينىدىڭلارمۇ؟ يۈرۈڭلار، ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى، مەسچىتكە بارايلى.

ئابدۇرەشىدخان ئىنىلىرىنى باشلاپ، ئاتىسى سالدۇرغان ئازنا مەسچىتنىڭ گۈمبەز - پەشتاقلىق چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشىگىلا دىمىقىغا گۈپپىدە رەيھانگۈلنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى.

مەسچىت سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلدە لىقمۇلىق سۇ بار ئىدى. مەسچىت مۇلازىملىرى نامازخانلارنىڭ تاھارەت ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن ئىبۇرىقلارغا سۇ توشتۇرۇپ تۇراتتى. كۆلگە مەجنۇنتاللار سايە تاشلىغان، كۆلنىڭ ئىككى يېنىدا ئىچكى مەسچىتكە كىرىدىغان خىشلىق يول بار، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ياملارغا ئېلىنغان رەيھانگۈللەر قويۇلغانىدى. مەسچىتنىڭ شىمال، جەنۇب تەرىپىدە جارىپلار، تالىپلار يېتىپ - قوپىدىغان ھۇجرىلار بار ئىدى. ھۇجرىلارنىڭ ئالدىدا سۇپا بولۇپ، بۇ يەردىمۇ ناماز ئوقۇلاتتى. ئابدۇرەشىدخان ئىنىلىرى بىلەن كۆل بويىدىكى ئىبۇرىقلاردىن بىردىن ئېلىپ تاھارەت ئالدى. خادىملار شاھزادىلەرنىڭ قوللىرىدىكى ئىبۇرىقلارنى ئەكېتىشتى. ئابدۇرەشىدخان ئىنىلىرىنى باشلاپ، رەيھاننىڭ خۇش ھىدى قاپلىغان يول بىلەن مېڭىپ، كەڭرەك ئېلىنغان خىش پايە ئارقىلىق ئۇ چەت - بۇ چېتى پېشايۋانلىق كايىۋانغا چىقتى. يۈزلىگەن تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرغان پېشايۋاننىڭ ناۋا،

تورۇسلىرى رەڭگارەڭ نەقىش چىكىلگەچكە ناھايىتى كۆركەم كۆرۈنەتتى. كايىۋان پېشايۋاننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى مېھرابقا چىقىرىلغان نەپىس ياغاچ ئويمىلىق دېرىزىگە قارىغان ئابدۇرەشىدخان خانىقانىڭ ئالدىنقى رېتىدە ئولتۇرغان ئاتىسىنى كۆردى. سەئىدخان پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئاللاغا سىغىنىپ سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. شاھزادە ئىنىلىرى بىلەن خانىقاغا كىرىپ ئاتىسىنىڭ كەينىدىكى رەتتىن جاي ئالدى.

جۈمەدىن كېيىن سەئىدخان يۈزلىنگەن شاگىرت ئارىغا ئېلىۋالغان خاجەئى نۇرانىنى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. باياتىن ئالدى ـ كەينىگە ئۆتۈپ گەپ تەمە قىلىپ تۇرغان مىرزا ئەلى تاغايغا قاراپ:

— ئىشىكئاغىسى، ئوردا ئاشخانىسىغا كىشى ئەۋەتىپ پولۇ ئېتىشنى بۇيرۇڭ، ھەممىمىز بىللە غىزالىنىمىز، — دېدى.

— باش ئۈستىگە، شاھىم، يەنە قانداق تەييارلىقلارنى قىلىشاق بولار؟ — خاننى چېكىپ باقتى مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ شاراب توغرۇلۇق نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ.

— پولۇ بىلەن غىزالانساقلا كۇپايە، باشقا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ئىشىكئاغىسى. غىزادىن كېيىن بىر يەرگە كېتىپ قالمىسىلا، بەدەخشان ۋەزىرى مىرزابەگ مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشىمىز.

— خوپ، شاھىم، — مىرزا ئەلى تاغاي كەينىچە ئاستا مېڭىپ يىراقلاشتى.

سەئىدخان شۇ چاغدا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان قاناتبەگنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا قارامتۇل، دوغىلاق، كۆلاھىغا سەللە ئورىغان، شايى تونلۇق بىر كىشى بار ئىدى. «بەدەخشان پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەن. غەمكىن كۆرۈنىدۇ...» سەئىدخان كۆڭلىدىن شۇلارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇۋىدى، ئۇلار يېتىپ كەلدى.

— ئالىيلىرى، ئاللا مەرتىۋىلىرىنى ئۈستۈن قىلغاي، —

دېدى مىرزابەگ مۇھەممەد، — ئالىيلىرىنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم.

— مەنمۇ خۇش بولدۇم، ۋەزىر جانابلىرى، غىزادىن كېيىن تەكىيىخانىدا سۆزلىشەيلى.

— خوپ، خان ئالىيلىرى.

سەئىدخان ئوردا تاماقخانىسىدىن ئۇدۇل تەكىيىخانىغا باردى. ئۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەشىدخان، مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، مىرزا ئەلى تاغايلارمۇ بىللە ئىدى. ئۇلار تەكىيىخانىنىڭ مېھمان كۇتۇش زالىغا كىرىشتى. مىرزابەگ مۇھەممەد بىلەن ئەمىر قاناتبەگ سەئىدخاننى كۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بىر قۇر سالام - سەھەتتىن كېيىن ئۆزلىرىگە لايىق جايلاردىن ئورۇن ئېلىشتى. شۇ چاغدىلا سەئىدخان ئەسلىي مەقسەتتىن سۆز ئاچتى:

— خوش ۋەزىر جانابلىرى، قانداق خۇش خەۋەر ئەكەلدىلىكىن؟

— ئالىيلىرى، مىرزاخان ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرۈدى، — دەپ گەپ باشلىدى مىرزابەگ مۇھەممەد گەدىنىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، — ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ يارلىقى دەپ، ئۆتكەن يىلدىن بېرى باج - سېلىقنى ئىككى ھەسسە ئاشۇردى. نۇرغۇن ياشلارنى مەجبۇرىي لەشكەرلىككە تۇتۇپ قوشۇنىنى ئاۋۇتتى. مەن ئۇنى چەكلەشكە ئاجىز كېلىپ قالدىم، مەندىن كۇتكەن ئۈمىدلىرىنى يەردە قويدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن جازاغا لايىقمەن، ئالىيلىرى، مېنى جازالىسىلا!

— مىرزابەگ! — دېدى خان زەردە بىلەن، — خانلىقىمىزدىن يۈز ئۆرۈگەن مىرزاخان تۇرسا، مېنى جازالىسىلا دەيدىلىغۇ؟ ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ۋەزىر قىلىپ ئەۋەتىشىمدىكى مەقسەتمۇ ئەندىجان تەرەپتىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش ئىدى، ئەمما مۇنداق شۇم خەۋەر ئەكېلىشلىرىنى زىنھار خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. سىلى ئېيتىپ باقسىلا قېنى، مەن مىرزىخانغا ماڭا ئاسىيلىق قىلغۇدەك نېمە يامانلىق قىپتىمەن؟ بېقىندى، قوغلاندى، سەرگەردان بولۇپ

يۈرگەن مىرزىخاننى ھامامىنىڭ ئوغلى ئىكەن دەپ بەدەخشانغا پادىشاھ قىلىپ قويغىنىمىنىڭ جاۋابى شۇ بولدىمۇ ئەمدى؟ ئۆزلىرى باشلىرىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن، قان كېچىپ جەڭ قىلغان، ئەقىل - پاراسەتتە كامال تاپقان سەركەردە تۇرۇقلۇق، مۇشۇنداق مۇھىم ئىشتا بوشاڭلىق قىلغانلىرى نېمىسى؟!

مىرزابەگنىڭ چىرايىلا ئەمەس، بويىنىمۇ قىزىرىپ كەتتى، بەدىنى تىكەنلەشتى. ئۇ لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى.

— خان ئالىيلىرى، ئۇبدان گەپ قىلدىلا، مىرزاخاننى يېتەكلەش ۋەزىر مىرزابەگ مۇھەممەدنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلماستىن، بۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ، ئىشەنچلىرىنى يەردە قويدى. بۇمۇ ئاسىيلىق قىلغانغا ئوخشاشتۇر.

مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ساقىلىنى سىلاپ قويدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى.

— «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دېگەن ماقال بار، ئىشىكئاغىسى. مىرزاخاننىڭ بويۇنتاۋلۇق قىلىشىنى مىرزابەگ مۇھەممەد ھەزرەتلىرىدىن كۆرسەك، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغان بولىمىز، — دېدى كەسكىن رەددىيە بېرىپ، — ۋەزىرنىڭ پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىشى مۇمكىنكى، ئۇنى يېتەكلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاخىرقى قارارغا كېلىش، ھۆكۈم چىقىرىش پادىشاھقا خاستۇر. ئەمىر مىرزابەگ مۇھەممەد ئىلاجسىز بۇ يەرگە كەلگەن تۇرسا، ئۇنى قارىلىساق، نېمە ئىش ھاسىل بولىدۇ؟ — مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان سەئىدخانغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ دېگەنلىرىمۇ ھەق، لېكىن بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئاندىن چارىسىنى قىلساق. ئەگەر ۋەزىر مىرزابەگ جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى ھەقىقەت بولسا، مىرزاخانغا قارشى لەشكەر

www.uyghurkitap.com

ئەۋەتمىسەك بولمايدۇ. ئەگەر يالغان ياكى نىسپىي راست بولسا، دەۋاگەرنى جازالاشقا توغرا كېلىدۇ. ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ نەتىجىسى زىياندىن باشقا نەرسە ئەمەس. تەمكىنلىك بىلەن ئويلاپ ئىش كۆرۈشىمىز لازىم. ئالىيلىرى، مىرزاخان ئىككى يىلدىن بېرى ئەۋەتىشكە تېگىشلىك سېلىقنى ئەۋەتمىدى. بۇنىڭدىكى غەرەز نېمە؟ ئاچقۇچ مانا مۇشۇ يەردە.

— خان ئاتا، — دېدى بولۇۋاتقان گەپلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخان تەمكىن ھالدا، — سېلىقنى ئەكېلىشكە دەرھال ئادەم ئەۋەتەيلى. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان تاغام توغرا دېدى. ئەۋەتكەن ئادەملىرىمىزنى تاغام مىرزاخان ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ سېلىقنى بەرسە، بۇ ئۇنىڭ باشقا غەرىزى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر سېلىقنى بەرمىسە، بۇ ئۇنىڭ يامان غەرىزى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمىر مىرزابەگ مۇھەممەدنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىنى ۋاقتىنچە مىرزاخان ئاغامنىڭ بىلمىگىنى خوپ.

شاھزادىنىڭ پىكرىدىكى تەدبىر سەئىدخانغا ماقۇل كەلدى. ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئاتىسىنىڭ دەۋتى بىلەن دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىگە، باشقا ئەل ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش سورۇنلىرىغا، ئەھۋالنى مۇھاكىمە قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ كېلىۋاتاتتى. سەئىدخان چوڭ ئوغلى شاھزادە ئابدۇرەشىدخاننى ئۆز تەختىگە ۋارىس قىلىش ئارزۇسىدا ئۇنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتاتتى.

— ئوغلۇم، بەرگەن مەسلىھەتىڭ، كۆرسەتكەن تەدبىرىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق. نۆكەرلىرىڭ بىلەن بەدەخشانغا بېرىپ ئەھۋالنى ئىگىلەپ، سېلىقنى ئەكېلەلەمسەن؟ بۇ ۋەزىپىنى ساڭا تاپشۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— باش ئۈستىگە، خان ئاتا. ئۆزلىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى بەجانىدىل ئورۇنلايمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان دەس تۇرۇپ.

— ئەتە ئەتىگەن بامدات نامىزىنى ئوقۇپلا يولغا چىققىن.

— خۇدا بۇيرۇسا، خان ئاتا.

ئابدۇرەشىدخان ئەتىسى سەھەردە ئاتىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، مەسلىھەتچىلىرى، خاس نۆكەرلىرى ۋە سىپاھلار بىلەن يولغا چىقتى.

ئوغلىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان سەئىدخاننىڭ شۇنچە شاراب ئىچكۈسى كەلدىكى، تۇرالماي مەختۇمە سۇلتان بېگىم قەسرىگە كېلىپ ئىككى جام ئانار شەربىتىنى ئىچىۋالدى. ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ خاجەئى نۇرانغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى، زادىلا شاراب ئىچمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## بەشىنچى باب

# يولۋاس چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش

## 1

سۇلتان سەئىدخاننىڭ شاراب تاشلىغىنىغا بىر ئاي بولدى. بۇ بىر ئاي ئىچىدە زىياپەتمۇ ئۆتكۈزۈلمىدى، باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئەلچى، مېھمانلارنى كۈتۈۋالغاندىمۇ شاراب قويۇلمىدى. خاجەئى نۇران ھەپتىدە ئىككى قېتىم كېلىپ، سەئىدخانغا نەسىھەت قىلىپ كېتەتتى.

— پادىشاھلاردا شۇنداق ئىرادە بولمىقى لازىمكى، قىلىمەن دېگەن ئىشنى بېشىغا تاغ يىقىلسىمۇ جەزمەن بىر باشقا چىقىرىشى، قىلمايمەن دېگەن ئىشنى بېشىغا ئۆلۈم كەلسىمۇ قىلماسلىقى زۆرۈردۇر. تاجدار ئۆز سەلتەنەتىدىن ئەمەس، ئاۋامنىڭ بەخت ــ سائادىتىدىن پەخىرلىنىشى، كېچە ــ كۈندۈز ئەل ــ يۇرتنى روناق تاپتۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشى، ئادالەتنى ياقلاپ رەزىللىككە قارشى تۇرۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر ئەلنىڭ بېشى بولغانىكەن، ھەرقانداق ئىشتا ئۆز تەسەررۇپى ئاستىدىكى كىشىلەرگە ئۈلگە بولمىقى، ئەھدىگە ۋاپا قىلمىقى، ئاۋامنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىشتىن يىراق تۇرمىقى زۆرۈردۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ئاۋام ــ پۇقرانىڭ ئىشەنچ ــ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، تەختتىن غۇلاپ چۈشىدۇ. ئۇلۇغ رەببىم خان ئالىيلىرىغا تاغدەك مۇستەھكەم ئىرادە، ئالىي پەزىلەت ئاتا قىلىپ، گۇمراھلىقتىن ئۆز پاناھىدا

ساقلىغاي، — دەپ ئۇنىڭ قەلب دېرىزىسىگە ھىدايەت نۇرلىرىنى چاچاتتى.

ھالبۇكى، سەئىدخاننى ھەر كۈنى كەچقۇرۇن شاراب خۇمارى تۇتاتتى، بېشى گاراڭ بولۇپ، ئۆزاققىچە ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. ئۇيقۇسى قاچقانسېرى شاراب ئىچكۈسى كېلىپ، مەيدىسى قىزىيتتى، كۆڭلى ئىللىشاتتى. باشقا ھېچ نەرسىنى دىلى تارتماي، يۈرىكى سىقىلىپ، ئىچى تىتىلدايتتى. ھەتتا خانىشلارغىمۇ رەغبىتى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن ھەببىبە سۇلتان بېگىم ئەندىشىگە چۈشتى. «خان مۇنداق كېتىۋەرسە ئاغرىپ قالىدۇ، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟» دەيتتى ئۆز ـ ئۆزىگە. لېكىن، ئۇ سەئىدخاننىڭ ھالىغا قانداق يېتىشنى بىلمىسىمۇ، شاراب تاشلىغىنىدىن خۇش ئىدى.

مەختۇمە سۇلتان بېگىم بولسا خاننىڭ بۇ قىلىقىدىن خاپا بولدى. «شۇنداق چوڭ مەملىكەتنىڭ خانى تۇرۇپ، بەقەسەم تونلۇق بىر موللىنىڭ گېپى بىلەن پادىشاھ، سۇلتانلارغا خاس راھەت ـ پاراغەتتىن ۋاز كەچسە قانداق بولىدۇ؟ شارابتىن ۋاز كېچىپلا قالماي، خانىشلاردىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرغىنى ساراڭلىقىمۇ. خان نېمىنى ئويلاپ مۇنداق قىلىۋاتقاندۇ؟» دەپ مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانغا ھال ئېيتتى.

— خانىش ئاغىچا، ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىپتىلا. مەن گەپنى ئۇدۇللا ئېيتاي. خاننىڭ شارابتىن قول ئۈزگىنى ھەممىمىز ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇنى ھازىرچە ئۆز مەيلىگە قويغىنىمىز تۈزۈك. شارابتىن ۋاز كەچمەك بىر شارابخور ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ قىيىن. شۇڭا، خان ئالىيلىرى ئەسلىگە قايتقۇچە ئۇنىڭغا پۇرسەت بېرىشىمىز، كۆپرەك ھېسداشلىق قىلىشىمىز لازىم. ئىنشائاللا، سۇلتانىمىزنىڭ ئىرادىسى چىڭ، مۇنچىلىك ئىشقا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان. شۇنىڭ بىلەن مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ ئاغزى بېسىلغان بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئېرىگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئارام سارىيىغا

غىزا ئەكىرگەندە شاراب ئىچىشكە دەۋەت قىلىۋىدى، سەئىدخان ئاچچىقلاپ تاماقنى يېمەيلا ئۆنى چىقىرىۋەتتى.

— ماڭا مۇنداق سۆزنى ئىككىنچى قىلمىسىلا، خانىش ئامىتى يەنە شاراب ئىچىشكە دەۋەت قىلىدىكەنلا، ئۆزلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىمەن.

خانىنىڭ مۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشى مەختۇمە سۇلتان بېگىمنى يەنە ھەسرەت دەرياسىغا غەرق قىلدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمگە گەپ قىلماس بولۇۋالدى.

ھەبىبە سۇلتان بېگىم ھېچنېمە بولمىغاندەك ئېرىنىڭ مەيخورلۇق قىلمىغىنىدىن سۆيۈنۈپ يۈرۈۋەردى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ياراملىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەشتىن باشقا غېمى يوق ئىدى. دوپپا، كانۋا كۆڭلەك، كىيىم - كېچەكلەرنى قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق تىكىپ ئوغۇللىرىغا كىيدۈرەتتى.

سەئىدخان خانىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپلا قالماي: «خان بولۇشقا نامۇناسىپ ئىكەنمەن، ئاللا بەندىلىرىگە ھارام سانىغان شاراب بىلەن ئەقلىمنى بۇلغىۋېتىپتىمەن. مېنى خان قىلىپ تىكلىگەن ئاۋامنىڭ، ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ، باھادىر سەركەردىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇپتىمەن. ئەمدى ئىنىم ئەمىن خوجا سۇلتاننى چاقىرىپ كېلىپ، ئورنۇمغا تەختكە چىقارسام بولغۇدەك ...» دەپ ئويلاپ ئوردىغىمۇ چىقماي قويدى. مىرزا ئەلى تاغايىنى ئەمىن خوجا سۇلتاننى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئوردىنىڭ شائىرى بولغان ئابدۇللا ئەييار قاتارلىق ماھىر چەۋەندازلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ئىشىكئاغىسى بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئەمىن خوجا سۇلتاننى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ياركەندكە ئەكەلدى. ئۇنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشۈپ، باش ۋەزىر بولۇش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

سەئىدخان مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان باشلىق بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر، سەركەردىلەر بىلەن ئالتۇن دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، ئەمىن خوجا سۇلتاننى دەبدەبە بىلەن

كۈتۈۋالدى. ئاكا ـ ئىنى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. سەئىدخان ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان بۇ ئىنىسىنى ھەرەم قەسرىگە ئورۇنلاشتۇردى.

ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر خاننىڭ نېمە ئۈچۈن ئەمىن خوجا سۇلتاننى پايتەختكە چاقىرىپ كەلگىنىنى مىرزا ئەلى تاغايدىن ئۇقۇپ ساراسىمىگە چۈشۈشتى. ئۇلارنىڭ سەئىدخاندىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى.

— ئەزىز ئىنىم، — دېدى ئەتىسى ناماز بامداتتىن بىللە يېنىپ، سارايى ئارامغا ناشتا قىلغىلى كىرگەن سەئىدخان ئەمىن خوجا سۇلتاننى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، — بۇ دۇنيا ھېچكىمگە باقىي ئەمەس، شاھلىق، سۇلتانلىقمۇ شۇنداق. تۇرپان ئاكام مەنسۇرخاننىڭ ئىلكىدە، كۇچادا ئىنىم باباخان سۇلتان بار، ئۆزلىرى ئاقسۇدا، قالغان ئىنىلىرىم يابۇرخاننىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئاللا ماڭىمۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىقىنى نېسىپ ئەتكەندى، ھالا ھۆددىسىدىن چىقالمىدىم. تەختنى ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخانغا ئۆتۈنۈپ بېرەي دېسەم، ئۇ تېخى ياش، ئەلەمدە ۋە قەلەمدە پىشىپ يېتىلگىنى يوق. سىلى كۆپنى كۆرگەن، ئاكام بىلەن ئىككىمىزنى ياراشتۇرۇپ، ئەلگە ئاسايىشلىق ئاتا قىلىشتا ئەجىر قىلغان، ساۋاقلارنى توغرا يەكۈنلىگەن ساھىبقىران. ئۆزلىرىدىن ئىككى يىلغىچە نائىب خان بولۇپ، ئوغلۇمغا دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئەمەلىي ساۋاق بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. سىلىنى مۇشۇ ۋەجىدىن چاقىرتقانىدىم، مۇرادىمغا يەتكۈزگەن ئاللادىن مىننەتدارمەن.

— ئالىيلىرى، ماڭا ئىشەنگەنلىرىگە ھەشقەللا. يىراق، مۇنداق چوڭ ئەلنى ئىدارە قىلماق ئوڭاي ئەمەس، ئويلىنىپ جاۋاب بەرسەم بولارمىكىن، قانداق دەيدىلا، ئاكا؟ — ئەمىن غوجا سۇلتان دەرگۇماندا مۇجمەل جاۋاب بەردى.

ناشتا قىلىنىپ بولدى، سەئىدخان ئىنىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەي، ئۆز ئويىنى ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ

رايىنى بىلىپ باقماقچى بولدى ـ دە:

ــ بىز ئوردىغا چىقايلى، ــ دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇپۇق يۇزىدىكى قىزىللىق يوقىلىپ، كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۈننىڭ نۇرى گۈلئىبرەم ئوردىسىنىڭ راۋاق، مۇنارلىرىغا چېچىلدى.

سەئىدخان بىلەن ئەمىن خوجا دىۋانخانىغا قەدەم قويدى، تەزىمدە تۇرغان ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا جاۋاب سالام بېرىپ سۇلتان سارىيىغا كىرىشتى. سەئىدخان تەختكە چىقمىدى. ئۇ كەينىدىن كىرىپ كەلگەن دۆلەت ئەربابلىرىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئەمما، خان ئۆرە تۇرسا، كىممۇ ئولتۇرۇشقا پېتىنالىسۇن؟

سەئىدخان پارقىراپ تۇرغان تەخت يېنىغا كېلىپ، دېدى:

ــ جانابىي شەيخۇلئىسلام، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، خانلىقىمىز قۇرۇلغىنىغا ئون يىل بولدى. بۇ جەرياندا ئاللا ئىگەمنىڭ ئىنايىتى بىلەن كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئەقىل ـ پاراسىتىمنى ۋەتەن ـ يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە سەرپ ئەتكەن بولسامىمۇ، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلگەنلىكىم، ئىقتىدارسىزلىقىم تۈپەيلى پەرۋەردىگارىم رازى بولغۇدەك، ئاۋام سۆيۈنگۈدەك ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. خان بولۇشقا نالايىق ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يەتتىم، ھالبۇكى ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخان دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا كامال تاپقۇچە، تەقۋادار، غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىنىم نائىب سۇلتان بولۇپ تەختتە ئولتۇرسا دېگەن تىلىكىمنى ھەربىرلىرىگە بىلدۈرۈشنى زۆرۈر تاپتىم. ماقۇل كۆرۈشكەيلا.

سۇلتان سارىيىنى شۇنداق بىر سۈكۈت باستىكى، پەقەت ياشانغان مويسىپىتلارنىڭ پۇشۇلداپ تىنىشلىرىلا ئاڭلىناتتى. ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. باش ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان باش پۈتۈكچى شاھ سەئىد ئالىمغا قاراپ باش چايقاپ قويدى، شەيخۇلئىسلام داموللا ئوبۇلقاسىم كاشغەرىي قويۇق ساقاللىرىنى سىقىمداپ بىرنېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن مىرزا ئەلى تاغايغا يەر ئاستىدىن

ھومىيىپ، باش سىلىپ تۇردى. باشقا ۋەزىر - ۋۇزرالارمۇ ئۈن چىقارمىدى. ئەڭ ئالدىنقى رەتتە قېتىپ تۇرغان ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس سەل ئېگىشىپ يېنىدىكى مىرزا ئەلى تاغاينىڭ قۇلىقىغا: «سىلى گەپ قىلمىسىلا ھېچكىم زۇۋان سۈرمەيدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر نېمە دېسىلە، شۇ ھېساب بولىدىغان پەيت كەلدى» دەپ پىچىرلىدى. مىرزا ئەلى تاغاي گەدىنىنى سىلاپ قويۇپ، گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «باش ۋەزىر تۇرۇپ مەن جىم تۇرغان يەردە سەن نېمە دېمەكچى، ئېغىز ئاچقۇچى بولما !» دېگەن مەنىدە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قاراپ، قولى بىلەن ئاغزىنى باستى. ئىشىكئاغىسى شۇ ھامان ئاغزىنى يۇمۇپ، قىسقا، شالاڭ ساقاللىق ئېگىكىنى مەيدىسىگە تىرەپ يەرگە قارىۋالدى. بىرنەچچە مىنۇت سۈكۈت داۋام قىلدى. ئەمىر خوجىنىڭ تاقىتى تاق بولدى. «مېنىڭ نائىب سۇلتان بولۇشۇمنى ئوردا ئەھلى خالىمايدىكەن. ۋاھالەنكى، ئاكام ئورنىغا خان بولۇپ تەختتە ئولتۇرارمەن دەپ ئاقسۇدىن كەلگەنىدىم» ئۇ كۆپچىلىككە ئويچان ھالەتتە نەزەر تاشلىدى.

— جانابىي شەيخۇلئىسلام، ۋەزىر - ۋۇزرالار، كەمىنە ھەربىرلىرىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى خىجىلمەن ھەم ھەربىرلىرىنىڭ سۇلتان ئاكامدىن ئايرىلىشقا قىيمايدىغانلىقلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. مەنمۇ ئاكامنىڭ تەختتىن ئايرىلىشىنى خالىمايمەن، — دېدى ئۇ، ئاندىن ئويغا چۆككەن سەئىدخانغا قارىدى، — ھۆرمەتلىك سۇلتان ئاكا، قۇياش ئالدىدا ھەرقانچە نۇرلۇق چىراغمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئۆزلىرى تۇرغان يەردە تەختتە ئولتۇرۇشقا قانداقمۇ لاياقىتىم توشسۇن؟ قايتىشىمغا رۇخسەت قىلغايلا.

ئەمىر خوجا ئېغىر قەدەم تاشلىغىنىچە سۇلتان سارىيىدىن چىقىپ كەتتى.

— خان ئالىيلىرى، ئەل - يۇرتىمىزنىڭ پاسىبانى بولۇشقا

www.uyghurkitap.com

ئاللا پەقەت ئۆزلىرىنى لايىق كۆرگەن. بىز سىلەردىن ئايرىلمايمىز.

— بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئاللىيلىرىنى ئۆمۈرۋايەت تەختتە ئولتۇرغۇزۇش.

— ئاللىيلىرىدىن ئۆزگە ھېچكىم ئەلنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولالمايدۇ.

— ئادالەت بابىدا ئاللىيلىرىنىڭ ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدۇ.

سەئىدخان كۆپچىلىكنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ھالدا تەختكە چىقتى.

## 2

سەئىدخان ئارامگاھ سارىيىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى، ئوبۇل ئەلاخان كىرىپ شاھزادە ئابدۇرەشىدخاننىڭ بەدەخشاندىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. «زەپەر قەلئەسىدە ئەجەب ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ئەنسىرەپ كۆزى تۆت بولغان سەئىدخان ئىتتىك قوپتى.

— شاھزادە ئانىسىنىڭ يېنىدىمۇ؟

— ياق، شاھىم، ساراي بوسۇغىسىدا تۇرۇپتۇ.

سەئىدخان ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرغان خاس نۆكىرىنى قولى بىلەن يەڭگىل ئىتتىرىۋېتىپ، سارايدىن چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ئاتا! — ئابدۇرەشىدخان قول قوۋۇشتۇرۇپ تەۋازۇ بىلەن سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، مەرھابا، مەرھابا، — سەئىدخان غۇلاچ كېرىپ شاھزادىنى چىڭ قۇچاقلىدى، كۆزلىرى نەملەندى. خان بۇ دىيانەتلىك، غەيۇر ئوغلىنى ھەقىقەتەن سېغىنغانىدى.

— ئامان - ئېسەن كەلدىڭمۇ، بالام؟

— دۇئالىرىڭىزنىڭ بەرىكاتى بىلەن ساق - سالامەت كەلدىم.

سەئىدخان ئوغلىنى سارايغا باشلاپ كىرىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئوبۇل ئەلاخان چاي، قەنت - گېزەك ئەكىردى.

— مىرزاخاننىڭ تاپتىن چىققانلىقى راستمىكەن، ئوغلۇم؟ — سورىدى سەئىدخان چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ.

— راست ئىكەن، خان ئاتا، — دېدى ئابدۇرەشىدخان چاينى قولىغا ئېلىپ، — بەدەخشاندا نېمە ئۈچۈن ئۇزاق تۇرۇپ قالغىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلىشنى خالامسىز؟

— ئەلۋەتتە خالايمەن، ئوغلۇم. سېنى ئويلاپ ئۇيقۇم قاچقان كېچىلەرنى ئۇد، تەمبۇر چېلىپ تاڭغا ئۇلىدىم. ئاللادىن سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدىم. قېنى سۆزلىگىن، بەدەخشاندا نېمىشقا شۇنچە ئۇزاق تۇرۇپ قالدىڭ؟

ئابدۇرەشىدخان بەدەخشاندا بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى بىر باشتىن بايان قىلدى:

— خان ئاتا، بىز بەدەخشانغا يېتىپ بارغىنىمىزدا مىرزاخان ۋەزىر، ئەمىرلىرى بىلەن زەپەر قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسىغىچە چىقىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە ئوردا تەكىيىخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭغا قاراپ «ئەمىر مىرزابەگ مۇھەممەدنىڭ دېگەنلىرى يالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم. كەچتە مىرزاخان ھۇجرامغا كىرىپ، سىرتقا خالىغانچە چىقماسلىقىمنى، يامان كىشىلەر مېنىڭ شاھزادە ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالسا، ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قورقۇتتى. مەن:

— شاھ ئاغا، مېنى قورقۇتمىسىلا، بۇ يەرگە ئادەم تۇتقىلى ئەمەس، خان ئاتامنىڭ سالىمىنى ئېلىپ، ئۆزلىرىدىن ھال سورىغىلى، ئاۋام بىلەن سىرداشقىلى كەلدىم. مەن باشقىلارغا چېقىلمىسام، باشقىلارمۇ ماڭا چېقىلمايدۇ. ئەندىشە قىلىشلىرىنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدىم. مىرزاخان:

— ئۆزلىرى زاتى مۇبارەك سەئىدخان خاننىڭ چوڭ ئوغلى، سىلىگە زىيان - زەخمەت يېتىپ قالسا، خان ئالىيلىرىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن؟ سىلىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكلىرىنى قوغداش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، — دەپ ئۇن نەچچە ياساۋۇلنى مېنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ۋاھالەنكى ۋەزىرى مىرزابەگ مۇھەممەد توغرۇلۇق لام - جىم دېمىدى.

— گەپ مۇشۇ يەردە، مىرزاخان سۇيىقەستىنى يوشۇرىمەن دەپ ئاشكارىلاپتۇ - دە. كېيىن قانداق بولدى؟ — دېدى سەئىدخان، ئۇنىڭ چېھرىدە بىر خىل تەقەززالىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— خان ئاتا، مىرزاخان بىزنى ئەزىزلەپ تەكىيىخانىغا ئورۇنلاشتۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە نەزەربەند قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قارشىلىق كۆرسەتسەم، ئاقىۋەتنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ:

— سۇلتان ئاغا، ئەتىدىن - كەچكىچە تەكىيىخانىدا تۇرىۋېرەمدىم؟ بۇياقتا مېڭىش ئالدىدا ھامىلىرى دەۋلەت سۇلتان بېگىم: «بالام، مىرزاخانغا سالىمىمنى يەتكۈز. ئۇنى بەكمۇ سېغىندىم. بەدەخشان گۈزەل يۇرت، سېنى مىرزاخان بالام ئوبدان سەيلە قىلدۇرسۇن» دېگەنىدى. سۇلتان ئاغا، تەكىيىخانىدا ئولتۇرىۋەرسەم قانداق بولىدۇ؟ بەدەخشاننىڭ ئاۋات شەھەر - بازارلىرىنى، باغۇبوستانلىرىنى كۆرەلمىسەم، بۇ يەردە تۇرغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى. ئۇنىڭدىن كۆرە پايتەختكە قايتىپ كەتكىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېۋىدىم. مىرزاخان خىجىل بولغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— شاھزادە، ئۇياقتىن كېلىپ، بۇياقتىن كەتسىلە، خان ئاتىلىرى نېمىدەپ قالىدۇ؟ تەكىيىخانىدىن چىقمىسىلا دېمىدىمغۇ. ماقۇل، سىلىگە غەيۇر نۆكەردىن بىر قانچىنى قوشۇپ قوياي، كۆڭۈللىرى خالىغان يەرلەرگە بېرىپ تاماشا قىلسىلا. زەپەر قەلئەسىمۇ ناھايىتى كۆركەم، ئۇ يەردىن ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتتىم. تەكىيەخانىدا ئەتىسى بىر كۈن ئارام ئېلىۋېلىپ، ئاندىن بەدەخشان دىيارىنىڭ يېزا، شەھەرلىرىنى ئارىلىدىم. ئۆزۈمنىڭ شاھزادە ئىكەنلىكىمنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىدىم. بىر جاھانكەزدى سۈپىتىدە ھۈنەرۋەن، كاسىپ، دېھقان، سودىگەرلەر بىلەن كەڭ ـ كۈشادە پاراڭلىشىپ، ئاۋامنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئىگىلىدىم.

بەزى دېھقانلار: «سەئىدخان ئادىل ئەمەس، زالىم پادىشاھ ئىكەن. سېلىقنى نەچچە ھەسسە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى» دەپ شىكايەت قىلىشتى. كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەرمۇ، سودىگەرلەرمۇ باجنىڭ ئېغىرلىقىدىن قاقشاپ: «پايدىنىڭ ھەممىسى باجغا كېتىپ، كۈن كەچۈرمىكىمىز تەسلىشىپ كەتتى. بۇنىڭغا مىرزاخاننىڭ ئامالى يوق ئىكەن. ئۆز پۇقراسىدىن باجنى ئاز ئالاي دېسە، سەئىدخاننىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقىدىكەن. پۇقرالارنى ئاياپ، ھەتتا ئۆز مۈلكىدىنمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش ئاجرىتىپ پايتەختكە ئەۋەتىپ تۇرۇپتۇ. ئاڭلىساق خەزىنە قۇرۇقدىلىنىپ قالغانىمىش» دېيىشتى. دەسلەپتە ئەسلىي سالاھىيىتىمنى ئاشكارىلاپ، كىشىلەرنى مىرزاخاننىڭ سۈيىقەستىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچى بولدۇم. لېكىن، مۇنداق قىلىشىمنىڭ ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ: «سەئىدخان ئادالەتلىك سۇلتان. ھەرگىز سىلەر ئويلىغاندەك ستەمكار ئەمەس، پات ئارىدا بىلىپ قالىسىلەر» دېيىش بىلەنلا چەكلەندىم. مىرزاخان ئۆزىنىڭ زالىملىقىنى ئامالسىزلىق تونى بىلەن يېپىپ، ئالىيلىرىنى ئاۋامغا يامان كۆرسەتكىنى راست ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن نۇرغۇن ئادەمنى نۆكەرلىككە ئېلىپ، جەڭ ماھارەتلىرى بىلەن مەشقلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئاخىر قايتىش قارارىغا كېلىپ: «مىرزاخان ئاكا، ئىككى يىل بولدى، پايتەختكە ئەۋەتىلىدىغان سېلىق ئەۋەتىلمىدى. بىز ئەكەتسەك خان ئاتام ساداقەتلىرىدىن مەمنۇن بولاتتى» دېدىم. ئۇ: «شاھزادە، سىلى

ھەممىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلە، خەلق سېلىق تۆلىگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەس، يەنە ئىككى يىل ئۆتسۇن. سۇلتان سەئىدخان ئاغامغا ئەھۋالنى ئېيتسىلا. ئوردىغا سېلىق ئەۋەتىشكە ھەقىقەتەن ئامالسىزمەن. بۇ گەپ مۇشۇنداق بولسۇن. ئەمدى سىلى ھۇزۇرىمىزدا يەنە ئىككى ھەپتە تۇرۇپ بەرسىلە. زەپەر قەلئەسىنىڭ نازىنىنلىرى بىلەن كۆڭۈللىرىنى ئاچماي كەتسىلە، تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغۇسى. ئۆزلىرىنى مۇنداقلا ئۇزىتىپ قويغۇم يوق» دېدى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى غەلىتە ئىدى، شۇنىڭغا قاراپ، كۆڭلىدىكى سۆزنى قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلدىم. شۇ كۈنى كەچتە تېزرەك قايتىشنىڭ كويىدا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرسام، ھۇجرامغا ناھايىتى چىرايلىق كىيىنگەن ئۈچ ساھىبجامال كىرىپ كەلدى. قارىغاندا تاللانغان كېنىزەكلەر بولسا كېرەك، بىرسىنىڭ قولىدا داستىخان، بىرسىنىڭ قولىدا خىلمۇخىل گېزەك، بىرسىنىڭ قولىدا نەپىس گۈل چېكىلگەن خۇمرا ۋە كۈمۈش جام بار ئىدى. ئۇلار ناز ـ كەرەشمە بىلەن سالام بېرىشتى. نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى تۇيۇپ. غەزىپىم كېلىپ دەرھال چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇدۇم. ئۇلار قاشلىرىنى ئېگىز ـ پەس قىلىشىپ، ئۇندىمەي چىقىپ كېتىشتى. مىرزاخاننىڭ قايتىشىمغا توسالغۇ پەيدا قىلىپ نېمە ئۈچۈن ۋاقىتنى ئارقىغا سوزۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق ئويلىنىپ، مۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالدىم: خان ئاتا، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالدىن بۇرۇنراق خەۋەر تېپىشلىرىنى ئۇ ئەسلا خالىمايدىكەن. شۇڭا، قانداق قىلىپ بولسۇن، دەرھال قايتىش ئىرادىسىگە كەلدىم. بۇ توغرۇلۇق كېچىچە ئۇخلىماي باش قاتۇرۇپ چىقتىم. ناماز بامداتنى ئوقۇپ، ناشتا قىلغاندىن كېيىن ھەمراھلىرىمغا شىكارغا چىقىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردۇم. مىرزاخان بىزنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بەلگىلىگەن نۆكەرلەرنىڭ باشلىقى ۋارىسبەگ:

— بۇنىڭدىن پادىشاھ ئالىيلىرىنى خەۋەردار قىلمىساق

بولمايدۇ، — دېدى.

— خەۋەردار قىلسىلا، خان ئاغام چوقۇم ماقۇل بولىدۇ، شىكار قىلماي كەتسەم قانداق بەدەخشانغا كەلگەندەك بولىمەن، — دېدىم.

ئۇ بىرنېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئىككىلىنىپ گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. ماڭا ھەمراھ بولۇپ بارغان ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى خوجا ئەلىنى چاقىرىپ دەرھال شىكارغا چىقىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ كۆپنى كۆرگەن، دىلى ئويغاق سەردار بولغاچقا، ماڭا سەپسېلىپ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، قىرىق بىر نەپەر ياساۋۇلنى تەكىيىخانىنىڭ گۈللۈك ھويلىسىدا سەپراس قىلدى. كۈتۈپ تۇرۇۋىدۇق، ۋارىسبەگ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن، چىرايىدىن جىددىيلەشكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مىرزىخانىنىڭ پەرمانىنى ماڭا بەردى. پەرماندا «شاھزادە ئۆز بالامدەك، ئۇ كۆڭلى قەيەرنى تارتسا شۇ يەردە شىكار قىلسا، سەيلە ـ ساياھەتتە بولسا بولىدۇ» دېيىلگەندى. ۋاقىتنى كېيىن سۈرۈشكە بولمايتتى، شۇ ھامان ئاتلىنىپ زەپەر قەلئەسىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ توختىماي ماڭدۇق. بىر چاغدا ئارقىمىزدىن يېتىپ كەلگەن ۋارىسبەگ ئېتىنى تۇلپارىمغا ياندىشتۇرۇپ:

— شاھزادە، ئۆزلىرىگە ئېيتىدىغان زۆرۈر گەپ بار ئىدى، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇلپارنى يانغا بۇرىدىم. ۋارىسبەگ مەن بىلەن يانمۇيان ماڭدى.

— شاھزادە، مىرزاخان ئۆزلىرىنى قەتل قىلىش ئۈچۈن يۈزدەك چەۋەندازنى ئالدىمىزدىكى جىرادا مۆكۈپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ سىلىنى شۇ يەردە شىكار قىلىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. پېقىر بىر چىغىر يولنى بىلىمەن، شۇ يول بىلەن پايتەختكە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارالايدىلا، — دېدى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە تازا ئىشەنمەي، سورىدىم:

— سەن مىرزىخانىنىڭ نۆكىرى تۇرۇپ، نېمىشقا مېنى

قۇتقۇزماقچى بولىسەن؟

— مەن ياركەند خانلىق مەدرىسەسىدە ئوقۇغان، ئەمىر غورى بارلاستىنىمۇ تەلىم ئالغان، سۇلتان سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرقانچە يۇرۇشلەرگە قاتنىشىپ يۈزبېشىمۇ بولغانىدىم. كېيىن خاننىڭ پەرمانى بويىچە ئەمىر مىرزابەگ مۇھەممەدكە ھەمراھ بولۇپ بەدەخشانغا كېلىپ، ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارى بولدۇم، شاھزادە. بىرنەچچە يىلدىن بېرى مىرزاخاننىڭ زالىم، ئىككى يۈزلىمە پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەمما، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا سادىق كۆرسىتىپ، نېمە دېسە ماقۇل دەپ، پەيت كۈتۈپ تا مۇشۇ كۈنگىچە خىزمىتىنى قىلىپ كەلدىم.

— گېپىڭ راستمۇ؟ — كۆزىگە تىكىلىپ سورىدىم.

— ئاللا گۇۋاھ، — ۋارىسبەگ كۆزۈمگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا بىزنى شۇ يولغا باشلا، — دېدىم.

ئۇ نۆكەرلىرى بىلەن ئالدىمىزدا يول باشلاپ ماڭدى. ئەتىسى ئەتىگەن تاغ باغرىغا چىقتۇق. چىغىر يول بىلەن يۇرۇپ، خەتەرلىك بىر داۋاندىن ئۆتتۇق. كېچە - كۈندۈز توختىماي مېڭىپ چاشگاھ ۋاقتى بىلەن پايتەختكە يېتىپ كەلدۇق.

— ھەرنېمە بولسا يولۋاس چاڭگىلىدىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپسەن، ئەقلىڭگە بارىكاللا، ئوغلۇم! ۋارىسبەگمۇ كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سەئىدخان.

— ياق. ئۇ بىزنى باشلاپ ئون چاقىرىمدەك يول يۈرگەندىن كېيىن بىردىنلا توختاپ، ئەپسۇسلانغان ھالدا: «مېنىڭ سىلەر بىلەن بىللە كەتكۈم بار ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلسام، مىرزاخان خوتۇن - بالىلىرىمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ھەرقايسىلىرى مەن بىلەن نۆكەرلىرىمنى يەت - قوللىرىمىزنى چىڭ باغلاپ، يول چېتىگە تاشلاپ قويۇپ كەتكەيلا» دېدى. بىز ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدۇق، خان ئاتا.

— مىرزىخان ئىچى تار، كۆزى كىچىك، باغرى تاش ئادەم،

ئوغلۇم. ۋارىسبەگىنىڭ كۆڭلى ياخشى، دىلى بىلەن تىلى ئوخشاش ئىكەن، تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇنى ئاللا ئامان قىلغاي.

— خان ئاتا، — دېدى ئابدۇرەشىدخان تەۋازۇ بىلەن، — كەمىنە ئوغۇللىرى تېخى نادان، ئۆزلىرىگە مەسلىھەت كۆرسەتكۈدەك ئەقلۇپاراسەتكە تېخى توشمىدىم. شۇنداقتىمۇ، سەمىلىرىگە شۇنى سېلىپ قويۇشنى توغرا تېپىپ قالدىم، ئاقساقاللىق قىلىپ قويغىنىمنى ئەپۇ قىلغايلا، مۇمكىن بولسا ئەمىر مىرزابەگ مۇھەممەدنى بەدەخشانغا خان قىلىپ تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈرسىلە، خانلىقىمىز پارچىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالغۇسى. ئۇ لەشكەر تارتىپ بارسا، مىرزاخان بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

— شۇنداق بولغاي، ئىنشائاللا. ئوغلۇم، پايدىلىق مەسلىھەت ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەشتىن تۇغۇلىدۇ. توغرا دېدىڭ، مىرزابەگنى لەشكەر بىلەن بەدەخشانغا ئەۋەتەي.

سەئىدخان پېشىن نامىزىدىن كېيىن سۇلتان سارىيىغا چىقىپ ئۇشبۇ يارلىقنى چۈشۈردى:

بەدەخشان خانى مىرزاخان ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىپ خانلىقىمىزنى پارچىلاش قەستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەمىر مىرزابەگ مۇھەممەدنى خان قىلىپ تەيىنلىدىم.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى سەئىدخان

ھىجرىيە 936 ـ يىلى[1] ماھى شەئبانىنىڭ 18 ـ كۈنى

مىرزابەگ مۇھەممەد بۇ يارلىقنى ئېلىپ ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن يولغا چىققان كۈنى مىرزاخان ئەۋەتكەن چاپارمەن يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەكەلگەن مەكتۇپنى مىرزا ئەلى تاغاي ئوقۇپ كۆلۈمسىرىدى. ئۆزىگە سەپسېلىپ تۇرغان ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانغا قاراپ، تەمتىرەپ قالدى ـ دە، باش

① ھىجرىيە 936 ـ يىلى — مىلادىيە 1530 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

لىقشتىپ قويۇپ سۇلتان سارىيىغا ئالدىراپ كىردى. مەكتۇپنى سەئىدخانغا ئىككى قوللاپ سۇندى.

— ئوقۇسىلا، — دېدى سەئىدخان شۇم خەۋەر ئىكەنلىكىنى سېزىپ. مەكتۇپ ئوقۇلدى:

سۇلتان سەئىدخانغا: مەلۇم بولسۇنكى، بەدەخشان مەملىكىتى — بوۋامدىن ماڭا مىراس قالغان خانلىقتۇر. بىرنەچچە يىلدىن بېرى سىلىق تاپشۇرۇپ كەلگەنلىكىم ئالىيلىرىنى ئاغام سۇپىتىدە كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئىدى. ئەمدى سېلىق تاپشۇرماي بۇ دىيارنى ئۆز ئالدىمغا سورىشىممۇ ئۆزلىرىنى قېرىندىشىم ساناپ ئەزىزلىگەنلىكىمدىن بولدى. ئاللا ھەر ئىككىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ تەختلىرىمىزنى بەرقارار قىلغاي.

بەدەخشان خانى مىرزاخان.

ھىجرىيە 936 - يىلى ماھى شەئبانىنىڭ 10 - كۈنى

— بەس ! — دېدى سەئىدخان دەرغەزەپكە كېلىپ، — لەشكەر تارتىپ بېرىپ مىرزاخاننىڭ جازاسىنى ئۆزۈم بېرىمەن. ئوغلۇم، سەنمۇ بىللە بارىسەن.

— ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، خان ئاتا.

سەئىدخان تەختتىن چۈشۈپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرغان مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ پىچىرلىدى:

— ئالىيلىرى، بۇگۇن ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەتنى كەچۈرەك باشلامدۇق ياكى ... ئۆزلىرىنىڭ قانداق كۆرسەتمىسى باركىن؟

— ئىشىكئاغىسى، مەن زىياپەت ئۆتكۈزۈلىدۇ دېمىدىمغۇ. بەس ! — سەئىدخان بىر ئىزدا توختاپ ئۇنلۇك خىتاب قىلدى، — زىياپەت ئۆتكۈزۈلمىسۇن ! بەدەخشانغا لەشكەر تارتىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىنسۇن !

سەئىدخان گۇرسۇلدىتىپ دەسسىگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

# ئالتىنچى باب

# قوچقار قىشلىقىدىكى سۈيىقەست

## 1

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قەدىردان ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخان، تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتامسەن؟

كېرەملىك ئاللادىن ساڭا كېچە ـ كۈندۈز ئامان ـ ئېسەنلىك ۋە ياخشىلىق تىلەپ تۇرۇۋاتىمىز، بالام.

ئايمۇئاي يوللاپ تۇرغان مەكتۇپلىرىڭدىن يارلىقىم بويىچە ئىش كۆرۈپ، قىرغىز ـ قازاق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يۇرتىنى ئەمىن تاپتۇرغانلىقىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، كۆپ خۇرسەن بولدۇم. ساڭا ئاللا رەھمەت قىلسۇن.

ئەي، ئەزىز ئوغلۇم، سۇنماس قانىتىم، ئىككى يىل ئالدىدا بەدەخشانغا بىللە بارغىنىمىز ئېسىڭدە بولسا كېرەك. شۇ چاغدا سېنىڭ: «ئاتام ئۆزلىرى بىلەن بىر نەۋرە قېرىنداشلاردىن بولغاچقا، يېقىن بىلىپ ۋە ئىشىنىپ، ئېلىمىزنىڭ باغۇبوستانلىق بۇ ئاۋات دىيارىنى ئالىيلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەن تۇرسا، نېمىشقا يۇز ئۆرۈمەكچى بولدىلا؟ سىلى يامان نىيەتلىرىدىن يانسىلا، ئاتامنىمۇ ئاچچىقىدىن ياندۇرۇپ، تاجۇتەختلىرىگە تەگمەي قايتىپ كېتىشكە ماقۇل كەلتۇرىمەن. ئەگەر جاھىللىق قىلسىلا خانىدانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۆككە سورۇلۇپ كېتىدىلا...»

دېگەن سۆزۈڭنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئالدىمغا چىققان مىرزاخاننىڭ تىزلىنىپ ئەپۇ سورىغانلىقى ھازىرقىدەك ئېسىمدە. ئوغلۇم، سېنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىڭ بىلەن غىياسىدىن دوغلاتنى مىرزابەگ مۇھەممەدنىڭ ئورنىغا ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، پايتەختكە قايتقىنىمدىن كېيىن ساڭا سۇلتانلىق ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۆزۈمگە ۋەلىئەھد قىلغانلىقىم ئۈمىد - ئىشەنچىمنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىدىن بېشارەت ئىدى. كەمىنە ئاتاڭ ئۇستازىم خاجەئى نۇران ھەزرەتلىرىنىڭ نەسىھەتى بىلەن شارابنى تەرك ئېتىپ، ئۆز گۇناھلىرىمغا تووۋا قىلىشقا كىرىشكىنىمدىن بۇيان، نېمە ئۈچۈندۇر خانلىقىنىڭ ئىشلىرىدىن رايىم يېنىپ قالدى. دىلىم تاجۇتەختنى تارتماي، جايىماز ئۆزرە توۋا قىلىپ، ئوردىغا چىقمىغان شۇ كۈنلەردىمۇ سەن: «خان ئاتا، كىشىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ زىيانغا ئۈچرىتىدىغان شارابتىن ۋاز كېچىش ئاللا دەرگاھىدا مەقبۇل ئىشتۇر. ئاۋام ھىمايە قىلغان تاجۇتەختتىن ۋاز كېچىش بولسا ئاللا دەرگاھىدا مەقبۇل بولمايدىغان قىلمىشتۇر. بۇ ئىككى ئىشنى بىر تاياقتا ھەيدەش ئالىيلىرىدەك ئەقىل ئىگىسىگە قانداقمۇ توغرا كەلسۇن؟ ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئاللا ئىرادە قىلغان تەختلىرىدە بەرقارار ئولتۇرۇشلىرىنى خەلق نامىدىن تەۋسىيە قىلىمەن» دەپ غاپىللىق قۇچىقىدىن ئادالەت تەختىگە قايتا چىقىشىمغا تۈرتكە بولغانىدىڭ. ئاللاتائالانىڭ ماڭا سەندەك ئەقىل - پاراسەتلىك ئوغۇل ئاتا قىلغىنىدىن تولىمۇ مەمنۇنمەن. ئەي، يۈرەك پارەم، سېنى بەكمۇ سېغىندىم. ئاناڭنىڭمۇ سېنى بەك كۆرگۈسى كەلدى. باشقا خانىشلارمۇ سېنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ساڭا سالامەتلىك، نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلىشىدۇ. بەختىمىزگە ئامان بولغايسەن، ئوغلۇم.

خۇشنۇدلۇق بىلەن ۋاقىپلاندۇرىمەنكى: ئاكام سۇلتان

مەنسۇرخان ئاقسۇغا كېلىپ ماڭا كىشى ئەۋەتكەنىكەن، بېرىپ كۆرۈشتۇم. سېنى سورىدى، ئاتام سۇلتان ئەھمەدخان، ئانام نەجىبە سۇلتان بېگىم مەقبەرىسىگە بىللە چىقىپ ئۈچ كۈنگىچە خەتمىقۇرئان قىلىپ، دۇئا - تىلاۋەتتە بولدۇق. ئاكام ساڭا كۆپ دۇئا قىلدى. ئۇ ياشىنىپ قاپتۇ. بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا پەقەتلا كۆزىمىز قىيمىدى. قايتىدىغان چاغدا ئاكامنى توققۇز چاقىرىم يولغىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدۇم. ئۇ مەندىن رازى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭمۇ رازى بولۇشۇمنى ئۆتۈنۈپ كۆزى ئارقىدا تۇرپانغا كەتتى. مەنمۇ پايتەختكە قايتتىم، كاشغەرگە كېلىپ يەتتە كۈن تۇردۇم. ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئاغامۇ ساڭا دۇئا قىلدى، سالام يوللىدى. قەيەرگە بارسام شۇ يەردىكى تۇغقانلار، يۇرت چوڭلىرى سېنى سورىشىدۇ. ئۇلارنىڭ سېنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدى چوڭ.

قەدىرلىك ئوغلۇم، سېنى ئىسسىقكۆل دىيارىغا ئۇزاتقان شۇ كۈننى زادى ئۇنتۇيالمايمەن. «خان ئاتا، ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ زىنداندا ياتقىنىغا تۆت يىل بولدى. باشباشتاقلىق قىلغىنى ئۈچۈن بۇ جازا يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇ باتۇر سەركەردە، ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىپ قىرغىز ئېلىگە ئەمىر قىلىپ، مەن بىللە ئەۋەتسىلە، ئۇ ئىشەنچلىرىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ. ئەگەر يەنە كۈتكەن يەرلىرىدىن چىقمىسا، بۇ نۆۋەت ئۆزىنى ئەمەس، بېشىنى ئالدىلىرىغا ئەكېلىمەن» دەپ ئۇنى زىنداندىن چىقىرىپ بىللە ئەكەتكەنىدىڭ. بۇ ۋاقىتقىچە ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىڭدا ئۇنىڭ قىرغىز دىيارىنى ئاقىلانە باشقۇرۇپ، ئاۋامغا ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك بەخش ئەتكەنلىكى توغرىسىدا يېزىپ، مېنى خۇش قىلىپ كەلدىڭ. ئەل غېمىنى يېمىگەن پادىشاھ تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ. ھەر سائەت، ھەر كۈن

ئاۋامنىڭ دادىغا قۇلاق سالغىن، يىغلىغانلىقىنىڭ يىپتىنى سۈرتۈپ، كۆلگەننىڭ خۇشلۇقىغا ھەمدەم بولغىن، ھاجەتلەرنى راۋان، مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايدىغان تەدبىرلىك كىشىلەرنى مەنسەپكە تەيىنلىگىن. ئالىم ـ ئۆلىمالارنى دوست تۇتۇپ، نادان، قارا دىللارنى ئىلمۇھېكمەت شامى بىلەن نۇرلاندۇرۇپ، يۇرتنى ئاۋات قىلغىن.

بۇ يىل كۈزدە مېھرىبان ئاناڭ بىلەن يېنىڭغا بېرىپ، قىرغىز ـ قازاق قېرىنداشلىرىمنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلىش نىيىتىم بار. بەلكىم ھۇزۇرۇڭدا قىشلاپ قالارمىز. تىنچ ـ ئامان كۆرۈشۈپ، دىدارىڭغا قانساق ئەجەب ئەمەس، ئىنشائاللا.

ۋەزىرىڭ مىرزا ئەلى تاغايغا، لەشكەر بېشى خوجا ئەلى باتۇرغا، بارلىق بەگ، سەردار، نۆكەرلەرگە، قازاق ـ قىرغىز قېرىنداشلىرىمغا سەمىمىي سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن. جانابىي ئاللا يەتتىسۇ، ئىسسىقكۆل دىيارىغا دۈشمەن قوۋمىنىڭ قەدىمىنى يولاتمىسۇن. ئوغلۇم، ئاللا ئىگەم ساڭا شان ـ شەرەپ ۋە نۇسرەت يار قىلسۇن، ئامىن!

ئاتاڭ سەئىدخان

ھىجرىيە 938 ـ يىلى① جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ 23 ـ كۈنى، ياركەند

ئابدۇرەشىدخان خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۆز جىيەكلىرىگە ياش ئۇلاشتى. قۇلاقلىرى قىزىغاندەك بولۇپ، ئاقۇچ مەڭزى ئانار كەبى قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن تال ـ تال كىرپىكلىرى جۇپلەشكەندى، شاھانە ئاق يىپەك تونىنىڭ ياقىسىغا ياش تامچىلىدى. مەكتۇپنى ھارىس نەجمىدىن دوغلات

① ھىجرىيە 938 ـ يىلى ـــ مىلادىيە 1532 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئەكەلگەندى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

بۇنىڭدىن قىزغانغان مىرزا ئەلى تاغاي:

— سۇلتان ئالىيلىرى، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ئەل ئامان، پايتەخت تىنچ ئىكەنغۇ، — دېدى ئۇ ھارىس نەجمىدىن دوغلاتقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا مەنىلىك نەزەر تاشلاپ.

— بۇ دىيارغا خان ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك قەدەمى يېتىدىغان بوپتۇ، سۇلتانىم، بۇ كاتتا خەۋەر ئىكەن. ئالىيلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلساق بولغۇدەك، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىغايلا، — خوجا ئەلى باتۇر ئابدۇرەشىدخانغا تەسەللى بەردى. ئۇمۇ ياركەندتىكى بالىچاقىلىرىنى سېغىنغانىدى.

— بۇ مۇبارەك مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن پۈتۈن قىرغىز ئېلىنى خەۋەردار قىلىمەن، سۇلتانىم. خان ئاتىمىزنىڭ مۇبارەك قەدەمى بۇ يەرگە يەتسە، تۈگىلەر بوتىلاپ، بايتاللار تايلاپ، ساغلىقلار قوزىلاپ، ئىنەكلەر موزايلاپ، دەريا ـ ئېرىقلىرىمىزدا سۈت ـ قايماق ئاققۇسى. ئىجازەت قىلسىلا، ھازىردىن باشلاپ خان ئالىيلىرىنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىغا كىرىشەي، — دېدى ئەمىر مۇھەممەدبېك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

— مۇھەممەدبېك ئاغا، ئاتام قۇتلۇق مەكتۇپىدا ئەلگە ئاسايىشلىق تىلەپتۇ، تەييارلىق ئەلگە جەبىر بولۇپ قالمىسۇن.

— باش ئۈستىگە، سۇلتانىم. ئىنشائالالا، بۇ تەييارلىق ئەلگە شادلىق ئەكېلىدۇكى، ھەرگىزمۇ زۇلۇم بولۇپ قالمايدۇ.

— يازنىڭ ئاخىرى شىكار قىلغاچ بۇ ۋەدىلىرىنى ئەمەلدە كۆرۈپ كېلىمەن، ئەمىر.

— ئالالا خالىسا، ئاتقان ئوقلىرى تولكىگە تەگكەي، سالغان قۇشلىرى بۆرە تۇتقاي، سۇلتانىم.

— دېگەنلىرى كەلگەي، ئەمىر جانابلىرى، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرغان ئابدۇرەشىدخان يېشىل تۆپىلىككە تىكىلگەن ئاقئۆيدىن چىقتى. سالقىن شامال شايى تونىنىڭ پەشلىرىنى لەپىلدەتتى، سەللىسىگە قادالغان ئالتۇن ئوتوغات كۈن نۇرىدا يالتىراپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

## 2

قوچقار قىشلىقى قەدىمىي قىشلاق بولۇپ، ئىسسىقكۆل دىيارىدىكى ئەڭ چوڭ بازار بولغاننىڭ ئۈستىگە، ئەتراپى يازدا كۆكىرىپ، قىشتا ئاقىرىپ كېتىدىغان كاتتا يايلاق ئىدى. پەرغانە، ئەندىجان، نەمەنگان، تاشكەنت، خارەزىمگە بارىدىغان كارۋان يوللىرى مۇشۇ بازاردىن ئۆتەتتى، ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل بولغاچقا، قوچقار قىشلىقىنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەختگاھ قىلغانىدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن ئىككى يىلدىن بېرى غەرب تەرەپتىكى تۆپىلىككە چوڭ قورغان سالدۇرغان، بۇ قورغاندا ۋەزىر، ئەمىر، سەركەردە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن ياساۋۇل، نۆكەرلەر تۇراتتى. ياز كۈنلىرىنى يايلاقتا تىكىلگەن ئارامگاھى — ئاقئۆيدە ئۆتكۈزەتتى. ئەمدى ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بۇ ياش سۇلتان يايلاقتىكى بۇلاق بويىغا كەلگەندە گۈلنىگار بىكەنى ئەسلەپ قالاتتى. شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق سۈيى ئۇنىڭغا سالقىن كارىزنى ئەسلىتەتتى. «ئاشۇ گۈزەل قىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن باغرى تاش مەلئۇندىن قىساس ئالماي قويمايمەن» دەپ قىلىچىنىڭ كۈمۈش سېپىنى چىڭ سىقىملايتتى. شىكارغا چىققان كۈنلىرىدە لاتاپەتلىك بىر قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ خىيال ئۆزىگە كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ: «پېشانەمگە پۈتۈلگەن بىرسى باردۇ، دۇنيادىن مۇنداق يېگانە ئۆتۈپ كەتمەسمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

ئۇ ئاتىسىدىن خەت كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ئاۋۇل - قىشلاقلارنى ئارىلاشقا كىرىشتى. ئىسسىقكۆل بويىغا بارغاندا يۇرت ئاقساقىلى تۇرسۇنبېك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. كۈيۇ ئوغلى ۋە قىزىمۇ بىللە چىققانىدى. ئۇلار ئابدۇرەشىدخاننى ئىسسىقكۆل بويىغا تىكىلگەن كۆركەم ھەم ئازادە ئاقئۆيگە

باشلىدى. ئۇنىڭ خاس نۆكەرلىرىمۇ ئاقئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى. ساھىبخانا بۇ ئەزىز مېھمانلارنى قوي ـ قوزا، تاي سويۇپ، قىمىز قۇيۇپ مېھمان قىلدى.

ئابدۇرەشىدخان چوڭ ھېجىردىكى كۆپۈك ئۆرلەپ تۇرغان قىمىزنى سورۇپ چىنىگە قۇيۇپ سۇنغان بوتا كۆز كېلىنچەكنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلاتتى.

— سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟ — دېدى ئۇ.

— بارسقاۋۇن داۋىنىدا كۆرگەن بولغىيدىلە، ئالىيلىرى.

— ئىسمىڭىز؟

— ئالتۇن بىكە.

ئابدۇرەشىدخان ھېلىقى چاغدا بىر پادا قوي بىلەن ئۇچرىغان گۈزەل قىزنى دەررۇ ئېسىگە ئالدى.

— بىز كۆرۈشكىلى تۆت يىل بوپتۇ. ئۇ چاغدا سىز تاغ تېكىسىدەك تۇتۇق بەرمەيدىغان شوخ قىز ئىدىڭىز، سورىغان سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىشنىمۇ خالىمىغانىدىڭىز.

— ھەئە، شۇنداق بولغان، ھېچقاچان تاغ تېكىسى بۆرىگە ئۇۋۇسىنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ، — كېلىنچەك ئالدىغا چۈشۈپ قالغان ئۆرۈمە چاچلىرىنى كەينىگە تاشلىۋىدى، چاچ تەڭگىلىرى شۇ چاغدىكىدەكلا جىرىڭلاپ كەتتى. پەگاھتا ئولتۇرغان ھارىس نەجمىدىن دوغلات ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى تەمبەل قىرغىز يىگىتنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

— تاغ تېكىسى تېخى ئۇۋا تۇزمىگەندۇ؟ — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنى گەپكە سالماقچى بولۇپ.

— ئۇ چاغدىكى شاش تاغ تېكىسى ھازىر ئانا بولدى، سۇلتان ئالىيلىرى. ئۇنىڭ ئۇۋىسى، ئىككى بالىسىمۇ بار تېخى. ئۆزلىرى تېخىچە بالا يېتى تۇرۇپتىلا.

ئابدۇرەشىدخان ئويچان ھالدا تەبەسسۇم قىلدى.

— باللارنىڭ ئاتىسى قايدا؟

— ئۇ ئالدىلىرىدا تۇرۇپتۇ ئەنە، قارىسىلا كۇنداشلىقى تۇتۇپ

دومسىيىپ ئۆلتۈرگىنىنى.

مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرغان كېلىنچەك ھارىس نەجىدىنىڭ دوغلاتنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئۆلتۈرگەن قابىل يىگىتنى كۆرسەتتى ـ دە، قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

يىگىت ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئالدى:

ــ ئەدەپسىزلىك قىلغان بولسام كەچۈرگەيلا، سۇلتان ئالىيلىرى. خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز تەڭرى پاناھىدا بەختلىكمىز، قېيىنئاتام بىلەن قېيىنئانام بىزدىن رازى. ئاشۇ چاغدا ئالىيلىرى بىلەن ئۇچراشمىغان بولساق، تويى قىلىنىشىمىزغا قوشۇلمىغان بولاتتى بۇ قېيىنئاتام.

ــ تەقدىر ـ قىسمەت شۇ تۇرسا، مەندە نېمە ئىلاج بولسۇن، ئوغلۇم؟ ــ دېدى تۇرسۇنبېك بىر چىنە قىمىزنى قولىغا ئېلىپ، ــ خۇدا تىلىكىڭگە يەتكۈزدى، ئوغلۇم. تەلىيىڭ بار ئىكەن.

ــ تەقدىرنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. جانابىي ئاللا ھەر سەۋەب بىلەن بەندىلىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ، ــ دېدى ئابدۇرەشىدخان تۇرسۇنبېك تۇتقان قىمىزنى قولىغا ئېلىپ، ئاندىن توختىغۇلغا قاراپ سورىدى:

ــ ئېتىڭىز نېمە ئىدى؟

ــ توختىغۇل.

ــ يادىمغا كەلدى، بىز دەسلەپ ئۇچراشقاندا شۇنداق دېۋىدىڭىز. بالىلىرىڭىز بۆرىمۇ، تۈلكە؟

ــ ئىككىلىسى بۆرە، سۇلتانىم، ــ بىرسىنىڭ ئېتى بۆرەبەگ، بىرسىنىڭ ئېتى بۆركۈتبەگ، ــ دېدى تۇرسۇنبېك كۈيۈ ئوغلىنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ، ئۇ پەخىرلەنگەندەك قىلىپ قوللىرىنى كېرىپ قويدى، ــ يېقىندا ئەقىقنى[1] قىلىپ بېرىمەن، ئالىيلىرىنىمۇ چاقىرىمىز.

[1] ئەقىق ــ ئوغۇل بالا شىرىپىگە ئىككى قوچقار سويۇپ قىلىپ بېرىدىغان ئەنئەنىۋى چاي.

— سۇلتان سۇيىتىدە ئەمەس، پۇقرا سۇيىتىدە كىلىپ قاتنىشىمەن، — ئابدۇرەشىدخان قولىدىكى قىمىزنى ئىچىۋەتتى.

— ئۇيغۇرلارمۇ ئەقىق قىلامدۇ؟ — سورىدى ئالتۇن بىكە يەنە بىر چىنە قىمىزنى ئابدۇرەشىدخانغا سۇنۇپ.

— بىز بىلەن ئوخشاش، ئوغۇلغا ئىككى، قىزغا بىر قوچقار سويۇپ ئەقىق قىلىپ بېرىدۇ. تېگىدىن قېنىمىز بىر - دە، — دېدى تۇرسۇنبېك جاۋاب بېرىپ، ئۇ قىمىز ئىچىپ خۇشخۇيلىشىپ كەتكەن ئابدۇرەشىدخانغا سان گۆشنىڭ لوق يېرىدىن بىر پارچە سۇندى، — سۇلتان ئالىيلىرى، كەلگەنلىرىدىن ناھايىتى خۇش بولدۇق. ئەتە ئىسسىقكۆل دىيارىدىكى بارلىق قىرغىزلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ شەرىپىگە ئوغلاق تارتىشىش قىلىپ بېرىمىز. «قىز قوۋار» ئويۇنىنى كۆرسىتىمىز. كېچىسى قوۋۇز چېلىپ، ئۆلەڭ ئېيتىشىش بەزمىسى ئۆتكۈزىمىز. قاتنىشىپ بەرگەيلا.

— ئەلۋەتتە، ئەل - يۇرت بىلەن قايغۇدىمۇ، خۇشلۇقتىمۇ بىللە بولۇشۇمنى خان ئاتام تاپىلىغان.

تۇن تەڭ بولغاندا، چىرايى خوراز تاجىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئابدۇرەشىدخان مىرزا ئەلى تاغاي ۋە مەھرەملىرى بىلەن بارگاھىغا قايتتى. قىمىزنى قانغۇچە ئىچىپ شاراب خۇمارى بېسىلغان خوجا ئەلى باتۇر گۇرسۇلدىتىپ دەسسىگىنىچە ئاقئۆيدىن چىقىپ، هارىس نەجمىدىن دوغلات ۋە نۆكەرلەر بىلەن قەلئەگە يېنىپ كەلدى.

ئەتىسى ئالتۇن ئوتۇغات قادالغان سەللىنىڭ ئورنىغا قىرغىزنىڭ ئاق قالپىقىنى، شاھانە تون ئورنىغا چوتا يەكتەك كىيىپ، بېلىنى يوللۇق بەلباغ بىلەن باغلىغان ئابدۇرەشىدخان ئىسسىقكۆل ياقىسىدىكى ئوغلاق تارتىشىش مەيدانىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆزىگە ئوخشاش كىيىنگەن قىرىق بىر يىگىت بار ئىدى. مىڭلىغان كىشىلەر توپىغا قېتىلىپ كەتكەن ئابدۇرەشىدخاننى ھېچكىم تونۇيالمىدى. پەقەت مىرزا ئەلى

تاغاي، خوجا ئەلى باتۇر، ئەمىر مۇھەممەدبېك قاتارلىق بىر قانچە كىشىلا ئۇنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەردار ئىدى. كېيىنرەك كەلگەن ھارىس نەجمىدىن دوغلات ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ ئابدۇرەشىدخاننى ئۇچرىتالمىغاندىن كېيىن «سۇلتان قىمىزنى جىق ئىچىپ قويغاچقا، ئۇخلاپ قېلىپ كېلەلمىگەن چېغى» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئوغلاقنى ئېلىپ، ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرگەن تۇرسۇنبېك بىتاقەت بولۇۋاتقان چەۋەندازلار ئالدىغا كېلىپ تىزگىننى تارتتى. ئۇ چاپچىپ تۇرغان چىلان تورۇقنى مىنگەن ئابدۇرەشىدخانغا كۆلۈمسىرەپ قويۇپ، ئوغلاقنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. گويا چىل بۆرىلەر پادىغا تاشلانغاندەك، چەۋەندازلار ئوغلاققا ئېتىلدى. مىرزا ئەلى تاغاي ئابدۇرەشىدخان ئالغان ئوغلاقنى توختىغۇلىنىڭ تارتىۋېلىپ، ئېتىغا قامچا ئۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەجايدى. ئۇ ئېتىنى بۇراپ، ھارىس نەجمىدىن دوغلات يېنىغا كېلىپ قامچا دەستىسى بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىدىن تۇرتتى.

— ئىنىم، سىزگە ناتونۇش بۇ گۈزەل ياياقنىڭ مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلانغۇچىمىز بارمۇ؟ يۈرۈڭ مەن بىلەن، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئۇنلۇك قىلىپ.

ھارىس نەجمىدىن دوغلات خالىمىغان ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ئات يورغىلاتتى.

— ئىنىم، سىزنى بۇ يەرگە كېلەر دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم. خاننىڭ مەكتۇپىنى يەتكۈزۈش باھانىسىدە كەلگىنىڭىز بەك ئوبدان بولدى، سىزنى سېغىنغانىدىم. تۈنۈگۈندىن بېرى سۇلتاننىڭ يېنىدا بولدىڭىز، ئەھۋاللىشالمىدىم، — دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن.

— سەمرىپ قورساق ساپتىپلا، ۋەزىر ئەزەم، — دېدى ھارىس نەجمىدىن دوغلات مىرزا ئەلى تاغاينىڭ سۆزىگە ئېرەن قىلماي.

— ئاللانىڭ ئىلتىپاتى، ئىنىم. بۇ يەردە ئارام تېپىپ قالغان بولساممۇ، پايتەختنى ئۇنتۇيالمىدىم. بۇ سەھرايىقىيامەتتىن

كەتكۈم كېلىپلا تۇرىدۇ. ئابدۇرەشىدخان ھەممىلا يەردە ماڭا كۆشەندە بولۇۋاتقاچقا، بۇ سەھرايىقىيامەت دەشتى ئاپەتتىن كېتەلمەيۋاتقىنىنى قارىمامسىز. چۆچۈرىنى خام ساناپ دەرھال بىچىرىشكە تېگىشلىك ئىشنى ئارقىغا سۈرگەنلىكىمدىن پۇشايمان يەۋاتىمەن، ئىنىم. بۇ يەردە پۇرسەت كەلگەنىدى، بىراق سىزدەك بىر شىر ئەزىمەت بولمىغاچقا، ئارسلانغا قول سالالمىدىم. بۇ قېتىم پۇرسەتنى يەنە قولدىن بېرىپ قويساق، مەقسىتىمىزگە ئۆمۈرۋايەت يېتەلمەيمىز. شۇڭا، بۇگۈنكى پاتپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئابدۇرەشىدخاننى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلىك. بۇنى ھېچكىم بىلمەي قالىدۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟

— ياق، چۈشىنەلمىدىم، — نەجمىدىن دوغلاتنىڭ ئۇنى خىرقىراپ ئەنسىز چىقتى.

— نېمىشقا چۈشەنمىگەنسىز؟ — مىرزا ئەلى تاغاي شۈبھە بىلەن قاراپ دېدى، — قاراڭ، ئىنىم، ئابدۇرەشىدخان سىزنى ئۆزىگە يېقىن كۆرىدۇ، سىزدىن زادى گۇمانلانمايدۇ. ئوغلاق تارتىشىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى بولماڭ. پەيتنى تېپىپ، دۈمبىسى ياكى بىقىنى تەرەپتىن خەنجەر ئۇرۇڭ. ئەگەر بۇ ئەپسىز بولۇپ قالسا، زەھەر بىلەن سۇغىرىلغان ساداق ئوقى بار. ئۇنى كەچقۇرۇن بېرەي. سىز مەرگەن، خېلى يىراقتىنمۇ نىشانغا تەگكۈزەلەيسىز، بۇ ئەتراپتا يوشۇرۇنىدىغان جاي كۆپ. بۇنى ئېلىڭ، — مىرزا ئەلى تاغاي تونىنىڭ ئىچىدىن بېلىگە ئېسىۋالغان خەنجەرنى غىلىپى بىلەن ئېلىپ ھارىس نەجمىدىن دوغلاتقا ئۇزارتتى، — سىز سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ يېقىن تۇغقىنى. ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش سىزنىڭ مەجبۇرىيىتىڭىز، ئىنىم.

ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ چىرايى لاپپىدە ئۆزگەردى.

— ۋەزىر ئەزەم، تېخىچە شۇم نىيەتلىرىدىن يانمىدىلىمۇ؟ بۇرۇن قول سالماقچى بولغىنىمدا نېمىشقا يالتىيىۋالغانىدىلە؟

www.uyghurkitap.com

ئەمدى يەنە سەپەرلىرى ئۆرلەپتۇغۇ؟ بۇ قەستىمىز سىزنىپ قالسا، تىرىمىز تەتۈر سويۇلۇپ ئىچىگە سامان تىقىلىدۇ. بۇنى بىلەمدىلا؟

— ئىنىم، قېنى سەندىكى جاسارەت؟ بۇ گەپلەرنى شەن دەۋاتامسەن! ئال بۇنى! — مىرزا ئەلى تاغاي سەنلەپ سۆزلىگىنىچە خەنجەرنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى، — «يىگىت سۆزىدىن، شىر ئىزىدىن قايتماس» دەپتىكەن. مىرزا ئابابەكرىنىڭ روھىدىن ئۇيال!

— يىگىت ئەمەس، پادىشاھ، ۋەزىرلەرمۇ سۆزىدىن قايتىدىغان، يولۋاسمۇ ئىزىدىن يانىدىغان چاغلار بولىدۇ، ۋەزىر ئەزەم. ئاۋۋال ئويلاپ كۆرەي، — ھارىس نەجمىدىن خەنجەرنى قوينىغا يوشۇردى.

— ئاللا سىزنى پاناھىدا ساقلىغاي، ئىنىم. كەچقۇرۇن خۇپتەندىن يانغان مەھەلدە قەلئەدىكى ھۇجرىڭىزغا خۇش خەۋەر ئاڭلىغىلى بارىمەن. خەير، مەن كەتتىم.

ھارىس نەجمىدىن دوغلات دوكسىمان ئىڭىشىپ كېتىۋاتقان مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئارقىسىدىن بىرنى تۈكۈردى ـ دە، ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ ئوغلاق تارتىشىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى.

ئوغلاق تارتىشىش ئەۋجىگە چىققانىدى. ھارىس نەجمىدىن دوغلات ئۇياقتىن ـ بۇياققا، بۇياقتىن ـ ئۇياققا ئات سېلىپ ئوغلاق تارتىشىۋاتقان چەۋەندازلارغا كۆز تىككىنىچە ئويغا چۆمدى: «سۇلتان مىرزا ئابابەكرى تاغام بولۇپ قالغىنى ئۈچۈنلا قاتىللىق قىلىشىم كېرەكمۇ؟ ئاۋامنى زار قاقشاتقان ئاشۇ زالىم پادىشاھنى دەپ بىگۇناھ ئابدۇرەشىدخاننىڭ قېنى بىلەن قولۇمنى بويىسام، ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىماسمەنمۇ؟ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ماڭىلا ئەمەس، مىرزا ئەلى تاغايغىمۇ يامانلىق قىلغىنى يوق. مىرزا ئەلى تاغاي ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىگە يېتىش ئۈچۈنلا ئۇنى مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق ئۆلتۈرمەكچى. سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ كاشغەردىكى خوتۇنى زىبىرنىسا سۇلتان

بېگىمدىن بولغان ئوغلى مىرزا ئوبۇلھادىبەگ تېخى ھايات. قىساس ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئوغلى بولغاندىكىن ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئاشۇ مىرزا ئوبۇلھادىبەگ ئالسا بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ سەييىدمۇھەممەد مىرزا يېنىدا باش پۈتۈكچى. مەن بولسام بىر نۆكەر...» ھارىس نەجمىدىن دوغلات ئويلىغانسېرى جۇدۇنى تۇتتى. «نېمىشقا ئاقىل، مەردانە، ياش سۇلتاننى ئۆلتۈرگۈدەكمەن؟ ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ئۇ يېشى كىچىك بولغىنىغا قارىماي شۇنداق تەمكىن، شۇنداق ئادىل. ئاۋامۇ ئۇنىڭغا قايىل. ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلسە مەككار مۇناپىق مىرزا ئەلى تاغايىنى ئۆلتۈرسەم ھەق بولىدۇ. ئى ئاللا، ئەمەل كۆزلەپ، كۆمىچىمگە چوغ تارتىپ ناھەق قان تۆككەن گۇناھىم ئۈچۈن پېقىر قۇلۇڭنى جازالا ...» ئۇ خىيال قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئوغلاق تارتىشىۋاتقان چەۋەندازلارغا سەپسالدى. ئوغلاق كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان چەۋەندازلار ئارىسىدىكى ئاقۇچ يۈزلۈك، قارا قاش، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش چەۋەنداز توختىغۇل تېقىمىغا باستۇرۇۋالغان ئوغلاقنى تارتىپ ئېلىپ، كۆپچىلىك قورشاۋىدىن بۆسۈپ چىققىنىچە ۋەزىر، ئەمىر، يۇرت چوڭلىرى بىلەن تۇرغان تۇرسۇنبېك تەرەپكە قاراپ قۇيۇندەك ئات چاپتۇردى. تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن چەۋەندازلار ئۇنى يەنە ئارىغا ئېلىۋالدى. ئۇ بوي بەرمەي توپ ئارىسىدىن يەنە بۆسۈپ چىقتى. يان تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلگەن توختىغۇل چاڭگال سېلىپ ئوغلاقنى تارتىۋالماقچى بولۇۋىدى، يىگىت ئېتىنى بۇرىدى. توختىغۇل ئات يالىنى سىقىملاپ قالدى. يىگىت ئۈچىنچى قېتىم قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ ئۇچقاندەك كەلگىنىچە ئوغلاقنى قىرغىز ئاقساقىلى ئەمىر مۇھەممەدبېك ئالدىغا تاشلىدى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئابدۇرەشىدخانغا ھۆرمەت ـ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى:

— چەۋەندازلىقتا كامالەت ئىگىسى ئىكەنلا، ئالىيلىرى،

جاسارەتلىرىگە بارىكاللا !

— تېخىمۇ كامال تاپقايلا !

— باسقان ئىزلىرىدىن گۈل ئۈنگەي، سۇلتان ئالىيلىرى !

قىيقاس - چۇقان ئىچىدە ئاتتىن ئىرغىپ چۈشكەن يىگىتكە قارىغان ھارىس نەجمىدىن دوغلات ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى: «خۇدايا، بۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئىكەنغۇ، قىرغىزنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ، تونۇيالماي قالغىنىمنى قارا، چەۋەندازلىقتا تەڭداشسىز ئىكەن ...»

تۇرسۇنبېك چىرايلىق ئېگەرلەنگەن كۈمۈش ئۈزەڭگىلىك تورۇقنى ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، قالتىس ماھارەت كۆرسەتتىلە. ھەممىدىن قىزىقى ئۆزلىرىنىڭ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئىكەنلىكلىرىنى ئاۋام بىلمەي قالدى. بۇ ئات قىرغىز خەلقىدىن ئۆزلىرىگە تارتۇق بولغۇسى، — ئۇ سۆزدىن توختاپ نېرىراقتا كۆز تىكىپ تۇرغان ئالتۇن بىكەگە كۆز ئىشارىتى قىلىۋىدى، ياقا - پەشلىرى نەپىس كەشتىلەنگەن مەخمەل توننى تۇتۇپ تۇرغان كېلىنچەك ئاتىسىنىڭ يېنىغا باردى.

— ئالىيلىرى، تاغ قىزىنىڭ ئاددىي سوۋغىسىنى قوبۇل قىلغايلا، — دەپ ئابدۇرەشىدخانغا تون كىيدۈرگەن تۇرسۇنبېك ئاقساقال بىلەن ئالتۇن بىكە تەزىم قىلدى. كۆپچىلىك يەنە ئالقىش ياغدۇرىشتى:

— مۇبارەك بولسۇن !

— چەۋەنداز يىگىتكە ئاپىرىن !

ئەمىر مۇھەممەدبېك تارتۇق قىلىنغان ئاتقا مىنگەن ئابدۇرەشىدخانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— قېرىنداشلىرىم، بۇ چەۋەنداز بىزنىڭ سۇلتانىمىز ئابدۇرەشىدخان بولىدۇ. سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ئوغلى.

ھەيرەتتە قالغان خالايىق توۋلىشىپ كەتتى:

— سۇلتانغا بارىكاللا !

— چەۋەندازدەك كىيىنىۋالسا تونۇماي قاپتۇق !
— ياشلا يىگىت ئىكەن ئەمەسمۇ !
— خۇدا سۇلتانىمىزنى ئامان قىلسۇن !
— يۇرت مۆتىۋەرلىرى، قېرىنداشلار، ھەممىڭلارغا سالام ! — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۈنلۈك ئاۋازدا.
— ئاللا سىلىگە ئۇزۇن ئۆمۈر، كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، سۇلتان ئالىيلىرى !
ئابدۇرەشىدخان ئۆزىگە ئامانلىق تىلەۋاتقان مىڭلىغان قېرىنداشلىرىغا چەكسىز مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن قاراپ، دېدى:
— ئاتام سۇلتان سەئىدخان بۇ يىل كۈزدە كېلىپ، سىلەردىن ھال سورىماقچى.
— خان ئالىيلىرى كەلسە بېشىمىزدا كۆتۈرىمىز.
— ئاللا خان بىلەن سالامەت كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلغاي !
— خاننىڭ سەپىرى قۇتلۇق بولغاي !
ئابدۇرەشىدخاننىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ چۇقان سېلىۋاتقان خالايىققا مېھرى بىلەن كۆز سالدى:
— ئەل بېشى، يۇرت ئاقساقاللىرى، قېرىنداشلار، بۈگۈندىن باشلاپ كېلەر يىل مۇشۇ كۈنگىچە مال بېجى، ئاشلىق سېلىقى ئېلىنمايدۇ. ئاللا تېنىڭلارنى ئامان، مېلىڭلارنى زىيادە قىلسۇن !
— سۇلتانىمىزغا رەھمەت !
— سۇلتانىمىزنىڭ بەخت - دۆلىتى تېخىمۇ زىيادە بولسۇن !
كۆپچىلىكنىڭ ساداسى بىپايان يايلاقنى قاپلىدى، تاغلاردىن ئەكس سادا قايتتى.
— ئەي، خۇدا، ئابدۇرەشىدخانغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن، — دەپ پىچىرلىدى ئابدۇرەشىدخاندىن كۆز ئۈزمەي تۇرغان ھارىس نەجمىدىن دوغلات.

## 3

ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. تۇرسۇنبېك ئاۋۇلىدا بولغان كېچىلىك بەزمىدىن يېنىپ قورغانغا كېتىۋاتقان ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنى بىرسى ئاستا چاقىردى. ئۇ توختاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىرغاڭلاپ كېلىۋاتقان مىرزا ئەلى تاغاينى كۆردى. تېنى شۈركەنگەندەك بولۇپ، بېلىگە ئېسقلىق قىلىچنىڭ سېپىنى تۇتتى.

— ۋەزىر ئەزەم، سىلى ئىكەنلىغۇ؟ بۇ كېچىدە نېمە گەپلىرى باركىن؟ — ئاستا، لېكىن زەردە بىلەن سورىدى ئۇ.

— نېمە گېپىم بارلىقى سىزگە مەلۇم، ئىنىم. تولا خۇپسەنلىك قىلماي ئېلىڭ بۇنى! — مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭغا ساداق بىلەن ئىككى تال ئوقنى ئۇزارتتى، — ئوق بېشى زەھەر بىلەن سۇغىرىلغان، تەگسىلا جاننى ئالىدۇ.

— ۋەزىر جانابلىرى، مېنى يەنە نېمە قىل دەيدىلا؟

— قارىغاندا خەنجەر بىلەن مەقسەتكە يېتەلمىگۈدەكسىز، ئىنىم، سىز ئۇستا مەرگەن. سۇلتان مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە ئىسسىقكۆل، ئۆرەتۆپە دېگەن جايلارنى كۆزدىن كەچۈرىدىكەن. پۇرسەت بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ، ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن، بەلكىم ئەتىلا ئىشنى تۈگىتەرسىز. ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، ئالدىراقسانلىق قىلىپ ئۆزىڭىزنى سەزدۈرۈپ قويماڭ! زىنھار ...

كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى ئۆڭگەن ھارىس نەجمىدىن دوغلات ئىككى تال ساداق ئوقىنى سۇندۇرۇپ، يول چېتىدىكى يېڭى تىكىلگەن كۆچەتلەر ئارىسىغا چۆرۈۋەتتى. «ھارامزادە مەلئۇن، ھامان جاجاڭنى بېرىمەن.»

— ھۇ بەچچىخەر، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — غەزەپ بىلەن دېدى مىرزا ئەلى تاغاي، — ۋەدەڭدىن يانماقچىمۇ؟ بايا گەپ قىلماي خەنجەرنى ئالغانىدىڭغۇ؟ ئەمدى نېمە بولدى ساڭا؟ ئۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلما. كىچىكىڭدىن ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرۈپ چوڭ

قىلغىنىمنى ئۇنتۇپ قالما. ئەينى چاغدا مىرزا ئابابەكرىنىڭ يېقىن تۇغقىنى ئىكەنلىكىڭنى ئاۋام بىلىپ قالغان بولسا، مۇشۇ كۈنگە ئۇلىشالامتىڭ، ئاللىبۇرۇن قۇيرۇقۇڭنى قوم بېسىپ بولاتتى، خۇنپەر. پەيلىڭدىن يېنىپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆكسىگە قىساس خەنجىرىنى ئۇرمىساڭ ياكى زەھەرلىك ئوقنى تەگكۈزمىسەڭ، پايتەختكە كېتەلمەيسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، — دېدى ھارىس نەجمىددىن دوغلات بوم ئاۋاز بىلەن. ئۇ كۆچەتلەر ئارىسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، بىرنەچچە كىشىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك بولدى. قۇلىقىغا پاقىنىڭ كۇرۇلدىشى ئىشىتىلدى. يىراقتىن يايلاق ئىتلىرىنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يېقىن ئەتراپ ناھايىتى تىمتاس بولۇپ، ئۇنى ۋەھىمە باستى. شۇ ئارىدا ئىككى كىشى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يۇقىرى كۆتۈردى.

— ھارىس، بۇ يەردە بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي بوش ئاۋازدا، — بۇ جايغا ھېچكىم كەلمەيدۇ. بېشىڭ ئۈستىدە ئەجەل قۇشى ئەگىپ تۇرۇپتۇ، ياخشىلىقچە قىلىچنى تاشلاپ، گۇناھىڭغا تۇۋا قىل.

ھارىس نەجمىددىن دوغلات ئۈچ تەرەپتىن تىغ تەڭلىگىنىچە قىستاپ كېلىۋاتقان مىرزا ئەلى تاغاي ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەي ئېسەنگىرەپ قالدى. مۇنداق خالىي جايدا رەقىبلىرىنىڭ ماراپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇ پەقەت ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئۇدۇلىدىن كەلگەن كىشىگە قىلىچىنى بىر شىلتىپ، نەيزىسىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. چۆرگۈلەپ يۈرۈپ رەقىبلىرى بىلەن بىردەم قىلىچلاشتى. يالغۇزلۇق قىلىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، نەيزىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەم خەنجىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ نەيزىنى يەنە بىر قولىغا ئېلىۋالدى ـ دە، ھارىس نەجمىددىن دوغلات بىلەن قىلىچلىشىۋاتقان ھەمراھىغا بولۇشۇپ، يان تەرەپتىن يېقىنلاپ كەلدى. ھارىس نەجمىددىن دوغلات بۇنى سېزىپ، ناھايىتى

www.uygurkitap.com

چەبدەسلىك بىلەن ئۆنىڭغا قىلىچ ئۇردى. «جاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇچقۇن چاچرىدى. دەل شۇ چاغدا هارىس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ كەينىدىن كەلگەن مىرزا ئەلى تاغاي ئۆنىڭ بىقىنىغا قوش بىسلىق خەنجەرنى تىقىۋەتتى. هارىس نەجمىدىن دوغلات قىلىچنى كۆتۈرگىنىچە دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ چىنار كۆچىتىگە سوقۇلۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە يەنە بىر ەيلەن قىلىچ چاپتى.

— بولدى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي هارىس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ مۈرىسىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ئوڭ قولىغا كۆز سېلىپ. ئۇ يەنە بىر ئادىمىگە بۇيرۇدى:

— بۇ خۇنپەرنىڭ بېشىنى كەس.

قاتتىق ئاغرىقتىن ۋاي - ۋايلاپ ياتقان هارىس نەجمىدىن دوغلات بوغۇزىغا خەنجەر سۈرگەن ئادەمگە قاراپ گەپ قىلماقچى بولغاندەك لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى، لېكىن ئاۋاز چىقمىدى. كۆپۈپ چىققان چېكە تومۇرلىرى لوقۇلداپ، ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارتىشىپ، چىشلىرى كىرىشىپ قالدى. بوغۇزىدىن ئوقچۇپ چىققان قان خەنجەر ئۇرغۇچىنىڭ ئۈستىبېشىغا چاچرىدى. يېنىدا قاراپ تۇرغان مىرزا ئەلى تاغاي قىلىچنى ئېگىز كۆتۈردى.

— بولدى چاپمىسىلا، ۋەزىر جانابلىرى، ئۇ ئۆلدى، — دېدى يۈزىگە چاچرىغان قاننى هارىس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ چاپىنىغا ئېرتىپ تۇرغان يىلان كۆز ئادەم.

— چاپمىسام بولمايدۇ، — مىرزا ئەلى تاغاي هارىس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ ئەمەس، ئۆز ئادىمىنىڭ گەدىنىگە قىلىچ ئۇردى.

— بۇ نېمە قىلغانلىرى، ۋەزىر ئەزەم؟ هەربىرىڭگە ئەللىك سەر كۈمۈش بېرىمەن دېگەنىدىلىغۇ، ئەمدىلىكتە بولسا ... — دېدى يەنە بىر ئادەم.

— ئاغزىڭنى يۇم، ئەخمەق، مانا ساڭا ئەللىك سەر كۈمۈش ! —

دېدى مىرزا ئەلى تاغاي ئۇ ئادەمنىڭمۇ بوينىغا كۈچ بىلەن قىلىچ چېپىپ. ئۇنىڭ بېشىدىكى كۈمۈش ئوتۇغات قادالغان سەللىسى يەرگە چۈشۈپ چۇۋۇلۇپ كەتتى. ياز ئىسسىقىدا شەلۋەرەپ كەتكەن مىستەك سىيدام بېشىغا دالا شامىلى تەگدى. ئۇ قانغا چىلىشىپ ياتقان ئىككى ئادەمنىڭ قىمىرلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، خەنجەر بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۇنى قورقۇنچ بېسىپ ئەتراپىغا ئەندىشىلىك باقتى. قىزارغان كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ھەربىر دەرەخ تۈۋىدە ئادەم قاراپ تۇرغاندەك بىلىنىپ، كېتىشكە ئالدىرىدى. خەنجىرىنى بىر ئۆلۈكنىڭ چاپىنىغا چالا - بۇلا ئېرتىپ قوينىغا تىقتى. قىلىچىنى يەنە بىر ئۆلۈكنىڭ چاپىنىغا سۈرتۈپ، بېلىدە ساڭگىلاپ تۇرغان غىلاپقا سالدى. بۆكى بىلەن سەللىسىنى ئېلىپ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. ئۇ مېڭىپ خېلى بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز قەدىمىنى توختاتتى: «ئاپلا، كۈمۈش ئوتۇغاتنى ئېلىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، جېنىمدىن ئايرىلىمەن. ئوتۇغاتنى جەزمەن قايتۇرۇپ كېلىشىم كېرەك...» ئۇ دەررۇ كەينىگە ياندى. شۇنداق تېز يۈگۈردىكى، جەسەتكە پۇتلىشىپ يىقىلمىغان بولسا، قان تۆكۈلگەن يەردىن ئۆتۈپ كەتكەنمۇ بولاتتى. ئۇ ئورنىدىن ئالدىراپ تۇرۇپ، قارىچۇقى يوغىناپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئەتراپىقا سىنچىلاپ قارىدى. كۈمۈش ئوتۇغات ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىدا ئوت - چۆپ ئارىسىدا پارقىراپ تۇراتتى. «ئەي، خۇدا، ساڭا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ پىچىرلاپ كۈمۈش ئوتۇغاتنى ئېلىپ قويۇن يانچۇقىغا سالدى. ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ماڭغىنىچە ئۆتكەن يىلى سۇلتان سالدۇرۇپ بەرگەن گۈللۈك ھويلىسىغا كەلدى. دەرۋازىۋەن ئىشىكنى ئاچتى. چويۇن چىراغنى كۆتۈرۈپ چىققان جۇۋان مىرزا ئەلى تاغاينى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— ۋاي ئانامەي، نېمە بولدىلا، تەخسىرىم؟ تونلىرىدىكى نېمە

قان ئۇ؟ چىرايلىرى ئەجەب ئۆڭۈپ كېتىپتا؟

— خەپشۇك ! بۇنى سورىغۇچى ھەم جاۋابىنى ئاڭلىغۇچى بولما، بۇگۈنكى ئىشنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىڭنى ئادا قىلىش. ئۇقتۇڭمۇ؟ — مىرزا ئەلى تاغاي تونىنى سېلىپ ئايالغا ئۇزارتتى.

— ئۇقتۇم، تەخسىرىم، — دېدى ئايال تونني قولىغا ئېلىپ.

— خانئايىم ھۇجرىسىدىمۇ؟

— ھەئە، تەخسىرىم، ئۇخلاپ قالدى.

«ۋاتىلداق خوتۇننىڭ ئۇخلاپ قالغىنى ئوبدان بوپتۇ، بولمىسا مېنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ قورقۇپ كېتەتتى، ۋاي - ۋايلاپ ئۆينى بېشىغا كىيەتتى. سۆيۈملۈك چۆرەمنىڭ ئالدىمغا چىققىنى ئوبدان بولدى ...» خىيالىدىن شۇنى ئۆتكۈزگەن مىرزا ئەلى تاغاي ئايالغا قاراپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— تونني دەرھال يۇيۇۋېتىپ، ھۇجرامغا كىرىپ ماڭا ھەمراھ بولغىن.

— خوپ، تەخسىرىم.

— مەستۇرە !

— لەببەي، تەخسىرىم.

— خانئايىم ئويغىنىپ قالماس - ھە؟

— ئويغانماس، تەخسىرىم.

— ئۇنداق بولسا چىقىپ تونني يۇغىن.

مەستۇرەخان بىر قولىدا جىنچىراغنى، يەنە بىر قولىدا تونني كۆتۈرگىنىچە ھامامغا كىردى. قان ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ كۆڭلىنى ئېلىشتۇردى. شۇنداقتىمۇ، تونني يۇيۇپ قان داغلىرىنى چىقىرىۋەتتى، قايتا - قايتا چايقاپ ھويلىدىكى تانىغا يېيىپ قويدى. «قارغىش تەگكۈر بەگچەك بۈگۈن ئاخشاممۇ بىرەرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئوخشايدۇ. ئاتا - ئانام ئادەم تېپىلمىغاندەك ئەجەب بۇ مەرەزگە بېرىپتىكەنە مېنى ..» دەپ ئويلاپ مۇستەھەپخانىغا كىرىپ ئىستىنجا قىلىپ چىقتى.

مىرزا ئەلى تاغاي بۆ ياركەندلىك باينىڭ قىزىنى ئىسسىقكۆل دىيارىغا يولغا چىقىش ئالدىدا ئەمرىگە ئېلىپ، ئۆچ خوتۇنلۇق بولغانىدى.

كېيىملىرىنى تامامەن سېلىۋەتكەن مىرزا ئەلى تاغاي ئەنبەر پۇرىقى دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ بېشىنى كۆتۈردى. ئاق رومال، ئاپپاق كۆڭلەك ئىچىدە تۇرغان مەستۇرەخان قوش بىسلىق خەنجەرنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مىرزا ئەلى تاغاي چۆچۈپ كەتتى.

— بۇنى ئالسىلا، تەخسىرىم.

ئۇ خەنجەرنى ئىتتىك قولىغا ئېلىۋالدى.

— بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟

— تونىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن.

— ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپتىمەن - دە، سەن بەك ۋاپادار خوتۇن جۇمۇ، — مىرزا ئەلى تاغاي كۈلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

مەستۇرەخان قورقۇپ كەينىگە داجىدى.

— قورقمىغىن، كېيىملىرىڭنى سېلىپ يوتقانغا كىر، ئومىقىم.

مىرزا ئەلى تاغاي بۇلۇڭدىكى ساندۇقنى ئېچىپ، بايا سېلىپ قويغان قىلىچ يېنىغا خەنجەرنى قويدى، ساندۇقنى قۇلۇپلاپ يوتقانغا كىردى.

— تەخسىرىم، ھاياسىزلىشىپ كېتىپتىلا، — دېدى يالىڭاچ ياتقان مەستۇرەخان.

— ئادەمئاتىمىز بىلەن ھاۋائانىمىزمۇ يالىڭاچ يۈرۈشكەن. بىمەنە گەپ قىلماي ئۇچامنى سىلا، ھەر كۈندىكىدەك سەھەردە ئويغىتىۋەت.

— ماقۇل، تەخسىرىم.

مەستۇرەخان پاختىدەك يۇمشاق ھەم چوغدەك ئىسسىق قوللىرى بىلەن مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بەدىنىنى سىلاشقا باشلىدى. ئاشۇ قوللاردىن تارىغان ئوتلۇق سېزىمنىڭ ئەللەيلىشىدە مىرزا ئەلى تاغاي بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى.

مەستۇرەخان ئوتلۇق كۆكسىنى يۇڭلۇق مەيدىسىگە ياقسىمۇ ئويغانمىدى. ئۇ تىل ئىشتىمەسلىك ئۇچۇن ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى.

— قوپسىلا، تەخسىرىم، ناماز بامداتقا ئەزان چىقتى.

كالىدەك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان مىرزا ئەلى تاغاي كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى غورىدەك ئىششىپ كەتكەن، بەدىنى تاش بىلەن باستۇرۇپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى.

— قولۇمدىن تارتقىنا، — دېدى ئۇ.

مەستۇرەخان ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى ـ دە، دېدى:

— ئېيىقتەك ئولتۇرماي كىيىملىرىنى كىيسىلە، پەرىشتىلەر لەنەت قىلمىسۇن، تەخسىرىم.

ئۇ ۋەزىرىنىڭ كۆڭلەك، تامبىلىنى كىيىشىگە ياردەملەشتى. مىرزا ئەلى تاغاي تاھارەت ئېلىپ كىردى.

— تون قېنى؟

— مانا، تەخسىرىم، — مەستۇرەخان چىرايلىق قاتلانغان توننى ئېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈردى.

— داغ ـ پاغ قالغان بولسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن جۇمۇ.

— قان داغلىرىنى پۇتۇنلەي يۇيۇپ چىقىرىۋەتتىم، خاتىرجەم بولسىلا.

— تېپىلغۇسىز ئايال ـ دە، سەن. پايتەختكە قايتقاندا سېنى چۆرىلىكتىن رەسمىي خوتۇنلۇققا كۆتۈرىمەن. ئۇ چاغدا خانئايىمدەك ئاغىچا بولىسەن.

— رەھمەت، تەخسىرىم، — كۈلدى مەستۇرەخان، لېكىن «خۇدايىم شۇ كۈنگىچە گۆرۈڭدە ياتارسەن ...» دەپ ئىچىدە قارغىدى.

مىرزا ئەلى تاغاي تاۋار بۆكىگە يۆگەلگەن سەللىگە كۈمۈش ئوتۇغاتنى قىستۇرۇپ، قايسىدۇر بىر ئايەتنى پىچىرلىغاچ

ئىشىكتىن چىقتى. ياركەندتىن ئەكەلگەن ئۈچ خىزمەتكار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. مەسچىتكە يېقىنلاشقاندا بىرمۇنچە كىشىنىڭ توپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

كۆپچىلىك مىرزا ئەلى تاغاينى كۆرۈپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بېرىشتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەزىر ئەزەم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەسچىتكە كىرمەي بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىپتىلىغۇ؟

قورغاننىڭ شەرقىدىكى چاتقاللىقتا ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ، — دېدى بىرسى.

— نېمە؟ ئۆلگۈچى كىم ئىكەن؟ — بۇ ئىشتىن زادىلا خەۋىرى يوقتەك تەئەججۈپلىنىپ سورىدى مىرزا ئەلى تاغاي.

— بىلمىدۇق، ئەمىر خوجا ئەلى باتۇر ھېلىلا شۇ يەرگە كەتتى.

— ئەي، رەببىل ئالەمىن، سۇلتانىمىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي نۆكەر، ياساۋۇللىرى بىلەن كېلىۋاتقان ئابدۇرەشىدخانغا كۆزى چۈشۈپ. ئۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتانىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەزىر جانابلىرى.

ئابدۇرەشىدخان جامائەت بىلەن سالاملىشىپ مەسچىتكە قاراپ مېڭىشىغا، مىرزا ئەلى تاغاي قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ قايغۇرغان ھالدا دېدى:

— سۇلتانىم، جامائەتتىن ئاڭلىسام، كېچە «بۆرە ئۈۋىسى» دېيىلىدىغان چاتقاللىقتا ئادەم ئۆلتۈرۈلگەنىمىش. خوجا ئەلى باتۇر شۇ يەردە ئوخشايدۇ.

— بۇ نېمە گەپ؟ ئۆلتۈرۈلگىنى كىم ئىكەن؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان تەشۋىشلىنىپ، ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى .

— تېخى بىلمىدۇق، ئەمىر كەلسە ئاندىن مەلۇم بولىدۇ.

— ۋەزىر جانابلىرى، بۇ ۋەقەنى ئۆزلىرى باش بولۇپ ئېنىقلاپ، توققۇز كۈن ئىچىدە قاتىلنى تۇتۇپ ئالدىمىغا ئەكەلمىسىلە، جازاغا تارتىلىدىلا. ئەمىر مۇھەممەدبېك بىلەن كېڭىشىپ ئىش قىلارلا، — دېدى سۇلتان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— خوپ، سۇلتانىم.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلى يېرىم، مەسچىتكە ئىتتىك كىرىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

# ئاشىقنىڭ ئۆلۈمى

## 1

«ئابدۇرەشىدخان باتۇر، پاراسەتلىك بولسىمۇ، تېخى ياش، ئالدىدىكىنى كۆرگەن بىلەن كەينىدىكىنى كۆرەلمەيدۇ. ئوچۇق - ئاشكارىنى بىلگەن بىلەن پىنھاننى بىلەلمەيدۇ. ماڭا ئاتام بەلگىلىگەن ۋەزىر دەپ ئىشىنىدۇ، تۈنۈگۈنكى قانلىق قىلمىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ماڭا بۇيرۇدى. ئاللا ساقلىدى دېگەن شۇ. توققۇز كۈن ئىچىدە قاتىلنى تاپمىسام جازالىنىدىكەنمەن. ياش سۇلتاننىڭ بۇ بالىلارچە پەرمانى نېمىدېگەن كۈلكىلىك - ھە ! ياق، مەن جازالانمايمەن، تارتۇقلىنىمەن، قاتىلنىڭ تېنىدىن جۇدا قىلىنغان بېشىنى ئۇنىڭ ئالدىدا قويىمەن. ھا - ھا - ھا ...»

— ۋەزىر ئەزەم، نېمانچە خۇشخۇي قوپتىلا، چۈشلىرىگە ئاي كىرىدىمۇ، كۈنمۇ؟ — دېدى ئۇزۇن ئاق شايى كۆڭلەكتىن تولغان بەدىنى بىلىنىپ تۇرغان مەستۇرەخان. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى چېچىلغاق بولۇپ قالغان ۋەزىرنىڭ تەكىيىدىن كۈلۈپ باش كۆتۈرگىنىدىن ئەجەبلەنگەنىدى.

— چۈشۈمگە سەن كىرىپسەن، ئومىقىم، — مىرزا ئەلى تاغاي مەستۇرەخاننىڭ لىغىلداپ تۇرغان يانپىشىنى سىلاپ قويدى.

— ۋىيەي، كېچىچە ئارقىلىرىنى قىلىپ ياتىدىلا، ئەمدى نېمە

قىلاي دەيدىلا ؟ قوپسىلا ئورۇنلىرىدىن، كۈن چىقاي دېدى.

مەستۇرەخان ئۆزىنى ئەپقاچماقچى بولۇۋىدى، مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈردى.

— تۇفى! تېخىچە ئىشتان كىيمەپسەن ـ ھە، كاساپەت!

— تاھارەت ئېلىپ كىردىم. ناماز ئوقۇپ بولۇپ كىيۋالىمەن. ئەنسىرىمىسىلە، تەخسىرىم.

— ھوي بامدات ۋاقتى بولۇپ قالدىمۇ؟ نېمىشقا بۇرۇنراق ئويغىتىۋەتمىدىڭ، — دېگىنىچە كۆڭلەك ـ تامبىلىنى كىيگەن مىرزا ئەلى تاغاي تاشقىرىغا چىقىپ تاھارەت ئېلىپ كىردى.

— كۈن قىزىرىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، مەسچىتتە نامازغا چىقىشىم كېرەك ئىدى. سۇلتان نېمىدەپ قالغاندۇ؟ ئەتىگەنلىك چاينى چاپسانراق دەملەپ چىق. خانئايىم قوپۇپ چىققۇچە، مەن ئىشىمغا مېڭىشىم كېرەك.

— بولىدۇ، تەخسىرىم. نامازنى سەل تەخىر قىلىپ ئوقۇسىلا. ئۇپۇق قىزىرىپ كېتىپتۇ، — دېدى مەستۇرەخان دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ.

— ئەستاغپۇرۇللا! ئەمىر مۇھەممەدبېك بىلەن سۇلتانىنىڭ يېنىغا بارماستىن كۆرۈشۈشۈم كېرەك ئىدى. ئۇلگۇرەلمەيدىغان بولدۇم، خانئايىم كىرىپ قالسا تېخىمۇ كېچىكىمەن، ئەستاغپۇرۇللا!

— بولىدى، چېچىلمىسىلا. ناشتا قىلىپلا ماڭسىلا كېچىكمەيلا. ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭمۇ خوتۇنى بار‌دۇ، قىرغىز دېگەن ۋاقىچە تۇرىدىغان خەق.

— جۆيلۈمە! ئەمىر مۇھەممەدبېك دېگەن سەھەرنى قولدىن بەرمەيدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان. بۇ قېتىمقى ئىشتا ئۇنىڭ ياردىمىگە تايانمىسام بولمايدۇ. بول، ناشتىلىق ئەكىر.

— ماقۇل، مەن كىرگۈچە تونلىرىنى كىيىپ تۇرسىلا.

«ئەستا، غەپلەت بېسىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. بۇ چاغقىچە بارىدىغان يېرىمگە بېرىپ بولسام بولاتتى ...» مىرزا ئەلى تاغاي

شۇنى ئويلاپ تونىنى كىيىپ تۇرۇشىغا قىيا ئىچقلىق ئىشىكتىن خانئايىم كىرىپ كەلدى.

— هوي، ۋەزىر غوجام! بۇ ياش چۆرىنىڭ قېشىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ كەتتىلىغۇ. ئەجەب يۈزسىز ئىكەنلا! مەن كىمنىڭ قىزى، ئۇ كىمنىڭ قىزى؟ ئويلىنىپراق ئىش قىلسىلا بولارمىكىن. ئۇنىڭ چۆرە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا.

— ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، ئاغىچا. ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتلىرىدا كېلىپ قالدىم. ئويغىتىشقا كۆزۈم قىيماي، بۇ چۆرە خوتۇننى خىزمىتىمگە سالغىنىم راست. خاپا بولمىسىلا، سىلى دېگەن ئۆلىما زىيائىدىن مەخدۇمنىڭ قىزى، چوڭ ئاغىچا، ئەتىۋارلىق خوتۇنۇم.

ئۇنىڭ ئىشىكتىن كىرىپلا ۋاتىلداپ كەتكەن خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى ئەتمەكچى بولۇپ قىلغان ياغلىما سۆزلىرى خانئايىمغا تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. خانئايىم ئېرىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ، دېدى:

— چاي ئىچمىگەنلا تېخى، قوپسىلا، زەپەر سېلىپ چاي دەملىتىپ قويدۇم.

— خوتۇن، مەستۇرەخان ھازىر چاي راسلاپ كىرىدۇ. مۇشۇ يەردە بىللە ئىچەيلى.

— ھە، بىلدىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلالماس بولۇپ قاپتىلا ـ دە، ۋەزىر ئەزەم؟ ئۇنداق بولسا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، شۇنىڭ بىلەنلا قالسىلا. ۋايجان! جاندىن جاق تويدۇم!

خانئايىم كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئۆزىنى يېكەندار ئۈستىگە تاشلىۋەتتى. مىرزا ئەلى تاغاي ئىچى تىتىلداپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

ئىككى دېدەك بىلەن چاي، مەزە، گېزەك ئەكىرگەن مەستۇرەخان گىلەم ئۈستىدە چاچلىرىنى يۇلۇپ دومىلاپ ياتقان خانئايىمنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. نېمە ئىش بۇ، دېگەندەك قىلىپ مىرزا ئەلى تاغايغا قارىدى. مەستۇرەخاننى كۆرگەن

خانئايىم ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، ئېتىلىپ كېلىپ بىر تارتىپلا مەستۇرەخانىنىڭ قولىدىكى پەتنۇسنى گىرەلىرى بىلەن يەرگە تاشلىۋەتتى، چاچلىرىنى قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ يۈز- كۆزىگە ئۇرغىلى تۇردى.

— بولدى قىلىسىلا، ئاغىچا! — مىرزا ئەلى تاغاي ۋارقىرىغىنىچە ئىككى ئايالنى ئاجراتتى. خانئايىم كۆڭدىشىنى قويۇۋېتىپ، ئېرىنىڭ خالتىلىنىشىپ كەتكەن گېلىنى بوغدى.

— ھۇ دۆيۈز، خېتىمنى بەر، تالاق قىلىپ ياركەندكە يولغا سېلىپ قوي. گەپ قىل دەيمەن!

— ئاغىچا، مۇنداق بىشەملىك قىلمىسىلا! سۇلتانىنىڭ پەرمانى بويىچە زۆرۈر بىر ئىشنى ئادا قىلماقچىمەن. ناشتا قىلىۋېلىپلا ماڭاي، يولۇمنى توسمىسىلا.

— زوۋانىڭغا پوق، ئۆلمەيدىغان تاز! مېنى تالاق قىلمىساڭ، ئۆيدىن چىقارمايمەن.

مىرزا ئەلى تاغاي خانئايىمنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن گەپ قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، ئىشىكتىن خىزمەتكارى كىردى.

— ۋەزىر ئەزەم، سىلىنى قورغانغا دەررۇ كەلسۇن دەپ سۇلتان ياساۋۇل ئەۋەتىپتۇ.

مىرزا ئەلى تاغاي خانئايىمنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆيدىن ئۇچقاندەك چىقتى. ئۇ سەللىسىگە كۆمۈش ئوتۇغاتنى قاداشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى ۋەزىر ئەزەم دەرھال يېنىمغا كەلسۇن دەپ مېنى ئەۋەتتى، — دېدى ئوردا ياساۋۇلى.

— ئۆزۈممۇ باراي دەپ تۇراتتىم.

مىرزا ئەلى تاغاي ياساۋۇل بىلەن قورغاندىكى كىچىك ئوردىغا كىرىپ كەلگەندە، كۆپ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ئىككى يېنىدا ئەمىر خوجا ئەلى باتۇر بىلەن ئەمىر مۇھەممەدبېك ئولتۇراتتى. «ئويلىغىنىمدەك كېلىپ بوپتۇ» دېدى ئۇ ئىچىدە. ئوتتۇرىدا يوكۇنۇپ ئولتۇرۇشقان

تۇرسۇنبېك ئاقساقال، توختىغۇل قاتارلىق يۇرت باشلىرىغا كۆزى چۈشكەندە بولسا شاللاڭ كۆتمەك قېشى بىر كۆتۈرۈلۈپ جايىغا چۈشتى: «ئۇلار نېمىگە كېلىشكەندۇ؟ چىرايلىرىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇرىدۇغۇ.»

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى، ئاللا تاجۇتەختلىرىنى زىيادە، ئەل ـ يۇرتلىرىنى ئامان قىلغاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئادەم ئەۋەتمىسەم كەلمەمتىلە، ۋەزىر ئەزەم؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان تەئەددى بىلەن.

مىرزا ئەلى تاغاي هودۇققىنىچە جاۋاب بەردى:

— كەمىنە ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن بۈگۈن قاتىلنى تېپىشقا كىرىشتىم. كېچىچە بېشىم ئاغرىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان بولسامۇ تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، قاتىللىق يۈز بەرگەن جايىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلدىم. قەتل قىلىنغانلار هارىس نەجمىدىن دوغلات، قورغان نۆكەرلىرىنىڭ ئونبېشى ئابدۇللا مەرگەن، نۆكەر جەمشىت سەربازلار ئىكەن. قاتىللار ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن قىلىچ، خەنجەرلىرىنى تاشلاپ كېتىشىپتۇ. ئۇ قىلىچ ـ خەنجەرلەر بىزنىڭ نۆكەر، ياساۋۇللىرىمىزنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن. بۇ يەرنىڭمۇ ئەمەس، كاشغەر، ياركەندنىڭمۇ ئەمەس، قارىغاندا خۇراسان، خارەزىم ئەللىرىدە سوقۇلغاندەك تۇرىدۇ. مەن ئۇ جايلارغا بارغاندا شۇنداق قىلىچ ـ خەنجەرلەرنى كۆرگەن، سۇلتانىم. مانا شۇ سەۋەبتىن هۇزۇرلىرىغا كېچىكىپ قالدىم.

— خوجا ئەلى باتۇرمۇ تەكشۈرۈپ كەلدى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇيغا چۆمگەن هالدا، — قورقۇنچلۇق ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇ قاتىللىق ۋەقەسىنى ئاز دەپ، تۇرسۇنبېك ئاقساقالنىڭ قىزىنى مۇشۇ پاجىئە يۈز بەرگەن ئاخشىمى تايغانبېك دېگەن قاراقچى بۇلاپ كېتىپتۇ. بىز ئەمدى ئۇيقۇمىزنى ئاچچىساق بولمىغۇدەك. خان ئاتامنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قالغاندا مۇنداق جىنايەتلەرنىڭ سادىر

بولۇشىدا چوقۇم بىر سىر بار. بىر ياۋۇز دۈشمەن ماڭا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ.

— ئارى، سۇلتانىم، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي پۈكۈلۈپ، — مۇنداق قەبىھ قىلمىشلارغا دەرھال خاتىمە بەرمىسەك، سەئىدخان ئالىيلىرىغا يۈز كېلەلمەيمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە خاتىرجەم تۇرمىقىمىزمۇ تەسكە توختايدۇ، — ئۇ سۆزدىن توختاپ: «تۇرسۇنبېك ئاقساقال بىلەن توختىغۇلنىڭ ئەتىگەندە قورغانغا كېلىشى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە. مۇنداقمۇ ئوڭ كەلگەن بارمۇ؟ قاتىلنىڭ تايغانبېك ئىكەنلىكىگە سۇلتاننى ئىشەندۈرۈشۈم كېرەك» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — سۇلتانىم، قاتىلنىڭ كىملىكىنى پەرەز قىلدىم. ئۇلار چوقۇم باشباشتاق قىرغىز توپىلاڭچىلىرى، قاتىللىق بىلەن بۇلاڭچىلىقنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىشى بۇ ئىككى قىلمىشنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. قاتىللىقنى يېپىش ئۈچۈن تايغانبېك بۇلاڭچىلىق قىلغان، خالاس.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان ئاۋۋال مىرزا ئەلى تاغايغا، ئاندىن خوجا ئەلى باتۇر بىلەن مۇھەممەدبېككە قارىدى. ئۇنىڭ مىرزا ئەلى تاغاينىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقى ئويچان كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— چوقۇم شۇنداق، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي ئۆز گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، — سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ دىققىتىنى بۆلۈش ھەم قاتىلنى ياقا يۇرتلۇق ئىكەن دەپ بىلىشىمىز ئۈچۈن، قان تۆككۈچىلەر خۇراساندا سوقۇلغان قىلىچ، نەيزە ئىشلەتكەن.

— ۋەزىر ئەزەمنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەس، ئەمما بىزگە يىللاردىن بېرى مەلۇم بولۇشىچە، تايغانبېكنىڭ تۇرسۇنبېك ئاقساقالنىڭ قىزىنى ئەپقېچىشى ئىشق - مۇھەببەتتىن بولغان، — دېدى ئەمىر مۇھەممەدبېك تىزى ئۈستىگە قويۇقلۇق قىلىچنى تىكلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ قارا

تون، قارا كۆرپە تۇماق كىيگەنىدى. تەمبەل، كېلىشكەن بۇ ئادەم مىرزا ئەلى تاغايغا سوغۇققىنا قاراپ قويدى.

— بۇنى قانداق دەلىللەيدىلا، مۇھەممەدىبېك ئاغا؟ — ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— بۇ توغرۇلۇق تۇرسۇنبېك ئاغام سۆزلەپ بەرسۇن، — ئەمىر مۇھەممەدبېك تۇرسۇنبېككە ئۆتۈنۈش نەزىرى بىلەن قارىدى.

— سۇلتانىم، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان تۇرسۇنبېك قول قوۋۇشتۇرۇپ، مەيدىسىگە چۈشكەن ئاق ساقىلىنى تىترەتكىنىچە سۆزلىدى، — تايغانبېك ئىسسىقكۆل بويىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يىگىت. بىز بىر ئۇرۇقتىن، ئۇنىڭ قىزىمغا كۆڭلى بارلىقى راست، قىزىممۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتىكەن. لېكىن، قىرغىزنىڭ ئادىتى بويىچە بىر ئۇرۇقتىن بولغان يىگىت ـ قىزلار قېرىنداش ھېسابلىنىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ. مەن توختىغۇلنى نامرات ساناپ، كۈيۈ ئوغۇل قىلىشنى لايىق كۆرمەيۋاتقان شۇ كۈنلەردە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن ئالىيلىرىغا ئۇچرىشىپ قېلىپ مۇرادىغا يېتىشكەنىدى. تايغانبېك ئۇلارنىڭ تويى بولغاندىن باشلاپ ماڭا ۋە توختىغۇلغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالىدىغان، سالام ـ سەھەت قىلمايدىغان بولۇۋالدى. ئۆزى بىلەن ھەمنەپەس بىر نەچچە يىگىتنى باشلاپ تاغقا چىقىپ كەتتى، قىشلاققا ئانىسىنى دەپ كېچىسى كەلمىسە كۈندۈزى كەلمەيدىغان، يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلىدىغان مەلئۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ سىبىق نامى قىرغىز ئېلىگە تارالدى.

— توختىسىلا، تۇرسۇنبېك ئاقساقال. تايغانبېكنىڭ ئانىسى ھېلىمۇ بارمۇ؟ — مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

— ۋەزىر ئەزەم، ھېلىمۇ ئىسسىقكۆل قىشلىقىدا تۇرىدۇ، ئۇ مەزلۇم بەك ياشىنىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ھە بىلدىم، سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرسىلا، — مىرزا ئەلى تاغاي يېتتۇرۇپ قويغان قىممەتلىك بىرنەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك خۇشال بولدى.

— ئەمىر مۇھەممەدبېك بىرقانچە قېتىم نۆكەر، ياساۋۇللىرى بىلەن ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ تۇتالمىغاندى. تۇنۇگۇن كەچ ئۇ ئالتۇن بىكە پادىلىرىنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا قويلىرى بىلەن قوشۇپ بۇلاپ كېتىپتۇ. توختىغۇل بىلەن ئىككىمىز شىكارغا چىقىپ كەتكەن، شامدىن يانغاندا قايتىپ كېلىپ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. توختىغۇل ئىككىمىز قىشلاقتىكى بىر بۆلەك يىگىتلەر بىلەن كېچىچە ئەتراپنى قىدىرىپمۇ قىزىمنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدۇق. ئەتىگەندىلا قىرغىز باشنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىۋىدۇق، بۇنىڭدىن سۇلتاننى خەۋەرلەندۇرۇپ قويايلى، دەپ بىزنى قورغانغا ئەكەلدى. سۇلتان ئالىيلىرىنى بۇ ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن ئاۋارە قىلغۇمىز يوق، بىزگە چەۋەنداز نۆكەردىن ئوننى بەرسىلە، تايغانبېكنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ باقساق. قىزىمنىڭ قېتى قىزىق، ئۆزىنى نابۇت قىلىۋېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قىلىۋاتىمەن.

— ئىجازەت بەرسىلە، سۇلتانىم. تايغانبېكنىڭ ئىزىغا مەنلا چۈشەي، — دېدى خوجا ئەلى باتۇر. غەزەپتىن ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرغان، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي ئالدىراپ سۆزلەپ، — تايغانبېكنى تۇتۇش مېنىڭ ۋەزىپەم. جانابلىرى ھەمكارلاشسىمەن دېسىلە، ئەلۋەتتە خۇرسەن بولىمەن.

— سىلەر تايغانبېك دېگەن قاراقچى بىلەن بۇ قاتىللىقنىڭ باغلىنىشى بار دەپ قارامسىلەر زادى؟ — دېدى ئابدۇرەشىدخان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— مەن شۇنداق قارايمەن، سۇلتانىم، — بىرىنچى بولۇپ مىرزا ئەلى تاغاي سۆز قاتتى، — بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل،

تايغانبېك يىللاردىن بېرى ئەلگە تەھدىت سېلىپ، زىيان ئۇرۇپ كېلىۋاتقان قانخور قاراقچى ئىكەن. جانابىي ئەمىر مۇھەممەدبېك بۇرۇنىراق ئالىيلىرىغا بىلدۈرگەن بولسا، بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلغان، ئەلمۇ ئەمىن تاپقان، بىزمۇ ساراسىمىگە چۈشمىگەن بولاتتۇق. بۇ قېتىم ئۇ قاراقچى خان ئالىيلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى تۇسۇش ئۈچۈن ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، تەھدىت پەيدا قىلغان. قاتىللىق قىلمىشنى يېپىش ئۈچۈن كېلىنچەكنى بۇلاپ كەتكەن. مەن ئۇنى تۇتۇپ جاجىسىنى بېرىمەن، سۇلتانىم.

ئەمىر مۇھەممەدبېك ۋەزىرنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىسىمۇ، رەت قىلىشقا پېتىنالماي سۈكۈت قىلدى. ئابدۇرەشىدخان پەرمان چۈشۈردى:

— ۋەزىر ئەزەم، تۇرسۇنبېك ئاقساقال سىلىگە، توختىغۇل ئەمىر خوجا ئەلىگە ھەمراھ بولسۇن. ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يېقىنى ئۈچ كۈن، يىراقى توققۇز كۈن ئىچىدە تايغانبېكنى تۇتۇپ، ئالتۇن بىكەنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىڭلار.

— پەرمانبەردارمىز، سۇلتان ئالىيلىرى.

ئوشۇقىنىڭ ئالچۇ چۈشكىنىدىن خۇشال بولغان مىرزا ئەلى تاغاي سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ، تۇرسۇنبېك بىلەن قورغاندىن چىقتى.

## 2

كۈن غەرىبكە قايرىلغانىدى. تىنچىق ئىسسىق ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، گۈل ـ گىياھلار قاپلاپ تۇرغان يايلاق سالقىنلاشقا باشلىدى. تاغ باغرىدىن ئەسكەن شامال ئوت ـ چۆپلەرنى يەلپۈتۈپ، دەل ـ دەرەخلەرنى ئىرغاڭشىتىپ، ئىسسىقكۆلنىڭ ئەينەكتەك يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتكىنىچە ئاقئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن غۇرۇلداپ كىرەتتى ـ دە، قىمىز چالغىتىۋاتقان جامالقان

موماينىڭ بويۇن ـ باشلىرىغا ئۇرۇلاتتى. يازكۈنىدىكى يايلاق شامىلى نېمىدېگەن راھەت ـ ھە!

موماينىڭ چېكە چاچلىرى ئاقارغان بولسىمۇ، يۈزىدە قورۇق يوق دېگۈدەك ئىدى. مەڭزى ئوتتا تاۋلىنىپ پىشقان گىردىدەك قىزىل، تۇرقىدىن ناھايىتى تەمبەل كۆرۈنەتتى. كەڭ، ئۇزۇن پۈرمە كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى يىغىپ بېلىگە يۆگىۋالغان، گۈللۈك ئاق رومىلىنى بوينىدىن ئايلاندۇرۇپ چىگىۋالغانىدى. ئۇ «ئوغلۇم تايغانىبېك كەلگۈچە قىمىزنى تازا پىشۇرۇپ قوياي» دەپ ھەدەپ تاياقچە بىلەن چوڭ ئىدىشتىكى سۈتنى قوچۇيتتى. ئوغلىنىڭ: «ئانا، قىرغىز يۇرتىدا ھېچكىمنىڭ قىمىزى سىزنىڭكىدەك تەملىك، ئۆتكۈر ئەمەس، ئىچكەنسېرى ئىچكۈم كېلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئاڭلانغاندەك بولاتتى. ئىدىشتىكى قىمىز دەريا ئۆركىشىدەك كۆۋرەپ، كۆپۈكلىشىپ كەتكەنىدى. موماي يۈز ـ بويۇنلىرىدىكى تەرنى ئېرتىپ تۇرۇۋىدى، بىر توپ ئاتلىق كىشى ئاقئۆيگە يېقىنلاپ كېلىشتى. موماي ئىشىكتىن سەپسېلىپ، «ۋاي بۇ خاننىڭ نۆكەرلىرىغۇ، نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ قىمىز ئىچكۈسى كېلىپ كەلگەندىمۇ ياكى ئات، قوي سوراپ كەلگەندىمۇ؟» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، بېشىدىكى رومىلىنى تۈزەشتۈرۈپ ئىتتىك ئالدىغا چىقتى. كۆز يېتىم يەردە قورۇقا باغلاپ قويۇلغان ئىككى بايتال تەڭلا ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراشتى. موماي بۇ جانىۋارلارنىڭ قورسىقى ئاچقان ئوخشايدۇ، بوغۇز بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، «سىز تايغانىبېكنىڭ ئانىسىمۇ» دېگەن ئاۋاز دىققىتىنى بۆلدى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر نۆكەر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، سوئالىغا جاۋاب كۈتۈپ تۇردى.

— ھەئە، مەن شۇ، — دېدى موماي تەمكىن ھالدا. «ئەجەب مېنى سورايدۇغۇ، ئوغلۇمنىمۇ ئېغىزىغا ئېلىۋاتىدۇ، بۇلار نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ ئوغلۇمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، خۇدايىم» دېدى ئىچىدە.

— ۋەزىر ئەزەم، تايغانىبېكنىڭ ئانىسى مۇشۇ ئىكەن، — دېدى

نۆكەر ئېتىنى دېۋىتىپ كەلگەن مىرزا ئەلى تاغايغا موماينى كۆرسىتىپ.

— مەرھابا! — دېدى موماي قولىنى كۆكسىگە قويغىنىچە سەل ئېگىلىپ، — ئۆيگە كىرسىلە، سەردار جانابلىرى.

ئۇ ۋەزىرنى لەشكەربېشى دەپ قالغانىدى.

— ئۆزلىرى تايغانبېكنىڭ ئانىسى بولامدىلا؟ — سورىدى مىرزا ئەلى تاغاي.

— شۇنداق.

— ئىسىملىرى نېمە؟

— جامالقان.

— تايغانبېك ئۆيدە بارمۇ؟

— يوق، ئۆيگە ئاياغ باسمىغىلى بىر ئايدىن ئاشتى.

— كېلىدىغان ۋاقتى بولغاندۇ؟

— بىلمەيمەن، بەزىدە پات - پات كېلىدۇ، بىرنەچچە ئايغىچە كەلمەي ئەنسىرىتىدىغان ۋاقلىرىمۇ بولىدۇ. نېمە، ئوغلۇمنى سوراپ قالدىلىغۇ، سەردار؟ — جامالقان موماي ئاسقىپ، ئەنسىز كۆزلىرىنى مىرزا ئەلى تاغايغا تىكتى.

— ئوغۇللىرىغا بەك ئامراق ئوخشىمامدىلا؟ — مەنىلىك قىلىپ سورىدى مىرزا ئەلى تاغاي گەدىنىنى سىلاپ. ئۇنىڭ چېھرىدە مەسخىرىلىك كۈلكە پەيدا بولدى.

— دۇنيادا ئۆز بالىسىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئانىمۇ بارمىدۇ؟ ئوغلۇمنى جېنىمدىن ئارتۇق كۆرىمەن. چۈنكى، ئۇ ماڭا ھەم بالا، ھەم ئاتا، — دېدى موماي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ ئېرى يوقلۇقىنى بىلىپ باش لىڭشىتىپ قويدى.

— تايغانبېك يېتىم ئىكەن - دە، ئاتىسىز چوڭ بولغان بالا باشقىچە بولىدۇ.

— ئۇنداق دېمىسىلە، سەردار. بالام ئىشىق - پىراق دەردىگە چىدىماي ئاۋۇلدىن چىقىپ كەتكەن. ئۇ قەيسەر يىگىت، مېنىڭ

باشپاناھىم، — موماي مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن باشقىلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى، — قىرغىزدا قوناقنى ئىشىك ئالدىدىن ئۇزىتىدىغان ئادەت يوق. ئۆيگە كىرىڭلار، قانداق گەپ بولسا داستىخان ئۇستىدە ئاڭلاي.

— بۇ كىچىككىنە ئۆيلىرىگە ھەممىمىز پاتمايمىز، — دېدى كىرگۇسى كەلمىگەن مىرزا ئەلى تاغاي ئاتلىرىدىن چۈشۈپ قاتار تۇرۇشقان ياساۋۇللارنى كۆرسىتىپ.

— ئاۋۋال كىرىڭلار، بۇ ئاقئۆي كۆزلىرىگە كىچىك كۆرۈنگىنى بىلەن قوينى كەڭرى. سىغماي قالغانلارغا ئاقئۆينىڭ سىرتىغا داستىخان سالىمەن. ھويلىمىز پايانسىز، — دېدى موماي بوش كەلمەي.

— ھا۔ ھا ۔ ھا ! ... — مىرزا ئەلى تاغاي كۈلۈپ كەتتى ۋە «كارامەت موماي ئىكەنغۇ بۇ، بوپتۇ، ئۆيىگە كىرىپ قىمىزىنى ئىچەيلى. ئوغلى كېلىپ قالسا تېخى ياخشى ...» دەپ ئويلاپ تۇرسۇنبېك ئاقساقالغا دېدى، — ئۆيگە سىلى باشلىسىلا.

مومايىنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرى ئۇنىڭغا چۈشتى:

— سىلىمۇ كەپتىلىغۇ، ئاقساقال؟ باياتىن كۆرمەي قاپتىمەن. مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىسىلا. ئويدان قىمىزىم بار.

تۇرسۇنبېك ئوڭايسىزلىنىپ گەپ قىلمىدى. ئۇ ھەمراھلىرىنى ئۆيگە باشلىدى. موماي شاپاشلاپ ئۇلارنىڭ ئاستىغا كۆرپە سالدى. بىرقانچە شىرداقنى ئاچىقىپ، ئاقئۆينىڭ سىرتىغا سالدى. ئۆيگە پاتمىغان نۆكەرلەر شىرداق ئۇستىدە ئولتۇرۇشتى. داستىخانغا ئىرىمچىك، قۇرۇت، قېتىق، سېرىق ماي، تارى ۋە پىششىق گۆشلەرنى تىزدى. مىرزا ئەلى تاغاي لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ قاتتىق چۇشكۇردى.

— ئاللا سالامەت قىلسۇن، — دېيىشتى باشقىلار.

موماي قىمىز قاچىلانغان تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ۋەزىر ئىكەنلىكىنى ئېيتقان تۇرسۇنبېك بىرنەچچە ئېغىز تەكەللۇپ سۆزىنى قىلىپ جىم بولدى.

— غېرىب خانىمىزغا ۋەزىرنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغىنىدىن بەكمۇ خۇرسەنمەن. ئوغلۇم تايغانبېكنىڭ دادىسى هايات بولغان بولسا، بۇ چاغقىچە ۋەزىرنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن تاي سويغان بولاتتى. هېلىمۇ يايلاقتىن پادا يانغاندا پاقلان سويدۇرىمەن، — موماي سۆزلىگەچ بىر هېجىرغا قىمىز قۇيۇپ، مىرزا ئەلى تاغايغا تۇتتى، — تېخىچە كېلىنچىكىم يوق، ئوغلۇم ئۆيلەنگىلى ئۇنىماي يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىم، ۋەزىر ئەزەم.

مىرزا ئەلى تاغاي تۇرسۇنبېككە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇ ئىسسىقكۆل دىيارىغا كەلگىنىگە ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ قىمىز ئىچىشكە ئادەتلىنەلمىگەنىدى. ئۇ بىر هېجىر قىمىزنى تەستە يۇتۇپ، هېجىرنى كۆمتۈرۈپ قويدى. يۇمشاق پىشقان سوغۇق گۆشتىن يېدى، ئىرىمچىككە ئېغىز تېگىپ، قېتىقمۇ ئىچتى. موماي قايىنتىپ كىرگەن چايدىن پىيالىگە قۇيۇپ، ئۇستىگە سېرىق ماي سېلىپ، سۇمۇرۇپ - سۇمۇرۇپ ئىچتى.

كەينى - كەينىدىن قىمىز تولدۇرۇلغان هېجىرنى بوشىتىپ قىزىرىپ كەتكەن تۇرسۇنبېك ئۇنچىقارماي ئولتۇرىۋەرگەچكە، مىرزا ئەلى تاغاي شالاڭ قاشلىق قوشۇمىسىنى تۈرگەن هالدا يۆتىلىپ قويۇپ، دېدى:

— جامالقان هەدە، ئوغۇللىرى تايغانبېك سۇلتاننىڭ ئۈچ نۆكىرىنى ئۆلتۈردى. بۇنى ئاز دەپ تۇرسۇنبېك ئاقسالنىڭ قىزىنى بۇلاپ كەتتى. شۇڭا، بىز ...

— ياق، ياق، ۋەزىر ئەزەم. ئوغلۇم ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ. بۇ چاغقىچە ئاچ كۆز بايلارنى بۇلىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئاڭلىغان بولساممۇ، ئادەم ئۆلتۈرگىنىنى ئاڭلىمىغان. ئۇنىڭ ئالتۇن بىكەگە كۆڭلى بار ئىدى. ئەرگە تەگكەن كېلىنچەكنى ئەپقاچقىنى توغرا بولماپتۇ. ئوغلۇمنىڭ ئۇنىڭغا ئاشىقلىقى راست، قاتىللىقى يالغان، — دېدى جامالقان موماي زەردە بىلەن مىرزا ئەلى تاغاينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— تايغانبېك ئادەم ئۆلتۈرمىگەن، كېلىنچەكنى بۇلاپ قاچمىغان بولسا بۇ يەرگە كەلمەيتتۇق.

— ۋەزىر توغرا ئېيتتى، جامالقان. تايغانبېك قىزىمنى قوي باققان يېرىدىن ئۇلۇشكۇن كەچ بۇلاپ كەتكەن، ئۆلتۈرۈۋەتمىسە بولاتتى، — تۇرسۇنبېك چىرايى ئۆڭۈپ كېتىۋاتقان مومايغا قاراپ سۆزىنى توختىتىۋالدى.

— ئاقساقالنىڭ گېپىنى يالغان دېمەكچىمۇ سىلى؟ — مىرزا ئەلى تاغاي سىيدام ئېڭەكنى سىيپاپ قويدى، — ئوغۇللىرى قاتىل، ئۇنى تۇتۇپ جازالىمىساق بولمايدۇ. شۇڭا، سىلىنى ئەكەتمەكچىمىز.

— نېمە؟ مېنى ئەكېتەمسىلەر؟ — موماي ئاچچىقلانغىنىدىن بوغۇلۇپ سورىدى.

— ئەكېتىمىز، جامالقان بۇۋى. سىلى قەيەردە بولسىلا، ئوغۇللىرى شۇ يەرگە ئىزدەپ كېلىدۇ، — مىرزا ئەلى تاغاي گەپنى ئوچۇق ئېيتىپ ئانا قەلبىگە خەنجەر ئۇردى.

— ھە، بىلدىم، مېنى يەمچۈك قىلماقچىمۇسىلەر؟ — موماي قىمىز قۇيۇۋاتقان ھېجىرنى كۆمتۈرۈپ قويۇپ، ئورنىدىن دەس قوپتى، — ھازىر كېتىڭلار، كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار، ئۇيالماي قىلىۋاتقان گېپىنى! ...

— ھاي - ھاي، موماي. ئەزۋەيلىمەي بىز بىلەن يۈرسىلە، بولمىسا ... — مىرزا ئەلى تاغايمۇ ئاچچىقلىنىپ ئورنىدىن تۇردى، — ئېلىپ مېڭىڭلار!

— بۇ ئۆيۈمدىن ھېچ يەرگە بارمايمەن. ئوغلۇمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگىنى يالغان، — دەپ تىرەجەپ تۇرۇۋالدى موماي، ئۇ قولتۇقىدىن سۆرەپ ماڭغان نۆكەرلەردىن قۇتۇلماقچى بولۇپ ھەر يان يۇلقۇناتتى.

— ھامىد قەللات!

— لەببەي! — ئېگىز بويلۇق نۆكەر مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سەن بۇ جادۇگەرنى قورغانغا ئېلىپ بارسەن، پەخەس بول!
— خوپ، ۋەزىر ئەزەم.
— سىلەر، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي ئۈچ نەپەر نۆكەرگە، — هامىد قەللاتقا هەمراھ بولىسىلەر. كەينىمىزدىن ئىز بېسىپ مېڭىڭلار.
— خوپ، ۋەزىر ئەزەم.
هامىد قەللات يەنە بىر نۆكەر بىلەن جامالقان موماينىڭ جەينىكىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە ئاتنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ئەتراپتىكى ئاقئۆيلەردىن چىقىپ قارىشىپ تۇرغان ئەر - ئاياللار ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. مىرزا ئەلى تاغاي ئاتقا مىنىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دېدى:
— ئەي، خالايىق، قاراقچى تايغانبېك ئۈچ نۆكەرنى ئۆلتۈرۈپ، يۇرت بېشىڭلار تۇرسۇنبېكنىڭ قىزىنى بۇلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان توققۇز كۈن ئىچىدە ئۇنى تۇتۇپ كېلىشىمنى پەرمان قىلغانلىقتىن بۇ ئاۋۇلغا كەلگەنىدۇق. تايغانبېك تۇتۇلغۇچە ئانىسى قورغاندا تۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر تايغانبېك بەش كۈن ئىچىدە تۇرسۇنبېكنىڭ قىزى ئالتۇن بىكەنى ئېلىپ قورغانغا كەلسە، ئانىسىنى ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىپ قويىمىز. كەلمىسە، بىزدىن ئاغرىنمىسۇن، بۇ سۆزۈمنى تايغانبېككە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار.
ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئېتىغا قامچا ئۇردى. هامىد قەللات جامالقان موماينى ئالدىغا توغرا ياتقۇزۇپ مىرزا ئەلى تاغاينىڭ كەينىدىن چېپىپ كەتتى. قالغان نۆكەر، ياساۋۇللارمۇ چاڭ - توزان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. تېڭىرقاپ قالغان تۇرسۇنبېك:
— قېرىنداشلىرىم، تايغانبېكنىڭ قىزىمنى بىر قوتان قوي بىلەن بۇلاپ كەتكىنى راست، ئەمما مەن جامالقان مومايغا ئۇۋال قىلدۇرمايمەن، — دېدى - دە، ئېتىغا مىنىپ ئۆيى تامان يول ئالدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## 3

قوچقاربېشى قىشلىقمىدىكى قورغاندىن ئىسسىقكۆل بويىغا تىكىلگەن ئاقئۆيگە كېلىپ تۇرۇۋاتقىنىغا ئۈچ كۈن بولغان ئابدۇرەشىدخان ھەر كۈنى دېگۈدەك خاس نۆكەرلىرى بىلەن شىكار قىلغاچ قىشلاق، ئاۋۇللارنى ئارىلايتتى. خەلقىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىغاچ، ئۈچ قابىل نۆكەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ، ئالتۇن بىكەنى بۇلاپ كەتكەن قاراقچىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلاتتى. بىراق، ئۇلار توغرۇلۇق بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولالمايۋاتاتتى. بۇ ھال ئابدۇرەشىدخانىنى چوڭقۇر ئويغا غەرق قىلدى: «قاتىل زادى كىم؟ يات ئەلدىن كەلگەن دۈشمەنمۇ ياكى باشباشتاق توپىلاڭچى قىرغىزلارمۇ؟ قاراقچى تايغانبېكمۇ ياكى ئارىمىزغا يوشۇرۇنغان قارا نىيەت ئەبلەخمۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن تۇتۇق بەرمەيدۇ؟ مىرزا ئەلى تاغاي قاتىلنى تۇتۇپ كېلەلەمدۇ، خوجا ئەلى باتۇرچۇ؟ تېخى يەنە ئۈچ كۈن بار. ئەگەر ئۇلار قاتىلنى بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە تۇتۇپ كېلەلمىسە، جازاغا تارتىشىم زۆرۈرمۇ؟ ...»

ئويلىغانسېرى ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولاتتى، كېچىچە ئۇخلىماي چىقتى. ئاتىسى سەئىدخان ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك، ئۆزى سۇلتانلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقاندەك، ئەتراپىنى رەھىمسىز دۈشمەنلەر ئورىۋالغاندەك سېزىلىپ بىئارام بولدى. شۇ بىئاراملىق ئىلكىدە بارگاھ ئالدىدا سەردار، نۆكەرلەر بىلەن ناماز ئوقۇدى. ناشتا قىلىپ ئاتلىناي دەپ تۇرۇۋىدى، بىردىن مىرزا ئەلى تاغاي ئادەملىرى بىلەن كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى، ئاللا ئىگەم سەلتەنەتلىرىنى زىيادە قىلغاي، — مىرزا ئەلى تاغاي تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەزىر جانابلىرى، قانداق خۇش خەۋەر ئەكەلدىلىكىن؟ — ئابدۇرەشىدخان كۆڭۈلدىكىدەك جاۋابقا تەقەززا بولۇۋاتاتتى.

— ئالىيلىرى كۈتكەن خەۋەرنى ئەكەلدىم، — مىرزا ئەلى تاغاي كۇلۇمسىرىگىنىچە بېشىنى كۆتۈردى.

— قېنى بارگاھقا مەرھەمەت، — دېدى سۇلتان.

سۇلتاننىڭ بارگاھى ئادەتتىكى كىگىز ئۆيلەردىن كاتتا، ھەشەمەتلىك بولۇپ، گۇمبەز شەكلىدە ئىدى. نەيزە تۇتقان ئىككى قاراۋۇل كېچەيۇكۇندۇز ئىشىكتىن نېرى بولمايتتى. ئىشىكنىڭ يېنىغا قادالغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زەر چۇچىلىق تۇغى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئىشىك بېشىغا بۆرە كاللىسى ئېسىلغاچقا، سىرلىق، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۆي ئىچىگە تولدۇرۇپ رەڭدار ئىران گىلەمى سېلىنغان بولۇپ، قاق ئوتتۇرىسىغا ئابدۇرەشىدخاننىڭ تولىمۇ كۆركەم سۇلتانلىق تەختى، ئىككى تەرەپكە قاتار قىلىپ ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلارنىڭ ئالاھىدە ياسالغان يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىلىرى قويۇلغانىدى. ئاسقۇلارغا ئېسىلغان قىلىچ، قالقان، نەيزە، ئوقيالارمۇ سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

ئابدۇرەشىدخان كىرىپ تەختتە ئولتۇردى. مىرزا ئەلى تاغاي كەينىدىكى نۆكەر تۇتۇپ تۇرغان يوغان بوپىنى ئېلىپ تەختنىڭ پايىسى ئالدىغا قويدى.

— ۋەزىر ئەزەم، بۇ نېمە؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ئابدۇرەشىدخان.

— دۇشمەنلىرى تايغانبېكنىڭ بېشى، — گىدەيگىنىچە جاۋاب بەردى مىرزا ئەلى تاغاي ۋە بوپىنى ئاچتى، دېگەندەك بوپىدىكىسى ئادەمنىڭ بېشى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى بۇ يورۇق دۇنياغا قىيمىغاندەك ئوچۇق، يۈزى ساماندەك سارغايغان، قوشۇما قاشلىق قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، بۇرۇت ـ ساقىلى كىرپە تىكىنىدەك دىردىيىپ قالغان، بۇ چىرايغا قارىغان ئادەمنى سۈر باساتتى. باش تەندىن ئايرىلماستا ئادەمنىڭ چىرايى مەيلى قانداق تۈس ئالسۇن،

www.uyghurkitap.com

زادى قورقۇنچلۇق كۆرۈنمەيدۇ. باش تەندىن ئاجرىغاندا بولسا ئادەمنى شۈركۈندۈرىدۇ. شۇ تاپتا ئابدۇرەشىدخاننىڭ ۋۇجۇدىنى سۈر باسقانىدى. باشقىلارمۇ قورقۇنچ ئىچىدە قالغانىدى. ئۆي ئىچىنى چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىق باستىكى، بۇ «باش تەندىن ئاجرىماسلىقى كېرەك ئىدى» دېگەندىن بېشارەت بېرەتتى.

— بۇ نېمە گەپ، ۋەزىر جانابلىرى؟ — ئابدۇرەشىدخان باشتىن كۆزىنى ئېلىپ سورىدى. ئۇنىڭ دائىم ئويچان كۆرۈنىدىغان چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

مىرزا ئەلى تاغاي باشنى يۆگەپ قويۇپ سۆز ئالدى:

— سۇلتانىم، مېنىڭ مۇنداق قىلغۇم يوق ئىدى. ئالدىلىرىغا تىرىك پېتى ئەكېلەي دېگەن، بىراق ئامال بولمىدى.

— گەپنى ئوچۇق ئېيتسىلا.

— قاتىلنى تۇتۇش ئۈچۈن توققۇز كۈن مۆھلەت بەرگەنىدىلە. بەش كۈنگىچە ئەتراپنى قىدىرىپ، ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىدىم. قاتىلنىڭ يەرگە كىرىپ كېتىشى ياكى ئاسمانغا چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گەرچە گۇمانىمىز تايغانبېككە مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، قاتىلنى باشقا تەرەپتىنمۇ ئىزدىدىم. ئالتىنچى كۈنگە كەلگەندە، بۇ ئەرزىمەس كاللامغا تۇيۇقسىز تۇرسۇنبېك ئاقساقالنىڭ «تايغانبېكنىڭ ئانىسى بار» دېگەن سۆزى يەتتى. شۇنىڭ بىلەن تايغانبېكنى ئانىسى ئارقىلىق تۇتۇش قارارىغا كەلدىم ـ دە، ئۇلۇشكۈن ئۇ مەزلۇمنى ئاۋۇلدىن ئەكېلىپ قورغانغا بەند قىلدىم. تۈنۈگۈن گۇگۇم چۈشكەندە تايغانبېك قورغاننىڭ ئىشىك باقار نۆكەرلىرىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، مەن بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنى دەرھال ئالدىمغا ئەكېلىشنى بۇيرۇدۇم. ئۇنى ئەكېلىشتى. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەزىر، مەن تايغانبېك» دېۋىدى، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، ئۇ قامەتلىك، نەۋقىران، مەغرۇر يىگىت ئىكەن. «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم،

سۇلتان ئالىيلىرى. ئۇ: «ئالتۇن بىكەنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، بۇ يەرگە ئانامنى ئىزدەپ كەلدىم، ئانامنى كۆرسەتسىلە» دېدى. ياساۋۇللار بىرىپ مومايىنى ئەكەلدى، ئانا - بالا ئىككىسى قۇچاقلاشتى، كۆز يېشى قىلىشتى. «ئوغلۇم، بۇ بۆرە ئۇۋۇسىغا نېمىدەپ كەلگەنسەن، مەن ياشايدىغاننى ياشاپ بولغان تۇرسام. سېنى بۇلار ئۈچ نۆكەرنى ئۆلتۈردى دەيدۇ، بۇ راستمۇ؟» دېدى ئانا. «سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىم راست، ئۈچ نۆكەرنى ئۆلتۈرگىنىم يالغان» دېدى تايغانبېك. «بۇلار سېنى ئامان قويمايدۇ، ئوغلۇم. ھېلىھەم بۇ يەردىن دەرھال كەت!» دەپ ئوغلىنى كېتىشكە زورلىدى ئانا. «ياق، ئانا، ئاۋۋال سەن ئۆيگە قايتقىن، ئاۋۇلدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇلار بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ، كەينىڭدىن بارىمەن» دېدى تايغانبېك. مەن ئۇنىڭغا: «تايغانبېك، كەلگىنىڭ ياخشى بولدى، ئانىڭنىڭ كۆڭلىمۇ ئارامىغا چۈشتى. ئەمدى گۇناھىڭغا تۆۋا قىلىپ، سۇلتاندىن كەچۈرۈم سورا» دېۋىدىم، ئۇ: «ئالتۇن بىكەنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم، مېنىڭ يەنە نېمە گۇناھىم بار؟» دېدى. مەن: «سەن ئادەم ئۆلتۈردۈڭ، تايغانبېك» دېسەم، ئۇ ئۆكۈپ ئالايدى. «سېنىمۇ ئۆلتۈرىمەن» دېگىنىچە قوينىدىن خەنجەرنى ئېلىپ ماڭا ئېتىلغانىدى، ھامىد قەللات كەينىدىن كېلىپ، بوينىغا قىلىچ ئۇردى. مەن «ئاپلا» دەپ قالدىم. ئىتتىك كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرسەم، كۆزىنى يوغان ئېچىپ: «مەن ئابدۇرەشىدخان بىلەن سېنى ئۆلتۈرمەكچىدىم. خۇدا بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزمىدى، جېنىمنى قىينىماي بوغۇزلىۋەت» دېدى - دە، خىرىلداپ قالدى. ئانىسى ھوشىدىن كەتتى. مەن ئۇ مەزلۇمنى تۇرسۇنبېك ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە ئاپارغۇزۇۋەتتىم. تايغانبېك ئەنە شۇنداق ئۆلدى. سۇلتان ئالىيلىرى، پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، گۇناھكارنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بېشىنى ئەكەلگىنىم ئۈچۈن جازاغا لايىقمەن، — مىرزا ئەلى تاغاي تىزلىنىپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى.

— تايغانبېك كەلگەن ھامان نېمىشقا ئۇنى ئالدىمغا ئەكەلمىدىلە، ۋەزىر ئەزەم؟

— شۇنداق قىلالمىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، سۇلتانىم. گۇناھىنى ئىقرار قىلدۇرۇپ ئاندىن ھۇزۇرلىرىغا ئەكېلەي، دەپ خام ئويلاپتىمەن. سىلى قورغاندىن ئىسسىقكۆل بويىدىكى بارگاھقا كەتمىگەن بولسىلىرى، دانا كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش قىلىدىكەنمەن. گۇناھكارنى تۇتىمەن دەپ، گۇناھ قىلىپ قويدۇم. ئالىيلىرىنىڭ بەرگەن جازاسى پېقىرنى گۇناھتىن خالىي قىلغۇسى، — مىرزا ئەلى تاغاينىڭ يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۆزىنى جازالاشنى ئۆتۈنۈشى ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلىدە «بۇ ۋەزىر بەك سەمىمىي ۋە سادىق ئىكەن. گۇناھكارنى تىرىك ئەكېلەلمىگىنى ئۈچۈن كۆپ پۇشايمان قىلدى. ئەمدى تەرگەۋرسەم، ئۇنىڭغا ئازار بولغۇدەك» دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلدى.

— تۇرسىلا، ۋەزىر ئەزەم. قانداق بولسۇن، مۆھلەتتىن بۇرۇن قاتىلنى تۇتۇپ، بېشىنى كېسىپ كەلدىلە. بۇ جىنايەت ئەمەس، نەتىجە. بۇ تۆھپىلىرىنى خان ئاتامغا مەلۇم قىلىمەن.

— ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقاللا، سۇلتانىم. تايغانبېك دېگەن بۇ قاتىل ناھايىتى قارام ئىكەن. ئۇ قاراملىق قىلماي ياۋاشلىق بىلەن ئالىيلىرىدىن ئۆز گۇناھىنى تىلىگەن بولسا، بەلكىم جېنى ئامان قالار بولغىيدى. ھالبۇكى، خانلىقىمىزغا ئورا كولىغان قارا نىيەت كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى ئاۋامغا بىلدۈرۈپ قويمىساقمۇ بولمايتتى، — دېدى كۆڭلى ئەمىن تاپقان مىرزا ئەلى تاغاي، — شۇ چاغدا ھامىد قەللات تايغانبېكنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرمىغان بولسا، پېقىر ئاللىقاچان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان، مۇبارەك دىدارلىرىنى بۇگۈنكىدەك كۆرەلمىگەن بولاتتىم. ئاللا ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلىدى.

www.uyghurkitap.com

— ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايغا تون يېپىلسۇن. ھامىد قەللاتقا بەش تىللا ئىنئام قىلىنسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى ئابدۇرەشىدخان.

مىرزا ئەلى تاغايغا تون يېپىلدى، ئۇنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ھامىد قەللات ئالىقىنىدا تۇرغان بەش تىللاغا خىيالچان نەزەر تاشلىدى. «ۋەزىر قاراپ تۇرۇپ سۇلتانغا يالغان سۆزلىدى. خەنجەر كۆتۈرۈپ ئېتىلىپ كەلگىنى تايغانبېك ئەمەس، مەن ئىدىمغۇ. ۋەزىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭغا خەنجەر ئۇرغانىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا تايغانبېكنى خەنجەر بىلەن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى دەپ قارىلاپ، سۇلتاننى ئالدىدى. مىرزا ئەلى تاغاي ناھايىتى قۇۋ ئادەم ئىكەن ...»

— ۋەزىر جانابلىرى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان تەقەززالىق ئىلكىدە، — تايغانبېكنىڭ تۇرسۇنبېك ئاغىنىڭ قىزىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغىنى راستمىكەن؟

يېڭى كىيگەن توننىڭ ئالتۇن تۈگمىلىرىنى سىلاپ تۇرغان ۋەزىر سۇلتاننىڭ سۆزىگە جاۋاب بەردى:

— راست ئىكەن، سۇلتانىم. ئاخشام ھامىد قەللاتنى ئەۋەتكەنىدىم، ئالتۇن بىكەنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلدى.

بۇ گەپتىن ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ: «ئاتام مىرزا ئەلى تاغاينى ماڭا ۋەزىر قىلىپ، بىللە يولغا سېلىشىدا ئۇنىڭ تەدبىرلىك، پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلايدىكەن...» دەپ ئويلاپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— خوجا ئەلى باتۇر بىلەن ئەمىر مۇھەممەدبېك تېخى قايتىپ كەلمىدى. ئۇلارغا كىشى ئەۋەتسىلە، ۋەزىر، ئەمدى قاتىللىنى ئىزدەيمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن، — دەپ بۇيرۇدى ئابدۇرەشىدخان.

— خوپ، سۇلتانىم، — مىرزا ئەلى تاغاي مەمنۇنىيەت بىلەن

بېشىنى ئەگدى.

— مەن ئەتە سەپەرگە ئاتلىنىمەن. خان ئاتام كەلگۈچە ئىسسىقكۆل، ئۆرەتۆپە دىيارلىرىنى ئارىلاپ چىقمىسام بولمايدۇ. سىلى خوجا ئەلى باھادىر قايتىپ كەلگەندە، ئادەم ئەۋەتىپ تايغانبېكنىڭ ئانىسىدىن ھال سوراپ قويسىلا.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ سۆزى مىرزا ئەلى تاغاينىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. «سۇلتان سەئىدخاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىمىز توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرمەي، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان مەزلۇمەدىن ھال سوراپ كېلىشىمىزنى ئەمر قىلغىنى نېمىسى، سۇلتان تېخى بالىدە، بالا ...» ئويلىدى ئۇ بارگاھتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

شۇنداق قىلىپ، يېپىق قازان يېپىق پېتى قالدى.

## سەككىزىنچى باب

# سۇدا ئېقىپ كەلگەن رومال

### 1

ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق. ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن كۈن نۇرى چايقىلىپ تۇرغان ئىسسىقكۆلگە تەكشى چېچىلغانىدى. ئاقۇچ، ھال رەڭ شولىلار سۇ ئۈستىدە توساتتىن پەيدا بولۇپ قالاتتى ـ دە، يەنە غايىب بولاتتى. ئابدۇرەشىدخان كۆلنى بويلاپ ئاتنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنى گويا گۈل ـ گىياھلار دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتقاندەك سېزەتتى، ھەر ياندىن دىمىقىغا خۇش پۇراق ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بىردىن ئات چاپچىپ ئۇنى ئېتىۋەتكىلى تاس قالدى. دەسسىلىپ كېتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولغان بوز توشقان تۇيۇقسىز تاقلاپ ئاتنى ئۈركۈتۈۋەتكەنىدى. ئابدۇرەشىدخان كۈلۈپ سالدى. ئات قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ يەنە يورغىغا چۈشتى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ خىيالچان نەزىرى ئاسمان بوشلۇقىغا يۆتكەلدى. ئاق رومالدەك ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن پارچە ـ پارچە بۇلۇتلار گاھ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان بوز توشقاندەك، گاھ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان دۇلدۇلدەك، گاھ ئۇچۇپ يۈرگەن پەرىزاتتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قارىغانچە كۆزىنى ئۈزەلمەي ئىككى ئاچا يولنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە، ئاندىن نەزىرىنى تۆۋەنگە ئاغدۇردى. يولنىڭ بىرسى غەربكە، بىرسى جەنۇبقا سوزۇلغانىدى. ھەر ئىككى يولدا ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئەكرەم !

— لەببەي، ئالىيلىرى، — دېدى ئوتتۇرا بويلۇق، قارا قاش نۆكەر ئابدۇرەشىدخانغا يېتىشىپ.

— نەگە كەلدۇق، بىلدىڭمۇ؟

— بىلمىدىم، ئىلگىرى بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ باقمىغانىدىم، — دېدى ئۇ بۇغداي ئۆڭ چىرايى ئويچان تۇس ئېلىپ. ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇتى ئۇنىڭ بەستىگە يىگىتلىك سۆلەت بەرگەنىدى. ئۇ ئابدۇرەشىدخان بىلەن تەڭدىمەتلىك بولۇپ، سۇلتاننىڭ خاس نۆكەرلىرىگە سەردار ئىدى. مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان ئون تۆت ياش چېغىدا خاس نۆكەرلىككە تاللىنىپ، شۇنىڭدىن بۇيان ئابدۇرەشىدخاندىن ئايرىلماي كېلىۋاتاتتى.

— بۇ تەرەپكە ماڭايلى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان جەنۇبقا كەتكەن يولنى كۆرسىتىپ، — بىر ھەپتىدىن بېرى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى ئاۋۇللارنى ئارىلاپ چىقتۇق، ئەل - جامائەت بىزنى شۇنداق ياخشى كۈتۈۋالدى، مېھمان قىلدى، يولدا يەيدىغان يېمەكلىرىمىزنىمۇ راسلاپ بەردى. مەن قىرغىز قېرىنداشلىرىمىزدىن بەكمۇ رازى بولدۇم. ئەكرەم، ئەمدى ئۆرەتۆپە، يەتتىسۇ تەرەپلەرنى ئارىلايلى. ئۇ يەرلەردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھالى نېچۇك، بىلگۈم بار.

— ئوبدان ئويلاپلا، سۇلتان ئالىيلىرى... — ئەكرەمنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ، ئابدۇرەشىدخان ئاتقا قامچا ئۇردى. ئەكرەم باشلىق نۆكەرلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچقاندەك چاپتى. كۆن غەربكە قايرىلىپ ئولتۇرۇشقا نەيزە بويى قالغاندا بىر ئېقىن بويىغا يېتىپ باردى. بىر توپ جەرەن سۇ ئىچىۋاتاتتى. ئابدۇرەشىدخان قولىنى كۆتۈرۈپ باشقىلارنىڭ جايىدا جىم تۇرۇشىنى بۇيرۇپ، ئۆزى ساداقتىن ئوق ئۈزدى. بىر جەرەن يىقىلىپ، قالغانلىرى ئۆرىتۆپە بولۇپ قېچىشتى، نۆكەرلەرمۇ ئوق ئېتىشتى. ئەكرەم يەنە بىر جەرەننى يىقىتتى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوقى يەنە بىر جەرەننىڭ كۆكسىگە

سانجىلدى. سەككىز جەرەن تېپىرلاپ يېتىپ قالدى، قالغانلىرى قېچىپ كېتىشتى.

— بۇگۇنكى شىكارىمىزدا دەسلەپكى ئولجىمىز يامان ئەمەس بولدى. بۇ ئېيىقىن بويىغا بارگاھ قۇرۇڭلار، مۇشۇ يەردە غىزالىنايلى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئوقچۇپ ئېقىۋاتقان سۇغا كۆز سېلىپ.

نۆكەرلەر بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىلا بارگاھنى قۇرۇپ ئۈلگۈردى. ئۇلار قوچقار بېشى قىشلىقىدىن چىققان يەتتە كۈندىن بېرى شىكار قىلىپ، ئاۋۇل ئارىلاپ، بەزىدە قىرغىزلارنىڭ ئاقئۆيلىرىدە قونسا، بەزىدە مانا شۇنداق دالادا ئۆزلىرى ئوۋلىغان جەرەن، قىرغاۋۇل گۆشلىرىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشەتتى. ئەكرەم كاۋاپ پىشۇرۇشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ يۇلغۇن ياغىچىنى ئاقلاپ ياسىغان ئۇزۇن زىخلارغا يوغان ـ يوغان توغرالغان گۆشلەرنى ئۆتكۈزەتتى. ھەمراھلىرى تېرىپ كەلگەن سوكسوكنى قالاپ چوغ چۇشۇرەتتى. بۇگۇنمۇ بىردەمدىلا كاۋاپنى تەييار قىلدى.

ئەكرەم داستىخان سېلىپ كاۋاپنى كەلتۇردى.

— نان بارمۇ، تۇگىدىمۇ؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان.

— بار، ئالىيلىرى، بىر ۋاخلىققا يېتىدۇ، — ئەكرەم بېرىپ ئېتىغا ئارتىۋالغان خۇرجۇندىن ئون نەچچە ناننى ئەكەلدى.

— قالغىنى مۇشۇلا ئىكەن، سۇلتانىم، — ئۇ قىزىرىپ پىشقان مەززىلىك توقاچلارنى ئوشتۇدى، — ئەگەر ياركەندتىن ياسىن ئۇستامنى بىللە ئەكەلمىگەن بولساق، يېيىشىمىز كۆمەچ بىلەن تېرىق بولار ئىكەن.

— شۇڭا، خان ئاتام ئۇنى بىزگە ئۆزى قوشۇپ قويغان ـ دە، ئەكرەم، — ئابدۇرەشىدخان ئاغزىغا ناندىن بىر لوقما سالدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنغانىدى. بىر پارچە نان بىلەن بىر ھېچىر چاي ئىچكەندىن كېيىن مەززىلىك ھىدى كېلىپ تۇرغان كاۋاپقا قول ئۇزارتتى.

كۇن پاتاي دەپ قالغانىدى. كاۋاپ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن

ئابدۇرەشىدخان باشلىق ھەممەيلەن ئېقىن بويىدا تاھارەت ئېلىشىپ ناماز دىگەرنى ئوقۇۋېلىشتى.

— ئەكرەم، نۆكەرلەردىن ئوننى ھەمراھ قىلىپ، يېقىن ئەتراپتا قىشلاق ـ ئاۋۇل بارمۇ، يوق، بىلىپ كەل، — دەپ بۇيرۇدى ئابدۇرەشىدخان. ئۇنىڭ كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگۈسى كەلگەنىدى.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى.

ئەكرەم ئون نۆكەرنى ئېلىپ ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى.

ئابدۇرەشىدخان نۆكەرلەرنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىپ، شارىلداپ ئېقىۋاتقان ئېقىننى بويلاپ ماڭدى. يېنىدىن ئايرىلمايدىغان مۇھاپىزەتچى نۆكەرلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىۋىدى، ئۇ قولىنى شىلتىپ توختاپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ كېتىۋەردى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر يالغۇزلۇقنى خالاپ قالغانىدى. زەرەپشان بويلىرىدا بەزىدە يالغۇز سەيلە قىلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. مۇشۇ دەم كابۇلدىن ياركەندكە كەلگەندىكى غۇبارسىز بالىلىق چاغلىرىنى، دوستلىرىنى، رۇستەمبەگنى ياد ئەتتى. ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇپلا تۇرپانغا بارغىنىنى، تاغىسى مەنسۇرخاننىڭ قىزى مەلىكە گۈلنىگار بىكەنى ئەسلەپ يۈرىكى چىمىلدىدى. ئۇ قىز ھايات بولغان بولسا، ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ بەختلىك تۇرمۇشنى باشلىۋالغان بولاتتى. ئابدۇرەشىدخان گۈلنىگار بىكەدەك بىر لەۋەن قىزغا ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ يەردىكى قىرغىز ـ قازاق خانلىرىنىڭ ساھىبجامال قىزلىرىغا ئۆيلىنىمەن دىسە ھەرقاچان مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئۇ تېخى ئۆيلىنىش ئىرادىسىگە كەلمىگەنىدى، شۇڭا بۇ ھەقتە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچماي كېلىۋاتاتتى. خوجا ئەلى باتۇر، ئەمىر مۇھەممەدبېكلەر بۇ توغرۇلۇق بىرقانچە قېتىم گەپ يوپۇتۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۇرمىگەنىدى. ئابدۇرەشىدخان خالىسىلا گۈزەل نازىنىنلارنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرىدىن ۋىسال شارابىنى ئىچەلەيتتى. ۋاھالەنكى، ئۇ ئېتىقادىنى ھەممىدىن ئۈستۈن

بىلەتتى، ئۆتنىڭغا قىلچە داغ تەگكۈزۈشنى خالىمايتتى، شەھۋانىي ھەۋەسكە بېرىلىشنى نومۇسسىزلىق دەپ بىلەتتى.

ئابدۇرەشىدخان توختاپ، خىيالچان نەزىرىنى ئېقىنغا تىكتى. ئوقچۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى شەپەق نۇرىدا ھال رەڭ تۈسكە كىرگەنىدى. ئۇ ئېگىلىپ سۇغا سايە تاشلىغان سۆگەت دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزايدى. كاللىسىنى ھەسرەتلىك ئوي ـ خىياللار توختىماي قوچۇيتتى: «ھارىس نەجمىدىن دوغلات تولىمۇ جاسارەتلىك چەۋەنداز ئىدى. ئۇنىڭ شېھىت قىلىنىشى تۇيۇقسىز ھەم سىرلىق بولسىمۇ، ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ تەدبىرى بىلەن قاتىلنىڭ تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلۈشى خان ئاتامنىڭ بۇ يەرگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كېلىشىنى بىخەتەرلىك بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەل ئىچىدىكى ئەندىشە تۈگەپ كەتسە ئوبدان بولاتتى ...»

ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلى تازا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ تايغانىبېكنى تىرىك پېتى ئەمەس، ئۆلتۈرۈپ بېشىنى ئەكېلىشى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ ئېقىن بويىدا ئۇزاققىچە سۇغا قاراپ ئولتۇردى. ھال رەڭ شەپەق يوقىلىپ سۇ يۈزى قارامتۇل تۈس ئالغاندا، ئۇنىڭ ياشلىق كۆزىگە لەيلەپ ـ چۆكۈپ ئېقىپ كېلىۋاتقان ياغلىقسىمان بىرنەرسە كۆرۈندى. ئابدۇرەشىدخان سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى سۈزۈۋالدى. بۇ سۈت رەڭلىك يىپەك رومال ئىدى. ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىگە يېشىل ياقۇتتىن يوپۇرماق چىقىرىلىپ، ئوتتۇرا قىسمىغا قىزىل گۆھەرنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن بولۇپ، بىر كىچىك ياغاچقا چىگىپ قويۇلغانىدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ رومالغا ھەيرەت ئىلكىدە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن «يارەب، ماڭا بىلدۈركى، بۇ رومال كىمگە تەئەللۇقتۇر؟ نازىنىن قىزغىمۇ ياكى گۈلى ئېچىلغان بەختلىك جۇۋانغىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەندەك بىر ئازغۇن قۇلۇڭنى بۇ سىرلىق رومالنى سۈزۈۋېلىشقا تاللىدىڭ؟» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. ئۇ رومالنى شامالغا تۇتتى. ئارام تەختىدىن

پەلەك قەرىگە كۆتۈرۈلگەن ئاي يورۇقىدا رومالدىن ئېقىۋاتقان سۇزۇك تامچىلارنى كۆردى. ئۇ خۇددى ئاشىقىغا ئىنتىزار مەشۇقەنىڭ ھەسرەتلىك يىشىغا ئوخشايتتى. ئابدۇرەشىدخان سېھىرلىك تۇيغۇغا چۆمۈلگىنىچە كەينىگە ياندى. قۇرۇشۇپ قالغان رومال غۇر ـ غۇر شامالدا توختىماي يەلپۈنەتتى. ئۇ بارگاھقا يېتىپ كەلگەندە، نۆكەرلەر ئۇنى تاقەتسىزلىك ئىلكىدە كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

— ئەكرەم قايتىپ كەلمىدىمۇ؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان.

— قايتىپ كەلمىدى، سۇلتانىم، ئەمدىلەتىن كېلىپ قالار، — جاۋاب بەردى ئوتتۇرا بويلۇق نۆكەر قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بەھرام ئىدى.

— سەن ئىككى نۆكەرنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ باققىن. ئۇچراپ قالسا بىللە قايتىپ كېلەرسىلەر، ئۇچراشمىسا ئىز ـ دېرىكىنى ئېلىپ، پاتراق قايتىپ كېلىڭلار.

— خوپ، ئالىيلىرى.

بەھرام ئىككى نۆكەرنى ئېلىپ، ئەكرەملەر كەتكەن تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

— ئابدۇللا، بىر ھېجىر قىمىز بېرىڭ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان. ئۇ خېلىدىن بېرى خىيالىدا ئۇزاق يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەچكە، چارچىغان ۋە چاڭقىغانىدى.

ئابدۇللا ئىسسىقكۆل بويىدىكى ئاۋۇل باشلىقى ئۇسسۇلۇق ئورنىدا ئىچەرسىلەر، دەپ بەرگەن بىرقانچە تۇلۇم قىمىزدىن قالغىنىنى ئەكەلدى.

ئابدۇرەشىدخان بارگاھ ئالدىغا سېلىنغان شىرداق ئۈستىدىكى يولۋاس تېرىسىدە ئولتۇرۇپ، ھېجىرغا تولدۇرۇپ قۇيۇلغان قىمىزنى ئىچتى.

— ئابايا كاۋاپنى كۆپ يەپ قويۇپتىمەن، ئىچىم قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇرەشىدخان يەنە بىر ھېجىر قىمىزنى ئىچىپ تۈگىتىپ، — سىلەرمۇ ئىچىڭلار.

— سۇلتان، ئابايا سىلى كەتكەندىن كېيىن بىز ئىككى تۇلۇم قىمىزنى ئىچىپ تۈگەتتۇق. بۇنى ئۆزلىرىگە ئېلىپ قويغان.
— ئابدۇللا، مەن قاندىم، قالغىنىنى سىلەر ئىچىڭلار، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۈچىنچى قېتىم ھېجىرغا تولدۇرۇلغان قىمىزنى سۇمۇرۇپ ئىچىپ. ئۇ چېدىرغا كىرىپ ياتتى. رومالنى يۈزىگە يايپىنىچە ئۇخلاپ قالدى. چېدىر تۈڭلۈكىدىن ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى.

## 2

شارىلداپ ياغقان يامغۇر چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى سۈغا چۆمۈلگەندەك قىلىۋەتتى. ئۇ يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. گويا يامغۇرسىز جايغا تېزرەك يېتىۋالماقچى بولغاندەك ئېتىنى شۇنداق تېز چاپتۇردىكى، بىردەمدىلا قۇپقۇرۇق چەكسىز سايلىققا چىقىپ قالدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئاتنى توختاتتى. كەينىدىن يېتىپ كەلگەن قىرىق بىر كېنىزىكىمۇ ئاتلىرىنى توختىتىشتى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىللۇردەك سۈزۈلگەن ئاسمانغا قارىدى، ئاپپاق بۇلۇتلار لەرزان لەيلىشىپ يۈرەتتى، ئاشۇ بۇلۇتلار ئارىسىدا پەرۋاز قىلغۇسى كەلدى. بېشىدىن روملىنى ئېلىپ سىقتى، ئۇششاق شېغىل تاشقا سۇ تامچىلىدى. بېشىدىكى ئالتۇن ئوتۇغات پارقىرايتتى، زىلۋا بېلىگە چۈشكەن قارا چاچلىرىغا ئالتۇن ھالقا، مارجان، تىللا دېگەندەك نەرسىلەر ئېسىلغانىدى.
— قىزلار، دەشتى قىپچاقتىن شىكارغا چىقىپ، ئېزىپ قالغىنىمىزغا ئۈچ كۈن بولدى، تۇرار جايىمىزغا قايتالمايۋاتىمىز. داۋاملىق ئالدىمىزغا قاراپ ماڭايلى، نىجاتلىق يولى ئالدىمىزدا بولسا ئەجەب ئەمەس. بۇ سايدىن چىقساقلا تۇرار جايىمىزغا يېتىپ بارامدۇق تېخى، — ئۇ سۆزىنى قاقاھلاپ كۈلۈش بىلەن تۈگەتتى. ئات تىزگىن سىيرىپ چاپچىۋىدى، چاچ

تەڭگىلىرى جىرىڭلاپ كەتتى. كېنىزەكلەرمۇ چۇرقىرىشىپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كۈلۈشتى.

— ماڭايلى، قىزلار، سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىزنى خۇشاللىق، سائادەت كۈتۈپ تۇرىدۇ، — چۇچۇك سۇلتان بېگىم رومىلىنى ئارتىپ ئاتقا قامچا ئۇردى، چۇراپ قوزغالغان ئات ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. كېنىزەكلەرمۇ ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. ئۇلار سايدىن چىققاندا كۈن غەربكە قىيسايغان، ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئېقىن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇراتتى.

— مۇشۇ يەرگە چۈشكۈن قىلايلى، قىزلار، — چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئېتىنى توختىتىپ ئەتراپقا سەپسالدى. ئېقىن شەرقتىن غەربىي جەنۇب تامان ئاقاتتى. ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپى ئورمانلىق بولۇپ، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چۇچۇك سۇلتان بېگىم كېنىزەكلىرى بىلەن ئاتتىن چۈشتى.

قىرىق بىر كېنىزەكنىڭ ئون بىرى قىلىچ - قالقان بىلەن قوراللانغان، چۇچۇك سۇلتان بېگىمنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. نەيزە، ئوقيا بىلەن قوراللانغان ئون نەپىرى ئوۋچىلار بولۇپ، چۇچۇك سۇلتان بېگىم بىللە شىكار قىلاتتى. قوللىرىغا سالما ئېلىۋالغان ئون نەپىرى ئوۋچىلارغا ماسلىشىپ سالما تاشلاپ، جەرەن - كېيىك تۇتۇپلا قالماستىن، بۆرە - تۈلكىلەرنىمۇ تۇتاتتى. گېزى كەلسە مۇھاپىزەتچى قىزلارغا قوشۇلۇپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان ئوغرى، قاراقچىلارنىمۇ سالما تاشلاپ تۇتۇۋالاتتى. قالغان ئون نەپىرى ئاقئۆي ياساشقا كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلارنى ئېلىپ يۈرگۈچى مۇلازىم كېنىزەكلەر بولۇپ، خەنجەر بىلەن قوراللانغانىدى.

چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئاقئۆي قۇرۇۋاتقان كېنىزەكلەرگە قارىغىنىچە: «بۇ قېتىم يولدىن ئېزىپ كېتىشىمىزگە ئۆزۈم سەۋەبچى بولدۇم. ئىلگىرى شىكار قىلمىغان جايلارغا بېرىپ شىكار قىلىمىز دەپ چوڭ سۆزلەپ، ئاۋۇللاردىمۇ توختىماي



www.uyghurkitap.com

ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، پايانسىز چۆللۈككە چىققاندىمۇ كەينىمىزگە يېنىشقا ئۇنىماي، كېنىزەكلەرنى داۋاملىق مېڭىشقا بۇيرۇدۇم. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بىرى تېنەپ يۈرىمىز. ئەي، ئۇلۇغ خۇدا، ھەرنە بالا ـ قازادىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلا» دېدى ئىچىدە. ئۇنىڭ دىلىنى تەشۋىش قاپلىغانىدى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى بىرەر شەپە سەزگەن ئاھۇنىڭ كۆزلىرىدەك ھەريان تىكىلدى. دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيدى. ئۇ تاكى ئۆزى قۇراشتۇرۇلۇپ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ بولغۇچە، كۆزەتتە تۇرغان قاراۋۇلدەك جايىدىن قىمىرلىماي ئەتراپقا كۆز سېلىپ تۇردى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، ئۆزى تەييار بولدى، — دېدى ئېگىز بويلۇق كېنىزەك ئېگىلىپ، ئۇ مۇھاپىزەتچى كېنىزەكلەرنىڭ سەردارى شەمشىبانۇ ئىدى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئۇن چىقارماستىن بىرىپ، نەچچە قەدەم نېرىدىكى قۇرۇق يۇلغۇن شېخىنى ئېلىپ ئۇشتۇدى. بىر پارچىسىنى تاشلىۋېتىپ، يەنە بىر پارچىسىغا بېشىدىكى رومىلىنى ئېلىپ چىگدى ـ دە، ئېقىن بويىغا بېرىپ سۇغا تاشلىدى.

— بۇ رومال بىزنىڭ خەۋىرىمىزنى ئانامغا يەتكۈزگەي.

— ئىلاھىم، شۇنداق بولغاي، خان بىكە، — دېدى شەمشىبانۇ كۆلۈمسىرەپ، — ئەگەر بۇ رومال بىرەر چەۋەندازنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىچۇ؟

— بۇ رومال شاھزادىنىڭلا قولىغا چۈشىدۇ، ئانامۇ خەۋەر تاپىدۇ، — چۈچۈك سۇلتان بېگىممۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا لەيلەپ ـ چۆكۈپ ئېقىپ كېتىۋاتقان رومىلىغا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە يېنىپ، تۇمار شەكلىدە تىكىلگەن ئاقئۆيگە كىردى. ئۆي ئاددىي بولسىمۇ، جايىدا بېزەلگەنىدى. خوتەننىڭ كۆك يوللۇق ئەتلىسىدىن زەدىۋال تارتىلىپ، ئۆستى تەرىپى چاقماق گۈللۈك تاۋار بىلەن يېپىلغانىدى. خەنجەر، ئوقيا،

دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلار ئېسىپ قويۇلغاچقا، خېلى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم يىپەك گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان مەخمەل يېكەندازدا ئولتۇردى. ئىككى كېنىزەك ئىككى يېنىغا مامۇق ياستۇق يۆلەپ قويدى. يەنە بىر كېنىزەك ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يۈرەك شەكلىدىكى تاش ئەينەكنى تۇتۇپ بەردى. بىكە ئەينەكتىن ئۈستىبېشىنى چاك باسقان، چاچلىرى چۇۋۇلغان بولسىمۇ، كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ، قوي كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان چىرايلىق بىر قىزنى كۆردى. ئۇ قاقاھلاپ كۈلگىنىچە:

— شەمشىبانۇ، ماڭا قاراپ باققىنا، — دېدى.

— توپىغا چۆمۈلۈپ كەلگەندەك بولۇپ كېتىپسىزغۇ، خان بىكە، بولمىسا بايا توپا ـ چاڭلارنى قېقىپ ئۆيگە كىرگەنىدۇق. سۇغا چۆمۈلۈۋالساق بوپتىكەن.

— خان بىكە، سۇغا چۆمۈلۈۋالايلى، — دېيىشتى كېنىزەكلەر.

— بۇ دېگەن ناتونۇش يەر. ھازىر بالدۇر، گۇگۇم چۈشسۇن، ئاندىن راھەتلىنىپ يۇيۇنۇۋالايلى. ھازىر يېگۇدەك نېمە بار؟ — چۈچۈك سۇلتان بېگىم قارنىقۇمچاق، غۇنچە بوي قىزغا قاراپ جاۋاب كۈتتى.

— قېتىق، تۇزلانغان قىرغاۋۇل گۆشى، تالقان، ئىرىمچىك بار، خان بىكە، — دېدى مۇلازىم كېنىزەكلەرنىڭ سەردارى، — بۈگۈن ئوۋلىغۇدەك توشقان، كېيىكمۇ ئۇچرىمىدى.

— قول يۇغىلى سۇ ئەكىرىڭلار.

ئىككى كېنىزەك ئاپتۇۋىدا سۇ ئەكىردى. قولىغا سۇ بېرىپ بولغاندىن كېيىن داستىخان سېلىپ يېمەكلىكلەرنى كەلتۈردى.

— جەرەن ئۇچرىغان بولسا سالما تاشلاپ تۇتۇۋېلىپ، مانا ھازىر گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېگەن بولاتتۇق، — دېدى سالمىچى كېنىزەك، — قېرىنشقاندەك بۈگۈن توشقانمۇ ئۇچرىمىدى.

— سالما تاشلاپ تۇتۇۋالمىساقمۇ ساداق بىلەن ئېتىۋالاتتۇق، —

دېدى شەمشىبانۇ كۆز قۇيرۇقىدا چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە قاراپ. ئۇ خىيال سۈرۈپ تۇراتتى.
قىزنىق پاراڭ بىلەن تاماق يېيىلىپ بولدى.
كۈن غەرب تامان قىيسايغانىدى. ئۆيدىن ئەڭ ئاۋۋال چىققان خان بىكە چاچ تەڭگىلىرىنى جىرىڭلىتىپ ئېقىن بويىغا باردى. ئۇنىڭ ئالا بويىناق ئېتى بوي سوزۇپ قاراپ قويدى. ئاتلار قىرغاقتىكى بولۇق ئوتلۇق يەردىكى دەرەخلەرگە باغلاپ قويۇلغانىدى.
— ئاۋۋال مۇھاپىزەتچى كېنىزەكلىرىم بىلەن مەن يۇيۇنۇۋالاي. ئۇۋچى قىزلار، سىلەر ئەتراپىنى بىر قۇر كۆزىتىپ كېلىڭلار. سالمىچى قىزلار، سىلەر بىزگە قاراپ تۇرۇڭلار. مۇلازىم قىزلار، سىلەر دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىمىزنى، ئىچ كىيىملىرىمىزنى تەييارلاپ قويۇڭلار. كۈنمۇ يېنىپتۇ، ئىسسىقمۇ بوشاپتۇ، سۇنىڭ ياخشى ۋاقتى ئىكەن. ئۆۋەت بىلەن يۇيۇنۇۋالايلى، — دەپ كىيىملىرىنى سالغان چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئىچ كۆڭلەك ۋە تامبىلى بىلەنلا سۇغا سەكرىدى، مەرۋايىت تامچىلار ھاۋاغا ئۆرلىدى. مۇھاپىزەتچى كېنىزەكلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئېقىنغا سەكرەشتى، ئاسماندىن مەرۋايىت تۆكۈلۈۋاتقاندەك بىر ھالەت بىرنەچچە دەقىقە داۋام قىلدى.
— قىزلار، ماڭا سۇ چېچىڭلار، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئەندىككىنىچە. ئۇ بېلىگىچە سۇغا چىلىنىپ تۇراتتى. ئات يالىدەك قوڭۇر چاچلىرى ئىچ كۆڭلىكى يېپىشىپ قالغان يوتىسىغا تېگىپ تۇراتتى. قىزغۇچ مەگزىدە تامچىلار ئالماستەك پارقىرايتتى. سۇدىكى قىزغۇچ شەپەق نۇرى ئۇنىڭ تېنىدە ئەكس ئېتىپ، چۆچەكلەردىكى سۇ پەرىسىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. قىزلار ئۇنىڭغا ئوچۇملاپ سۇ چېچىشتى. خان بىكە ئەندىكىپ - ئەندىكىپ:
— ئەجەب ئوبدان بولدى، بەك خۇشياقتى. قىزلار، سۇنى توختىماي چېچىڭلار، — دېدى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى

كۆكسىگىچە كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ تېنى قاشتېشىدەك سۈزۈك، پاختىدەك يۇمران ئىدى. ئۇ كۆڭلىكىنى سىلىپ سۇغا پاقشىتىپ ئۇرۇۋېتىپ يىقىلىپ چۈشتى: «ۋايجان! ...»

— بىرسى ئىتتىرىۋەتكەندەكلا يىقىلىپ چۈشتۈمغۇ ئەجەب. جاڭگالدا بۆرە ئۇچراپ قالغاندىمۇ مۇنداق ۋارقىرىمىغانىدىم، — چۈچۈك سۇلتان بېگىم كۈلگىنىچە قىزلارغا سۇ چېچىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ چاغدا تامبىلىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۆزىنىڭ قىپيالىڭاچ بولۇپ قالغىنىنى بىلدى. تامبىلى يىقىلغاندا قولىدىن سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ كەتكەنىدى. خىجىل بولغىنىدىن زوڭ ئولتۇرۇۋالدى. كېنىزەكلەر بىر ـ بىرىگە شەرەت قىلىشىپ دەسلەپ ئۈنسىز، ئاندىن قاقاھلاپ كۈلۈشتى. چۈچۈك سۇلتان بېگىمدىن ئىككى قەدەملا يىراقتا چاقنىغان ئاي شولىسى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن كۈمۈش ئورغاقتەك پارىلداپ تۇراتتى. كېنىزەكلەر كۈلۈشكىنىچە مەلىكىنى ئارىغا ئېلىپ كۆڭلەك، تامبىلىنى سىلىۋەتتى ـ دە، بېلىقتەك شۇڭغۇپ ئويناشقا باشلىدى. مۇنداق گۈزەل كېچىنى ئاي، يۇلتۇزلارمۇ بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغانىدى ...

— خان بىكە، خان بىكە! بىر توپ ئاتلىق باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ! — دېدى ۋارقىراپ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن ئوۋچى قىزلار سەردارى پاتىمە، ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيگەن بۇ قىز ئالدىراپ ئەھۋالنى بايان قىلدى، — بىز ئالىيلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ ئېقىن بويلاپ كېتىۋاتاتتۇق، يىراقتىن بىر توپ ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى. مەن ھەمراھلىرىمنى توختىتىپ قاراپ تۇرۇۋىدىم، ئۇلار بىزگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتلىرىمىزنىڭ بېشىنى بۇراپ قويۇپ ئۇندەك تېز كەلدۇق.

پاتىمەنىڭ سۆزى تۈگىگۈچە چۈچۈك سۇلتان بېگىم كېنىزەكلەر بىلەن سۇدىن چىقىپ بولدى. ئۇ كىيىمى ئۈستىدىن ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ ئېتىغا مىندى.

— قىزلار، ھودۇقماڭلار! ئەگەر يامان نىيەتلىك كىشىلەر بولسا جان تىكىپ ئېلىشايلى. ئاللا بىزنى قوغدايدۇ. ئوۋچى قىزلار، بىر تال ئوقنىمۇ زايە قىلماڭلار! سالمىچى قىزلار، ھۇنىرىڭلارنى ئىشلىتىپ بىرمۇ دۈشمەننى قاچۇرۇپ قويماڭلار! سىلەر ئىككى تەرەپتىن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بېرىڭلار. مەن مۇھاپىزەتچى قىزلارنى باشلاپ دۈشمەنگە ئۇدۇل بارىمەن. قىزلار، قېنى ئاتلىنايلى! مۇلازىم قىزلار، سىلەر بارگاھىمىزنى قوغداڭلار، زۇرۇر تېپىلسا جەڭگە قاتنىشىسىلەر.

چۇچۇك سۇلتان بېگىم تىزگىن سىيرىپ چاپچىۋاتقان ئېتىنى دېۋىتىپ، ئېقىن بويلاپ چېپىپ كەتتى.

ئوۋچى قىزلار ئوڭ تەرەپتىن، سالمىچى قىزلار سول تەرەپتىن ئات سېلىپ، بارگاھتىن يىراقلاپ شالاڭ بىر چاتقاللىققا يېتىپ كېلىشۋىدى، نېرىدىن ئوتقاشلارنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ قول شىلتىشى بىلەن مۇھاپىزەتچى قىزلار ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇردى. دېگەندەك ئاتلىق كىشىلەر يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. چۇچۇك سۇلتان بېگىم «تەييار تۇرۇڭلار!» دېگەن مەنىدە كېنىزەكلەرگە قاراپ قويۇپ، كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلدى. قارشى تەرەپ يولارنى كۆرگەن بولسا كېرەك، ئارىسالدى بولۇپ توختاپ قېلىشتى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىككى ياندىن ئوۋچى قىزلار بىلەن سالمىچى قىزلار باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى قورشىۋالدى. ئۇلار ئالدىغىمۇ ماڭالماي، ئىككى يېنىغىمۇ قاچالماي كەينىگە چېكىنىشكە يۈزلەندى. سالمىچى قىزلار تەرەپ - تەرەپتىن سالما تاشلاپ، ئۇلاردىن بەش - ئالتىسىنى موللاق ئاتقۇزدى. ئىككى - ئۈچى ساداق ئوقى تېگىپ يىقىلدى. ئىككىسىنى مۇھاپىزەتچى قىزلار باسماقداپ تۇتۇپ، چېپىۋەتكىلى تاس قالدى.

— سىلەر زادى كىم؟ — سورىدى چۇچۇك سۇلتان بېگىم يوتىسىغا ساداق ئوقى تېگىپ ئاتتىن يىقىلغان ئادەمگە يېقىنلاپ.

شەمشىبانۇ ئوتقاشنى يېقىن ئەكېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە تۇتتى. قارىقاش بىر يىگىت ھەيران بولۇپ ئاۋۋال چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە، ئاندىن قىزلارغا قارىدى، بېشىنى سىلىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. ئۇ كۈتۈلمىگەندە «قاراقچى» قىزلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىنى ئۈچۈن ھەسرەت چەكتى. بۇنىڭدىن قىلىچ بىلەن كاللىسى چېپىلغان بولسا، ئۇ مۇنداق ئەلەمدە قالمىغان بولاتتى. كۆڭلىدە چۈچۈك سۇلتان بېگىم ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىنى «قاراقچى» بولسا كېرەك دەپ قالغانىدى. قاراقچى بولمىسا، ئۇلار ئۆزىدەك چەبدەس چەۋەندازلارنى ئەسىرگە ئالالمىغان بولاتتى.

— گەپ قىل، يىگىت، سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — قايتىلاپ سورىدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم.

— بۇلاردىن گەپ سوراشنىڭ ھاجىتى يوق، بېگىم. ئاۋامنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كەلگەن قاراقچى بولمامدۇ، چېپىپ تاشلاش كېرەك! — دېدى شەمشىبانۇ قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

— بىز قاراقچى ئەمەس، قاراقچى دېگەن سىلەر! — دېدى يىگىت زەردە بىلەن.

— سەن دۇنيادا قىز قاراقچىلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟ — سورىدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم مەسخىرىلىك ھالدا.

يىگىت زۇۋان سۈرمەي جىم بولۇپ قالدى.

— ئېيتە، قاراقچى بولمىساڭلار، نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم سىلەر؟

— ئەكرەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوتقاش، قىلىچلارنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرغان قوي كۆز، بوتا كۆز، قارا كۆز قىزلارنى كۆرۈپ ئېغىز ئاچتى:

— بىز سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نۆكەرلىرى بولىمىز.

— نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ — خان بىكە ئويچان ھالدا قىزىقىپ سورىدى.

— مۇشۇ ئەتراپتا قىشلاق، ئاۋۇل بار - يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتۇق.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ بارگاھى قوچقاربېشى

قىشلىقىدا تۇرسا، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ — چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئىشەنمىگەندەك سورىدى.

— توغرا دېدىلە، خان بىكە، سۇلتان ئىسسىقكۆل، ئۆرەتۆپە دىيارىنى ئارىلاپ شىكار قىلىش ئۈچۈن چىققانىدى. ئۇ ھازىر بۇ يەردىن تۆت ـ بەش چاقىرىم نېرىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— بۇنىڭغا قانداق ئىسپاتىڭ بار؟ — چۈچۈك سۇلتان بېگىم گۇمانسىراپ سورىدى، — ئۆزۈڭ كىم؟

— بىزنىڭ ئەلەم سۇلتانىنىڭ يېنىدا قالغان، بۇ يەردە باشقا ئىسپاتىم يوق. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نۆكىرى ئىكەنلىكىمىزگە ئاللا گۇۋاھ ! مەن سۇلتانىنىڭ نۆكەرلەر باشلىقى ئەكرەم بولىمەن.

— ئەگەر، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم تەئەددى بىلەن، — بېرىپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن بىرەر نىشانە ئەكەلسەڭ، ھەمراھلىرىڭنى قويۇپ بېرىمەن. قېچىپ كېتىدىغان بولساڭ، ھەمراھلىرىڭنى چېپىپ تاشلايمەن.

ئەكرەم يوتىسىغا سانجىلىپ قالغان ساداق ئوقىنى سۇغۇرۇۋېتىپ، ئورنىدىن تۇردى.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا نېمە دەپ بارىمەن؟ — غەزەپتىن تېنى تىترەپ كەتكەن ئەكرەم خان بىكەگە ھومىيىپ قارىدى.

— دەشتى قىپچاق سۇلتانىنىڭ قىزى چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە ھەمراھلىرىم بىلەن ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىۋىدىم، سەن بېرىپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن نىشانە ئەكەلگىن دېدى، دەيسەن !

ئەكرەم ئاقسىغىنىچە بېرىپ ئاق قاشقىلىق ئېتىغا مىنىدى ـ دە، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

## 3

ئوي ـ خىيال — ئىنسانىنى ئورنىدىن قوزغاتماي تۇرۇپ ئالەمنى سەيلە قىلدۇرىدىغان، نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى ئۆتمۈشكە

قايتۇرالايدىغان، ئارزۇ گۈللىرى ئېچىلغان گۈزەل كەلگۈسىگە باشلاپ بارالايدىغان كۆزگە كۆرۈنمەس سېھىرلىك قانات. بۇ قانات بولمىسا ئىنسان ناھايىتى بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. كىشىلەر مۇشۇ قانات بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەڭ قىيىن شارائىتتىمۇ يول تېپىپ ياشىيالايدۇ. ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولغان كىشى ھەرقانداق ئىشنى ئويلاپ تۇرۇپ قىلىدۇ. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىمۇ مۇشۇ دەم خىيال ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى، كۆزىگە ھېچ ئۇيقۇ كىرەي دېمەيتتى. گاھ غۇبارسىز بالىلىق چاغلىرى ئېسىگە چۈشسە، گاھ توي قىلغاندىن كېيىنكى پەرزەنتلىك بولمىدىغان كۈنلىرى كۆز ئالدىغا كېلەتتى. ئۇ خىيال دەرياسىدىن سائادەت قىرغىقىغا چىقالماي ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ ياتاتتى. ئاقئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئەكرەم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقاش بار ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالىيلىرى، مېنى ئەپۇ قىلسىلا، بىز پېشكەللىككە ئۇچرىدۇق ... — دېدى ئۇ ئەھۋالنى قىسقىچە بايان قىلىپ، — بەھرام تەڭ يولدا ئۇچراپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ مەن بىلەن قايتىپ كەلدى.

ئابدۇرەشىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بىر توپ قىزلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدۇق دېگىن. تازا قىزىق بوپتۇ ـ دە، ئەكرەم. دەشتى قىپچاق خانىنىڭ قىزى مۇنداق كېچىدە ئىنس ـ جىن يوق چۆلدە نېمە قىلىدىكەن؟

— بۇنى بىلمىدىم، ئالىيلىرى، — خىجىل بولغىنىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقان ئەكرەمنىڭ ئۈنى بوش چىقتى. ساداق ئوقى تەگكەن يوتىسى قاتتىق ئاغرىۋاتقان، تەپچىرەپ چىققان قان قېتىپ قالغانىدى. ئابدۇرەشىدخان تاتىرىپ كەتكەن ئەكرەمگە قاراپ كۈلكىسىنى توختاتتى.

— يارىلانغان ئوخشىمامسەن، ئەكرەم؟

— بىز بەخىرامان كېتىۋاتاتتۇق، تۇيۇقسىز مەرگەن سالمىچى قىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق. يوتامغا ساداق ئوقى

تەگدى، ئالىيلىرى. ئۆلۈپ كەتكەن بولسام بۇنى سۆزلەپمۇ ئولتۇرمايتتىم.

— بولدى، سۆزلىمە، ئەكرەم. شىرنى غەپلەت باسسا توشقانمۇ بوزەك قىلىدۇ. مەن ساڭا نىشانە بەرمەيمەن. ئۇ مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بېرىپ نۆكەرلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلەي. سەن بۇ يەردە ياراڭنى تاڭدۇرۇپ ئارام ئېلىپ تۇر، — ئابدۇرەشىدخان ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، — مىر ئەھمەدبېك، — دەپ چاقىردى.

— لەببەي، سۇلتانىم، — ياندىكى ئاقئۆيدىن بويى پاكار، دوغلاق بىر يىگىت چاپىنىنىڭ پېشىنى ساپقىنىچە چىقتى. ئۇ سۇلتانىنىڭ تېۋىپى ئىدى.

— تېخىچە ئۇخلىماپسەن ـ دە، بول، ئەكرەم يارىلىنىپ كەپتۇ، يارىسى ئېغىر دەك قىلىدۇ، تېڭىپ قويۇپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بول. مەن نۆكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ ئەكرەم بىلەن كەتكەنلەرنى قۇتقۇزۇپ كېلەي.

مىر ئەھمەدبېك ئاقئۆيگە كىرىپ ئەكرەمنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇردى ...

ئابدۇرەشىدخان بەھرامنىڭ يول باشلىشى بىلەن نۆكەرلەرنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر دەشتى قىپچاق خانىنىڭ قىزى بىلەن چاپسانراق ئۇچرىششقا قىزىقىپ قالغانىدى. قامچا ئۇرۇپ ئاتنى تېزلەتتى. نۆكەرلەرنىڭ بىر قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنى، بىر قولىدا ئوتقاش بار ئىدى. ئۈچ ـ تۆت چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن يىراقتىن ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈندى.

قاراڭغۇ كېچىدە ھەممىدىن روشەن، چىرايلىق كۆرۈنىدىغان نەرسە ئوت، ئوت بار يەردە ئادەم بار.

— توختاڭلار!

ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىتتىك كېتىۋاتقان نۆكەرلەر ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاشتى.

— سىلەر مۇشۇ يەر تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بېرىپ كېلەي.

www.uyghurkitap.com

ــ سۇلتان ئالىيلىرى، يالغۇز بارسىلا بولماسمىكىن، ــ دېدى بەھرام ئەنسىرەپ، ــ ئالدىمىزدا دۈشمەن بارمۇ، دوستمۇ، بۇ نامەلۇم.

ــ كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇكى، ئالدىمىزدىكى دۈشمەن ئەمەس، دوست، ــ ئابدۇرەشىدخان ئاتقا قامچا ئۇردى. ئات بىر پۇشقۇرۇپلا ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. ئۇ ئوت بار يەرگە يېقىنلاشتى. كۆرگىنى يەرگە يېقىلغان ئوت بولماستىن، دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن نۆكەرلەرنىڭ قوللىرىدىكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقاش ئىدى. ئابدۇرەشىدخان قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ساداقلىرىنى بەتلەپ، سالمىلىرىنى تاشلاشقا تەييار تۇرغان قىز نۆكەرلەرنىڭ قارشىسىغا كېلىپ تىزگىنىنى بىر تارتىۋىدى، ئات ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە قاتتىق كىشنەپ، چاپچىپ توختىدى، قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ ئوتقاشلارغا قاراپ پۇشقۇرۇپ قويدى. شۇ چاغدا قىزىل بويۇن ئېتىنى دېۋىتىپ كەلگەن نىقابلىق بىرسى ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ ئالتۇن ئوتۇغاتلىق دۇبۇلغا، ئۆلچەملىك تىكىلگەن كەمزۇل، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بېلىق قاسىرقىسىمان ساۋۇت كىيگەنىدى. ئوچىسىدا ھاۋا رەڭ يېپىنچىسى يەلپۈنەتتى، بېلىنى قىسىپ تۇرغان ئالتۇن كەمەرگە قىلىچ ئېسىلغانىدى، كۈمۈش ئۈزەڭگىگە دەسسەكلىك پۇتلىرىدا خۇرۇم ئۆتۈك پارقىرايتتى، ئەجەبلىنىشتىن بىر قېشى سەل كۆتۈرۈلۈپ، ئاغزى بىر ئاز ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بوي ـ بەستىدىن شاھزادە ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. مانا بۇ ئابدۇرەشىدخان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە تىكىلگەن نىقابلىق نۆكەرگە سەپسالدى. كۆل رەڭ نىقاب ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئوت چاقناپ تۇرغان ئىككى كۆز قادالغانىدى. قويۇق تال ـ تال كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان كۆزلەرنى ئېلىپتەك ئېقىپ چۈشكەن قاڭشىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەنىدى. گۈل پورىكىدەك پۈرۈلگەن لەۋلىرى ئوتقاش يورۇقىدا ئېچىلىۋاتقان غۇنچىنى ئەسلىتەتتى. ئالتۇن ئۇكە قادالغان دۇبۇلغا ئۇنى چەۋەنداز

يىگىتكە ئوخشىتىپ قويغان بولسا، تۇرقىدىكى نازۇكلۇق، چىرايىدىكى سۇلكەت، نەزىرىدىكى ئۇياتچانلىق ئۇنىڭ ئەر ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. تەتىللا جىلىتكە ئۇستىدىن كىيگەن ساۋۇت، ئىككى قولىدىكى قىلىچ بىلەن قالقان ئۇنىڭغا جەڭگىۋار تۇس بەرگەنىدى. قىزىل يىپپىنچىسى ئېتىنىڭ ساغرىسىغىچە چۇشۇپ ئۆتۈك كىيگەن پۇتىغا تېگىپ تۇراتتى. مانا بۇ چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئىدى. ئاۋۋال ئابدۇرەشىدخان زۇۋان سۇردى:

— مەن سىزگە نىشانە ئەۋەتمەي ئۆزۈم كەلدىم. چۇچۇك سۇلتان بېگىم، سىز سەئىدخان ئاتامنىڭ هامىمىسى سۇلتان نىگار خانىم ئانامنىڭ قىزىغۇ، قانداق بولۇپ بۇ جەزىرىگە كېلىپ قالدىڭىز؟

چۇچۇك سۇلتان بېگىم يەنە بىر قېتىم ئابدۇرەشىدخاننىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە كۆز يۇگۇرتكەندىن كېيىن قىلىچنى غىلىپىغا سالدى. مەڭزىنىڭ ئاستى تەرىپىدە زىنىخ پەيدا بولۇپ چېھرىگە كۇلكە يۇگۇردى. ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۇشۇپ تەزىم قىلدى.

— ئابدۇرەشىدخان ئاغا، ئامان ـ ئېسەن تۇردىڭىزمۇ؟

— ئاللاغا شۇكۇر، سىڭلىم، سىز بىلەن دىدارلاشقىنىمدىن بەكمۇ خۇرسەنمەن. سۇلتان نىگار خانىم ئانام ئامان ـ ئېسەن تۇرامدۇ؟ — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئاتتىن چۇشۇپ.

— كېرەملىك ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن ئانام ياخشى تۇردى. ئۇ ماڭا ھەمىشە سەئىدخان ئاتام بىلەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بېرەتتى.

— ئاخسى دەرياسى بويىدىكى سايران بوستانلىقىدا كۆرۈشكىنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ، خان بىكە؟ ئۇ چاغدا سىز بەك كىچىك ئىدىڭىز.

— ئانام سايراندىكى توي توغرۇلۇق پات ـ پات گەپ قىلىپ بەرگەچكە، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. مەن ئۇسسۇل ئويناپ

www.uyghurkitap.com

بەرگەندىم، — چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالماقچى بولغاندەك سۆزدىن توختاپ سۈكۈتكە پاتتى. كېنىزەك قىزلارمۇ، نۆكەر يىگىتلەرمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ سۇلتان بىلەن مەلىكىنى چۆرىدەپ تۇرۇشتى.

— ئابدۇرەشىدخان ئاغامنىڭ نۆكەرلىرىنى بۇ يەرگە ئەكىلىڭلار ! — بۇيرۇدى خان بىكە.

— خوپ، مەلىكە ئالىيلىرى، — شەمشىبانۇ ئېيتىنى يېتىلىگىنىچە ئاقئۆينىڭ ئارقىسىدا بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ قويۇلغان نۆكەرلەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارنى مۇھاپىزەتچى كېنىزەكلەر ساقلاۋاتاتتى. شەمشىبانۇ ئۇلارغا نۆكەرلەرنى باغلاقتىن بوشىتىشنى بۇيرۇدى، ئۆزىمۇ بىر نۆكەرنىڭ باغلىقىنى يەشتى.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئالىيلىرى كەلدى، — دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن. نۆكەرلەر سۆيۈنگەن هالدا ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى.

قىزلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان نۆكەرلىرىنى كۆرگەندە ئابدۇرەشىدخاننىڭ قاپىقى بىر تۈرۈلۈپ، ئارقىدىن يەنە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— مەلىكە چۈچۈك سۇلتان بېگىمدىن ئەدەپسىزلىك قىلغىنىڭلار ئۈچۈن ئەپۇ سوراڭلار.

— ياق، سۇلتان ئاغا، بۇلاردىن مېنىڭ مۇھاپىزەتچى قىزلىرىم ئەپۇ سورىسۇن. ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ خورلاپ قويدى، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم مەنسىتمىگەندەك قىلىپ.

— قېنى ئەپۇ سوراڭلار، نۆكەرلەر، قىزلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىنىڭلار تارىخقا يېزىلىپ قالسۇن.

نۆكەرلەر خىجالەت تارتقىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ باشلىرىنى تۆۋەن سالدى.

— هېلىمۇ خىللانغان نۆكەر بولغىنىڭلار، ئادەتتىكى نۆكەر

بولغان بولساڭلار، شىلدىرلاپ تۇرغان دەرەخلەرگىمۇ تۇتقۇن بولۇپ قالىدىكەنسىلەر. قېنى ئەپۇ سوراڭلار.

نۆكەرلەر نائىلاج تىزلاندى:

— ئەپۇ قىلسىلا، مەلىكە ئالىيلىرى، ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇق!

چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئاچچىقلىنىپ قالغان ئابدۇرەشىدخانغا قاراپ دېدى:

— سىلەر مەندىن كەچۈرۈم سورىماي ئابدۇرەشىدخان ئاغامدىن كەچۈرۈم سوراڭلار. ئۇنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويدۇڭلار.

— كەچۈرسىلە، سۇلتان ئالىيلىرى، بىز ئىشەنچلىرىنى يەردە قويدۇق.

ئابدۇرەشىدخان بوتا كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تۇرغان چۇچۇك سۇلتان بېگىمدىن كۆزىنى ئېلىپ، دېدى:

— تۇرۇڭلار، رەھىمسىز ياۋۇز دۇشمەنىنىڭ ئوقىدىن قىزلارنىڭ كۆزلىرى يامان.

چۇچۇك سۇلتان بېگىم قاقاھلاپ كۈلدى:

— ئۇلارنى كۆزىمىز بىلەن ئەمەس، غەيرەت ـ جاسارىتىمىز بىلەن ئەسىرگە ئالدۇق.

— بارىكاللا، خان بىكە. كېنىزەكلىرىڭىزگە ۋە سىزگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن. سىز ناھايىتى قەيسەر ئىكەنسىز.

— رەھمەت، — دېدى چۇچۇك سۇلتان بېگىم سەلگىنە ئېگىلىپ، — سۇلتان ئاغا، قېنى كۆلبەمگە مەرھەمەت قىلىڭ.

ئۇ ئابدۇرەشىدخاننى ئاقئۆيگە باشلاپ، شەمشىبانۇغا تاپىلىدى:

— نۆكەرلەرنى ياخشى كۈتۈڭلار ... ئۇلارنى خىجىل قىلىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماڭلار. بىزگە غىزا كەلتۈرۈڭلار، — مەلىكە شاھزادىگە يۈزلىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خان ئانام سىنى كاشغەر، ياركەندكە ئۆزۈم

ئېلىپ بارىمەن، دېگەندى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن بىز بۇ جەزىرىدە ئۇچرىشىپ قالدۇق. كېنىزەكلىرىم بىلەن ئۈچ كۈن بولدى يولدىن ئادىشىپ قالغىلى، بۇمۇ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەن، سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە ناھايىتى خۇشالمەن.

كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخان چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىدى:

— سىزنى دەشتى قىپچاق دىيارىغا ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن، بۇ ئۇچرىشىش ئاللانىڭ ھېكمىتى بىلەن بولغان، مەلىكە، — ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن رومالنى ئېلىپ سورىدى، — بۇ سىزنىڭمۇ؟

چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئاق قاشتاشتەك سۇزۇك ھەم يۇمران قوللىرى بىلەن رومالنى ئالدى. نۇرلۇق كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ زىنىخىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدى. بۇ قەيسەر ھەم لاتاپەتلىك قىز ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تولىمۇ سىرلىق ھەم شېرىن بىر تۇيغۇ قوزغىغانىدى. چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ تال - تال كىرپىكلىرى جۇپلەشكەندە، ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۈرىكى تىلىنغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزغا قادىلىپلا قالغانىدى. چۇچۇك سۇلتان بېگىمنىڭ يۈرىكىمۇ گۇپۇلدەپ سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ رومالنى باغرىغا باسقىنىچە پىچىرلىدى:

— مېنىڭ روملىم سىزگە ئۇچرىغانىكەن - دە! ...

# توققۇزىنچى باب

# ئاقئۆيدە ئوقۇلغان نىكاھ

## 1

سۇلتان سەئىدخان باش كۈزدە قوچقاربېشى قىشلىقىغا كەلدى.

خاننى ئىسسىقكۆل ۋە يەتتىسۇ دىيارىدىكى قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ بېيى①، ماناپ② لىرى قازاقلارنىڭ تاجى③لىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقاللىرى يېتەكلىگەن نەچچە مىڭ ئادەم ئالدىغا چىقىپ، نان ئۇشتۇپ، ئۇسسۇلۇق سۇنۇپ كۈتۈۋالدى. ئابدۇرەشىدخان تۇغ ـ ئەلەملەر ئاستىدا چىلان تورۇققا مىنىپ كېلىۋاتقان ئاتىسىنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئاتتىن چۈشتى. ئەمىر مۇھەممەدبېك، خوجا ئەلى باتۇر، ماناپ تۇرسۇنبېكلەرمۇ پىيادە بولۇشتى. ئابدۇرەشىدخان ئىتتىك بېرىپ، ئاتىسىغا ئېگىلىپ سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ئاتا، بەختىمىزگە مۇبارەك قەدەملىرى بۇ دىيارغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپتۇ، — ئۇ سەئىدخان دەسسەپ تۇرغان كۈمۈش ئۈزەڭگىنى ئۆپتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ئالىيلىرى ! مۇبارەك قەدەملىرى

---

① بېي — قىپچاق ـ قىرغىزلاردا سۇلتانغا تەڭ كېلىدىغان ئەمەل نامى.

② ماناپ — بېيدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئەمەل نامى.

③ تاجى — قازاقلارنىڭ قەبىلە باشلىقىغا بېرىلگەن نام.

قۇتلۇق بولغاي، — دېيىشتى ئەمىر مۇھەممەدبېك، خوجا ئەلى باتۇرلار كەينى - كەينىدىن كەلگىنىچە ئۆزەڭگىنى ئۆپۈشۈپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دېگىنىچە ئاتتىن چۈشكەن سەئىدخان ئابدۇرەشىدخاننى قۇچاقلاپ پېشانىسىغا سۆيدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. بىر تەلەڭگىگە ئارچا ياغىچىدىن ئىسرىق سېلىپ پايپاسلاپ كەلگەن مىرزا ئەلى تاغاي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سەئىدخاننىڭ پەشلىرىگە يۈزىنى تەگكۈزدى، ئاندىن قوپۇپ خۇش پۇراق ئىس ئۆرلەپ تۇرغان تەلەڭگىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلاندى.

سەئىدخان ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئەمىر مۇھەممەدبېك، خوجا ئەلى باتۇرلار بىلەن قۇچاقلاشتى ...

سەئىدخان چوڭ خانىشى مەختۇمە سۇلتان بېگىم، ئىككىنچى خانىشى ھەبىبە سۇلتان بېگىم، سەييىدمۇھەممەد مىرزا، ئەمىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، قاناتبەگ، ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس، شەيخۇلئىسلام ئوبۇلقاسىم داموللا، ئەمىر مىرەك بارلاس قاتارلىق دۆلەت ئەركانلىرى، سەردارلار، بەگلەر ۋە مىڭدىن ئارتۇق ياساۋۇل، نۆكەرلەر بىللە كەلگەنىدى.

ۋەزىر مىرزا ھەيدەر كۆرەگان ئابدۇرەشىدخان بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ:

— كۆز تەگمىسۇن، شاھزادە. تاغ قارغىيىدەك بوي تارتىپتىلا، سايىلىرى چۆلگىمۇ چۈشۈپتۇ، — دەپ ئامان - ئېسەنلىك تىلىدى.

— ئۇستازلىرى ئەمىر غورى بارلاس ئالىيلىرىنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن بولسىدى، كۆزى ئوچۇق كەتمەس ئىدى، — دېدى ئەلى مىرەك بارلاس ئۆزۈن ساقىلىنى باسقىنىچە ئابدۇرەشىدخاننىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ. ئابدۇرەشىدخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىچ - ئىچىدىن يىغا قايناپ چىقتى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ،

ئۇستى يېپىق مەپىدىن چۇشۇۋاتقان مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ سالام بەجا كەلتۇردى.

— جېنىم بالام، ئۆزلىرىنى خويمۇ سېغىندىم. دىدارلىرىنى كۆرسەتكەن ئاللاغا مىڭ شۇكۇر، — ئانا شۇنداق دەپ ئوغلىنى باغرىغا باستى. كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىققان ياشلار ئابدۇرەشىدخاننىڭ گەدىنىگە تامچىلىدى.

— ئانا، يىغلىمىسىلا، مانا ئاللا ئىگەم بىزنى ساق ـ سالامەت دىدارلاشتۇردى، — ئابدۇرەشىدخان قوللىرى بىلەن مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى.

مىرزا ئەلى تاغاي ئىسرىقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ، تەلەڭگىنى يول چېتىگە قويدى ـ دە، تەزىم قىلىپ تۇردى.

ئابدۇرەشىدخان ھەببە سۇلتان بېگىم، كىنىدىكئانا، چۆرە، كېنىزەكلەر بىلەنمۇ ھال سوراشتى.

بىي ئەمىر مۇھەممەدبېك ماناپ تۇرسۇنبېك ئەكەلگەن بىر ئىدىش قېتىق بىلەن بىر تەلەڭگە ناننى پەتنۇسقا سېلىپ، سەئىدخانغا تۇتتى.

سەئىدخان ئاغزىغا ناندىن بىر بۇردا سېلىپ، قېتىقتىن ئۈچ قوشۇق ئىچتى. ئۇنىڭ ھارغىن ۋۇجۇدى شۇنداق راھەتلەندىكى، چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

ئۇزۇن سۇنايلار، دۇمباق ـ ناغرىلار شادىيانە كۈيگە ياڭراۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى !

— ئالىيلىرىنىڭ قەدىمىگە مۇبارەك بولسۇن !

— باشپاناھىمىز سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالتۇن بويى ئامان بولغاي !

— سەئىدخان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەي ! ... ئالىيلىرىنىڭ دۆلىتى تېخىمۇ زىيادە بولغاي ! ...

www.uyghurkitap.com

ئاۋامنىڭ ساداسىدىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ئابدۇرەشىدخان ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ كېلەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قېرىنداشلىرىم! ئاللا سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن، ئامان بولۇڭلار! — ئاۋامنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇپ كېلىۋاتقان سەئىدخاننىڭ قەلبىنى كۈچلۈك ھاياجان ئىلكىگە ئالغانىدى. ئۇ مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ يول - يولدا ئىسرىق سالغىنىدىن خۇرسەن بولغانىدى. «بۇ ئىشىكئاغىسى چۆل - جەزىرىگە ئەۋەتكىنىمىدىن خاپا ئەمەس ئوخشايدۇ. ئۆزى ئىسرىق سېلىپ، ئىززەت - ئىكرام كۆرسەتتى. ئوغلۇمۇ ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا ئۇنىڭ قاراقچى تايغانبېكنى ھىيلە بىلەن تۇتۇپ، جامائەت ئىچىدىكى قورقۇنچ - ۋەھىمىنى تۈگەتكەنلىكىنى بايان قىپتىكەن. ئۇنى قايتۇرۇپ كېتىپ ۋەزىرلىككە كۆتۈرسەم بولغۇدەك ...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

سەئىدخان قوچقاربېشى قىشلىقىدىكى قورغاندا ئالاھىدە تەييارلانغان قەسىرگە چۈشتى. خانىش، چۆرە، مەھرەم ۋە كېنىزەكلىرىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ دەھلىزلىك خانىلارغا ئورۇنلاشتى. نۆكەر، ياساۋۇللار قورغان ئەتراپىغا تىكىلگەن چېدىرلارغا چۈشكۈن قىلىندى.

بېي ئەمىر مۇھەممەدبېك، ماناپ تۇرسۇنبېكلەر كەچلىك غىزا ئۈچۈن قىرىق بىر قوي، توققۇز تاي، توققۇز موزاي، توققۇز ئوغلاق سويدۇردى. توقسان توققۇز تۇلۇم قىمىز تەل قىلىنغانىدى.

— مېنىڭ ئىسسىقكۆل بويىغا تىكىلگەن ئاقئۆيگە چۈشكۈم بار ئىدى، يايلاقنىڭ سالقىن ھاۋاسىنى سېغىنىپ قاپتىكەنمەن، قورغانغا چۈشۈپ يەنە ياركەندتىكى ئوردىغا كىرىپ قالغاندەك بولۇۋاتىمەن. ھەرھالدا بۇ قورغان سالقىن ئىكەن، — دېدى سەئىدخان ھالقا ۋە ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە ئويۇپ چىقىرىلغان پەنجىرىگە قاراپ بىر چىنە قىمىزنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن. ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئابدۇرەشىدخان ئۇخلىيسىز لانغاندەك بولۇپ:

— خان ئاتا، ئىسسىقكۆل بويىدىكى بارگاھقا چۈشكەن بولسىلا تەنلىرى يايراپ كېتەتتى. بۇ يەرگە چۈشۈرگىنىمىزدىن ناھايىتى ئەپسۇسلاندىم، كەچۈرگەيلا، — دېدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قورغانغا چۈشكەنلىكىدىن رازى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى.

— دۇنيادا شاھلار ئۇچۇن ئەڭ بىخەتەر جاي ئاۋام ئارىسى، ئەگەر ئۇ ئادىل بولسىلا؛ دۇنيادا ئەڭ خەتەرلىك جايمۇ ئاۋام ئارىسى، ئەگەر ئۇ زالىم بولسا. ئاۋامدىن مەككار، قارا نىيەت ئەمەلدارلارمۇ قورقىدۇ. كىمنىڭ ئادىل، كىمنىڭ زالىم، كىمنىڭ قارا نىيەت، كىمنىڭ ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى يەنىلا ئاۋامدۇر. ئوغلۇم، مەن ئىسسىقكۆل بويىدىكى ئاقئۆيدە تۇراي. نۆكەر، ياساۋۇللار بۇ يەردە تۇرسۇن. مەن بۇ يەرگە جەڭ قىلغىلى ئەمەس، جامائەت بىلەن دىدار مۇلاقات بولغىلى كەلدىم، — سەئىدخان قول باغلاپ تۇرغان ئوغلىغا، سۆزنى باش لەشكەرنىڭ ماقۇللاپ ئولتۇرغان مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ۋە سەيىدمۇھەممەد مىرزىلارغا قارىدى.

— ئاۋامنىڭ باھاسى تارازىدۇر. بۇ تارازىغا چۈشمەيدىغان، شاھ ـ سۇلتانلار تېخى تۆرەلگىنى يوق، سۇلتانىم. دېگەنلىرى بەرھەق. ئادىل پادىشاھ ئاۋامدىن قورقمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە نائىل بولىدۇ. ئالىيلىرى بەكمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدىلا، ئىسسىقكۆلنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىشنى مەنمۇ ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئۇيچان چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۇ تولىمۇ خۇش پېئىل ئىدى.

— ئارى، — سۆز قاتتى ئەمىر كەبىر سەيىدمۇھەممەد مىرزا، — ئاۋام ئىچى تۇرلۇك ـ تۇمەن ئىشلار سادىر بولۇپ تۇرىدىغان ئاجايىپ بىر جەڭگاھ ... ھەق ـ ناھەق ئۇندا ئاسان ئايرىلىدۇ. كىمنى ھىمايە قىلىشنى، كىمگە قارشى تۇرۇشنى

www.uyghurkitap.com

ئاۋام ئۆزى بىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاۋام ئىچىدە يەنە ئۇنداق پىستقى - پۇجۇر، سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانمىسا تۇرالمايدىغان ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىمىگەن شاھ زىيان تارتىدۇ.

— سۇلتانىم، ئەمىر كەبىرنىڭ سۆزىمۇ ئورۇنلۇق، ھەرھالدا ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈش ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر. پادىشاھ، ۋەزىرلەر قانچە پاراسەتلىك بولسا، دۈشمەنمۇ شۇنچە ھىيلىگەر بولىدۇ. بىر ھەۋزىنىڭ سۈيىنى بىر پارچە گەندىنىڭ بۇلغايدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇش دانالىقتۇر. ئالىيلىرىنىڭ سۆزىدە ئاۋامنى ھۆرمەت قىلىش، ئاۋامغا ئىشىنىش، ئاۋامغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت خاسىيەتلىك مەنە بار. ئالىيلىرىدەك ئاۋامنى ئۇنتۇمىغان، دۈشمەندىن ئاگاھ بولغان پادىشاھ مۇراد تاپالايدۇ.

— ئالىيلىرى، سۆزلىرىدە ئاۋامغا بولغان يۈكسەك ساداقەتلىرىنى بىلدۈردىلە. ئۆزلىرىدەك سۇلتاننى ئاۋام كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئالىيلىرى تۇرۇۋاتقان جاي كىشىگە بېھىش ھۇزۇرىنى بېرىدىغان ئىسسىقكۆل بويى، يېشىل يايلاق، سالقىن تاغ باغرىدۇر.

مىرزا ئەلى تاغاي سۆزىنى توختىتىپ، سەئىدخانغا تەزىم قىلدى، ئاندىن سەيىدمۇھەممەد مىرزىغا نېمە ئۈچۈندۇر سوغۇق نەزەر تاشلىدى: «سەن خانلىقنىڭ ئەمىر كەبىرىمەن، كاشغەرنىڭ ھاكىمىمەن، دەپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ، كۆرەڭلەپ قېلىۋاتىسەن. ئاقىۋەتنىڭ ھامان ئاكاڭنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ ...»

— سۇلتان ئالىيلىرى، مىرزا ئەلى تاغاي تېخى يېقىندا بۇ يەردە ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەستىن چىقارغاندەك قىلىدۇ. تارىختىن مەلۇمكى، پادىشاھلار كۈتمىگەن ۋاقىتتا، كۈتمىگەن جايلاردا قەستكە ئۇچرىغان. جەڭگاھتىن باشقا يەردە دۈشمەن ئاشكارا تىغ تەڭلىيەلمەيدۇ. ئارىمىزدا بىلەنگەن پېچىقىنى قويىنىغا يوشۇرۇپ ئۆلتۈرغان كىشى يوق، دەپ

كىم ئېيتالايدۇ؟ — كەسكىن سوئال قويدى سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ ۋەزىرلىك كۈرسىدا ھېچبىر ئولتۇرغان مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ چىرايىدىن بىر شۇملۇقنى سەزگەن، سوزۇنچاق، بۇغداي ئۆڭ چىرايى ئۆڭۈپ، ئاچچىقى يۈزىگە تەپكەندى. ئۇ ۋۇجۇدى سىلكىنگەندەك بولۇپ، سۆزىنى جىددىي داۋام قىلدى، — ھېچكىم. ئۇ پەقەت ئاللاغا مەلۇمكى، سۈيىقەستتىن ئېھتىيات قىلماق ھەممىگە، بولۇپمۇ دۆلەت ئاتىسى بولغان شاھ - سۇلتانلارغا پەرزدۇر. پېقىر ئالىيلىرىنىڭ يولىنى توسماقچى ئەمەسمەن، بۇ قورغاندىن ئىسسىقكۆل بويى ئەلۋەتتە ياخشى. بىز سەيلە - ساياھەت قىلىش، قىرغىز قېرىنداشلىرىمىزدىن ھال سوراش ئۈچۈن كەلگەن. شۇڭا، ئەتىدىن باشلاپ ئىسسىقكۆل بويىدا ئاۋام بىلەن بىللە غىزالىنىشنى ئىستەيمەن، سۇلتانىم. ھالبۇكى، ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈشىمىزمۇ زۆرۈردۇر.

ئابدۇرەشىدخان سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلگەن بولسىمۇ، «ماڭا ئىشەنچ قىلالمايۋاتامدۇ نېمە» دەپ ئويلاپ قالدى. «ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈپ، ئىسسىقكۆل بويىدا ئونلىغان ئاقئۆي راسلىدۇق. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، ئەمىر كەبىر» دېمەكچى بولدى - يۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. «خان ئاتامنىڭ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ قىلغان بۇ سۆزىدە نېمە يامانلىق بولسۇن» دەپ ئويلىدى.

مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم يوقىلىپ، مەڭزىدىكى بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارتىشتى، دورداي كالپۇكلىرى قىمىرلاپ كەتتى. كۇمۇش ئوتۇغات قىستۇرۇلغان سەللىسىنى سەل كۆتۈرۈپ قويدى.

سەئىدخان ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ ساراي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى: بۇ ئابدۇرەشىدخان قارار چىقىرىدىغان، يارلىق، پەرمان چۈشۈرىدىغان سۇلتان سارىيى بولۇپ، پايتەخت ياركەندتىكى گۈلئېرەم ئوردىسىدىكى سارايغا

قارىغاندا بەكلا ئاددىي ئىدى. گىلەم ئورنىغا گۈللۈك شىرداق، رەڭدار كىگىزلەر سېلىنغانىدى. يۆلەنچۈكلۈك كۆرسىلار ئورنىغا ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى. تاملىرىغا گۈللۈك نەقىش چېكىلمىگەن، كۈنگۈرىلىك ئەگمە ئويۇقلارمۇ چىقىرىلمىغان، ئاددىيلا گەجخاك قىلىنغان. ئەينەكلىك دېرىزىلەر ئورنىغا ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغانىدى. تەختىمۇ ئاددىي بولۇپ، ئالتۇن قۆببىلىك ئەمەس ئىدى. گۈلئىرەم ئوردىسىدىكى سەردارلار ئولتۇرىدىغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئوخشىمايتتى، ئەمما سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

«ئوغلۇم شارائىتىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلىدىكىدەك ئوردا بىنا قىلالماپتۇ، ئەمما بۇ يۇرتتىكى ئابرۇيى يۇقىرى ئىكەن» دەپ ئويلىدى سولتان. ئۇ گۆش يەپ، قىمىز ئىچىپ، قوللىرىنى داستىخاندىن تارتىپ ئېرتقىلى تۇرغان كۆپچىلىككە دېدى:

— باياتىن ناھايىتى ياخشى گەپلەر دېيىلدى. مەن سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئاغامنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن. جەڭ مەيدانىدىكى ئاشكارا دۈشمەندىن يېنىڭغا يوشۇرۇنغان دۈشمەن خەتەرلىك، ئەلۋەتتە. شۇ بەرھەقتۇركى: ئەلنى ئادالەت بىلەن سورىغان پادىشاھنىڭ دوستى سان - ساناقسىز ئاۋامدۇر. زالىم پادىشاھنىڭ دوستى يوقتۇر، دوستى بار دېگەندىمۇ، ئۇلار خۇشامەتچى، نەپسانىيەتچى، تاش بېغىر سۈيىقەستچىلەردۇر. ئاۋام زالىم پادىشاھنى ھەرگىز دوست تۇتمايدۇ، دۈشمەن كۆرىدۇ، ئۇنىڭ زاۋال تېپىشىنى تىلەيدۇ. مەن ئەتە ۋەتەنداش دوستلىرىم ئارىسىغا بارىمەن. ئاز سانىدىكى سۈيىقەستچىلەردىن ئەندىشە قىلىپ ئوردىغا بېكىنىۋالسام، مەملىكەتنى قانداقمۇ قۇدرەت تاپتۇرالايمەن؟ ماڭا يۇقىرى مەرتىۋە، شان - شەرەپ بەرگەن ۋەتەنداشلىرىمغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟ ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارغاندا قىلغان - ئەتكەنلىرىمدىن قانداقمۇ ھېساب بېرەلەيمەن؟ — سەئىدخان سۆزدىن توختاپ ئابدۇرەشىدخانغا پەرمان قىلدى:

— ئوغلۇم، بۇ يەرگە ئارامغا كېلىپ، ئاۋامغا ئېغىرچىلىق سالسام بولمايدۇ. بۇگۈندىن باشلاپ تاكى كېلەر يىلى مۇشۇ كۈنگىچە يەم ـ خەشەك، ئاشلىق، ئوت ـ چۆپ، يۇڭ ۋە مال ـ ۋاراندىن ئېلىنىدىغان بارلىق باج ـ سېلىقلار كەچۈرۈم قىلىنسۇن.

— خوپ، خان ئاتا، — دېدى ئابدۇرەشىدخان بېشىنى ئېگىپ، — پېقىر ئالىيلىرىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەلگە يارلىق چۈشۈرۈپ، ھىجرىيە 937 ـ يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ 10 ـ كۈنىدىن ھىجرىيە 938 ـ يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنىگىچە خانلىق سېلىق ـ باجنى ئالماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەنىدىم.

— تولىمۇ ساۋابلىق ئىش قىپسەن، ئوغلۇم. سېنى بۇ دىيارغا سۇلتان قىلىشقا ئىرادە قىلغان ئاللاغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈركى، ساڭا ئۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ رەھمەت ـ ئىنايىتى ياغسۇن. ئەمدى بېي، ماناپلار ئالىدىغان سېلىقمۇ بىر يىل بىكار قىلىنسۇن. بۇ يەرگە شۇنچە يىراقتىن كەلگەنىكەنمەن، ئاۋامغا ئاز ـ تولا ئاسايىشلىق يەتكۈزمىكىم زۆرۈردۇر، — سەئىدخان ئورنىدىن تۇرغاندا، ئەمىر مۇھەممەد بېي ئۇنىڭغا قاراپ دېدى.

— ئالىيلىرى، سۇلتانىمىز ئابدۇرەشىدخاننىڭ يارلىقى بىلەن تەڭ پېقىرمۇ بىر يىل يەرلىك سېلىقنى يىغماسلىق توغرىسىدا پەرمان جاكارلىغانىدىم.

— ئاۋامغا يەتكۈزگەن ياخشىلىقلىرىغا ھەشقاللا ، ئەمىر، ئەمدى داستىخانغا دۇئا قىلايلى.

دۇئادىن كېيىن ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئەركانلار قايتىشتى. بۇ چاغدا تۈن نىسپىيگە ئاز قالغان، قارامتۇل ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. سەئىدخان ئۆزىگە تەييارلانغان قەسىر ئالدىدا ئابدۇرەشىدخانغا دېدى:

— ئوغلۇم، ھامام سۇلتان نىگار خېنىمدىن يېقىندا مەكتۇپ كەلگەنىدى. سېنىڭ چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى چۆلدە

www.uyghurkitap.com

ئۇچرىتىپ، دەشتى قىپچاقتىكى دىيارىغا ئاپىرىپ قويغانلىقىنىڭ ئۇچۇن كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپتۇ. بۇ توغرۇلۇق ماڭا نېمە ئۇچۇن مەكتۇپ يازمىدىڭ ـ ھە !؟

ئابدۇرەشىدخان باش سىلىپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ــ خان ئاتا، چۈچۈك سۇلتان بېگىم چۆلدە ئېزىپ قاپتىكەن، شىكار قىلىپ ئىسسىقكۆلدىن ئۆرەتۆپەگە كېتىۋاتقىنىمىزدا بىزگە ئۇچرىدى. ناھايىتى غەيۇر قىز ئىكەن. مەن نۆكەرلىرىم بىلەن ئۇنى دەشتى قىپچاققا ئاپىرىپ قويغانىدىم، سۇلتان نىگار خانىم ئانام بەكمۇ مەمنۇن بولدى. «چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ قاپسەن، بالام. مەن سېنى گۆدەك چېغىڭدا كۆرگەنىدىم» دەپ دەشتى قىپچاقنىڭ سۇلتان ـ شاھزادىلىرىنى چىللاپ، مېنى كاتتا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. قايتىدىغان چېغىمدا ھەربىر نۆكىرىمگە بىردىن ئات سوۋغا قىلدى. بېلىمگە ئالتۇن كەمەر باغلاپ قويدى. سىلى كەلگەندە ئېيتاي دەپ بۇ توغرۇلۇق مەكتۇپ يازمىغانىدىم. سۇلتان نىگار خانىم ئانامنى چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىلەن بۇ يەرگە تەكلىپ قىلساق، كېلىپ ئۆزلىرى ۋە ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ كەتسە، دېگەن ئويۇم بار، ــ ئابدۇرەشىدخان خىجىل بولغاندەك قىلىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى.

ئاسمان گۈمبىزىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئايغا قارىغىنىچە ئوغلىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىۋاتقان سەئىدخان ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

ــ ئوغلۇم، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، سۇلتان بولدۇڭ، ئەمدى تەنھا ئۆتسەڭ بولمايدۇ، ــ دېدى ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئابدۇرەشىدخانغا مېھرىلىك بېقىپ، ــ ئاناڭ ھەم مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، سەيىدمۇھەممەد مىرزا قاتارلىق دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇ يەرگە سەيلە ـ ساياھەتكىلا ئەمەس، سېنىڭ تويۇڭنى قىلىشقا كەلدۇق. ھامام

مەكتۇپىدا بۇ توغرۇلۇق بېشارەت بېرىپتۇ. ئەتە مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگاننى ئەلچى قىلىپ دەشتى قىپچاققا ئەۋەتسەك دەيمەن. بۇنىڭغا قانداق قارايسەن، بالام؟

— سىلىنىڭ ئەمرلىرىنى ئادا قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم، خان ئاتا، — ئابدۇرەشىدخان باشقا سۆز قىلماستىن بۇلۇت يېرىپ چىقىۋاتقان ھىلال ئايغا قارىدى.

## 2

تاڭ سۈزۈلۈۋاتاتتى، ئىسسىقكۆل ئۈستىدە قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ھايال ئۆتمەي ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، كۆل يۈزىدە ھال رەڭ شولا پەيدا بولدى ـ دە، تاراسلاپ يامغۇر چۈشكىلى تۇردى. كۆل يۈزىدە سانسىزلىغان كىچىك چەمبەر ھاسىل بولدى. يامغۇر شۇ پېتى ياغقان بولسا، ئابدۇرەشىدخان پىسەنت قىلماي چىملىق قىرغاقتا تۇرىۋەرگەن بولاتتى. ئەمما، ئاسمان ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك گۈلدۈرلەپ، ئوت قامچىسىنى شىلتىپ يەر ـ جاھاننى پاللىدە يورۇتۇش بىلەن تەڭ يامغۇر سۇدەك قۇيۇلدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەمدى ئاقئۆيگە كىرىپ كەتسەك بولارمىكىن، — دېدى ئەكرەم باش، بويۇنلىرىغا قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇرنى قوللىرى بىلەن توسۇپ. ئۈستىبېشى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ئابدۇرەشىدخان يەتمىش ـ سەكسەن قەدەم نېرىدىكى ئاقئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يامغۇرلۇق بار ئىدى. يامغۇر سۈيىگە چۆمۈلگەن گۈل ـ گىياھلار ئۇنىڭغا بۆلەكچە چىرايلىق كۆرۈندى. كۈندۈز بولسىدى، ئەتراپنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ ھەيران قالغان بولاتتى. ئابدۇرەشىدخان ئىشىكى ئالدىدا نەيزىلىك ئىككى نۆكەر قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئاقئۆيگە كىردى.

— ئەكرەم، قاراۋۇل بېشىغا ئېيتىپ قوي، ئىشىككە ۋە

ئەتراپقا قويۇلغان قاراۋۇللارنى يامغۇر توختىغۇچە پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ تۇرسۇن، ــ دېدى ئۇ مىس چىراغدانىدا چېچەكلەپ كۆيۈۋاتقان پىلىككە قاراپ قويۇپ.

ــ خوپ، سۇلتان ئالىيلىرى، ــ ئەكرەم ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

«بۇ يامغۇرنىڭ قىرىشقاندەك كېلىن يۆتكەش ئۈچۈن يولغا چىقىدىغان چاغدا يېغىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، ــ دېدى ئابدۇرەشىدخان قوللىرىنى گەدىنىگە قويۇپ ماموق ياستۇققا يۆلەنگىنىچە، ــ مەيلى، ياغسا ياغمامدۇ، بامدات نامىزىدىن پارىغ بولۇپلا يولغا چىقىمىز، ئاڭغىچە توختاپمۇ قالار ...»

ئۇ كۆزلىرىنى ئاقئۆيىنىڭ ھاۋا رەڭ تاۋار تۇتۇلغان تورۇسىغا تىككىنىچە خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئاتا ـ ئانىسى كەلگەندىن بۇيانقى ئىشلار كىرىۋالغانىدى.

سەئىدخان قورغاندا بىر كېچە يېتىپلا، ئەتىسى ئىسسىقكۆل بويىدىكى بارگاھقا كەلدى. كۆك ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەك سۈزۈك كۆل، ياپيېشىل دەل ـ دەرەخلەر، رەڭگارەڭ گۈل ـ گىياھلاردىن قانغۇچە ھوزۇرلاندى. كۆل بويىدا ئۆز شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قىرغىز خەلقىگە ياركەندتىن ئەكەلگەن توققۇز ھارۋا تاۋار ـ دۇردۇن، توققۇز ھارۋا بەقەسەم، توققۇز ھارۋا شايى ـ ئەتلەس، توققۇز ھارۋا ماتا ـ چەكمەن، توقسان توققۇز ھارۋا ئۇن ـ گۈرۈچ، قىرىق بىر ھارۋا قۇرۇق يەل ـ يېمىش قاتارلىق نەرسىلەرنى تارتۇق قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىر قىرغىز ئائىلىسىگە ئون سەر كۈمۈشنىڭ قىممىتىگە تەڭ كېلىدىغان، سەئىدخاننىڭ ئىمزاسى چۈشۈرۈلگەن ئون، يىگىرمە، ئەللىك تىيىنلىق مىس پۇل تارقىتىپ بەردى. بىي ئەمىر مۇھەممەدبېك بىلەن ماناپ تۇرسۇنبېككە كىمخاب تون كىيدۈرۈپ، بىردىن كۈمۈش سايلىق قىلىچ، بەش يۈز سەردىن كۈمۈش ھەدىيە قىلدى.

كېچىلىك بەزمىدە دومبىرا، قوۋۇز چېلىپ ئۆلەڭ ئېيتىلدى،

سەئىدخان ئۇد چېلىپ بەردى. ماناپ تۇرسۇنبېك ماناس داستانىدىن ئارىيە ئوقۇدى، ئۇنىڭ لەرزان ئاۋازىدىن ھاياجانلانغان سورۇن ئەھلى ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى.

ئاخىرىدا ئابدۇرەشىدخان ساتار چېلىپ پارسچە غەزەل ئوقۇدى:

زاھىدى خۇدبىن بىن بەرزاھىرى رەسۋايى ما،
مەنزىلى سۇلتانى ئىشقەست ئىن دىلى شەيدايى ما.
دەر تەرىقى ئىشق لافى پاكى بازى مىزەنىم،
گەرچە مەست ئەز بادە ئالۇدەز سەرى تا پايى ما.
ئى سابا ! ئىن نامەرا با داستانى ما بەبۇر،
ھالى دىلرا تا كۇنەد مەئلۇمى ئەز ئىنشايى ما.
زاھىد ئەز خىلۋەت گەرىفتە جايى گۇشەئى،
غەير كۇيى يار مەبۇۋەد مەنزىلۇ مەئۋايى ما.
ئى رەشىدى، بەردەرى شاھى ئەزەل رەھىم يافتەم،
شۇكرۇ لىللاھ، شەھ كۇنىن فىردەۋسى ئەئلا جايى ما.

سەئىدخان ئوغلىنىڭ غەزىلىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى. بۇ غەزەلدە ئۇنىڭ ھاياتى يەكۇنلەنگەنىدى.

مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، سەييىدمۇھەممەد مىرزىلارمۇ باربىكالالا ئېيتىشتى. ئۇلار بۇ غەزەلنىڭ مەنىسىنى كۆپچىلىككە يېشىپ بەردى.

ــ ئەي، جانجىگەر ئوغلۇم، سەن مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپسەن. سەندەك ئوغلۇمنىڭ بولغىنىدىن پەخىرلىنىمەن، ــ دەپ پىچىرلىدى سەئىدخان.

بۇ كېچە شۇنداق ئۆتتى. ئەتىسى چېلىشىش ئۇيۇشتۇرۇلدى. توختىغۇل ئالتە پالۋاننى يىقىتىپ، «ئارسلان» دېگەن ئاتاققا نائىل بولدى. ئەكرەم ئۈچ پالۋاننى يىقىتىپ، «پالۋان» دېگەن نامنى ئالدى. ئۆگۈنى قازاق ـ قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنى بولغان

«قىز قۇۋار» بولدى. ئەكرەم سايرا دېگەن قىز بىلەن مەيدانغا چۈشتى. قىز ئەكرەمنىڭ كەينىدىن ئېتىنى يورغىلىتىپ قامچا بىلەن دۈمبىسىگە يېنىككىنە ئۈچ قېتىم ئۇردى. ئەكرەممۇ ئېتىنى يورغىلىتىپ قىزنىڭ ئالدىدا قاچتى. ئۇ قىزنىڭ كۆپرەك ئۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. قىز ئاغرىپ كەتمىسۇن دەپ قامچىسىنى بوش شىلتىپ قوياتتى. بۇ مەنزىرە سەئىدخانغا ناھايىتى قىزىق تۇيۇلدى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە ئابدۇرەشىدخاننىڭ توي ئىشىغا بۆلۈندى: «ھاممام سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ ئالدىغا تېزرەك ئەلچى ئەۋەتسەم بولغۇدەك، تويىنى كۈز ئاخىرىغىچە قىلىۋېتىپ، بۇ يەردە قىشنى ئۆتكۈزۈپ پايتەختكە قايتساق، كۆڭلۈم ئاندىن ئارامىغا چۈشىدۇ».

سەئىدخان باش ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان باشلىق يۈز كىشىنى دەشتى قىپچاققا ئەلچىلىككە يولغا سالدى. ئۇلار يۈز ھارۋا سوۋغا ـ سالام بىلەن دەشتى قىپچاق دىيارىغا بېرىپ، سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ كەلدى. ئەمدى ئوغۇل تەرەپ دەشتى قىپچاققا بېرىپ، قىزنى يۆتكەپ كەلسىلا بولاتتى.

تاڭ يورۇسىلا ئابدۇرەشىدخان ئانىسى بىلەن قىزنى يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقماقچىدى، قېرىنشقاندەك يامغۇر يېغىپ كەتتى ...

ئابدۇرەشىدخان ئۆتكەن ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ: «خان ئاتامنىڭ كەلگىنى ياخشى بوپتىكەن، بولمىسا تويۇم ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتەر ئىكەن» دېدى ئىچىدە.

يامغۇر بامدات ۋاقتىدا توختاپ، ئاسمان سۈزۈلۈشكە باشلىدى. تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرلىرىنى زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن چاچتى. پۈتۈن ئەتراپ كۈمۈشتەك پارقىراپ، ئىسسىقكۆل ئاسمىنىدا ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا بولدى.

سەئىدخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ تويىغا بۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ

قويغان، تويلۇقنى پايتەختتىن ئېلىپ كەلگەندى. ئابدۇرەشىدخاننى ئانىسى بىلەن ئۈچ يۈز نەپەر بەگ، سەردار، ياساۋۇل، نۆكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا سالدى. ئۇلار يۈز سەر ئالتۇن، بەش يۈز تىللا، بەش مىڭ سەر كۈمۈش، يۈز ھارۋا خاتىدەن، تەتىللا، تاۋار - دۇردۇن، شايى - ئەتلەس ئېلىپ ماڭغانىدى.

سۇلتان نىگار خېنىم ئۇلارنى توققۇز چاقىرىم يەرگىچە قازاق ئاقساقاللىرىنى ئەۋەتىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. قوي، كالىلاردىن باشقا توققۇز تاي سويۇپ زىياپەت بەردى. ئۇنىڭ مەرھۇم ئېرى قاسىمخاننىڭ ئورنىغا دەشتى قىپچاق دىيارىغا خان بولغان تاھىرخان ۋە باشقا قازاق سۇلتانلىرى بىلەن بىللە نىكاھ مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئازادە ياسالغان گۈمبەز شەكىللىك ئاقئۆي ھەشەمەتلىك بېزەلگەن، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. تاھىرخان باشچىلىقىدىكى قازاق سۇلتانلىرى بىلەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەردار، بەگلىرى ئاقئۆينىڭ شەرقىي، غەربىي تەرەپلىرىدە ئۈچ قات كىمخاب يېكەنداز ئۈستىدە پەر ياستۇقلارغا يۆلەنگىنىچە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى. ئابدۇرەشىدخان تەتىللا يوپۇق بىلەن بېزەلگەن ئۆينىڭ شىمال تەرىپىدە ئەمىر خوجا ئەلى باتۇر، سەردار ئەكرەم، توختىغۇل پالۋانلار بىلەن ئورۇن ئالغانىدى. ئۆينىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى كەشتىلىك كىمخاب پەردە تارتىلغان ئىشىكنىڭ كۈمۈش ھالقىلىرى كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇراتتى.

ئۇنىڭدىن ئەللىك قەدەم نېرىدىكى يەنە بىر ئاقئۆيدە سۇلتان نىگار خېنىم دەشتى قىپچاق سۇلتانلىرىنىڭ خانىشلىرى بىلەن چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى كىيىندۈرۈۋاتاتتى.

سۇلتان نىگار خېنىم موغۇلىستاننىڭ مەرھۇم خانى يۇنۇسخاننىڭ ئۈچىنچى پەرزەنتى بولۇپ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ پادىشاھى مەرھۇم سۇلتان ئەبۇ سەيىد مىرزىنىڭ ئۈچىنچى

ئوغلى — سەمەرقەنت ھۆكۈمرانى سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا ياتلىق قىلىنغانىدى. ئۇ شۇ چاغدا ئون ئالتە ياشتا ئىدى. يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەندە، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن ئېرى ۋاپات بولدى. شاھىبېكخان سەمەرقەندنى بېسىۋالدى، ئۇ يەردىن قاچقان سۇلتان نىگار خېنىم چۆل ـ جەزىرىلەردە تېنەپ يۈرگەندە دەشتى قىپچاق دىيارىنىڭ خانى ئەدىك سۇلتانغا ئۇچراپ قالدى. ئەدىك سۇلتان بۇ ساھىبجامال ياش خانىشنى كۆرۈپلا ئاشىق ـ بىقارار بولدى ۋە ئۇنى ئەمرىگە ئالدى. ئىككى يىل ئۆتۈپ ئۇلار بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى، ئەمما ئۇ قىزىل چىقىپ ساقىيالماي قازا قىلدى. يەنە ئۈچ يىل ئۆتكەندە سۇلتان نىگار خېنىم بىر قىز تۇغدى. ئىسمىنى چۈچۈك سۇلتان بېگىم قويۇشتى. چۈنكى، ئەدىك سۇلتان تاشقىرىغا چىقىپ دالادا ئۈنۈپ قالغان چۈچۈك بۇيىنى كۆتۈرۈپ كىرگەنىدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئىككى ياشتىن ئاشقاندا، ئەدىك سۇلتان شاھىبېكخان بىلەن بولغان جەڭدە يارىلىنىپ قازا قىلدى. تۇل قالغان سۇلتان نىگار خېنىمنى ئىددىتى توشقاندا، قازاق يوسۇنى بويىچە ئەدىك سۇلتاننىڭ ئاكىسى قاسىمخان ئەمرىگە ئالدى. قاسىمخان قازاق ئېلىنىڭ سۇلتانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى دەشتى قىپچاقنىڭ خانى دەپ جاكارلىدى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، شىجائەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە دەشتى قىپچاق روناق تاپتى. ئۇ سۇلتان نىگار خېنىمنى جېنىدىنمۇ چارە كۆردى. ئۇنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئۆز بالىسىدەك ئەتىۋارلىدى. قاسىمخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن تاھىرخان ئۇنىڭ ئورنىغا خان بولدى. سۇلتان نىگار خېنىم ياشلا خان بولغان ئۆگەي ئوغلىنىڭ غەمخورى ھەم مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئۇ چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى بىر نەۋرە بولغان ئابدۇرەشىدخانغا ياتلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئاخىر بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە يەتتە قات كىيىم كىيدۈرۈشتى.

كاشغەردىن ئەكەلدۈرگەن مەرۋايىت دوپپا ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى. ئاق يىپەكتىن تىكىلگەن كۆڭلەك، مەخمەل جىلىتكە، ئۆتۈكلەرنى تاشكەنتتىن ئەكەلدۈرگەن، تەتىللا ئىمچە كاشغەردە تىكىلگەنىدى. بۇ كىيىملەر ئۇنىڭ زىلۋا بويىغا ناھايىتى ياراشقانىدى.

— خانىش ئالىيلىرى، كۆيۈ ئوغۇل مەلىكىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن گۇۋاھچىلار ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ، كىرسۇنمۇ؟ — دېدى باش كېنىزەك سۇلتان نىگار خېنىمغا تەزىم قىلىپ.

— كىرسۇن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — خوجا ئەلى باتۇر بىلەن ئەكرەم سەردار كىرىپ كەلدى.

چۇچۇك سۇلتان بېگىم قامەتلىك، چار ساقاللىق، سەللىسىگە كۇمۇش ئوتۇغات قادىغان، قىلىچ ئاسقان سۇرلۇك بوۋاي بىلەن ئوتتۇرا بوي، قارا كۆز، بۇغداي ئۆڭ، بۆكىگە كۇمۇش ئوتۇغات قادالغان ياش يىگىتكە لاپپىدە قاراپ تۇر چۇمپەردىنى يۈزىگە چۈشۈردى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، بىز بولغۇسى كۆيۈ ئوغۇللىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يانلىرىغا كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كىردۇق. قېنى جاۋاب بەرگەيلا: سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىننى سەئىدخاننى ئۆزلىرىگە ئىككى دۇنيالىق قوبۇل قىلدىلىمۇ؟ — دېدى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان خوجا ئەلى باتۇر.

— ...

چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئىزا تارتىپ ئېغىز ئاچالمىدى.

— قوبۇل قىلدىلىمۇ؟ — قايتىلاپ سورىدى خوجا ئەلى باتۇر.

— قوبۇل قىلدىم، — چۇچۇك سۇلتان بېگىم بوشقىنا جاۋاب بەردى.

— ئېنىق ئاڭلانمىدى. ئەتراپتىكىلەر ئىشىتكۇدەك گەپ قىلسىلا، مەلىكە. خالىمىسىلا، قوبۇل قىلمايمەن دېسىلىمۇ

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. لەۋزىلىرىنى ئېنىق ئاڭلىشىمىز كېرەك. نىكاھ ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتمىسەك بولمايدۇ. قىزىم — خوجا ئەلى باتۇر چوچۇك سۇلتان بېگىمنى ئالدىراتتى.

«دۇنيادا نىكاھ ئىختىيارلىقى مۇقەددەس، دەخلى — تەرۇزسىزدۇر. بۇنى چۈشەنمىگەن ئاتا ــ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى بەختسىز قىلىپ قويىدۇ. ئاللا ‹قۇرئان كەرىم›دە بۇنى بەندىلەرگە ئوچۇق تەۋسىيە قىلغان. ئابدۇرەشىدخانغا كۆڭلى بار تۇرۇقلۇق قىزىمنىڭ ئوچۇق جاۋاب بەرمىگىنى ئىزا تارتقانلىقىدىن بولسا كېرەك ...» دەپ ئويلىغان سۇلتان نىگار خانىم قىزىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— قىزىم، كۆڭۈللىرىدىكىنى ئېيتسىلا.

— قوبۇل قىلدىم، — ئۈنلۈك جاۋاب بەردى چوچۇك سۇلتان بېگىم.

شۇ تاپتا نىكاھ قىلغۇچى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئابدۇرەشىدخاندىن سورىدى:

— ئابدۇرەشىدخان بىننى سەئىدخان، چوچۇك سۇلتان بېگىم بىننى ئەدىك سۇلتاننى ئەمرىلىرىگە ئالدىلىمۇ؟

— بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئەمرىمگە ئالدىم، — ئۈنلۈك جاۋاب بەردى ئابدۇرەشىدخان ئالدىغا سېلىنغان داستىخاندىن كۆز ئۈزمەي. شۇ چاغدا خوجا ئەلى باتۇر، ئەكرەم سەردار كىرىپ كەلدى. ئۇلار مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگاننىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. خوجا ئەلى باتۇر ئېغىز ئاچتى:

— ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ نامى بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، مەرھۇم ئەدىك سۇلتاننىڭ قىزى چوچۇك سۇلتان بېگىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننىڭ خوتۇنى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتتى. بىز ئىككىمىز ئېنىق ئاڭلىدۇق، ھەزرەتلىرى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر

كۆرەگان:

— قىزنىڭ مېھىر ھەققىنى مالغا سۇندۇرۇپ ھېسابلامدۇق ياكى ئالتۇنغا سۇندۇرۇپمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يۈز سەر ئالتۇن ياكى يۈز ئات بولسۇن، — دېدى يىگىتنىڭ ئاتا ئورنىدىكى ۋەكىلى خوجا ئەلى باتۇر.

قىزنىڭ ئاتا ئورنىدىكى ۋەكىلى تاھىرخان باش لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— ئۇنداق بولسا قىزنىڭ مېھىر ھەققى يۈز سەر ئالتۇن ياكى يۈز ئات بولدى، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان.

— مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن! — ئاقئۆي ئىچىنى سۇلتان، سەردارلارنىڭ ئاۋازى لەرزىگە كەلتۈردى.

## 3

كۆز پەسلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. ئىزغىرىن شامال سارغىيىشقا باشلىغان گۈل - گىياھلارنى يەلپۈپ بىردەم جىم قويمايتتى. بەرگىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ياپراقلار ئۇچۇپ خېلى يىراقلارغا كېتەتتى. قوي - قوزىلار، ئۆچكە - ئوغلاقلار سەمرىپ قۇيرۇق سېلىشقانىدى. تۆش - ساغرىسىدىكى تۈكلىرى يېڭى توقۇلغان زىلچىدەك پارقىراپ كەتكەن ئات - كالىلار تىنىماي قۇيرۇق چۆرۈشەتتى. تايلار، موزايلار بىر - بىرىنى يالىشىپ، چىشلىشىپ، گاھى چاغلاردا بىر - بىرىگە ئارتىلىشىپ ئوينىشاتتى، تاقلاپ - سەكرىشەتتى.

سەئىدخان پۈتۈن جانلىقلار تويۇنغان كۈزنىڭ بۇ گۈزەل چاغلىرىنى قىرغىز، قازاقلارنىڭ سۇلتان، بېي، ماناپلىرى، موغۇللارنىڭ تەيجىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ بەگلىرى بىلەن سەيلە - ساياھەت، شىكار قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ شىمالدا بالقاش كۆلى، جەنۇبتا ئالاي ۋە كەرمە تاغلىرىغىچە كېزىپ چىقتى. يايلاق تالىشىپ قالغان قىرغىز، موغۇللارنى ياراشتۇرۇپ قويدى. بۇ

www.uyghurkitap.com

جەريانىدا جىرلاش، ئۇلەڭ ئېيتىش كېچىلىرىگە قاتنىشىپ قىرغىزلارنىڭ «ماناس»، «قۇرمانبېك» قاتارلىق ئېپوس، قىسسەلىرىنى، قازاقلارنىڭ «ئالدار كوسا»، «قوزى كۆرپەش ۋە بايان سۇلۇ»، «قىز جىبەگ» قاتارلىق داستان، چۆچەكلىرىنى ئاڭلىدى. شارابنى تەرك ئېتىپ غەمكىنلىشىپ قالغان سەئىدخان بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى كۈندە دېگۈدەك كۆپچىلىك بىلەن نېرىن، تونۇر كاۋىپى يەپ، قىمىز ئىچىپ، ئوۋ ئوۋلاپ روھلىنىپ قالغانىدى.

بۈگۈن سەئىدخاننىڭ كۆزى يولدا ئىدى. كېلىن ئۈچۈن قوچقاربېشى قىشلىقىنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك جايىغا تىكىلگەن ئاقئۆي ئالدىدىكى چىمەنلىكتە ئىسكەندەر سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان، مۇھسىن سۇلتان، سەييىدمۇھەممەد مىرزا، مىرزا ئەلى تاغاي، بېي ئەمىر مۇھەممەدبېك قاتارلىق دۆلەت ئەركانلىرى، هۆكۈما، مۇنەججىملەر، ياساۋۇل ـ نۆكەرلەر ئۇنى چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى. كېلىن بىلەن يىگىتنى كۆرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئاۋاممۇ توپلانغانىدى. ئەتراپقا تىكىلگەن ئاقئۆيلەر يىراقتىن تاش يېرىپ ئېچىلغان قارلەيلىسىدەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

— كەلدى! كەلدى! — تەرگە چۆمۈلگەن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تارتقان ياساۋۇل كۆپچىلىككە خەۋەر يەتكۈزدى.

— ئابدۇرەشىدخان كېلىۋېتىپتۇ! يولنى بوشىتىڭلار! قىرغا چىقىڭلار!

— كېلىنچەكنىڭ قەدىمى قۇتلۇق بولغاي، ئىلاھىم!

— كېلىنچەكنىڭ ئىزىدىن پاراغەت گۈللىرى ئېچىلغاي، سائادەت ئاپتىپى چېچىلغاي!

كۆپچىلىكنىڭ تىلەكلىرى بىلەن تەڭ بۇرغا، كاناي، سۇناي، ناغرىلار چېلىندى. ياركەند، كاشغەردىن ئالاھىدە ئەكەلگەن سازەندىلەر توي نەغمىسىنى ياڭراتتى.

قىز كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ سېپى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدى. سەپنىڭ ئالدىدا قىرىق بىر قارا بويۇن ئاتقا

مىنگەن بادام دوپپىلىق، بەقەسەم تونلۇق يىگىتلەر داپ ـ دۇتارلىرىنى چېلىپ توي شادىيانىسىنى ياڭرىتىپ كېلەتتى.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيگەن قىرىق بىر يىگىت ئابدۇرەشىدخاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ قىرىق بىر ئاق قاشقىنى يورغىلىتىپ كېلەتتى.

ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ چىلان تورۇقتا مىنگەن قىرىق بىر قىز دومبىرا چېلىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن چۆرىسىگە نەقىش چېكىلگەن، كۈمۈش ئوتۇغاتلىق ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ ئاق ئات مىنگەن قىرىق بىر قىز ئۇچ ئاق ئات قوشۇلغان قىزىل يوپۇقلۇق مەپىنى ئارىغا ئېلىپ قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى چاقنىتىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن قىز مېلى ئارتىلغان يۈز بوز ئات، ئېگەر ـ توقۇملۇق، كۈمۈش ئۈزەڭگىلىك چىرايلىق جابدۇلغان يۈز جەدە ۋە يەنە يۈز سالتاڭ قۇلان چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئاخىرىدا ئەمىر خوجا ئەلى باتۇر، مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان قاتارلىقلار قازاق سۇلتانى تاھىرخانغا ھەمراھ بولۇپ يۈزلىگەن ياساۋۇل، نۆكەرلەر بىلەن كەلمەكتە ئىدى.

— كۈيۈ ئوغۇل كەلدى !

— كېلىنچەك كەلدى !

— ئەنە قاراڭلار، ئاتتىن چۈشۈۋاتىدۇ !

— نېمىدېگەن چىرايلىق قىزلار ئۇ؟

— يىگىتلەرچۇ تېخى نېمىدېگەن مەردانە !

— مىنگەن ئاتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاق قاشقا ئىكەن، دۇلدۇلدىن قېلىشمايدىكەن !

— كېلىنچەك چۈشكەن قىزىل مەپىگە قاراڭلار، نېمىدېگەن ئېسىل، قوشقان ئاتلىرىنىڭ ئايىغى بەك تېز ئىكەن. كېنىزەكلەر مىنگەن ئاتلارمۇ يورغا ئىكەن. قازاق سۇلتانىنىڭ قىزى ـ دە !

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا تازا باب كەپتۇ، «ئالتۇن

ئۇزۇككە ئالماس كۆز» دېگەن شۇ ـ دە !

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرغان خالايىق قىز يۆتكەپ كەلگەنلەرگە بويۇنداپ قاراپ ئېغىزلىرى بېسىقماي غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى.

ئابدۇرەشىدخان شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ تويغا كەلگەنلىكىدىن ھاياجانلاندى. ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ قاراپ ئاتتىن چۈشتى، ئۇ ئاقئۆي ئالدىدا ئۆزىگە كۆز تىكىپ تۇرغان سۇلتان سەئىدخاننى كۆرگەنىدى. ئالدى ـ كەينىدىكىلەرمۇ توختاپ ئاتتىن چۈشۈشتى. ئابدۇرەشىدخان سەردار ئەكرەمنىڭ ھەمراھلىقىدا پىيادە كېلىپ سەئىدخانغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ئاتا، ئامان بولغايلا !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، قۇتلۇق نىكاھىڭغا مۇبارەك بولسۇن، — سەئىدخان ئۈچ قەدەم نېرىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ئوغلىنىڭ پېشانىسىغا سۆيدى، — شۇ تاپتا ناھايىتى مەمنۇنمەن، ئوغلۇم. ئاناڭ كېلىن قىزىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— ئەنە ئاۋۇ مەپىدە، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئاستا كېلىۋاتقان قىزىل مەخمەل يوپۇقلۇق مەپىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن سەل تارتىنغاندەك بولۇپ قوشۇپ قويدى، — سۇلتان نىگار خېنىم ئانام، تاھىرخان ئاغامىلارمۇ كەلدى.

— ئۇلارنىڭ قۇتلۇق قەدىمىگە مۇبارەك بولسۇن، مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا باراي.

سەئىدخان مىرزا ئەلى تاغاي باشلىق دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ماڭدى. بىرقانچە ياساۋۇل، خىزمەتچىلەر مەپە بىلەن ئاقئۆينىڭ ئارىلىقىغا زىلچا، ئۈستىگە كىمخاب پاياندار سالدى. سەردار ئەكرەم باشلىق تۆت يىگىت گۈللۈك يىپەك گىلەمگە چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئىسكەندەر سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان، مۇھسىن سۇلتانلار ئاقئۆي ئالدىغا گۈلخان ياققانىدى. سەردار ئەكرەملەر چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى ئوتنى چۆرگۈلىتىپ ئېلىپ ماڭدى،

گۈلەمنىڭ رەڭدار چۈچىلىرى كۆيدى. ئۇنىڭ پۇرىقى ئۆزى بىلەن كېلىنچەك ئۈچۈن تىكىلگەن ئاقئۆيگە كېتىۋاتقان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئانىسى بىلەن قېيىنئانىسى سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ قىزغىن سالاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوغلۇم، ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىرىدىن بەكمۇ مەمنۇنمەن! ئۆزلىرىنى خويمۇ سېغىندىم، — يان تەرەپتىكى ئاقئۆيدىن چىقىپ كەلگەن مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئابدۇرەشىدخانغا سالام بەجا كەلتۈردى. ئۇ ھەببە سۇلتان بېگىم، ۋەزىرلەرنىڭ ئاغىچىلىرى ۋە چۆرە - كېنىزەكلەر بىلەن بىللە ئىدى.

— سۇلتان نىگار خېنىم بىلەن كېلىنىمنى كۈتۈۋالاي، — دېدى ئۇ چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە قاراپ ماڭغاچ. كېلىن ئۈچۈن ئالاھىدە ياسالغان ئاقئۆيگە خۇددى ئوردا دەرۋازىلىرىدەك ھەشەمەتلىك ياغاچ ئىشىك ئورنىتىلغانىدى. ئىسكەندەر سۇلتان ئىككى ئىنىسى ۋە بىرقانچە يىگىت بىلەن دەرۋازىنى كېلىن يېقىنلاپ كەلگەندە ئېتىۋالدى.

— چاچالمايدۇ ھەي - ھەي، چاچالمايدۇ ھەي - ھەي، — دېيىشىپ چۇقان سېلىشىۋاتقان ئەللىك - ئاتمىشتەك كىچىك بالا ئۇستىلىرىگە يامغۇردەك چېچىلىۋاتقان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەڭگە - تىيىنلىرىنى تېرىۋېلىش ئۈچۈن سەكرىشىپ، يەرگە ئۆزلىرىنى ئېتىپ يومىداقلىشىپ كەتتى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئىشىكنى ئاچمىغانسېرى ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، تاقىۋالغان كىشىنى قىلىچ بىلەن چېپىۋەتكۈسى كەلدى.

— ئانا، قايتىپ كېتەيلى، بىزنى بۇ يەرگە ئەكېلىۋېلىپ دەرۋازىنى تاقىۋالغىنى نېمىسى؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى بوش چىقتىمۇ ياكى مەختۇمە سۇلتان بېگىملەر بىلەن ئامانلىق سورىشىۋاتقاچقا ئاڭلىماي قالدىمۇ، سۇلتان نىگار خېنىم كۈلۈمسىرىگىنىچە

دەرۋازا ئالدىغا كەلدى ـ دە:

— ئىشىكنى ئېچىڭلار، ھەربىرىڭلارنى بىردىن ئاتقا مىندۈرىمىز، — دېدى.

ئىشىك ئېچىلدى. يىگىتلەر چوڭچوڭ سۇلتان بېگىمنى كۆتۈرگەن پېتى ئاقئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، يەتتە قات تۆشەك ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى.

بۇ چاغدا كۈنمۇ قىزىل دەرۋازىدىن ئارام سارىيىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

تويغا بىر مىڭ بىر يۈز قوي، بىر يۈز بىر تاي، بىر يۈز بىر موزاي سويۇلغانىدى. گۆش تارتىلىپ، قىمىز قۇيۇلۇپ، توي زىياپىتى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى.

— شاھزادە، ئەمدى كېلىن ئاغىچىنىڭ يېنىغا كىرىدىغان ۋاقىت بولدى، — دېدى سەردار ئەكرەم.

ئابدۇرەشىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى. ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۈن نىسپى بولغاچ، ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان گۇلخانلارنىڭ، نۆكەر، ياساۋۇللار كۆتۈرۈۋالغان ئوتقاشنىڭ يورۇقىدا دەل ـ دەرەخلەر سىرلىق ھەم سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. تاغ باغرىدا ئېچىلغان قارلەيلىسىدەك تەرەپ ـ تەرەپتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ئاقئۆيلەر چىراغ يېقىپ قويۇلغان گۈمبەزلەردەك كۆرۈنەتتى.

ئابدۇرەشىدخان غۇرۇلداپ چىقىۋاتقان شامالدىن سەگىپ يان ـ يېنىغا قارىغىنىچە كېلىپ، كىمخاب پەردە تارتىلغان ئاقئۆينىڭ ئىشىكى تۈۋىدە توختىدى. كۆكسىنى تولدۇرۇپ ـ تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى، ھاياجانلىنىۋاتاتتى. ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا نەيزە تۇتۇپ تۇرغان قاراۋۇل كېنىزەك كىمخاب پەردىنى قايرىپ، ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەلىكە! — دېدى ئابدۇرەشىدخان بوش ئاۋازدا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئالىيلىرى، ئالتۇن تەنلىرى ئامان بولغاي ! — جاۋاب بەردى يەڭگىلەر ئېگىلىپ. ئۇلار بىر ـ بىرلەپ يېنىچە مېڭىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

خۇش پۇراققا تولغان بۇ ياسىداق ئاقئۆيدە قىز بىلەن يەڭگىلا قالدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم قاتمۇقات كىمخاب تۆشەكتە باش سېلىپ ئولتۇراتتى. گۈزەل چېھرىنى بۇلۇت ئاينى توسۇۋالغاندەك قارا چۈمبەل يوشۇرغانىدى. ئۇ يەتتە قەۋەت كىيىم كىيگەن بولۇپ، بايا يەڭگىلەر تۆت قەۋەت كىيىمنى سالدۇرۇۋەتكەنىدى. ھىندىستاندا ياسالغان يەتتە كۆزلۈك شامداندىكى ئاق ـ قىزىل شاملار ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى قات ـ قات لەپىلىمە چىقىرىپ تىككەن توي كۆڭلىكىنى، قارا چاچلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغان ھىلھىلە روملىنى ھال رەڭگە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. بۇ كۆڭلەك ئۈستىدە كەڭ ئېتەكلىك ئەتلەس كۆڭلەك بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن كىيگەن تەتىللا جىلىتكە ئىنچىكە بېلىنى نامايان قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن كىيگەن ياقا ـ پەۋازلىرى زەر بىلەن كەشتىلەنگەن كەمزۇل، ئۇنىڭ ئۈستىدىن كىيگەن كىمخاب نىمچە ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ سىقىپ قويغانىدى. لېكىن، ئاشۇ تۇرقى بىلەن شۇنداق نازاكەتلىك، شۇنداق سۇلكەتلىك بولۇپ كەتكەنىدىكى، ئابدۇرەشىدخان كۆرگەن بولسا ئەيمىنىپ قالاتتى. شۇ تاپتىكى زىلۋا قامىتى، ئۇماق ھالىتى ئابدۇرەشىدخاننى شۇ قەدەر ئەسىر قىلىۋالدى. شەمشادتەك زىلۋا قەددىدە ئۈچ قەۋەت كىيىم قالغان چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەڭگىلەرنىڭ: «مەلىكەم، قورقمىسىلا، ھېچ ئىش بولمايدۇ. مۇرەببىلىرىنىڭ دېگىنىگە ماقۇل بولسىلا، نىكاھ ئۇلۇغ، ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىككىلىرىنىڭ سۆيگۈ رىشتىسى مەڭگۈلۈك باغلانغۇسى» دېگەن پىچىرلاشلىرى ھېلىھەم ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئالماس كۆزلۈك ھالقا سېلىنغان قۇلاقلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ، ھىلال ئايدەك ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى قاپقى لىپىلداشقا باشلىدى. ياش لىغىلداپ تۇرغان بوتا كۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئابدۇرەشىدخانغا چۈشكەندە، نازۇك تېنى كۆكلەم شامىلىدا يەلپۈنگەن ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. ئۇ بۆرە ـ تۈلكىلەرگە يالغۇز ئۇچراپ قالغاندىمۇ، قاراقچىلار ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلگەندىمۇ مۇنداق قورقمىغان، بەلكى جاسارىتى ئۇرغۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ رەقىبىنى يەڭگەندى. ئەمما، شۇ تاپتا ھازىرلا جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك بىر سىرلىق تۇيغۇ ئۇنى قورقۇتۇۋاتاتتى. نەۋقىران يىگىتنىڭ ئوتلۇق نەزىرىدىن ۋۇجۇدى كۆيۈۋاتاتتى. قانچە قارشىلىق قىلاي دېسىمۇ، قول ـ پۇتلىرى بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇچىسىدىكى ئۈچ قەۋەت كىيىمنى ئاشۇ باتۇر يىگىت تارتىنماستىن سالدۇرۇۋەتتى ...

## ئونىنچى باب

# نائىب سۇلتاننىڭ ئادالىتى

## 1

ياركەند ئاسمىنىنى بۇلۇت قاپلىغان، قار ئۇچقۇنلاۋاتاتتى. خۇرجۇن كۆتۈرگەن ئۈچ سودىگەر چايخانىغا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭسىلە، — چايخانا غوجايىنى ئۇلارنى گۈللۈك خوتەن زىلچىسى سېلىنغان سۇپىغا باشلىدى، — چەينەك شورپىسى كەلتۈرەيمۇ ياكى پولۇ؟

— ئاۋۋال بىر چۆگۈن چاي بىلەن نان كەلتۈرسىلە، بىز خېلى ئۇزاق ئولتۇرىمىز، — دېدى ئوتتۇرا بويلۇق، قاراقاش، قارا بۇرۇت، ئۇچىسىغا يوڭ چەكمەن تون، بېشىغا قارا تۇماق كىيگەن ياش كىشى يېنىدىكى چاچ - ساقىلى ئاقارغان قامەتلىك مويسىپىت بىلەن كۆز بېقىشقۇالغاندىن كېيىن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، بەھۇزۇر ئولتۇرۇشسىلا. بۇ چايخانىنىڭ ياركەندتە داڭقى بار. قوزا - ئوغلاقتىن قىلىنغان تونۇر كاۋىپىمىز ناھايىتى لەززەتلىك، پەرمۇدىمىز، سامسىمىز بەك مەززىلىك، ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن چاي، زەپەرلىرىمىزنىڭ خۇشبۇيى دىماقنى يارىدۇ دېسىلە، — چايخانا غوجايىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالغاچ سۆزلەپلا كەتتى، — كاشغەردىن كەلگەنلەر چايغا ئامراق، خوتەندىن كەلگەنلەر كاۋاپقا. قارىغاندا ھەرقايسىلىرى خېلى يىراقتىن كېلىشكەن ئوخشايدىلا، — ئۇ بىردىنلا ئوڭ تەرەپكە بۇرالدى - دە، — ھەي، ھېيتەم قارىي،

مېھمانلارغا كاكچا بىلەن زەپەر چايدىن بىر چۆگۈن كەلتۈر، — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— لەببەي، غوجايىن.

بېشىغا شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن چوقار كۆڭلەك كىيگەن ھاپا قوۋۇز يىگىت بىر چۆگۈن چاي، ئۈچ ھېجىر، ئۈچ كاكچا ئەكېلىپ داستىخانغا قويدى ـ دە، ئېغىز ئاچتى:

— قېنى مېھمانلار، چايغا بېقىشسىلا، يەنە نېمە كەلتۈرەي، كاۋاپمۇ، پولۇمۇ؟

— بولدى، بولدى، مېھمانلارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي، ئاۋۇ خېرىدارلارغا چاي كۆرسەت، بۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆزۈم قىلىمەن، — غوجايىن ئاننى ئۇشتۇپ قويدى، — قېنى كاكچىغا ئېغىز تېگىشسىلە.

سالۋار تۇماق كىيگەن مېھمان چاي قۇيۇپ قاما تۇماقلىق كىشىگە تۇتتى.

— بۇ چايخانا پاكىز، خېرىدارى كۆپ ئىكەن. بۈگۈن ئاخشام مۇشۇ يەردە ئارام ئالساق بولغۇدەك. جانابلىرى، قانداق دەيدىلا؟ — ئۇ يەنە بىر ھېجىرغا چاي قۇيۇپ مويسىپىتقا سۇندى.

— ئوبدان گەپ قىلدىلا، بۇرادەر، بۇ چايخانىدا تەڭگە كۆچ ـ قۇۋۋەت بولىدىغان تائاملار بار ئىكەن. خۇش ساراي ھۇجرىسىدا تىقىلىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە بۇ يەردە قورساقنى توقلاپ، نەرخ ـ ھاۋانى ئۇقۇشۇپ باققىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ، — دېدى قاما تۇماقلىق ياش كىشى. سەرپۇش تۇماق كىيگەن ئاقساقال كىشى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

بۇ چايخانا ئىككى سۇپىلىق چوڭ ئايۋان، ئاشخانا، خاس ھۇجرا، ئايۋان ئۈستىدىكى بالىخانىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. ياز كۈنلىرى چايخانىنىڭ يولغا تۇتىشىدىغان چەللە باراڭلىق سۇپىسىغىمۇ مېھمان باشلايتتى. ئايۋاننىڭ ئالدى تەرىپى ئاشخانا بولۇپ، شورپا، پولۇ پىشۇرىدىغان

ئوچاق، پەرمۇدە، سامسا ياقىدىغان، قـوزا ـ ئوغلاق گۆشـلىرىنى پۇتـۇن پېتى كـاۋاپ قىلىـدىغان تونـۇر ئورۇنلاشـتـۇرۇلغانــدى. خېرىدارلار كىرىدىغان ئىشىكمۇ شۇ يەردە ئىدى.

ئوچاق ئالدىغا تارتىلغان دۆۋە ـ دۆۋە چوغ ئۈستىدە ئورنىغان چوڭ ـ كىچىك چۆگۈن ـ چەينەكلـەر پورۇقلاپ قايـناۋاتاتـتى. ھەربىر قازان بېشىدا ئاق پەشتاما تارتقان بىر ئۇستام بار ئىدى. ئوچاقلارغا بىر خىزمەتكار قارايتتى. غوجايىندىن باشقا، خېرىدار كۈتكۈچى، چايچى، تاماق توشۇغۇچى، ئاشپەزلەر بولـۇپ سەككىز ـ توققۇز كىشى ئىشلەيتتى.

قاما تۇماقلىق ياش كىشى چـاي ئىچكـەچ چايخانىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ــ چايخانىنىڭ خېرىدارلىرى كۆپ ئىكەن، ئۇستام. بۇ چايخانىنى قاچاندىن بېرى ئېچىپ كېلىۋاتىدىلا؟

ــ بۇ چايخانا ئاتامدىن قالغان، بايۋەچچە، ئەسلىدە ئاشخانا ئىدى ...

ــ ئەسلىدە ئاشخانا ئىدى؟ ــ سالۋار تۇماقلىق كىشى سەل ھەيران بولغىنىچە غوجايىنغا قارىدى.

ــ شۇنداق، بايـۋەچچە، ئاتـامغا بوۋامـدىن قاپتىكەن. ئـاتام ئۇستا ئاشپەز ئىدى. يەتتە قىز، تۆت ئـوغۇل پەرزەنتىنىڭ مەن بەشىنچى، ئوغۇللىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدىم. ئاشخانىمىز تازا روناق تاپقان مەھەلدە سۇلتـان مىرزا ئـابابەكرىنىڭ يارلىق چۈشۈرۈشى بىلەن ئۈچ ئاكام نۆكەرلىككە توتۇلۇپ، كاشغەر تەرەپكە جەڭگە ئەۋەتىلدى. كېيىن ئىز ـ دېرىكىنى قىلىۋىدۇق، چوڭ ئاكامنىڭ ساداق ئوقى تېگىپ قازا قىلغانلىقىدىن، ئوتتۇرانچى، كىچىك ئاكاملارنىڭمۇ قىلىچتا چېپىلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئاتا ـ ئانام قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولغان قابىل ئاكىلىرىمنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا سىل بولۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن تۈگەپ كەتتى. ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقى ماڭا چۈشتى، ــ غوجايىن سۆزىنى توختىتىپ كۆز يېشىنى

سۇرتۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.
— ئاشخانا تاقىلىپ قالدىمۇ يا سىلى ئېچىۋەردىلىمۇ؟ — سورىدى قاما تۇماقلىق كىشى.
— ئاشخانىنى كۈيۈ ئوغۇل ۋە ئاچا - سىڭىللىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن ئېچىۋەردىم. ئەمما، سۇلتان مىرزا ئابابەكرى تەختىنى ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا تاشلاپ بېرىپ قاچتى. شۇ مەزگىلدە ئاشخانىمىز بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ دەسمايىمىزدىن ئايرىلىپ تاقىلىپ قالدى. شۇنداق غۇربەتلىك كۈنلەردە سۇلتان سەئىدخان لەشكەرلىرى بىلەن ياركەندكە كېلىپ تەختتە ئولتۇردى. ئۈچ يىلغىچە باج، ئالۋان - سېلىق ئالماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپ، مىرزا ئابابەكرىدىن ئولجا ئالغان ئالتۇن - كۈمۈشنى خەلققە تارقىتىپ بەردى. بىزنىڭ ئائىلىگە بىر تىللا، يىگىرمە سەر كۈمۈش تەگدى. شۇنى دەسمايە قىلىپ، تاقىلىپ قالغان ئاشخانىنى چايخانا قىلىپ ئاچتىم. يىلدىن - يىلغا خېرىدارىم كۆپىيىپ، نامدار ئۇستا بولۇپ قالدىم. ئۆيلىنىپ بالىلىقمۇ بولدۇم. ئۈچ يىلغىچە بىزلا ئەمەس، نۇرغۇن هۈنەرۋەن - كاسىپلار بېيىدى. بايۋەچچىلىرىم، ھەربىرلىرىمۇ باج - سېلىقسىز ئۆتكەن ئۈچ يىلنىڭ پايدىسىنى كۆرۈشكەنلا. خۇدايىم سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، ئۇنى تېخىمۇ قۇدرەت تاپتۇرسۇن.
— ماشائاللا، — دېدى مويسىپىت كىشى ئاپپاق ساقاللىرىنى سىلاپ، — پادىچى سەركىنىڭ ئوبدىنىنى تاللىسا، قويلار خەۋپ - خەتەرگە يولۇقماي ئاۋۇپ كېتىدۇ. يىلقىچى ئايغىرلارنىڭ زېرەكلىرىنى يىلقىغا قوشسا، ئاتلار زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماي شاشلىنىشىپ كۆپىيىۋېرىدۇ. پادىشاھمۇ جۇرئەتلىك، ئادىل بولسا، ئاۋامنىڭ غېمىنى يەيدىغان ۋەزىر، ئەمىرلەرنى دوست تۇتسا، ئاۋام بېيىپ، مەملىكەت قۇدرەت تاپىدۇ. ئەكسىچە پادىشاھ زالىم بولسا، قارا نىيەت خۇشامەتچىلەرنى دوست تۇتۇپ، خەلقنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، مەملىكەتنى خاراب قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە



www.uyghurkitap.com

ئۆزىمۇ مىرزا ئابابەكرىدەك ھالاكەتكە دۇچار بولىدۇ. ئۇستام، سىلى توغرا ئېيتتىلا. سۇلتان سەئىدخان كۆكسى ـ قارنى كەڭ، ئادىل، دانا پادىشاھ. بىزمۇ ئۇنىڭ ئادالىتىدىن بەھرە ئېلىپ بېيىغانلارمىز. ئۇ خانىۋەيران بولغان نامرات ئەلنى باج ـ سېلىقنى ئۈچ يىل كۆتۈرۈۋېتىش بىلەن روناق تاپتۇردى. باج ـ سېلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تۆت ـ بەش يىلدىن بېرى كىشىلەر يەنە باج ـ سېلىقنى جايىدا تۆلەپ ئوبدان تاپاۋەت قىلىۋاتىدۇ.

مويسىپىت كىشى قاما تۇماقلىق ياش كىشىگە قاراپ قويۇپ سۆزىنى توختاتتى.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىسمىشەرىپلىرى نېمىكىن؟ — دېدى چايخانا غوجايىنى، — بىئەدەپلىك بولىسىمۇ بىلىۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ.

قاما تۇماقلىق كۈلۈمسىرەپ، دېدى:

— ئۇنداق بولسا مەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، بۇ مويسىپىت كىشىنىڭ ئىسمى خوجا ئابدۇللا، بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى شىرئەلى، پېقىرنىڭ ئىسمى مىرغىياس، كاشغەردىن كەلدۇق. ئۈچ يۈز تاي چەكمەن ماتا، يۈز تاي كۇچا كۆرپىسى، يۈز تاي كىمخاب، تاۋار ئەكەلدۇق. ئەگەر بۇ نۆۋەت تىجارەتتە زىيان تارتمىساقلا، ئىككىنچى قېتىم تېخىمۇ نۇرغۇن مال ئەكېلىمىز.

— ئاللا سوداگەرلارغا بەرىكەت بەرسۇن، چايخانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭلاردىن خۇرسەنمەن، — مۇنداق چوڭ تىجارەتچىلەرنىڭ چايخانىغا كەلگىنىدىن مەمنۇن بولغان غوجايىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى، — پېقىرنىڭ ئىسمى ئابدۇلخېلىل، لەقىمىم كاۋاپ، كىچىك چېغىمدىن كاۋاپچىلىق قىلغاچقا «كاۋاپ» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان، — ئۇ يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— چاي ياخشى دەملىنىپتۇ، ئۇستام. بىز ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق. ئەمدى پايتەختتىن كەتكۈچە بۇ يەرگە چاي ـ تاماققا

www.uyghurkitap.com

كېلىپ تۇرىمىز، — دەپ سۆز باشلىغان مويسىپىتنىڭ كۆزى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن چاچ - ساقاللىرى ئۇسۇك، چىرايى خۇنۇك، كىيىملىرى كونا، مەيىنەت بىر كىشىگە چۈشۈپ، قاما تۇماقلىق كىشىگە قول ئىشارىسى قىلىپ سۆزىنى توختاتتى.

ئابدۇلخېلىل ئۇستامۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ مەيۈس قاراپ تۇرغان كىشىنىڭ ئالدىغا باردى - دە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۈسەيىن ئاخۇن، كەلسىلە، كەلسىلە، — دېدى ئۇنى سۇپىغا باشلاپ.

ئۇ ئادەم ئېگىلىپ سالام قىلدى، ئەمما ئاۋازى چىقمىدى.

— ئابدۇلخېلىل ئۇستام، مېھماننى مۇشۇ يەرگە ئولتۇرغۇزسىلا، — دېدى مىرغىياس يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ.

غوجايىن بىرپەس ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى - دە، مېھماننى ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. يېڭى مېھمان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇلارغا سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن بۇرۇلۇپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ھۈسەيىن ئاخۇن، نەگە بارىدىلا؟ بۇلار كاشغەردىن كەلگەن سودىگەرلەر، ئۆزلىرىنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. مۇنداقلا كەتسىلە ھۆرمەتسىزلىك بولمامدۇ؟ — دەپ بارغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ئابدۇلخېلىل ئۇستا.

— ئۇلار كاشغەردىن كەلگەنمىكەن؟ مەن تېخى ھاكىمنىڭ ئالارمەن - چاپارمەنلىرى ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن، — دېدى ھۈسەيىن ئاخۇن بوش ئاۋازدا خىرىلداپ سۆزلەپ ۋە مىرغىياسنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قېنى چاي ئىچسىلە، — شىرئەلى ئۇنىڭغا بىر ھېجىر چاي سۇندى.

— ھەشقاللا، ئىنىم، — ھۈسەيىن ئاخۇن چاينى ئېلىپ سۈمۈرۈپ - سۈمۈرۈپ ئىچتى، — پېقىرمۇ تىجارەتچى، ئاتام كاشغەرلىك، ئانام ياركەندلىك. لېكىن، بىنوموس، ئاچ كۆز ئەمەلدارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، مانا شۇنداق غېرىب بولۇپ

قالدىم. ماڭا يېقىنلاشقان ئادەمگە توپا - چاڭدىن باشقا نەرسە يۇقمايدۇ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — خوجا ئابدۇللا ئىچىۋاتقان چايىنى قويۇپ سورىدى.

— سىزگە زىيانكەشلىك قىلغان قايسى ئەمەلدار ئۇ؟ خانلىقنىڭ ئوردا ئەمەلدارىمۇ ياكى شەھەر ھاكىمىنىڭ باج ئەمەلدارىمۇ؟ بىزمۇ ئاڭلاپ قالايلى. ئۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇشىمىز زۆرۈردۇر بەلكىم، — دېدى مىرغىياس سەگەكلىشىپ. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ بۇ ناتونۇش كىشىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراشتى.

— ئاتامنىڭ مىرزا ئابابەكرى زامانىدا مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ، خانىۋەيران بولغانلىقى ئاۋامغا ئايان. سۇلتان سەئىدخان تەختتە ئولتۇرۇپ ئەل ئەمىن تاپقاندىن بېرى ئوقىتىمىز راۋاج تېپىپ، ھاللىنىپ قالغان چېغىمىزدا بىر پاسىق ئەمەلدار يەنە ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇنى ھەرقايسىلىرى تونۇشمايلا، ئابدۇلخېلىل ئاخۇن تونۇيدۇ. ئىسمى جەمشىتبەگ، ياركەند شەھىرىنىڭ باج ئەمەلدارى.

— ئۇ سىلىگە قانداق زىيان ئۇردى؟ — سورىدى خوجا ئابدۇللا، — ئېيتسىلا، بىزمۇ ئاڭلاپ قالايلى.

— بۇ ئىشتىن ئابدۇلخېلىل ئۇستامنىڭ خەۋىرى بار. بالىلىرىمنىڭ ئۈچىنچىسى قىز ئىدى. ئۇ چىرايلىق، مۇلايىم، ئۇياتچان، بىر تاللا قىز بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدىم. ئون بەشكە ئەمدىلا كىرگەن ئۇ قىزىم مەھەللىمىزدىكى موللا خېنىمدا ئوقۇۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن ئەرەب تىلى ئۆگىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن «قۇرئان كەرىم»نى يادلاۋاتاتتى. پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇشقا بېرىلگەنىدى. مەن ئۇنى ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىرەر كاسىپقا ياتلىق قىلىشنى ئويلايتتىم. ئەمما، بىر كۈنى جەمشىتبەگ ئوغلىغا قىزىمنى ئېلىپ بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ

ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. «قىزىمىزنىڭ بوينى باغلاقلىق» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ ئەلچىنى ئۇزاتتۇق. قىزىمنى جەمشىتبەگدەك كىشىنىڭ ھەققىگە قارا سانايدىغان، تاش يۈرەك، كاززاپ مەرەزدارنىڭ ئوغلىغا زادى بەرگۈم يوق ئىدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈۋىدى، بىر كۈنى ئەتىگەندە دۇكاننى ئېچىپ تۇرسام، جەمشىتبەگ ئادەملىرى بىلەن تۇيۇقسىز بېسىپ كىردى. دۇكىنىم ئادەتتىكى دۇكانلارنىڭ ئۈچ ـ تۆت ھەسسىسىگە تەڭ كېلەتتى. دۇكان ئامبىرى ھىندىستان، سەمەرقەنت، ئەندىجاندىن ئەكەلگەن يىپەك ماللار بىلەن تولغانىدى. ئۇلار جەمشىتبەگ ھاكىمنىڭ دۇكىنىمنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى پەرمانىنى كۆرسىتىپ، ماللارنى تىزىملاشقا كىرىشتى. چۈش بولۇپ كەتسىمۇ، تاماق يېگىلى قويماي تىزىملاشنى داۋاملاشتۇردى، پېشىن نامىزىنى ئۆتەشكىمۇ بارغۇزمىدى. ئاخىر تىزىملاپ بولۇپ، بۇ ماللارنىڭ بىجىنى تاپشۇرغان ـ تاپشۇرمىغانلىقىمنى سورىدى. «تاپشۇرغان» دېدىم. «ھۆججەتلەرنى كۆرسەت» دېدى، كۆرسەتتىم. ئۇ ھۆججەتلەرنى قولىغا ئېلىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، قويۇن يانچۇقىغا سالدى ـ دە: «ماللىرىڭنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىنىپ، خانلىقنىڭ خەزىنىسىگە ئېلىندى» دېدى بىردىنلا ئەلپازىنى بۇزۇپ. «نېمە ئۈچۈن؟» دېسەم، «بۇ ۋاقىتقىچە باج تۆلىمەي ئالدامچىلىق قىلىپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن بارلىق پۇل ـ ماللىرىڭ مۇسادىرە قىلىنغاندىن باشقا، ئۇچاڭغا قىرىق دەررە ئۇرۇلىدۇ» دېمەسمۇ، تاپىنىمدىن كىرگەن ئوت چوققامدىن چىقىپ كەتتى. قاراڭلار، باج تۆلىگەنلىكىمنىڭ ئىسپاتى قويۇن يانچۇقىدا تۇرسىمۇ، ئاللادىن قورقماي قىلىۋاتقان زورلۇقىنى! شارت قىلىپ يانپېشىمغا ئېسىقلىق غىلاپتىن پىچاقنى سۇغۇردۇم. «قايسىڭ مالغا تېگىدىكەنسەن، جېنىڭدىن جۇدا بولىسەن!» دېگىنىمنى بىلىمەن. بېشىمغا قاتتىق بىر نەرسە تېگىپ كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى. شۇ ھالدا چېكەمگە بىر مۇشت تېگىپ، ھوشۇمدىن

كەتتىم. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، هاكىم مەھكىمىسىدە چەمبەرچاس باغلىنىپ يېتىپتىمەن. ئەتراپىمدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان نۆكەرلەر تۇرۇپتۇ. هاكىملىق كۇرسىدا سەللىسىگە ئوتتۇغات قادالغان مىرزا نەجمىدىنبەگ ئولتۇراتتى. ئۇ دەسلەپ باج تۆلىمەي قانۇنسىز تىجارەت قىلىپ كەلدىڭ، دەپ بىرمۇنچە جىنايەت توقۇدى، ئاندىن گەپمۇ سورىمايلا: «پۈتۈن مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، قىرىق دەررە ئۇرۇلسۇن» دەپ ھۆكۈم قىلدى. سويىدىغان قويىدەك پۇت ـ قولۇمنى چىڭ باغلاپ، يۈكۈندۈرۈپ دەررە ئۇرۇشقا باشلىدى. ھەربىر دەررە ئۇرغاندا بىر قېتىم «ئاللاھۇئەكبەر» دەپ، پۈتۈن غەيرىتىمنى يىغىپ دەررە ئۇرۇلۇپ بولغۇچە مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇردۇم. پۈتۈن ئەزايىم ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك ئېچىشىپ، ئاغرىپ ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. شۇ ھالدا بالىلىرىم كۆتۈر ـ كۆتۈر قىلىشىپ ئۆيگە ئەكىلىشىپتۇ. قۇلىقىمغا يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ كۆزۈمنى ئاچسام، بېشىمدا خوتۇن ـ بالىلىرىم ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇزاق يىللار داۋامىدا ھالال ئەمگىكىمىز، ئەقىل ـ پاراسىتىمىز بىلەن ئېرىشكەن نۇرغۇن بايلىقتىن بىر كۈندىلا ئايرىلىپ قالدۇق، — ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. دۇنيادا زىياندىن بەتتەر ئاچچىق نەرسە بولمىسا كېرەك.

— پايتەختتىكى گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ ئالدىدا «مەيدانى ئادالەت» دېگەن كاتتا مەيدان بار ئىكەن، ھەر جۈمە كۈنى سۇلتان سەئىدخان بۇ يەردە داد ئېيتىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ ھالىغا يېتىدىكەن. يامانلارنى جازالاپ، ياخشىلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىكەن دەپ ئاڭلىغانىدۇق. سىلى نېمىشقا مەيدانى ئادالەتكە بېرىپ سۇلتان سەئىدخانغا دادخالىق قىلمىدىلا، — سورىدى مىرغىياس مۇنداق ناھەقچىلىكنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئەپسۇسلىنىپ.

www.uyghurkitap.com

— سۇلتان سەئىدخانغا داد ئېيتىشنى ئويلىغان، يىگىت، — دېدى ھۇسەيىن ئاخۇن ئەلەم بىلەن ھەسرەت چېكىپ، — لېكىن مەيدانى ئادالەتكە بېرىپ دادخالىق قىلىشىمغا جەمشىتبەگ يول قويمىدى.

— قانداق يول قويمىدى ئۇ ئەبلەخ! — ئاچچىقلىنىپ سورىدى مىرغىياس ئىچىۋاتقان چېيىنى داستىخانغا قويۇپ.

— قانداق توسۇيتتى، بۇرادەر؟ بۇ دۆيۈزنىڭ كاللىسى ھىيلە - مىكىر بىلەن، ئۆي - ئامبارلىرى ھارام مال بىلەن توشۇپ كەتكەن. ئۇ ماڭا: «مەيلى سۇلتانغا، مەيلى ۋەزىر، ئەمىرلەرگە دادخالىق قىلىدىكەنسەن، قىزىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن، بۇزۇقچىلىق قىلدى دەپ چالما - كېسەك قىلدۇرۇۋېتىمەن. ياركەند ھاكىمى مىرزا نەجمىدىنبەگ ھەر جۈمە كۈنى مەيدانى ئادالەتتە سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەن بىر نەۋرە، بۇنى ئۇنتۇپ قالما» دەپ تەھدىت سالدى. مەندە نېمە ئامال؟ قىزىمنى ئامان - ئېسەن ياتلىق قىلىۋېلىشنى ئويلاپ لېۋىمنى چىشلەپ يۇرۇشكە مەجبۇر بولدۇم. بۇ شور پېشانە قىزىمنى كاشغەردە ياتلىق قىلدىم. ياركەندكە كەلگىنىمگە تېخى ئىككى كۈن بولدى. قارىيخانىدا بىللە ئوقۇغان جان دوست بۇرادىرىم ئابدۇلخېلىل ئاخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ، دەردىمنى تۆكۈپ ئىچىمنى بوشىتاي دەپ كەلگەنىدىم. ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەرقايسىلىرىغا يولۇقتۇم.

— مۇنداق دېسىلە، بۇرادەر، — خوجا ئابدۇللا ئاپپاق ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ، ئويغا چۆمگەن مىرغىياسقا قارىدى، — ئىنىم، بۇ بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئىكەن. ئاڭلاپ قالغىنىمىز ئوبدان بولدى. جەمشىتبەگدەك ستەمكارلاردىن پەخەس بولمىساق بولمىغۇدەك.

— ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن پەخەس بولماق زۆرۈردۇر، مېھمانلار، بۇرادىرىم ھۇسەيىن ئاخۇن جەمشىتبەگدىن كۆرمىگەننى كۆردى.

ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى راست، — دېدى ئابدۇلخېلىل ئاخۇن ئېچىنغان ھالدا، — جەمشىتبەگ قاقتى ـ سوقتى قىلمىغان ھۇنەرۋەن ـ كاسىپ، سودىگەر، ئەتتارلار يوق دېگۇدەك. ئۇ مېھمان چاقىرسا، زىياپەتكە كېتىدىغان گۆش، ياغ، قەنت ـ گېزەك ھەممە نەرسىنى بازاردىن بىكارغا ئالىدۇ. ياركەند ھاكىمىنىڭ ئۆيىگىمۇ توشۇيدۇ، ئۇچ يىل باج ـ سېلىق تۆلىمەي ھاللىنىپ قالغان خەلقنىڭ يىلىكىنى بۇ ھارامزادە شورىماقتا.

— بۇ چايخانىغىمۇ كېلەمدۇ؟ — چاي قۇيۇپ ئولتۇرغان شىر ئەلى سۆز قاتتى.

— ئۇنىڭ نىجىس پۇتى تەگمىگەن ئاشخانا، چايخانىلار يوق. بۇ چايخانىغىمۇ پات ـ پات كېلىپ يېگەن ـ ئىچكەنىنىڭ سىرتىدا ھاكىمغا دەپ تونۇردا ئوبدان كاۋاپ بولغان قوزا، ئوغلاقلارنى غالچىسىغا كۆتۈرتۈپ ئەكېتىدۇ تېخى.

— پۇتۇن ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللا مۇنداق تاش بېغىر، نومۇسسىز، زالىملارنىڭ جازاسىنى بەرمەي قويمايدۇ! — مىرغىياسىنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنىدى، — سۇلتانىمىز سەئىدخاننىڭ ئادالەتلىك زامانىدا مۇنداق ناھەقچىلىكنىڭ يۈز بەرگىنىدىن بەكمۇ ئېچىنىمەن، ئاغا. باشلىرىغا كەلگەن خاپىلىقنى ئاڭلاپ قالغىنىمىز بىزنى سەگەكلەشتۇردى، — ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، باش لىڭشىتىپ ئولتۇرغان ئابدۇلخېلىل ئۇستامغا كۆز تىكتى، — بىز ھۇسەيىن ئاخۇن ئاكا بىلەن يەنە بىر دەم سىردىشايلى. ئۇنىڭغا ياردىمىمىز تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، كاۋاپ قىلىنغان قوزىدىن بىرنى كەلتۈرسىلە، بايىقىدەك دەملەنگەن چايدىن يەنە بىر چۆگۈن...

— خوپ، بايۋەچچە، — دېدى ئابدۇلخېلىل ئاخۇن، ئاندىن، — كاۋاپ بولغان قوزىدىن بىرنى كەلتۈرۈڭلار. چايچى، بىر چۆگۈن چاي ئەكەل، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇلارنىڭ پارىڭى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

## 2

ئابدۇرەشىدخان كۆز يۇمسىلا جەمشىتبەگنىڭ كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشۋاتقانلىقى، ھاكىمنىڭ بىگۇناھ بىچارىلەرگە دەررە ئۇرغۇزۇۋاتقانلىقى خىيالىغا كىرىۋېلىپ تاڭ ئاتقۇچە بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمىدى. يېنىدا ياتقان چۇچۇك سۇلتان بېگىمنى باغرىغا بېسىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلىپ قويمىدى. شۇڭا، بۇ ساھىبجامال مەلىكە ئېرىنىڭ ئۈن ـ تىنسىز خىيالغا غەرق بولۇپ كەتكىنىدىن، پات ـ پات ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشىدىن ئالاقزەدە بولۇپ، يىغلىۋەتكىلى تاران تۇراتتى. ئۇ ئاخىر ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئوتلۇق كۆكسىنى ئېرىنىڭ دۈمبىسىگە ياقتى.

— نېمە بولدىلا، ئالىيلىرى، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا كېلىپ قانداق يېتىشلىرى بۇ؟ پادىشاھ جەمشىت نۇرغۇن دۇنياسىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپمۇ زادىلا كۆڭلى يېرىم بولماپتىكەن. سىلىنى مۇنداق ھەسرەت چەكتۇرۇپ، شېرىن ئۇيقۇدىن ۋاز كەچتۈرگەن يۇرت غېمىمۇ ياكى بىرەر نازىنىننىڭ ئىشقىمۇ؟

ئابدۇرەشىدخان يەنە چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. «نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ بۇ خوتۇن؟ مەن نېمە كويدا، بۇ نېمە كويدا؟» دەپ ئويلاپ:

— يوق گەپلەرنى قىلماي، مېنى تىنچ قويۇڭ، — دېدى ئاچچىقلاپ.

— سۇلتانىم، نېمىدەپ ماڭا ئاچچىقلايلا، مەن سىلىنى خاپا قىلغۇدەك، زەردىگۈش بولغۇدەك نېمە قىلدىم؟ قوچقاربېشى قىشلىقىدا بىر ئاي تۇرغاندىمۇ، بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرىمۇ ئۆزلىرىنى خۇش قىلىشنىڭ كويىدا بولدۇم. ئېغىر ئاياغ بولۇپ مىڭبىر جاپا تارتىپ، ئايدەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم. گۈلدەك چىرايىم سولدى. سىلىنى مەپتۇن قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىممۇ

يا؟ يەنە نېمە قىلىپ بەرسەم بولاتتى، شاھىم؟ ئېيتسىلا، نېمىشقا ماڭا مۇنداق زۇلۇم قىلىدىلا؟ مەنمۇ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ نەۋرىسى، سۇلتان نىگار خېنىم مېنىڭ ئانام. ئۆز ئېلىمدە قەپەستىكى بۇلبۇلگويادەك مۇڭلانماي، كەڭرى ياپلاقتا ئاھۇدەك ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرەتتىم. قوچقاربېشى قىشلىقىدىن ئۆز دىيارىمغا كەتسەم بوپتىكەن. مەندىن زېرىككەن بولسىلا ھېلىمۇ كەتسەم بولىدۇ.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم سۆزىدىن توختاپلا ئېرىگە كەينىنى قىلىپ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

ئابدۇرەشىدخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى، پادىشاھ بابۇر مىرزا تويىنى تەبرىكلەپ ھىندىستاندىن ئەۋەتكەن ئالتۇن قاپلىق چاقماقنى ياندۇرۇپ شامنى يورۇتتى. قارا چاچلىرى ئۇچىسىغا يېيىلغان ھالدا چۆچەكلەردىكى پەرىزاتتەك ياتقان چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى نازۇك بىلىكىدىن ئاستا تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. گۈزەل مەھبۇبىنىڭ يىغانى ئۇنىڭ خىيال قۇشىنى قاياقلارغىدۇر ئۇچۇرۇۋەتتى.

— مەھبۇبەم، نېمىشقا مۇنچە خاپا بولىسىز؟ مېنىڭ غېمىم ئازمۇ ـ ھە؟ — دېدى ئۇ ئىچىدىكىنى بىراقلا تۆكۈپ، — خان ئاتام مېنى ئۆز ئورنىغا نائىب خان قىلىپ، ئىسسىقكۆل دىيارىغا ھۇجۇم قىلغان موغۇل تۇمەنبەگلىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن كەتكىنىگە ئۈچ ئايدىن ئاشتى. كەلگەن خەۋەرگە قارىغاندا، موغۇللارنى مەغلۇپ قىلغان ئاتام ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئاغامنىڭ دەۋىتى بىلەن ئوش شەھرىنى ئاپتۇ. خارەزىم شاھى سۆيۈنچۈكخان ۋاپات بوپتىكەن، يەنە ئەندىجاننى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپتۇ. مەن گەرچە ئاتامنىڭ ئورنىدا تەختتە ئولتۇرۇپ ياركەندتە قالغان بولساممۇ، ئاۋامنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمايۋاتىمەن. ئاخشام كەچ قېلىشىم زالىم ئەمەلدارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان بىر مىسكىننىڭ ھالىغا يېتىش ئۈچۈن ئىدى. ئاۋامنىڭ غېمى مېنى تاغدەك بېسىۋالدى. ئۇنى

دەس كۆتۈرگىنىمچە يىراق ـ يىراققا ئىرغىتىپ تاشلىيالىسام، ئاۋامنىڭ رەنجىگە شىپا بولالىسام، ئاتامنىڭ، خەلقىمنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىپ سۇلتانلىق تەختىدە بەرقارار بولالايمەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، يارامسىزلىقىم ئىسپاتلىنىپ، سۇلتانلىق تەختىدىن قۇرۇق قالىمەن. كېچىچە مۇشۇ خىيال بىلەن كۆڭلىڭىزنى ئالالماي رەنجىتىپ قويدۇم، خاپا بولماڭ، — ئۇ خانىشنى باغرىغا باستى.

— قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، خاپا بولماڭ دەپ قويسىلا بولامدۇ، سۇلتانىم؟ كۆڭۈللىرى مەندىن سوۋۇپ كەتكەن بولسا مەيلى، باشقا بىرسى قىزىتىۋالار. رۇخسەت قىلسىلا، ئۆز ئېلىمگە كېتىۋالاي، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم نازلىنىپ، — يا سىلىگە ئېغىرلىق قىلىۋاتامدىمەن؟

— ئۇنداق ئەمەس، قەدىرلىكىم، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ گېپىگە سەل تېرىكىپ، — خانىش بولغان ئايال ئېغىر ـ بېسىق، كەڭ قورساق، مۇلايىم بولمىقى لازىمدۇر. مۇنداق ئاياللار ئېرىگە ھۇزۇر، قۇت بېغىشلايدۇكى، زىنھار خاپىلىق كەلتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئېرىنىڭ جېنىغا ئېكەك سالىدۇ. شۇڭا، كونىلار پەيلى يامان خوتۇنلارنى «بۇ دۇنيانىڭ دوزىخى» دەپ ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەشنى تەۋسىيە قىلغان. مۇلايىم، ۋاپادار ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ياشانغاندىمۇ ساغلام، مەزمۇت، روھلۇق بولىدۇ. بىشەم، ھازازۇل، بىۋاپا ئاياللارنىڭ ئەرلىرى ئاسان قېرىپ كېتىدۇ، ياش تۇرۇپلا ئاغرىقچان، دەرمانسىز بولۇپ قالىدۇ، چاچ ـ ساقاللىرىمۇ مەزگىلسىز ئاقىرىپ كېتىدۇ.

— مەن شۇنداق ھازازۇل خوتۇنلاردىنمۇ؟ ئەجەب ئەزۋەيلەپ كەتتىلىغۇ، — چۈچۈك سۇلتان بېگىم يەنە كەينىنى قىلىۋېلىپ يىغلىغىلى تۇردى.

— گېپىمنى خاتا چۈشەنمەڭ، مەلىكەم، سىزنى بىشەم دېمىدىمغۇ؟ سىز تولىمۇ مۇلايىم، ھەرقاچان كۆڭلۈمنى

ئىستەيسىز، مەن سىزدىن بەكمۇ مىننەتدار. بۈگۈن كېچە مۇنداق ئىزتىراپ چېكىشىمگە ئاۋامنىڭ غېمى سەۋەب بولغاندۇر. سىز بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز.
— سۇلتانىم، ئاۋام ئارىسىدا ناھەقچىلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا پۈچىلىنىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئاۋامنىڭ ئىشىنى دەپ مېنى ھەسرەتتە قويغۇلىرى كېلەمدۇ؟
— چۈشەنمەيۋاتىسىز، مەلىكەم، — ئابدۇرەشىدخان ئېغىر تىن ئالدى.
چوچۇك سۇلتان بېگىم دەررۇ ئالدىنى ئېرىگە قىلىپ، جەينىكىنى ياستۇققا، ئالىقىنىنى ئېڭىكىگە تىرەپ يېنىچە بولدى.
— سۇلتانىم، سىلىمۇ سۆزۈمنى چۈشەنمەيۋاتىدىلا. ئەل غېمىنى يېيىشلىرى ئەلۋەتتە زۆرۈر. لېكىن، مۇنداق دەرد يۇتىسىلا تەختتىن ئايرىلىپ قالامدىلا؟
— ئەل دەردىگە دەرمان بولالمىغان كىشىنىڭ تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرغىنىدىن كۆلاھ كىيىپ گۆلاختا ياتقىنى ياخشى، مەلىكەم.
چوچۇك سۇلتان بېگىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— «تەن ساقلىق — زور بايلىق» دېگەن ماقالنى بىلىدىغانلا، سۇلتانىم؟ — ئۇ ئېرىنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى.
ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ ھېلى قىلغان گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپ كۈلۈمسىرىدى.
— ئىنسان ئۇچۈن تەن ساقلىق ھەممىدىن مۇھىم. ئادەم ساغلام بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، ئەمما، — ئابدۇرەشىدخان سۆزىنى توختىتىپ خانىشىنىڭ ئېڭىكىنى ئالىقىنىغا ئالدى، — ئەل بەختى ئۈچۈن سالامەتلىكىمدىن كەچسەم بولمامدىكەن؟ زۆرۈر تېپىلسا جېنىمدىن كېچىشتىنمۇ يانمايمەن.
چوچۇك سۇلتان بېگىم ئۇۋۇچى قاپقىنىغا چۈشۈپ قالغان

ئاھۇدەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ شام يورۇقىدا ئاجايىپ گۈزەل تۇس ئالغان چىرايى تاتاردى. ئابدۇرەشىدخان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاخشامدىن بېرى خانلىقىمىزغا بولغان تونۇشۇم ئۆزگەردى. پادىشاھ ئادىل بولغان بىلەنمۇ، ئەمەلدارلار قارا نىيەت بولسا، ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىكەن. خان ئاتام دائىم سودىگەر، ھۈنەرۋەن ياكى دېھقان سىياقىدا ياسىنىپ ئاۋام ئىچىنى ئارىلايتتى. بەزىدە غەمگە چۆمگەن، ھەسرەت چەككەن ھالدا قايتىپ كېلەتتى - دە، ئەتىسى بەزى ئەمەلدارلارنى چاقىرتىپ قاتتىق تەنبىھ بېرەتتى، بەزىسىنى خىزمەتتىن ھەيدەيتتى، يەنە بەزىسىنى زىندانغا تاشلايتتى. مەن ئىلگىرى ئۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە تازا يەتمەيتتىكەنمەن، مانا ئەمدى كاللامدا نۇرغۇن ئىشلار ئايدىڭلاشتى. ئەمدى مەيدانى ئادالەتكە كەلگەنلەرنىڭ دادىنى ئاڭلاپلا قالماي، بەلكى ھەر نە سەۋەب بىلەن كېلەلمىگەنلەرنىڭمۇ ھال - ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن پات - پات ئاۋام ئارىسىغا بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. ئەزىزىم، خۇدا بۇيرۇسا پارىخور، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم زۇۋان سۈرمەي يوتقان بىلەن بېشىنى چۈمكىۋالدى. ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئابدۇرەشىدخان ئورنىدىن دەس تۇردى.

## 3

باش ئەتىياز. زەرەپشان دەرياسى بويلىرىدىكى بۇغداي مايسىلىرى توڭنى يېرىپ ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن، غۇر - غۇر شامال يەر بېتىنى سىلاپ يۇمشىتىپ گۈل - گىياھلارغا جان كىرگۈزۈشكە باشلىغانىدى. پور كۆتەكلەر، ئېتىز قىرلىرى، يار گىرۋەكلىرىنى ماكان تۇتقان سانسىز چۈمۈلىلەر قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئوزۇق ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە

ئاتلانغانىدى. ھاۋا گاھ ئېچىلىپ، قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى كائىناتقا سېخىيلىق بىلەن چېچىپ، يېشىل تۈس ئېلىۋاتقان دەل ـ دەرەخلەرنى كۆلدۈرسە، گاھ تۇتۇلۇپ سېرىق قار يېغىشقا باشلايتتى ـ دە، ئۇزاق ئۆتمەي قار بىردىنلا يامغۇرغا ئايلىنىپ، چۈمۈلىلەرنى يېرىق، كامارلارغا كىرىۋېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. بەزىدە قۇيۇنتاز كۆتۈرۈلۈپ، توپا ـ چاڭلارنى ئادەمنىڭ باش ـ كۆزىگە ئۇراتتى.

بۈگۈن ھاۋا يېرىم تۇتۇق ئىدى. ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلگەن كۈن بىر توپ بۇلۇت ئىچىدىن چىقسا، يەنە بىر توپ بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. جۈمە نامىزىغا ئەزان چىققان چاغدا، ھاۋا گۈلدۈرلىمەيلا شارىلداپ ياغقان يامغۇر بىردەمدىلا توختاپ مەيدانى ئادالەت نۇرغا چۆمۈلدى، خۇددى سۇ سېپىپ سۈپۈرگەندەك پارقىراپ كەتتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان جامەدىن چىقىپ، زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسمانغا شۇنداقلا كۆز سېلىپ قويۇپ مەيدانى ئادالەتنىڭ گۈللۈكىگە قويۇلغان تەختكە قاراپ ماڭدى. ئۆتكەن ھەپتە جەمشىتبەگنىڭ پارا ئېلىش، باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش قىلمىشىنى تەكشۈرۈش خۇسۇسىدا ئوسمانبەگكە يارلىق چۈشۈرگەنىدى. ئۇ ئىككى ھەپتىدىن بېرى سودا بېگى، بازاربەگلىرى بىلەن بىللە جىددىي تەكشۈرۈپ، جەمشىتبەگنىڭ ياركەند شەھىرىنىڭ ھاكىمى بىلەن بىرلىشىپ، كىملەردىن قانچىلىك پارا ئالغانلىقىنى، كىملەرنى قانچىلىك قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققانىدى. يارلىق شاھىتلارغا جۈمە نامىزىدىن كېيىن مەيدانى ئادالەتكە كېلىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ئۇقتۇرۇلغانىدى.

ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىقتى. ئوڭ تەرىپىدە ۋەزىر قاناتبەگ، مىرزا ئەلى تاغاي، شەيخۇلئىسلام ئوبۇلقاسىم داموللا باشلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرا، قازى، مۇنەججىم، ھۆكۈمالار يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىلاردىن ئورۇن ئالدى. سول تەرىپىدە خوجا

ئەلى باتۇر قاتارلىق سەركەردىلەر، خاننى مۇھاپىزەت قىلغۇچى نۆكەرلەرنىڭ سەردارى ئەكرەم بەگ قاتارلىقلار ئولتۇردى. جۇمە نامىزىدىن يانغان نۇرغۇن جامائەتمۇ ئىككى ياندا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشتى.

ئابدۇرەشىدخان ئورنىدىن تۇردى.

— ئەي، جامائەت، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن بەرپا قىلىنغان مەيدانى ئادالەتتە ھەر جۇمە نامىزىدىن كېيىن ئاتامنىڭ شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ دادىغا يېتىپ كەلگەنلىكى ھەممىڭلارغا ئايان. ھازىر خان ئاتام سەپەر ئۈستىدە. بەزى ئەمەلدارلىرىمىز پېقىرنى ياش، تەجرىبىسىز چاغلاپ، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئاۋامنى زار قاقشاتماقتا، ئادالەتنى يەرگە ئۇرماقتا. ئەگەر بۇ قارا كۆڭۈل جىنايەتچىلەرنى جازالىمىسام، ئاللانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىمەن، ئاتامغا يۈز كېلەلمەيمەن، — ئۇ سۆزدىن توختاپ بۇيرۇدى:

— گۇناھكار كەلتۈرۈلسۇن!

ھايال ئۆتمەي ھاكىم بىلەن جەمشىتبەگ يالاپ كېلىندى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتانىم، — دېدى ياركەند شەھىرىنىڭ ھاكىمى مىرزا نەجمىدىنبەگ تىزلىنىپ، — بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا.

— بۇ شاپائەت مەيدانى ئەمەس، ئادالەت مەيدانى. قىلمىشىڭ ئۈچۈن شەرىئەت ھۆكمى بويىچە جازالىنىسەن.

— مەن خان ئاتىلىرىغا ئۇزاق يىل ئەگەشكەن، بىللە جەڭ قىلغانىدىم...

— شۇنداق، ئالىيلىرى. مىرزا نەجمىدىنبەگ سۇلتان سەئىدخان بىلەن ئەندىجاندىن تارتىپ بىللە بولغان باھادىر، پېشقەدەم سەركەردە، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي، — ئۇ خانلىقىمىزنى تىكلەشتە خىزمەت كۆرسەتكەن ...

ئەمدىلا ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخان يەنە ئورنىدىن تۇردى. بۇ نۆۋەت ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئەمەس، غەزەپىنىڭ زورىدىن

تۇرغانىدى.

— ۋەزىر جانابلىرى، سىلى نېمە دېمەكچى؟

مىرزا ئەلى تاغاي ئورنىدىن تۇرۇپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى.

— دېمەكچىمەنكى، ئالىيلىرى، ئەسلىنى ئۇنتۇغان مىرزا نەجمىدىنبەگنى قاتتىق جازالاش كېرەك، — ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېغىزدىن چىقارماي، ئۇستىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋالدى.

ئابدۇرەشىدخان تەختتە ئولتۇرۇپ، دېدى:

— مىرزا نەجمىدىنبەگ بىلەن جەمشىتبەگ جىنايەتلىرى تەكشۈرۈلۈپ، راست دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن ئىقرار قىلدۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر ھېچكىم ئۇلار ئۇستىدىن ئەرز قىلمىغان، توغرىسى ئەرز قىلىشقا پېتىنالمىغان. ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلاشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇ جاۋابكارلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشسىلا، ئىسلام ئادالىتى ھۆكۈم قىلسۇن، — ئۇ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزىنى مىرزا نەجمىدىنبەگدىن ئېلىپ ئوسمانبەگكە قارىدى، — كۆپچىلىككە بۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ جىنايەتلىرىنى سۆزلەپ بەرسىلە.

كاتىپبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋۋال خانغا، ئاندىن كۆپچىلىككە سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن سۆز ئالدى:

— مىرزا نەجمىدىنبەگ ئون يىل بۇرۇن ھەيدەرباغنى بىنا قىلىش ۋاقتىدا ئون ئىككى چارەك يەرگە كاتتا باغ ـ ھويلا ياستىۋالغان؛ ئالتە يىل بۇرۇن جاھانباغ ئالدىدىن يېڭى ئۆستەڭ ئالغاندا، ئەللىك چارەك يەرگە «ھاكىم بېغى» نامىدا خۇسۇسىي ئارامگاھ بەرپا قىلدۇرغان؛ شەھەردە ئۈچ ئورۇنغا كاتتا قورۇ ـ جاي سالدۇرغان، ئورنى يۈز چارەك كېلىدۇ. بۇ باغ، قورۇلارغا كەتكەن ياغاچ ـ تاش، مەنقۇلاتنىڭ ھەممىسى ئاۋامدىن زورلۇق بىلەن ئېلىنغان، ھېچقانداق ھەق تۆلەنمىگەن. خانلىقىمىزدا باج ـ سېلىق ئېلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بىرنەچچە يىل مابەينىدە بۇ نەپسانىيەتچى ھاكىمبەگ مىراس تالىشىش ماجىراسىدىن

www.uyghurkitap.com

بىرقانچىنى ھەل قىلىش جەريانىدا ئاللانىڭ ھۆكمىگە خىلاپلىق قىلىپ، مىڭ سەر كۈمۈش، ئەللىك تىللا پارا ئالغان. سەلىمە، يۇنۇس، ھېكىم، مەستۇرە قاتارلىق تۆت نارەسىدە يېتىم يالىغا تېگىشلىك بولغان مىراسىنىڭ كۆپ قىسمىنى پارا بەرگەن مەھپۇزىخان، ياقۇپ خوجا، ئابدۇرېشىت، نىياز خالۋاپ قاتارلىق تۆت كىشىگە ئېلىپ بەرگەن. مىرزا نەجمىدىن ھاكىمبەگلىكىدىن پايدىلىنىپ، دەۋا ـ دەستۇرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئالدىغا سوراپ كەلگەن، ھەتتا قازىخانىنى ھوقۇقسىز، گېپى ئۆتمەس قىلىپ قويغان. ئۇ شۇ دەرىجىدە ئىنسابتىن چىققانكى، «ئۇ سەئىدخانىنىڭ پەرمانى، بۇ سەئىدخانىنىڭ يارلىقى» دەپ تىجارەتچى، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەردىن ئۇستى ـ ئۇستىلەپ باج ئېلىپ، ئون مىڭ سەر كۈمۈش، يۈز سەر ئالتۇن، بەش يۈز تىللانى قاقتى ـ سوقتى قىلغان. ئۇ باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشتا جەمشىتبەگكە تايانغان. جەمشىتبەگ مىرزا نەجمىدىنبەگنى يانتاياق قىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى سېتىپ قاقشاتمىغان ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، تىجارەتچى قالمىغان. سېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن پۇلسىز بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەكتىن تارتىپ كىيىم ـ كېچەككىچە بىكارغا ئېلىپ كەلگەن. ھۈسەيىن ئاخۇن ئىسىملىك بىر سودىگەرنىڭ قىزىغا كۆزى چۈشۈپ ئۇنى ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان، ئەمما ھۈسەيىن ئاخۇن بۇ ئىشقا ماقۇل بولمىغان. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن جەمشىتبەگ ھاكىمبەگ بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ، ھۈسەيىن ئاخۇنغا: «باج تاپشۇرماي قانۇنسىز تىجارەت قىلدى» دەپ بوھتان چاپلاپ، ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى «مۇسادىرە قىلىندى» دەپ تۇشۇپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ھۈسەيىن ئاخۇننىڭ مەستۇرە قىزىغا نىكاھسىز زىنا قىلدى، دەپ تۆھمەت توقۇپ چالما ـ كېسەك قىلدۇرماقچى بولغان. بۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ دىنىمىزغا، ئەقىدىمىزگە يات، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شەنىگە مۇناسىپ بولمىغان قىلمىشلىرى، خەلققە قىلغان زۇلمى، سالغان زىيىنى ئۇلارنىڭ مەككار

جىنايەتچىلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇلارنىڭ جازاغا تارتىلىشى ئەلنى ئەمىن، دەردمەننى خۇش قىلىدۇ، سۇلتانىم، — ئوسمانبەگ سۆزىنى تۈگىتىپ ئارقىسىچە مېڭىپ بېرىپ جايىدا ئولتۇردى.

— نائىنسابقا ئۆلۈم!

— خىيانەت — جىنايەت!

— پارىخورلۇق سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قانۇن - ئەقىدىسىگە خىلاپ، ئىنسابسىزلىق!

— ياشىسۇن ئادالەت!

— يوقالسۇن خەلققە جەبىر قىلغۇچى زالىملار!

كۆپچىلىكنىڭ ساداسى مەيدانى ئادالەتنى لەرزىگە كەلتۈردى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ ۋۇجۇدىمۇ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تەختتىن چۈشتى.

— ئەل - جامائەت! — ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ كۆپچىلىكنىڭ تىنچلىنىشىنى كۈتتى، چۈقان - سۈرەن پەسەيگەندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزگە كىرىشتى، — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئون بەش يىل بولدى. بۇ جەرياندا خان ئاتامنىڭ ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن مۇشۇ مەيدانى ئادالەتتە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەرز - دادىنى ئاڭلاپ، زالىملارنىڭ جازاسىنى بېرىپ، ئاجىز - مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرغانلىقىدىن ھەممىڭلارنىڭ خەۋىرى بار. ھالبۇكى، قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرىلەر ئوردىمىزدا، مەھكىمىلىرىمىزدە چىشىنى بىلەپ يۈرگەنىكەن، بىز ئۇنى بىلەلمەي ئۆلارنى مەيلىگە قويۇۋېتىپتۇق، ئاۋامغا زىيان ئۇرۇپتۇق، ئادالەتنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالماپتۇق. بۇنى ئالەمنىڭ ئىگىسى ئاللا پېقىرغا بىلدۈردى. ياخشى - يامانىنى بىلىپ يەتكەنىكەنمەن، سۇلتانلىق سۈپىتىم ۋە بۇرچۇم بىلەن ئەلنى ئادالەت بىلەن سورىشىم كېرەك. ئادالەت قىلىچىنى جانابىي ئاللا پېقىرغا بىكارغا تۇتقۇزغان ئەمەس. زالىملارنى،

تىلى بىلەن دىلى يات مۇناپىقلارنى، خىيانەتچى، ئاسىيلارنى، ۋەتەندىن، مىللەتتىن يۈز ئۆرۈگەن خائىنلارنى چاپ، دەپ تۇتقۇزغان. بۇ بۇرچۇمنى ئادا قىلمىسام، ئاللا ئالدىدا گۇناھكار بولىمەن. سۇلتانلىق ۋەزىپەمنى ئادا قىلالمىغان، خەلقنىڭ ئۈمىد، ئىشەنچىگە قارا سانىغان چوڭ جىنايەتچى بولۇپ قالىمەن.

— كامال تاپسىلا، سۇلتانىمىز!

— ئاللا مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزسۇن!

— ئادالەت قىلىچى مۇبارەك قوللىرىدىن چۈشمىسۇن!

ئابدۇرەشىدخان كۆپچىلىكنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالغىنىچە قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ بۇيرۇدى:

— جاللات! ئىنسابتىن چىققان تۈزكور، مۇناپىق نەجمىددىنبەگ بىلەن جەمشىتبەگ ئاۋام ئالدىدا سازايى قىلىنىپ، ھەيۋىسى يەر بىلەن يەكسان قىلىنسۇن!

ئادالەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن قورقىغىنىپ كەتكەن خالايىق يەرگە چۈشۈپ دومىلىغان باشنى ئەمەس، كۆمۈش ئوتۇغات قادالغان ئىككى بۆكنى كۆردى. بۇ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن مىرزا نەجمىددىنبەگ بىلەن جەمشىتبەگنىڭ بۆكلىرى ئىدى.

— ئۇلارنىڭ بەگلىك تونلىرى سالدۇرۇۋېلىنسۇن، — ئەمر قىلدى ئابدۇرەشىدخان تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ.

تونى سالدۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن نەجمىددىنبەگ ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ چۈشۈرۈلگىنىگە ئۇزاق بولمىغان يوغان بېشى ئورىۋېلىنغان بىدىلىكتەك كۆكىرىپ تۇراتتى. جەمشىتبەگنىڭ تاز ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكەن كىشىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇدى. قىشتا قاما تۇماق، يازدا بۆكنى چۆكۈرۈپ كىيىپ قوماقلىرىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي كەلگەچكە، بۇ مەككار ئەمەلدارنىڭ تاز بولۇپ چىقىشى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

— جامائەت، بۇ ئىككى تۈزكور ئەمەلدارنىڭ جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش جەريانىدا ئۇلارنىڭ پارا ئېلىپ، ئالداپ،



www.uyghurkitap.com

قورقۇتۇپ، قاقتى ـ سوقتى قىلىپ، ئاۋام ـ پۇقرانى زىيانغا ئۇچراتقانلىقى مەلۇم بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك هالدا ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىگە دائىر ئىسپات تېپىلمىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەمىلى يوق قىلىندى. ئادالەتلىك قانۇنىمىزنىڭ هۆكمى بويىچە بۇ ئىككى هارامتاماق قىرىق دەررە ئۇرۇلغاندىن كېيىن زىندانغا ئۆمۈرلۈك مەهكۇم قىلىندۇ.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ هۆكمى جامائەتنى پۇخادىن چىقاردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئون بىرىنچى باب

# تىنچسىز يىللار

## 1

دۇنيا پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ سۈرئىتى ئۆزگەرمىدى. ئۇ بىر خىل تېزلىكتە كۈن، ئاي، يىل، قەرنە، ئەسىرلەرنى تەشكىل قىلىپ، شەھەرلەردە، دالالاردا، يوللاردا، دىللاردا ئىز قالدۇرۇپ ئۆتۈۋېرىدۇ. ئۇنى توختىتىپ قالالايدىغان، ئارقىغا ياندۇرالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق، چۈنكى ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ كۆزگە كۆرۈنمەس تۇلپارنىڭ تىزگىنى تەڭرىنىڭ قولىدا. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇزىنچى يىللىرىمۇ ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۆتمەكتە ئىدى. تارىخچىلار سەئىدخان بۇ يىللارنى ئات ئۈستىدە ئۆتكۈزدى، دەپ يېزىشسا مۇبالىغە قىلغان بولمايدۇ. ئۇ ئۆزى قۇرغان خانلىقنى قوغداش، مۇستەھكەملەش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن دۇنيانى مىڭ قېتىم كېزىشكە تەييار ئىدى.

سەئىدخان يازنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا ئەندىجاندىن قايتىپ كەلدى. ئۇ قاتتىق چارچىغانىدى. ئابدۇرەشىدخان باشچىلىقىدا قارشى ئېلىشقا چىققان مىڭلىغان خالايىق ئامانلىق تىلەپ سالام بەرگەندە ھاردۇقى چىققاندەك بولدى ـ يۇ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ بولۇپلا قىزىتمىسى ئۆرلەپ يېتىپ قالدى. كونىلار: «يول ئازابى ــ گۆر ئازابى» دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە. ئۇ يەتتە ئايدىن بېرى ئات ئۈستىدىلا يۈردى. يەتتىسۇ دىيارىنى بېسىۋالغان قالماقلارنى ئېرتىش دەرياسىنىڭ

شىمالىغا قوغلىشۋەتتى. ئۇ يەردىن قايتىپ ئۆرەتۆپىگە، ئاندىن ئەندىجانغا كەلدى. مومىسى ئېسەن دەۋلەت بېگىم مەقبەرىسىگە چىقىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بىر كېچە تۈنىدى. جەيھۇن دەرياسى بويىغا بېرىپ قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرىنىڭ مەقبەرىسىدە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزدى ...

سەئىدخان كۆزىنى ئاچقاندا، يېنىدا تېۋىپ نۇرىدىن ئابدۇلۋاھىد زەھۇرى بىلەن قازى شەمشىدىن ئەلى ئولتۇراتتى.

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنى قانداق سېزىۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى زەھۇرى سەئىدخاننىڭ مۇزدەك تەر تەپچىرەپ تۇرغان پېشانىسىنى تۇتۇپ.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر، ئۆزۈمنى ناھايىتى ئوبدان سېزىۋاتىمەن، قىزىتمام يانغاندەك قىلىدۇ، — دېدى سەئىدخان.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، تومۇرلىرىنىڭ سېلىشىمۇ ئوبدان. جەزمەن ساقىيىپ كېتىدىلا، — دېدى زەھۇرى، — كېزىك بولۇپ قالغانلىرىنى بىلگەندىن كېيىن كۆپ ئەندىشە قىلدۇق.

— ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئىككىلىرى جان كۆيدۈرۈپ داۋالاشتىلا ئەمەسمۇ؟ — سەئىدخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى.

قازى شەمشىدىن ئەلى خۇمىرىدىن نەقىشلىك كۈمۈش جامغا شاتۇت شەربىتى قۇيدى.

— خان ئالىيلىرى، بۇنى ئىچىۋەتسىلە.

سەئىدخان جامنى قولىغا ئېلىپ «بىسمىللا» دېگىنىچە شەربەتنى سۈمۈرۈپ ـ سۈمۈرۈپ ئىچتى. مۇزدەك شەربەت تېنىنى ھۇزۇرلاندۇردى.

— ئىككىڭلارغا كۆپ رەھمەت، — دېدى سەئىدخان، — ئەمدى مەن يېتىۋەرمەي، ئادەم بىر كۈن سالامەت بولىدىكەن، بىر كۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئەل ـ يۇرتىمىزنىڭ سائادىتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىسام بولمايدۇ، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى شىپاكار تېۋىپقا ساقايغانلىقىنى نامايان قىلدى، — كۆڭلۈم تاماق تارتىۋاتىدۇ، بىللە غىزالىنايلى.

— ياخشى يېمەكلىك ئىنسانغا كۈچ، ئەقىل ئاتا قىلىدۇ، شاھىم. تائامدىن قېلىش رىزىق ئۈزۈلگەنلىكنىڭ ئالامىتى. ئاللا ھېچ بەندىسىنى بىۋاقىت رىزىقىدىن ئايرىمىسۇن، — دېدى زەھۇرى سەئىدخاننىڭ ياش يىگىتنىڭكىدەك روھلۇق قىياپىتىدىن مەمنۇن بولۇپ.

— شاھىم، سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان جانابلىرى ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەپتۇ، كىرسۇنمۇ؟ — ئىشىكتىن كىرىپلا تەزىم قىلدى خاس مەھرەم ئوبۇل ئەلاخان.

— كىرسۇن! — سەئىدخان ئاسقۇدىكى يالاڭ يېپەك تونىنى ئېلىپ كىيدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئالىيلىرى، بۈگۈن قانداقراق تۇرۇپتىلا؟ مۇبارەك تەنلىرى ئامان بولسۇن، — دېيىشتى كىرگەنلەر.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، جانابلار، — سەئىدخان ئاۋۋال ئەمىر كەبىر — كاشغەر دىيارىنىڭ ئالىي ھاكىمى سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن، ئاندىن بىر نەۋرە ئىنىسى ھەم ۋەزىرى بولغان مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، — ئۈچ كۈندىن بېرى مۇبارەك دىدارىڭلارنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ، بۈگۈن تېخى سىلەرنى ئىزدەپ بارماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدىم.

— رەھمەت، خان ئاكا، ئىش بىلەن بولۇپ كېلەلمىگەن بولساقمۇ، ئەتىگەن - ئاخشامدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن سالامەتلىكلىرىنى سوراپ تۇردۇق. نەچچە كۈندىن بېرى ئالىيلىرىنى يوقلاپ كەلگەن يۇرت كاتتىلىرى، ئۆلىما، شائىر - مۇغەننىلەر، تىجارەتچى - ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەندۇق. ھەقىقەتەنمۇ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشكە ئاۋام خەلق شۇنچە تەقەززا بولماقتا. تاغام ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزىمۇ

سۇلتانلىق تەختىگە چىقىشلىرىنى كۈتۈپ كاشغەرگە قايتماي تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بىر نەۋرە ئاكىسى بولغان سەئىدخانغا مېھرى بىلەن تىكىلىپ.

— پېقىرلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، چاقناۋاتقان ئادالەت چىرىغىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئالىيلىرى. رەنجىلىرى شىپا تېپىپ تەختتە بەرقارار بولغانلىقلىرى توغرۇلۇق كاشغەر ئەھلىگە خۇش خەۋەر ئەكېتەي دەپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى سەييىدمۇھەممەد مىرزىمۇ ياخشى تىلىكىنى بىلدۈرۈپ.

— جانابلار، بۇ ئۈمىدىڭلاردىن چىقىش مېنىڭ سائادىتىم. بولسا ھازىرلا چىقىپ تەختتە ئولتۇرسام بولاتتى، ۋاھالەنكى كۆز ئېيىمىنىڭ بېشى كېلەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە كۈنىگە توغرا كېلىدىكەن. شۇ كۈنى ئەتىگەندە تەختكە چىقسام، قۇتلۇق بولغۇسى دېگەن ئۈمىدتىمەن. چۈنكى، ئۆمرۈمنىڭ باھار، يازى كېتىپ، كۈزى يېتىپ كەلدى. ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخان نائىب سۇلتانلىقنى يەنە بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرسۇن. ئاڭلىسام ئۇ ئادالەتنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇۋېتىپتۇ. بۈگۈندىن ئېتىبارەن مەن ئاۋام ئارىسىدا بولىمەن. سىلەر بىلەن بىللە غىزالىنىپ، ھەيدەرباغقا بارىمەن. ئۆلىما، شائىر - مۇغەننىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولمىغىنىمغا بىر يىلدىن ئېشىپتۇ، ئۇلارنى سېغىنىپتىمەن، — سەئىدخان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— ئوبۇل ئەلاخان ! — دەپ توۋلىدى. ئاۋازى ساق ۋاقتىدىكىدەك ياڭراق چىقتى.

— لەببەي، — ئوبۇل ئەلاخان كىردى.

— ناشتىلىق كەلتۈرۈلسۇن.

— خوپ، شاھىم.

سەئىدخان كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندىن بۇيان مۇنداق ئىشتەي بىلەن تاماق يېمىگەنىدى. دەسلەپ ساپ ھەسەلدىن

www.uyghurkitap.com

ئىككى قوشۇق سېلىپ بىر پىيالە چاي ئىچتى، ئاندىن بىر چىنە قېتىق بىلەن يېرىم ئاق نان يېدى. ماش، نوقۇت، قىرغاۋۇل گۆشى، قارىئۆرۈك، چامغۇر سېلىپ ئەتكەن شوۋىگۇرۇچتىن بىر ھېجىر ئىچتى. ئاخىرىدا مەززىلىك دەملەنگەن چاي بىلەن سوغۇق گۆشتىن بىر پارچە يەپ، ھەمراھلىرىنى كۆپرەك غىزالىنىشقا دەۋەت قىلدى.

سەئىدخان خاس قەسىرىدىن چىققاندا كۈن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. كۈزنىڭ سالقىن شامىلى ئۇنىڭ مىسىر شايىسىدىن تىكىلگەن يەكتىكىنىڭ پەشلىرىنى قايرىدى. ئۈچ ئات قوشۇلغان شاھانە مەپە قەسىر ھويلىسىنىڭ ئەگمە كۆنگۈرىلىك دەرۋازىسى ئالدىدا تۇراتتى.

— بىز پىيادە ماڭايلى، قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئەتراپنى تۈزۈك كۆرۈپ باقمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتداشلىرىمنى سېغىندىم.

— خان ئالىيلىرىنىڭ ئامانلىقى مەملىكەتنىڭ بەختى. شۇڭا، ھەر زامان دۈشمەندىن ھەزەر ئەيلەپ، بىخەتەر بولماقلىرى زۆرۈردۇر. شۇ سەۋەبتىن ياساۋۇللارنىڭ ھىمايىسىدە مەپە بىلەن بارغانلىرى مۇۋاپىقتۇر، شاھىم، — دېدى دىۋانخانىدىن ھۆمۈدەپ چىقىپ تەزىم قىلغان مىرزا ئەلى تاغاي. ئۇ جۈدەپ، قاپىقى ساڭگىلاپ، ھاپا قوۋۇز يۈزى خالتىلىشىپ قالغانىدى.

— شاھ ئۈچۈن ئەڭ بىخەتەر جاي ئاۋام ئىچىدۇر. زالىم پادىشاھنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئاۋامدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يوشۇرۇنۇپلا يۈرىدۇ، ۋەزىر. سىلى خاۋاتىرلەنمىسىلە، مېنى ئاۋام قوغدايدۇ.

سەئىدخاننىڭ سۆزى مىرزا ئەلى تاغاينى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. «بەللى ۋەزىر، سىلى ناھايىتى ھوشيار جۇمۇ. سىلى دېگەندەك مەپىدە ئولتۇراي، سىلى يېنىمدا ئولتۇرسىلا دەيدۇ» دەپ ئويلىغان مىرزا ئەلى تاغاي پۈكۈلۈپ تەزىم قىلدى.

— خان ئالىيلىرى، سىلى نۇشىرۋاندەك ئادىل. پىيادە

كوچىغا چىققانلىرىنى ئاۋام كۆرسە بېشى ئاسمانغا يېتىدۇ. ئەسلىدە مېنىڭ ئارزۇيۇممۇ شۇ ئىدى.

— ئۇنداق بولسا مۇھاپىزەتچى ياساۋۇللارمۇ قايتىپ كەتسۇن. يېنىمدا مىرزا ھەيدەر بىلەن سەييىدمۇھەممەد مىرزا تۇرسا، ئۇلارنىڭ نېمە كېرىكى؟ بۇلارنىڭ ھەربىرى مىڭ پالۋاندىن ئارتۇق، ئاللانىڭ ماڭا شۇنداق دانىشمەنلەرنى ھەمراھ قىلغىنىدىن كۆپ مىننەتدارمەن، — سەئىدخان سۆزىنى تۈگىتىپ ئىككى قاسنىقىدا ئارچا دەرەخلىرى كۆكىرىپ تۇرغان خىشلىق يولدا يۈرۈپ كەتتى. لىقمۇلىق سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق ئۇستىگە سېلىنغان كۆركەم ئەگمە كۆۋرۈكتىن، گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ بېغى ئالدىدىكى نۆكەرلەرنىڭ مەشىق مەيدانىدىن ئۆتۈپ، ھەيۋەتلىك قوۋۇقى مەغرىبتىن چىقتى. مەيدانى ئادالەتنىڭ گۈل - گىياھلىرى سارغىيىشقا باشلىغان، دەل - دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى تۆكۈلۈۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. سەئىدخان ئۇچرىغانلىكى ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋال سوراپ، ھەيدەرباغنىڭ كۆركەم ئەگمە دەرۋازىسىغا بىردەمدە يېتىپ كەلدى. باغ ئىچى زەپىران تۈس ئالغانىدى. تاللار كۆمۈلۈپ، ئانار، شاپتۇل، ئۆرۈك، بېھى، ئامۇت، ئۈزۈم دەرەخلىرىنىڭ تۈۋىگە ئوغۇت سېلىنىۋاتاتتى. ئېرىقلار تازىلىنىپ، سۇ باشلانغانىدى. قۇشقاچ، تۇمۇچۇقلار ياپرىقى تۆكۈلۈۋاتقان قۇرۇق شاخلاردا ۋىچىرلىشاتتى. باغ ئىچى چىنىدەك تازا بولۇپ، خىشلىق يوللىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قويۇق تىكىلگەن قارىياغاچلار غۇر - غۇر شامالدا ئىرغاڭلايتتى. شاھمات تاختىسىدەك تەرەپ - تەرەپكە كەتكەن پاكىز يوللارغا نەزەر تاشلىغان سەئىدخاننىڭ كۆز ئالدىغا سەمەرقەنت، تاشكەنتتىكى باغچىلار كەلدى. «باغ ئىچى ئوبدان رەتلىنىپتۇ، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ياپپېشىل تۈس ئېلىپ كۆڭۈللەرنى مەھلىيا قىلغۇدەك. يوللارنىڭ چېتىگە ئەندىجاندىن كەلتۈرۈلگەن گىلاس، پىستە، باداملار تىكىلسە تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكۇدەك...» دەپ ئويلاپ

www.uyghurkitap.com

بۇ ئارزۇسىنى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانغا ئېيتتى.

— ياخشى ئويلاپتىلا، شاھىم. ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، بەشكېرەمنىڭ ئانىرى، كاشغەرنىڭ ئەششاپتۇللىرىدىن ئەكېلىپ كۆچۈرسەك، بۇ باغ بەجايىكى جەننەت بولۇپ كېتەر ئىدى. نائىب سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ياركەند شەھىرىگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىگەن ئوسمانبەگ ناھايىتى قابىل ئادەم. بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسىلا، بۇ باغنى سەمەرقەنت باغلىرىدەك ياشنىتىۋېتىدۇ.

— پايتەختتىكى باغلار ئاۋام ئۈچۈن ئازلىق قىلىدۇ. يەنە بىر قانچە باغ ئەھيا قىلىش كېرەك. پايتەختتىكى ھەربىر ئائىلىنىڭ بىردىن بېغى بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — سەئىدخان مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى. ئۇ بۇ نەۋرە ئۇكىسىنى قېرىنداشلىق سۆيگۈسىدىلا ئەمەس، ئۇستازى سۈپىتىدىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن سەيپىدمۇھەممەد مىرزىنى ئىسمى ياكى مەنسىپى بويىچە ئاتىماي، تولا چاغلاردا ئىززەتلەپ «ئۇستاز» دەپ ئاتايتتى.

ئۇلار كۆل بويىدىكى راۋاققا كەلگەندە، ئەھلى ئىلىملەر سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلار سەئىدخان بىلەن ۋەزىرلەرنى كۆرۈپ ھودۇقىنىپچە ئالمان - تالمان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى، تىنچ - ئامانلىق سوراشتى. سەئىدخان ئۇلارنىڭ سالام - سەھەتىگە جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى:

— بىمەھەل كېلىپ ھەرقايسىڭلارنى مالال قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزرىلىكمەن. سىلەرنىڭ شېرىنسۇخەن سۆھبىتىڭلارنى سېغىنىپ كەلدىم.

ئۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن سۆھبەت ئەھلىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىمۇ ھەمراھلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى. پېشىن، ئەسىر نامازلىرىدا، چۈشلۈك، كەچلىك غىزالاردا ئۇلار بىللە بولدى. ھال - مۇڭىنى تىڭشاپ،

ئارزۇ ـ تىلەكلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا قەسىرگە قايتىپ كەلدى. ئۇنى ھەر كۈندىكىدەك ئىشىك ئالدىدا ئابدۇرەشىدخان كۈتۈۋالدى.

— ئوغلۇم، بۇگۈن مەن ناھايىتى خۇرسەن. ئۆلىما، شائىر ـ مۇغەننىلەرنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇپ، روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. سىنىڭ ياخشى تەربىيەڭنى ئاڭلاپ ناھايىتى سۆيۈندۇم. ۋەلىئەھدىم① بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسەن.

— رەھمەت، خان ئاتا، ئىشەنچلىرىگە داغ چۈشۈرمەيمەن.

سەئىدخان شاھزادىنى قۇچاقلىدى. بۇ چاغدا توققۇز ـ ئون كۈنلۈك بولغان ئاي كۆككە كۆتۈرۈلگەنىدى.

## 2

سۇلتان سەئىدخان كۆز ئېيىنىڭ خەيرلىك كۈنى بولغان چارشەنبە ئەتىگەندە ناشتا قىلىپلا تەختتە ئولتۇردى ـ دە، تۈنجى بولۇپ ئابدۇرەشىدخاننى يەتتىسۇ، ئىسسىققكۆل دىيارىغا خان قىلىپ تەيىنلىدى. شاھزادە شۇ كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىنلا خاس نۆكەر، سىپاھلىرى بىلەن يولغا چىقتى. ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزىمۇ كاشغەرگە قايتتى. ئەمىر قاناتبەگ ئەندىجاندىن كېلىپلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئوردا تېۋىپى نۇرىدىن ئابدۇلۋاھىد زەھۇرى ئۇنىڭ قارا كېزىك بولغانلىقىنى ئېيتىپ، جىددىي داۋالاشقا كىرىشتى. ئەمما، ئۇنىڭ قىزىتمىسى زادىلا چۈشمىدى، كۈندىن ـ كۈنگە ياداپ، سۆزدىنمۇ قالدى. گۈلسۇرۇخ بانۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، پۈتۈن كېيىم ـ كېچەكلىرىنى، ھەمىيىنىنى بېشىدىن ئۆرۈپ سەدىقە قىلغان بولسىمۇ، بىر يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ئاخىر شىپا تاپالماي قازا قىلدى. سەئىدخان بۇ شىجائەتلىك قېيىنئاكىسىنىڭ

① ۋەلىئەھد — ئىزباسار.

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈمنى چەكسىز قايغۇ ئىلكىدە ئۇزاتتى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم يەڭگىسى گۈلسۇرۇخ بانۇ بىلەن مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمدى. ئۇ مېھرىبان كۈيۇسىنىڭ ئۆزىنى، بالىلىرىنى تاشلاپ كەتكىنىگە چىدىيالماي، قار ـ يامغۇر يىغلاۋاتقان يەڭگىسىنى ھەرقانچە بەزلەپمۇ تەسەللى تاپتۇرالمىدى.

سەئىدخان: «ئۆلۈم ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىيدىغان رەھىمسىز قىسمەت. پانىي ئالەمدىكى ئىنسان بۇ قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئاخىر ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ. بۇ دۇنيادا پەقەت ئىنساننىڭ ياخشى نام ـ ئەمەللا قالىدۇ. شۇڭا، بېشىغا ئۆلۈم يۈزلەنگۈچە ياخشى ئىش ـ ئەمەل ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئۆزى ئۇچۇن جان كۆيدۈرگەن كىشىلەرنى قەدىرلىشى كېرەك، شۇندىلا ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولىدۇ. ئۆلۈم بولغاچقىلا، ئىنسان قەدىرلىك، ھايات بىباھا ...» دەپ ئويلايتتى. ئۇ قاناتبەگ كۆز يۇمغاندىن باشلاپ ھەر پەيشەنبە كۈنى سەھەردە خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، مەرھۇم قاناتبەگنىڭ قەبرىسىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ كېلەتتى. سەئىدخان بۈگۈنمۇ قەبرىستانلىققا بارغانىدى. ئۇ يەردىن يېنىپ گۈلئېرەم ئوردىسىغا كىرىشىگە، مىرزا ئەلى تاغاي تەزىم قىلغىنىچە ئۇنىڭغا بىر مەكتۇپنى سۇندى.

— شاھ ئالىيلىرى، بۇ مەكتۇپنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەۋەتىپتۇ.

سەئىدخان جايىدا تۇرۇپلا ئوقۇدى:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا:

ئۆزلىرىگە ئاللادىن سالامەتلىك ۋە نۇسرەت تىلەش بىلەن بىللە شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى: ماڭغىتلار بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولغان قېيىنئاكام تاھىرخان پاناھلىق تىلەپ

ئالدىمغا كەپتىكەن، ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ يەر، سۇ، يايلاق بەرگەنىدىم. ئەمىر مۇھەممەدبېك ئۆتكەن يىلى قازا قىلغاندىن بېرى بىر بۆلەك قىرغىزلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، خانلىقىمىزغا بويۇنتاۋلىق قىلىپ كەلدى. مەلۇم بولۇشىچە، تاھىرخان ئاشۇ ئاسىي قىرغىزلار بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈپ لەشكەر توپلاپتۇ. ئۇلار قوچقاربېشىدىكى بارگاھىمىزغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. مەن ئامالسىز ئاتبېشى قىشلىقىغا چېكىندىم. ھازىر مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن. ئۆزلىرىدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتكەيلا.

ئۆزلىرى بىلەن مېھرىبان ئانامغا ئۇلۇغ ئاللادىن ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيمەن.

خان ئاتا، يەنە بىر ئىلتىماسىم شۇكى، بۇ خېتىمدىن ئانام خەۋەر تاپمىغاي، بولمىسا مەندىن ئەنسىرەپ نۇرانە كۆزلىرىدىن ياش تۆككۈسى.

خەير، ئاللاغا ئامانەت.

كامالىي ئېھتىرام بىلەن:

پەرزەنتلىرى ئابدۇرەشىدخان.

سەئىدخان مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈندىمەستىن سۇلتان سارىيىغا كىرىپ تەختكە چىقتى.

— ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان كەلدىمۇ؟

— قاراپ باقاي، شاھىم، — مىرزا ئەلى تاغاي ئارقىسىچە مېڭىپ دىۋانخانىغا چىقتى. بىردەم تۇرۇۋىدى، مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان تاشقىرىدىن كىردى. ئۇ سالام بېرىپ، سۇلتاننىڭ كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىنى ئېيتتى.

مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان جاۋاب ياندۇرمايلا سۇلتان سارىيىغا كىردى:

— خان ئالىيلىرى، كېچىكىپ قالدىم، كەچۈرگەيلا.

www.uyghurkitap.com

— ياق، تازا ۋاقتىدا كەلدىلە، — دېدى سەئىدخان مەكتۇپنى ئۇنىڭغا ئۇزارتىپ، — سىلىنى ئىسسىقكۆل بويىغا ئەۋەتمەكچىمەن.

— لەشكەر تارتىپ بارامدىم؟ — سورىدى خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان.

— ئەلۋەتتە، بىر تۈمەن لەشكەر تارتىپ بارىدىلا.

— خوپ، شاھىم، ئۈچ كۈن ئىچىدە تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ يولغا چىققايمەن، ئىنشائاللا.

— ئۆزلىرىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، — سەئىدخاننىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى. قەيەرگە بارسا بىللە بولىدىغان بۇ قەدىردان نەۋرە ئىنىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتاتتى. ئۇ تەختتىن چۈشۈپ مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگاننى ئورىدا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

سەئىدخان ئابدۇرەشىدخاندىن مەكتۇپ كۈتۈپ، بىتاقەت بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاكىسى مەنسۇرخان ئەۋەتكەن بىر چاپارمەن كەلدى. ئۇ مۇنداق مەكتۇپ ئەكەلگەنىدى:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قەدىردان ئىنىم، ئامان - ئېسەن تۇردىلىمۇ؟ گەرچە ئايرىلىقىمىز يىراق بولسىمۇ، قېرىنداشلىق رىشتى كۆڭلىمىزنى يېقىن قىلغاندۇر. جانابىي ئاللا جەمەتىمىزگە شۇنداق كاتتا زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنى نېسىپ قىلغانىكەن، ئۇنى ياۋدىن ساقلىماق، ئاسرىماق، گۈللەندۈرمەك بۇرچىمىزدۇر. بۇنى ئويلىسام ئۆزلىرىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن. ئۆزلىرىگە ئۇلۇغ ئاللا ئىگەمدىن تېخىمۇ يۈكسەك مەرتىۋە ھەم كاتتا نۇسرەت تىلەيمەن.

بۇ مەكتۇپنى يېزىشىمدىكى مەقسەت شۇكى: قېرىندىشىمىز بولغان قىرغىزلار نىيىتىنى بۇزۇپ، زېمىنىمىزغا بېسىپ كىرىپ يايلاقلىرىمىزنى ئىگىلىۋالدى.

ئۇلار ئالاتاۋدىن ئۆتۈپ كۆنەس ياپلىقىغىچە بېسىپ كەلدى. ۋاقتىدا توسۇپ زەربە بەرمىسەك قازاق قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، يۇلتۇز دىيارىنى بېسىۋېلىشى مۇمكىن. خان ئىنىم، جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ خانلىقىمىزنىڭ زېمىنىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

جانابىي ئاللا ئۆزلىرىگە مەدەتكار بولغاي.

ئالىي ئېھتىرام بىلەن: مەنسۇرخان.

سەئىدخان مەكتۇپتىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئويغا چۆمدى: «ئاكام پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن قوغداشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن، دەپتۇ ـ يۇ، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ھېچنېمە يازماپتۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ يۇلتۇز دىيارى ئاكامغا تەۋە زېمىنمۇ؟ يا ئۇ مېنى پۈتۈن موغۇلىستاننىڭ خانى دەپ ھېسابلامدىغاندۇ؟ ئەجەبا ...» سەئىدخان كىچىككىنە ئويلاپمۇ مەنسۇرخان ئەۋەتكەن مەكتۇپنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، مەملىكەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەمىر كەبىر — كاشغەرنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى سەيىدمۇھەممەد مىرزىغا بىر تۈمەن لەشكەرنى سەپراس قىلىپ تۇرۇش توغرىسىدا پەرمان ئەۋەتىپ، يولغا چىقىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئورنىغا ئىسكەندەر سۇلتاننى نائىب خانلىققا تەيىنلەپ، باش كۆزدە ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن يولغا چىقتى. ئۇ كاشغەرگە كېلىپ، سەيىدمۇھەممەد مىرزا تەييار قىلىپ تۇرغان بىر تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ توختىماي ماڭدى. مىرزا ئەلى تاغاي سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭمۇ سەئىدخانغا ھەمراھ بولۇپ ئاتلانغىنىدىن نارازى ئىدى: «قەيەرگە بارسام، بۇ مىرزا خاننىڭ ئىشەنچىگە ئەجەب ئاسان ئېرىشىۋالىدۇ. قەيەرگە بارسام، شۇ يەردە كۆشەندە بولۇپ، مېنى چەتكە قاقىدۇ. خانغا يېقىنلاشقىلىمۇ قويمايدۇ. خەپ توختاپ

www.uyghurkitap.com

تۇر، ئەمىر كەبىر، دەۋران سۇرىدىغان چاغلىرىڭ ئاز قالدى ...»
ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ ئاچچىق كۈلدى.

— ئەمىر كەبىر ھەزرەتلىرى، خانغا ھەمراھ بولغانلىرى نۇسرەت قازىنىدىغانلىقىمىزنىڭ ئالامىتىدۇر. ئىبلىمىزدە ئۆزلىرىگە يېتىدىغان سەركەردە يوق جۇمۇ.

— ماختاش ـ ماختىنىش ئاللاغا خاستۇر، ئىشىكئاغىسى، سەئىدخانغا ھەمراھ بولۇشنى بۇرچۇم دەپ بىلىمەن. ئەمىر كەبىرلىك سۇپىتىم بىلەن جەڭ قىلالىسام، ئاندىن ئەلنى رازى قىلالايمەن. ئارزۇيۇم ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئېتىش. سىلىنىڭ ئارزۇلىرىمۇ باشقىچە ئەمەستۇر بەلكىم.

— ئەلۋەتتە، ئەمىر كەبىر جانابلىرى، ئىككىمىزنىڭ نىيىتى ئوخشاش ئىكەن، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي ۋە سەييىدمۇھەممەد مىرزا جاۋاب قايتۇرغۇچە «لەشكەرلەر سېپىنى ئارىلاپ كېلەي» دەپلا ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ كېتىپ قالدى.

سەئىدخان ئاقسۇغا كەلگەندە، ئەمىن خوجا سۇلتان ئالاھىدە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۇرۇپ، پۈتۈن ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ مايىللىقىغا ئېرىشىش كويىدا بولدى. سەئىدخان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەقبەرىسىگە چىققاندا، مىرزا ئەلى تاغاي ياش تۆكۈپ تۇرۇپ قىرائەت قىلدى. سەئىدخان ئاقسۇدا لەشكەرلىرىنى بىر ھەپتە دەم ئالدۇرۇپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئەمىن خوجا سۇلتانمۇ سەپراس بولغان بەش مىڭ نۆكەر بىللە بىللە ماڭماقچى بولغاندا، مىرزا ئەلى تاغاي:

— سۇلتان ئالىيلىرى، پايتەختتە تېخى بېشىدىن ئىش ئۆتمىگەن ياش شاھزادە قالدى. ئۆزلىرى ئاقسۇدا تۇرۇپ بەرسىلە، پۈتۈن ئەلگە مەدەت بەرگەن بولىدىلا. سەئىدخان ھەزرەتلىرىگە ئاۋۋال ئاللا، ئاندىن قالسا بىز ھەمراھ بولىمىز. ئۆزلىرى ئاقسۇدا قېلىپ دۇئالىرىدا ياد ئېتىپ تۇرسىلا، خان ھەزرەتلىرى، ئەمىر كەبىر ۋە پۈتۈن سەردارلار خۇرسەن بولىدۇ، — دەپ ئۇنى توستى. ئەمىن خوجا سۇلتانىمۇ سەپەر ئازابىنى

تارتقۇسى، جىنىنى قولىغا ئېلىپ قويۇپ جەڭ قىلغۇسى يوق ئىدى، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ سۆزى ئۇنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقتى.

— خان ئاكامغا ھەمراھ بولغۇم بار ئىدى، — دېدى ئەمىن خوجا سۇلتان كۆڭلىدە نىمىنىدۇر ئويلاۋاتقان سەئىدخانغا قاراپ.

— سىلى مۇشۇ يەردە قالسىلا، ئىنىم، بىزنى دۇئالىرىدا ياد ئېتىپ تۇرسىلا، — سەئىدخان ئارتۇقچە سۆز قىلماي ئېتىغا قامچا ئۇردى. ئۇلار شۇ ماڭغانچە يولتۇز داۋىنىدىن ئۆتۈپ كۆنەسكە يېتىپ كەلدى.

— سور - ھەيۋە كۆرسىتەيلى، ئىلاج بار قان تۆكمەيلى، قىرغىزلار بىزگە دۈشمەن ئەمەس، قېرىنداشتۇر. بۇ سۆزۈمنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، — سەئىدخان شۇنداق دەپ سەركەردىلەرگە قاتتىق تاپىلىدى.

ئاۋۇل - يايلاقلارنى ئىگىلىۋالغان قىرغىزلار سەئىدخاننىڭ نۇرغۇن لەشكەر باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېزلىكتە چېكىنىشكە باشلىدى. بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ، بىر تەرەپتىن چېكىنگەن قىرغىزلار ئون تۈمەندىن ئارتۇق قوي، ئات، كالا قالدۇرۇپ كەتتى.

مىرزا ئەلى تاغاي بۇ زور ئولجىنى جەنۇبقا يولغا سالماقچى بولۇۋىدى، سەئىدخان سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قوي - كالىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى يەرلىك كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئازغىنا قىسمىنى يولدا ئوزۇق قىلىش ئۈچۈن ئېلىۋېلىشقا يارلىق چۈشۈردى. ئاتلارنىڭ چاپقۇرلىرىنى تاللاپ نۆكەرلەرگە تارقىتىپ بەردى، قالغانلىرىنى يەرلىك خەلققە ئىنئام قىلىۋەتتى.

— ئالىيلىرى، ئاكىلىرى مەنسۇرخان، ئىنىلىرى ئەمىن خوجا سۇلتانلارغا ئات، كالىلاردىن ئەۋەتسەك، غەلىبە قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار خەۋەر تېپىپ، بېشى كۆككە يەتكەن بولاتتى، — دېدى ئىچى ئېچىشىپ كەتكەن مىرزا ئەلى تاغاي.

www.uyghurkitap.com

— ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىدىن تارتىپ جەڭدە قولغا چۈشكەن ئولجا ـ غەنىيمەتلەر جەڭگە قاتناشقانلارغا تەئەللۇق بولغان. ئاقسۇدىن بىزگە قوشۇلۇپ كەلگەنلەرگە ئات تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. تۇرپاندىن ئادەم كەلمىدى، شۇڭا ئۇلارغا جەڭ غەنىيمەتلىرىدىن ئەۋەتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئىشىكئاغىسى. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئولجا ئاۋامغا مەنسۇپتۇر.

— ئېيتقانلىرى بەرھەق، ئالىيلىرى، كەمىنە كەم ئەقىللىك قىپتىمەن، — مىرزا ئەلى تاغاي ھۇپپىدە ئېسىلىپ بارگاھتىن ئاستا يېنىپ چىقتى.

سەئىدخان كۇنەستە بىر ھەپتە تۇرۇپ، كەلگەن يولى بىلەن ياندى. ئاقسۇغىمۇ بارماي، ئۈچ ئارقىلىق ئىسسىقكۆل دىيارىغا ئۆتتى. ئابدۇرەشىدخان ئالدىغا چىقىپ، ئاتىسىنى ئاتبېشىدىكى بارگاھىغا ئورۇنلاشتۇردى.

— ئوغلۇم، — دېدى ئۇ داستىخان ئۈستىدە، — ئاۋامغا، قېرىنداش قوۋملارغا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىش قورساق كۆپۈكى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، قارشىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تارىختا ئۆتكەن كۆپلىگەن پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ زۇلمى پەيدا قىلغان قارشىلىق تۇپەيلى تەختىدىن غۇلاپ چۈشكەن، ھەتتا بېشىدىنمۇ جۇدا بولغان. خەلقنىڭ دەردۇ ھالىغا يەتمىگەن، ئاۋامنىڭ بەخت ـ ئىقبالىنى كۆزلىمىگەن پادىشاھ ھالاك بولماي قالمايدۇ.

— بۇ نەسىھەتلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن، خان ئاتا. بۇ قېتىمقى قىرغىزلارنىڭ توپىلىڭى زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىدىن ئەمەس، ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرۇش ئىستىكىنىڭ كۈچىيىشىدىن بولغان. تاھىرخان قىرغىزلارغا يەل بېرىپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىۋاتىدۇ.

— ئەمىر مۇھەممەدبېك ئىمانى كامىل، ساداقەتمەن كىشى ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن بېرى قىرغىزلار تىنچىمايۋاتىدۇ،

ئوغلۇم. قان تۆكۈلسىمۇ، ئاۋامنى ئەمىن تاپتۇرۇپ، بەخت ـ سائادەتكە ئىگە قىلىش زۆرۈردۇر، — دېدى سەئىدخان پەرمان چۈشۈرگەن تەرزدە.

مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بىلەن سەييىدمۇھەممەد مىرزا باشلىرىنى لىڭشىتىپ سەئىدخاننىڭ سۆزىنى تەستىقلاشتى.

— ئالىيلىرى دانادۇر. ئەلنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن قان تۆكۈش گۇناھ جۈملىسىدىن ئەمەستۇر. شۇڭا، توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن دەرھال ئاتلانماق كېرەك، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي.

— قىرغىزلار بىلەن قىپچاقلار ئېرتىش بويىغا توپلانغان، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، — ئابدۇرەشىدخان شۇنداق دەپ ئاۋۋال ئاتىسىغا، ئاندىن ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا «قېنى بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەركىن؟» دېگەندەك نەزەردە قارىدى.

— ئۇ قېرىنداشلىرىمىزنى ئاتبېشى بىلەن قوچقاربېشىنى مەركەز قىلغان ئىسسىقكۆل دىيارىغا يىغىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش زۆرۈر. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئاغاڭ بىلەن دەرھال ئاتلىنىپ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى سەئىدخان.

— پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرىمىز، خان ئاتا، — قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئابدۇرەشىدخان مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار بەش مىڭ سىپاھ بىلەن ئېرتىش دەرياسى بويىغا قاراپ ئاتلاندى.

## 3

ئاتبېشى قىشلىقى ئىسسىقكۆل دىيارىدىكى يايلاقلىرى كەڭرى، سۇيى مول، گۈزەل، مۇنبەت زېمىن ئىدى. سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئىلى دىيارىدىكى قىرغىزلارنى ئىككى ئاي

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە ماللىرى بىلەن بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلدى. ئابدۇرەشىدخان بولسا ئېرتىش بويىدىن سىپاھلىرىنىلا ياندۇرۇپ كەلگەنىدى.

— خان ئاتا، پېقىرنى جازالىسىلا، پەرمانلىرىنى ئورۇنلىيالمىدىم، — دېدى ئۇ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— خان ئالىيلىرى، جازالاشقا توغرا كەلسە پېقىرنى جازالىسىلا، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بىر جۈپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، — بىز ئېرتىش بويىغا بارساق، قىرغىزلار ئۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىزىدىن خېلى ماڭدۇق. بىر جىرادا ساداق ئوقى، قىلىچ، نەيزە تېگىپ ئۆلگەن ئۇلاغ، ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنى ئۇچراتتۇق. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال يۈرىكىمىزنى ئەزدى. بىز شۇ يەرگە چۈشكۈن قىلىپ، سەردار ئەكرەم باشچىلىقىدا يۈز نۆكەرنى ئەۋەتىپ ئەتراپنى تەپسىلىي تەكشۈرۈۋىدۇق، قول - پۇتى يارىلانغان ئون نەچچە ئادەم ئۇچرىدى. ئۇلار: «بىز باباخان سۇلتاننىڭ نۆكەرلىرى، قىرغىزلار بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولدۇق. باباخان سۇلتان بىر قىسىم نۆكەرلەر بىلەن قېچىپ كەتتى. يارىلانغان ئون نەچچىمىز ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدۇق. قىرغىزلار كەتتى» دېدى. بىز جەسەتلەرنى دەپنە قىلىپ، يارىدارلارنى ئەملەتتىپ، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق. سەردار ئەكرەم قىرغىز لەشكەرلىرىگە يېتىشىپ، يۈزبېشى قاتارلىق تۆت نەپەر ياساۋۇلنى تۇتۇپ كەلدى. يۈزبېشىنى ئۆزۈم سوراق قىلدىم. ئۇ قىرغىزلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە قوشۇلۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ سانى ئەللىك مىڭدىن كۆپ ئىكەن. «دۈشمەن دۈشمەنلىك بىلەن مەشغۇل بولغاندا، سەن ئارامىدا ئولتۇر» دېگەن ھېكمەتكە ئاساسەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قايتىش تەكلىپىنى بەردىم. دېمەك، جازالىنىشقا تېگىشلىك كىشى مەن، شاھىم. ئەمما، قىلغىنىمنىڭ توغرا بولغانلىقىدىن گۇمانلانمايمەن.

سەئىدخان قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئويغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. «تاھىرخان قىرغىزلاردىن پايدىلىنىپ دەشتى قىپچاق بىلەن ئىسسىقكۆل دىيارىنى ئۆز ئالدىغا سورىماقچى. ھامىمام بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ، ئوغلىغا گەپمۇ يېگۈزەلمەيدۇ. قىرغىزلار بولسا تاھىرخاندىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كونا خانلىقىنى تىكلىمەكچى. ئۇلارنىڭ ئۆزبېكلەر بىلەن بىرلىشىشىدىكى غەرىزىمۇ شۇ. لېكىن، قىرغىزلار تاھىرخاننى ئۆزلىرىگە خان قىلمايدۇ. باباخان سۇلتاننىڭ قىرغىزلار ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىشىدىكى مۇددىئاسى ئىسسىقكۆل دىيارىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىش. لېكىن، ئۇ لەشكىرىي كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئات مىنىشكە ماھىر قىرغىزلاردىن يېڭىلىپ قالغان. بۇ ئىنىمنىڭ ئەقلى كوتا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىيەلمەي دەككىسىنى يېگەن گەپ. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان توغرا قىلغاندەك تۇرىدۇ. بىز قايتىپ كېتىپ ھوشيار تۇرۇشىمىز كېرەك ...»

ئۇ ئىچىدە مۇلاھىزە قىلىپ بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، دېدى:

— قىرغىزلار ۋە تاھىرخان ئۆزبېكلەر بىلەن بىرلىشەمدۇ، يوق؟ بىز ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئىش كۆرۈشىمىز، ئىلاج بار بۇ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ياقىلاشماي، دوستانە ئۆتۈشىمىز كېرەك. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگاننىڭ كۆزلىگىنىمۇ قېرىنداشلار ئارىسىغا نىزا - ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچماي، يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ دىل مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خانلىقنى قۇدرەت، ئەلنى ئەمىن تاپتۇرۇش، تىنچسىزلىقنى تىنچلىققا، مالىمانچىلىقنى ئاسايىشلىققا ئايلاندۇرۇشتۇر. ئۇنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا! بىز قېرىنداشلار ئارا نىزادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياركەندكە قايتىپ كېتەيلى.

— ئارى، شاھىم، تولىمۇ دانا گەپ قىلدىلا. بىز بۇ يەردىن كەتسەكلا، قىرغىزلار بىزگە چېقىلالمايدۇ، ئەلنىڭ تىنچلىقىمۇ

بۇزۇلمايدۇ، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي سوغۇق ھىجىيىپ.
— شۇنداق، ئەلنىڭ تىنچلىقى شۇنىڭ ئۈچۈن بۇزۇلىدۇكى، خان - سۇلتانلار نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ. كۈچلۈك ئاجىزنى بوزەك ئېتىشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسابسىز مۇناپىقلار پىتنە - پاسات تېرىپ، ئارىدا ئۆچمەنلىك تۇغدۇرۇپ، مال - دۇنيا، يۇقىرى مەرتىۋە، كۆپ زېمىنغا ئېرىشىش كويىدا بولىدۇ، ئىشىكئاغىسى. ئەمما، ئاۋام تىنچ - ئامان ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ.
مىرزا ئەلى تاغاي جاۋاب ياندۇرماقچى بولدى - يۇ، گەپ قىلماستىن ھىجىيىپ قويدى.
— شۇنداق بولسۇن، ئەتە سەھەردە يولغا چىقىشقا تەييارلىنايلى، — دېدى سەئىدخان.
ئۇلار ياركەندكە قايتىپ كەلگەندە، قوغۇن ساپىقى ئاجرىغان، مىيانسال، ياغلىق ئۆرۈكلەر ئاخىرلىشىپ، توغاچ - شاپتۇللار مەي باغلاپ پىشقانىدى.

## 4

ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىسسىقكۆل دىيارىدىن تۇيۇقسىز قايتىپ كېلىشى چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن قايتىپ كەلگەنىدى.
— سۇلتانىم، تىنچ - ئامان كەلدىلىمۇ؟ قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن! — تەزىم قىلىپ سالام بەجا كەلتۈرگەن خانىشنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىدە سۆيگۈ شەبنەملىرى يالتىرىدى. ئۇ باشقا گەپ قىلماي كەلگىنىچە ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن سىغىنىش ياشلىرىنى تۆكتى.
تال باراڭلىق قەسىر ھويلىسىدا ئويناۋاتقان تۆت ياشلىق

ئابدۇللەتىفخان بىلەن بىر يېرىم ياشلىق ئابدۇلكېرىمخان يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنى ئايرىۋەتتى. «دادا! دادا!» دېيىشىپ بوينىغا ئېسىلغاندا، ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆزلىرىمۇ نەملەشتى. باللارنى قۇچاقلاپ سۆيدى. ئۇلار باللارنى كۆتۈرۈشۈپ خاس ھۇجرىسىغا كىرىشتى.

— سۇلتانىم، ئەمدى بىر يەرگە كەتمەيدىغانلا؟ سىلىدىن بەك ئەنسىرگەنىدىم، كېلىپ كۆڭلۈمنى ئارامىغا چۈشۈردىلە، — دېدى خانىش ئېرىگە ئابدۇلكېرىمخاننى تۇتقۇزۇپ.

— بۇ باللىنى سىلىگە تارتىشىپ تولىمۇ تەسلىكتە تۇغدۇم، سۇلتانىم. ئانام كېلىمەن دەپ خەت ئەۋەتكەن بولسىمۇ كېلەلمىدى، ئەمما مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئانام ماڭا ئوبدان قارىدى. پەقەت ھەببە سۇلتان بېگىم بۇ باللىنى تۇغقىنىمدىن تازا خۇش بولمىدى، ھال سوراپ بىر قېتىملا كىردى.

— سالامەت يەڭگىۋالغىنىڭىزدىن بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم، مەلىكەم. خان ئانامدىن يەنە خەت كەلدىمۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان ئولتۇرۇپ خانىشتىن سورىدى.

— كەلدى، سۇلتانىم. سىلى بىر پىيالە چاي ئىچىپ، ئۇستىباشلىرىنى يەڭگۈشلىۋېلىپ، ئاندىن ئوقۇسىلا، — خانىش ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا چۆرىسىگە گۈللۈك كەشتە تىكىلگەن ئاق داستىخاننى سالدى. كېنىزەكلىرىگە چاي كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. باللارنى ئىنىكئانىلىرىغا بېرىپ، ئېرى بىلەن يالغۇز قالدى.

— مەلىكەم، نۇرنىسا سۇلتان بېگىم سىزنى رەنجىتىپ قويمىغاندۇ؟ — سورىدى ئابدۇرەشىدخان خوتۇنىنىڭ زىلۋا قامىتىگە، مۆڭلۈق تۇس ئالغان چىرايىغا زەن سېلىپ.

— مېنى رەنجىتىشكە ئۇ قانداقمۇ پېتىنالىسۇن، سۇلتانىم؟ — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم قەلەم قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، چىرايىمۇ قىزىرىپ كەتتى، — ئۇنى ئەمرلىرىگە ئالغاندىن بېرى مېنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويۇۋاتىدىلا.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇرەشىدخان بېشىنى چايقىدى. ئۇ نائىب سۇلتان بولغاندا، سەئىدخانىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مەرھۇم ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ ئۇيغۇر خوتۇنىدىن بولغان قىزى نۇرنىسا بېگىمگە ئۆيلەنگەنىدى. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئانىسى بىلەن كاشغەرگە كەلگەن بۇ يېتىم قىزغا سەيىدمۇھەممەد مىرزا ھامىيلىق قىلغان، كېيىن سەئىدخان ئۇنى ياركەندكە ئەكېلىۋالغانىدى.

— بۇ سۆزىڭىز ئادىل بولمىدى، مەلىكەم. ئىككى ئارسلاننى تۇغۇپ بەرگەن دىلرەبانى ئۇنتۇپ قالسام، ئىشقى يوق ئېشەككە ئايلىنىپ قالغان بولمامدىمەن. ئېيتىڭا، مەن شۇنداق قارا كۆڭۈل ئادەممۇ؟ — ئۇنىڭ كەسكىن، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بۇ سۆزى چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ غەمكىن چېھرىگە تەبەسسۇم بېغىشلىدى.

— سۇلتانىم، ئۆزلىرىنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، بەزى گۇمانلاردىن خالىي بولالمايۋاتىمەن. دۇنيادا بىرلا خانىش بىلەن ئۆتكەن پادىشاھنىڭ يوقلۇقى ماڭا ئايان. ئىسلام شەرىئىتى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويىدۇ، بۇنى چۈشىنىمەن. يەنە ئۆيلىنىشلىرى، مەندىن گۈزەل رەناغا مەپتۇن بولۇپ قېلىشلىرى مۇمكىن، سۇلتانىم. شۇنداقتىمۇ، ھەرقانداق شارائىتتا مېنى ئۇنتۇپ قالماسلىقلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

ئابدۇرەشىدخان چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى ئىككى قولىدىن ئۆزىگە تارتتى.

— مەن سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن، ئەزىزىم، — ئۇ چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ سۆيگۈ يېشىغا تولغان قاپقارا كۆزلىرىدىن ئۆز شولىسىنى كۆردى، — ئاللا ماڭا قانچە خوتۇن نېسىپ قىلغان بولسا، شۇنچىنى نىكاھىمغا ئالماي ئىلاجىم يوق. ئەمما، شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، كۆڭلۈمنىڭ تۆرى ھامان سىزگە مەنسۇپ. سىز مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ قىممەتلىك.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم داستىخاندىكى تاۋۇز، قوغۇن، ئالما، شاپتۇللارغا كۆز تىكىپ، ئېرىگە بىرنى ئېلىپ بەرمەكچى بولدى.

«قايسى مېۋىگە بەكرەك ئامراقتۇ؟»

ئابدۇرەشىدخان مېۋە ـ چېۋىگە، بولۇپمۇ تاۋۇزنى گويۇپ يېيىشكە ئامراق ئىدى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئىككى دانە ئانارنى ئۇۋاپ ئىككى پىيالىگە سېلىپ، ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ ئانارنى بەشكېرەمدىن ئالدۇرغانىدىم. تىلىكىمگە يارىشا ئېغىز تېگىدىغان بولدىلا.

ئابدۇرەشىدخان كىچىك كۇمۇش قوشۇق بىلەن ئانارنى يېۋىدى، ئاغزى پۇرۇلۇپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ تامىقىنى چېكىپ يەۋەردى.

— سۇلتانىم، بۇ پىيالىدىكىسى تاتلىق ئانار، شۇنىڭدىن يېسىلە. ئاچچىقىنى يەپ بىئارام بولۇپ قالدىلىغۇ دەيمەن؟ — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم مەنىلىك كۇلۇمسىرەپ.

— ئاۋۋال بۇنى يەۋېتەي، ئاچچىق بولغان بىلەن يۇرەككە داۋا بولىدۇ، ئاندىن تاتلىقىنى يەپ ۋۇجۇدۇمنى ھۇزۇرلاندۇراي، — ئابدۇرەشىدخان بىرىنچى پىيالىنى بىر دەمدىلا قۇرۇۋېداپ، ئىككىنچى پىيالىنى قولىغا ئالدى، — سىزنىڭ قاراشلىرىڭىز، ھەرىكەتلىرىڭىز ناھايىتى مەنىلىك، قەدىرلىكىم. ئاچچىق ئانارنى يېگۈزۈپ ھىجران ئازابىنىڭ ئاچچىقلىقىنى، تاتلىق ئانارنى يېگۈزۈپ ۋىسال شادلىقىنىڭ شېرىنلىكىنى بىلدۈردىڭىز. مەن سىزگە قايىل، ئەزىزىم. بۇنىڭدىن كېيىن سىزدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن.

ئابدۇرەشىدخان كېنىزەكلەر داستىخاننى يىغىپ چىقىپ كېتىشىگە چۈچۈك سۇلتان بېگىمنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، سۇلتانىم. كۇپكۇندۇزدە سەت تۇرىدۇ، — نازلىنىپ تولغاندى خانىش.

— ئاللا «قۇرئان كەرىم»دە «ئەرلەر ئايالىلارغا، ئايالىلار ئەرلەرگە كىيىمدەك يېپىشىپ تۇرىدۇ ...» دەپ نىكاھلىق ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ پىنھاندا بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى ھاياتىنىڭ

مەزمۇنى ئىككەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان.

— چۈشەندىم، سۇلتانىم. ئەمما ئاي، يۇلتۇزلار تاقەتلىك ئەر-خوتۇنلارغا بەخت تىلەيدىكەن.

— سەۋر - تاقەت ماڭا دائىم ھەمراھ، قەدىرلىكىم. ئادەمنىڭ قىممىتى سەۋرىسى بىلەن ئايان بولىدۇ. بىزگە بۈگۈن قۇياش بەخت تىلەيدۇ.

— ئەمدى سىزدىن ئايرىلمايمەن دېگەن گەپلىرى راستمۇ؟ — سورىدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم ۋىسال شادلىقىدىن نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇيىنتىپ.

— راست! — دېدى ئابدۇرەشىدخان.

— قەيەرگە بارسىلا بىللە بارامدىم؟

— بىللە بارىسىز، قەدىرلىكىم.

ئۇلار مەززىلىك نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەچ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ پېشىن ۋاقتى بولغىنىنى سەزمەي قېلىشتى. دەل شۇ چاغدا ئابدۇرەشىدخان سەمەرقەنت بەقەسىمىدىن تىكىلگەن تونى بىلەن ئالتۇن ئوتۇغاتلىق سەللىسىنى كىيىپ تاشقىرىغا چىقىشقا تەييارلاندى.

— سۇلتانىم، ئوردىغا چىقامدىلا؟ — سارغۇچ ئەتلەستىن كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەك كىيگەن چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— ئاتام بىلەن كۆرۈشىمەن.

— سىزدىن ئايرىلمايمەن دېگەن ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، سۇلتانىم، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم.

— ئۇنتۇپ قالمايمەن! — ئابدۇرەشىدخان خانىشىغا بىرپەس تىكىلىپ تۇرۇپ، چىقىپ كەتتى.

ئۇ ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، لېكىن چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىلەن ھەمىشە بىللە بولالمىدى. سەئىدخان كەچ كۈزدە ئۇنىڭغا مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بىلەن بەلۇجىستانغا



www.uyghurkitap.com

يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ئۇلار بىر تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن يولغا چىقىپ باھاردا قايتىپ كەلدى.

— دائىم سىز بىلەن بىللە بولىمەن دېگەنىدىلە، بىر كېتىپ ئالتە ئايدا ئاران كەلدىلە، ئەمدى بىر يەرگە مەنىسىز بېرىپ باقسىلا قېنى، خان ئاتامغا دەپ ئانامنىڭ قېشىغا كېتىمەن.

— مەلىكەم، سىزدىن ئايرىلمايمەن دېگىنىم بىر يەرگە بارماي قېشىڭىزدىلا ئولتۇرىمەن دېگىنىم ئەمەس، كەتسەم كېلىمەن، ئۇنتۇمايمەن، دېگىنىم. ئەجەبا، مۇشۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ — ئابدۇرەشىدخاننىڭ قېشى سەل كۆتۈرۈلۈپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. ئۇ ياداپ قالغانىدى.

— سىزدىن ئايرىلمايمەن دېگەنلىرىنى پايتەختتىن كەتمەيمەن، بىر يەرگە بارسام سىزنى ئېلىپ بارىمەن، دېگىنى ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىپتىمەن، سۇلتانىم. ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغىنىمدىن بولسا كېرەك، بىر يەرگە كەتسىلە چىدىمايمەن، ئەنسىرەيمەن، — چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئۆكسۈپ يىغلىدى.

— بولدى يىغلىماڭ، — ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ قوڭۇر چاچلىرىنى سىلىدى، — مېنىڭ بۇ قېتىم نەلەرگە بارغىنىمنى بىلەمسىز؟ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن مۇز - قار ئېرىمەيدىغان ئاسمان - پەلەك تاغ - داۋانلاردىن ئۆتۈپ، بەلۇجىستان دېگەن ياقا يۇرتقا بېرىپ، پادىشاھى بىلەن خەلقىنى بويسۇندۇرۇپ كەلدىم. قارلىق تاغلاردىن قوتازنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئۆتتۇق. مەن بىلەن بارغان بولسىڭىز، بۇ دۇنياغا تۆرەلگىنىڭىزگە مىڭبىر پۇشايمان قىلغان بولاتتىڭىز، قەدىرلىكىم. پادىشاھ - سۇلتانلارغا بۇ دۇنيادا ئارامچىلىق يوق، ئات ئۈستىدە يۈرۈپ، ئات ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق پادىشاھ قانائەت قىلمايدۇ. يەنە قانداق يۈرۈشلەر پېشانەمگە پۈتۈلگەنلىكى ياراتقان ئىگەمگە ئايان. بىراق، مەن قەيەردە بولاي، سىزنى زىنھار ئۇنتۇمايمەن ۋە سىز بىلەن تېزرەك دىدارلىشىشقا ئىنتىلىمەن.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۆزلىرىدىن دىلى ئېرىگەن چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، دېدى:

— مەن يايلاقتا چوڭ بولغان، كېيىك - جەرەنلەرنى ئوۋلاپ قالماستىن، بۆرە، تۈلكىلەرنى، ئارقار، قاۋانلارنىمۇ ئوۋلىغان؛ ئاللا ئىگەم بەرگەن غەيرەت - شىجائەت بىلەن تاغلارغىمۇ چىققان، سۇلتانىم. ئىككىمىز يۈز كۆرۈشكەن ساي ئەسلىرىدىمۇ؟ مەن ئەنە شۇنداق قىز ئىدىم. سىلىگە ياتلىق بولغاندىن بېرى ئوردا، قەسىردە كۈنلەرنى ئۆزلىرىدىن ئەنسىرەپلا ئۆتكۈزىدىغان خان ئاغىچىغا ئايلىنىپ قالدىم، تەقدىرىم شۇ بولسا كېرەك. ھەممە نەرسىدىن ئايرىلساممۇ، سىلىدىن ئايرىلغۇم يوق.

— مېنىڭمۇ سىزدىن ئايرىلغۇم يوق، قەدىرلىكىم، — ئابدۇرەشىدخان بەلۇجىستاندىن ئەكەلگەن ئالماس زۇننارنى خانىشىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ بەختىگە سەئىدخان ئابدۇرەشىدخاننى ئورنىغا يەنە نائىب سۇلتانلىققا تەيىنلەپ، ئىككىنچى قېتىم بەدەخشان دىيارىغا يۈرۈش قىلدى.

— تەلىپىڭىز ئىجابەت بولدى، مەلىكەم، خۇش بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئابدۇرەشىدخان سۇلتان سارىيىدىن قايتىپ كىرىپ.

— بەك خۇش بولدۇم، — خانىش مۇزدەك ئانار شەربىتى قۇيۇلغان پىيالىنى ئابدۇرەشىدخانغا سۇندى، — چاڭقىغانلا، سۇلتانىم؟ بۇنى ئىچىۋەتسىلە، يۈرەكلىرىنى ياشارتىدۇ.

— ئىلتىپاتىڭىزغا ھەشقاللا.

— بۈگۈن ئاخشاممۇ يوللىرىغا قارامدىمەن؟ — چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئابدۇرەشىدخانغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى.

— بۈگۈن ئاخشام نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ يېنىدا بولىمەن، ئۇنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭ.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم مەيۈسلىنىپ بېشىنى ئەگدى.

# ئون ئىككىنچى باب

## ئاقسۇدا كۆتۈرۈلگەن قارا قۇيۇن

### 1

— ھاي، مەريەمنىسا ! — ئىشىكتىن ئالچاڭلاپ كىرگەن مىرزا ئەلى تاغاي توۋلىدى.

— لەببەي، ۋەزىر ئەزەم، — ئۆي ئىچىدىن ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىققان مەريەمنىسا سالاسۇنلۇق پېشايۋان ئالدىدا سەل دۈمچىيىپ تۇرغان مىرزا ئەلى تاغاينىڭ تونىنى سالدۇرۇپ، بېشىدىن كۈمۈش ئۇتۇغاتلىق سەللىسىنى ئالدى ـ دە، ئايۋانغا كىرىپ قوزۇققا ئىلىپ قويدى. مىرزا ئەلى تاغاي مىستەك پارقىراپ تۇرغان بېشىنى سىلىدى.

— قولۇمغا سۇ بېرىڭ، ئاپپىقىم.

— خوپ، تەخسىر، — مەريەمنىسا ئېگىلىپ مىس ئاپتۇۋىدىن سۇ قۇيدى.

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ھەۋىسى قوزغالدى، ھەرقاچانقىدەك قولىنى يۇيۇۋېتىپ چېقىر كۆزلىرىنى مەريەمنىسانىڭ يوتىسىغا تىكتى ...

مىرزا ئەلى تاغاي ئىسسىقكۆل دىيارىدىن قايتىپ كېلىپلا چۆرىلىكتىن رەسمىي خوتۇنلۇققا كۆتۈرگەن مەستۇرە بۇۋى خانئايىم بىلەن مەلىكىزات خېنىمنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىگە چىدالماي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ بېرىۋالغانىدى.

«ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەرمىسە، ئۆلسەممۇ ئۇ ھازازۇل ئاغىچا خېنىملار بىلەن بىللە تۇرمايمەن» دەپ كېتىشكە ئۇنىمىدى. مىرزا ئەلى تاغاي مەستۇرە بۇۋىدىن ئايرىلىشقا قىيماي، ئۇنىڭغا چىنىباغ مەھەللىسىدىن بىر باغلىق قورۇ ئېلىپ بەردى. ئۇ بۇنى مەخپىي تۇتۇپ، «مەن ئۇ مۆرىمەس، لەقۋا خوتۇندىن مىڭ تەستە قۇتۇلدۇم، ئەمدى ئۇنى ئىككىنچى بوسۇغىمىزغا يولاتمايمەن» دەپ چوڭ ـ كىچىك خوتۇنلىرىنى ئالداپ قويدى.

«ياش، چىرايلىق كۈندىشىمىزنى قويۇپ بېرىپتۇ» دەپ خۇشال بولۇشقان خانئايىم بىلەن مەلىكىزات خېنىم مىرزا ئەلى تاغاينىڭ مەستۇرە بۇۋىگە باشقا ئۆي تۇتۇپ بەرگىنىنى بىلمەي، بىر قورۇدا تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار پات ـ پات گەپ تەرگىشىپ، چاچلىشىپمۇ قالاتتى.

مىرزا ئەلى تاغاي ھەپتىدە بىر كېچىنى مەستۇرە بۇۋىنىڭ قېشىدا ئۆتكۈزەتتى، كۆڭلى تارتسا كۈندۈزىمۇ بېرىپ تۇراتتى.

مىرزا ئەلى تاغاي ئېغىشىپ ئاپتۇۋا تۇتۇپ تۇرغان مەرىيەمنىسانىڭ قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىنى چىمداپ قويدى. بىچارە قىز تېنىگە بەجايىكى چاقچاق ئوت يېپىشىپ قالغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

— تەلەپلىرىنى قاندۇراي، ۋەزىر ئەزەم، ئەمما بۈگۈن كېچە بولمايدۇ.

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — ئاچچىقلاپ سورىدى مىرزا ئەلى تاغاي.

— ھەيزدىن تېخى پاك بولمىدىم، تەخسىرىم. ئۆگۈنلۈككە يېرىم كېچىدە بالىخانىغا چىقسىلا.

مىرزا ئەلى تاغاي مەرىيەمنىسا سۇنغان چۇچىلىق ئاق چوتار لۆڭگىنى ئېلىپ، يۈز ـ كۆزىنى، بويۇن ـ بېشىنى ئېرتىپ خىرىلداپ كۈلدى.

— ۋەزىر ئەزەم، خانئايىم چىقىۋاتىدۇ. مەن ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ كېتەي، — مەرىيەمنىسا بەدىنىنى لىغىلدىتىپ

مېڭىپ قىيا ئۇچۇق ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى.

«كاساپەت، يىلدىن ـ يىلغا خۇددى ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك تولۇپ، ئەجەب چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتىدا! مەن ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدىممۇ نېمە؟ يېڭىساردىن ئەكەلگىنىمدە سېكىلىكى بار كىچىككىنە جىنتەك ئىدى بۇ. مانا ئەمدى يېشىمۇ يىگىرمىدىن ئۆتۈپ قېرى قىز بولۇپ قالدى. ئۇنى ئەمرىمگە ئالاي دېسەم، تۆت خوتۇنۇم بار، يا بىرەرى ئۆلمىدى. ئۇنى يەنە ئىككى يىل ياتلىق قىلماي تۇراي، ئاخىر ئۇندەككە كەلدىغۇ ...» مىرزا ئەلى تاغاي شۇنى ئويلاپ تۇرۇۋىدى، ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ مېھمانخانىدىن چىققان خانئايىم ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ كېتىۋاتقان مەريەمنىساغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، مىرزا ئەلى تاغايغا زەردە قىلدى:

— ۋەزىر غوجام، مەن تاھارەتلىرىگە سۇ بېرىشكە يارىماي قېلىۋاتامدىمەن؟ مەريەمنىسا دېگەن جۇۋاينىمەككە ئېسىلىپلىۋاللىغۇ. ئۇنىڭ نېمىسى ياراپ قالدى شۇنچە؟ دەملىرى ئىچىلىرىگە چۈشۈپ كەتتىغۇ؟ تايىنلىق مېنىڭ خېتىمنى بېرىپ، ئۇنى ئەمرىلىرىگە ئېلىۋالسىلا بولمىسا.

— بولدى بەس، ئاغىچا، ئۇنى دېدەك قىلىدىغان ئىشلارغا سالسامۇ خاپا بولامدىلا؟ ئۇنى ئالىمەن دېمىدىمغۇ، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايمۇ بوش كەلمەي، كۆڭلىدە ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىدى.

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن كېچە مېنىڭ قېشىمدا ياتارلا، — خانئايىمنىڭ سۈرمە تارتقان كۆزلىرى مىرزا ئەلى تاغايغا مىختەك قادالدى.

مىرزا ئەلى تاغاي بۇ جاۋىلداق خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن مۇلايىم تەلەپپۇزدا دېدى:

— ماقۇل، ئاغىچا، باشقا ئاغىچىلارنىڭ يېنىدا ياتمىغىنىمغىمۇ ئىككى ھەپتە بولدى. سىلىنىڭلا ھىدلىرىنى پۇراپ، باشقا خوتۇنلىرىمنىڭ كۆڭلىنى ئىزدىمىسەم يامان

www.uyghurkitap.com

بولمامدۇ؟

— مەن چوڭ خوتۇنلىرى بولغاندىكىن يامان بولمايدۇ.

— ماقۇل، ماقۇل، ئەمىسە مېنى ئوبدان كۈتسىلە، بولامدۇ؟

— بولمامدىغان، تەخسىرىم.

مىرزا ئەلى تاغاي كۆڭلى تارتمىسىمۇ بۇ كىچە خانئايىمنىڭ قېشىدا يېتىپ قالدى، لېكىن ئەس ـ يادى مەريەمنىسادا ئىدى. ئەتىسى ئوردا خىزمەتلىرى بىلەن بولۇپ، ناماز ئەسىردىن كېيىن خاس ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ، خوتۇنلىرىغا دىدارىنى كۆرسەتمىدى. كونا شورپىدا پىششۇرۇلغان موزاي پاچىقى، قىرغاۋۇل كاۋىپى يەپ يىلىكىنى تولۇقلىدى. ئۇ كۆزنەكلىرى ئېچىپ قويۇلغان دېرىزىدىن كۆنگە قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى: «سەئىدخان بەدەخشانغا كەتكەندىن بېرى ئۇنىڭدىن ھېچ خەۋەر يوق. ۋەزىرلىك سۈپىتىم بىلەن ئابدۇرەشىدخانغا ئىلگىرىكىدىنمۇ يېقىن بولۇپ كەتتىم. نېمە دېسەم شۇنىڭغا ئىشىنىدىغان؛ نەگە يېتىلىسەم شۇ يەرگە ماڭىدىغان قىلالىسامالا مەقسىتىمگە يېتىمەن. بۇ نۆۋەت ئابدۇرەشىدخاننىڭ يېنىدا قېلىشىم ئىشىنىڭ ئوڭغا تارتقىنى. ئامەت قۇشى بېشىمدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. تېگى پەس بولسىمۇ، تۆت خوتۇنۇم قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان نازىنىن قىزنى ئۇندەككە كەلتۈردۈم. ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ دورىسى دېگەن مانا شۇ ...»

ئۇ ناھايىتى خۇش ئىدى. ناۋات، زەپەر سېلىپ دەملىگەن چاينى ئىچىپ تېخىمۇ شېرىن خىيالغا غەرق بولدى: «ئۇ مېنى ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ بالىخانىسىدا قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالىدۇ. كىيىملىرىنى يۇتۇنلەي سالدۇرۇۋېتىمەن، ئۇ ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىدۇ ... ئۇنىڭ ياتلىق بولۇشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن. ئۆمۈربويى، ياق، جۇۋانلىق دەۋرى ئاخىرلاشقۇچە خوتۇنلىرىمغا دېدەك، ئۆزۈمگە ئاشنا قىلىۋالىمەن، چىچىغا ئاق چۈشكەندە يۇرتىغا ئەۋەتىۋېتىمەن. ئاندىن ياش دېدەكتىن بىرنى، ياق، ئىككىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، خوتۇن ـ باللىرىمنىڭ خىزمىتىگە

سالىمەن. خالىغان چېغىمدا ئۇلارغا ئۇچامنى تۇتقۇزۇپ ھۇزۇرلىنىمەن ...»

مىرزا ئەلى تاغاي كۆزلىرىنى ئاچتى، غۇلىچىنى كېرىپ ئەسنىدى، سوۋۇپ قالغان چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىدى. ئۇنى تاقەتسىزلىك ئىلكىگە ئالغانىدى. ئاسمانغا گۇگۇم پەردىسى يېيىلدى. ئۇچ كۆزلۈك شامدانلارنى ياندۇرۇپ، ئۆي ئىچى پاللىدە يورۇدى. ھويلىغا قارىغان دېرىزىلەرنىڭ شام يورۇقىدا ھال رەڭگە كىرگەن ئاق شايى پەردىلىرى مەيىن شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. يەرگە مەرۇزە گىلەم سېلىنغان، ئىككى يان تام بىلەن ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى توغرا تامغا لوڭقا گۈللۈك ئىران گىلىمى تارتىلغانىدى. مىرزا ئەلى تاغاي ئۇچ قات مەخمەل كۆرپە ئۈستىدە قوش ياستۇققا يۆلەنگىنىچە پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتتى. تونچە كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرى ئىككى تەرەپكە قايرىلىپ، سامان تاغىرىدەك پومپايغان قورسىقى ئېچىلىپ قالغانىدى. شامغا ئەزان چىقتى. ئۇ تاھارەت ئېلىپ كىرىپ شامنى ئۆتىگەندىن كېيىن خۇپتەنگىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلدى، خۇپتەننى ئوقۇپ بولۇپ جاينامازدىن تۇرۇپ كەتتى. قىبلە تامدىكى سەمەرقەنتتىن ئەكەلگەن تام سائىتى تىنىمسىز چىكىلداپ، ئۇنى تاقەتسىزلىك دېڭىزىغا غەرق قىلماقتا ئىدى. يۈرىكى بارغانسېرى تېز سوقۇپ، بېشى چىڭقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۆرپىگە ئۆزىنى تاشلىدى، ئۇياققا ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ، ئاخىر كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق ئىدى، ھەر قېتىم نەپەس ئالغاندا، قوۋۇزى خۇددى يەل بەرگەندەك كۆپۈپ، ساپان سۆرەپ ھالىدىن كەتكەن كالىدەك ئېغىر پۇشۇلدايتتى. شالاڭ قاشلىرى لىكىلداپ، سالپاڭ قۇلىقى مىدىرلايتتى. پۇشۇلداق ئاخىر چالا بوغۇزلانغان كالىنىڭكىدەك خارتىلداق ئاۋازغا ئۆزگىرىپ، ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، ئاغزى كالاچتەك ئېچىلدى. ئۇ نېمىگە كۈلۈۋاتقاندۇ؟ كۈلگەندىمۇ ئۇزاققىچە

www.uyghurkitap.com

خىرىلداپ كۈلدى. ئۆمرىدە مىسۋاك تىگىپ باقمىغان، كۆكىرىپ كەتكەن چىشلىرى كۆرۈندى. بىردىنلا لەۋلىرى ئۈچلىنىپ، ھاپىا قوۋۇزى ئىچىگە تارتىلدى. ساقال دىدارى يوق ئىڭىكى جالاقلاپ تىترەپ، خورىكى ئاستا ــ ئاستا پەسلەپ قالدى. بىر كۆزى ئېچىلىپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى، چىرايى ناھايىتى سەتلىشىپ كەتتى. «ھاي ــ ھاي ...» ۋارقىرىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆندەرەپ ئورنىدىن قوپتى. ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ، ياندۇرۇقلۇق شاملار ئاللىقاچان كۆيۈپ تۈگىگەنىدى. ئەگەر بىرەرى ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تەلەتىنى كۆرسە، كۈلۈپ تېلىقىپ قالاتتى. «ئەجەب بىر چۈش كۆرۈپتىمىنا، خۇدايا تۇۋا، مەريەمنىسا قىپيالىڭاچ كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋاپتۇدەك، مەنمۇ ساقال ــ بۇرۇتلۇق ياش يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتىمەن. بىر چەتتە خوتۇنلىرىم ئۆلۈك ياتقۇدەك. مېنى قۇچاقلاپ تۇرغان مەريەمنىسا بىردىنلا بەتبەشىرە ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قاپتۇدەك. يائاللا! نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ...»

ئۇ بايا كۆرگەن چۈشىنى ئەسلىۋېدى، ۋۇجۇدىنى سۇر باستى. قولى بىلەن سىيپاپ يۈرۈپ كەمزۇلىنى تېپىپ يېپىندى. ئۆي ئىچىنى نەچچە ئايلىنىپ، ئاخىر تەكچىدە تۇرغان تاش چاقماقنى تاپتى. شامنى تەستە ياندۇردى. دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، ئاسمانغا قارىدى. ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي ئاسمان گۈمبىزىدە كۈمۈش تاۋاقتەك ئېسىلىپ تۇراتتى. «مېنى قارا بېسىپتۇ. ھېلىقى ئالۋاستى مېنى يېرىمىغىچە قان ــ يىرىڭ بىلەن تۇشقان بىر ئازگالغا ئىتتىرىۋەتتى. ئۈستىبېشىم قانغا مىلىنىپ ئازگالدىن مىڭ تەسلىكتە چىقسام، ئالدىمدا بىردىنلا ئۈستىبېشى مېنىڭكىگە ئوخشاشلا قانغا غەرق بولغان سۇلتان مىرزا ئابابەكرى پەيدا بولدى. ئۇ قولۇمدىن سۆرىگىنىچە: ‹سېنى ئەكەتكىلى كەلدىم› دېدى. مەن تىرەجەپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. مەن قاتتىق ۋارقىراپ تاشلىدىم ...»

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئۈششۈك تەگكەن ياپراقتەك تىترەيتتى، باش ــ

بويۇنلىرىدىن تەر قۇيۇلاتتى. ئۇ پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇدى. بىركەمدە قورقۇنچى سەل بېسىققاندەك بولدى. «مېنى راستلا قارا بېسىپتۇ، ئاللا ئىگەم ئۇ مۇدھىش چۈشنى ماڭا قايتا يولاتمىغاي. ئەمدى مەريەمنىسانىڭ غۇنچىسىنى ئۈزگىلى باراي.»

مىرزا ئەلى تاغاي نۆكەر سىياقىدا كىيىنىپ ئۆيدىن چىقتى، ئالدىنقى ھويلىدىن ئارقا ھويلىغا ئۆتتى. كېچە ئايدىڭ ئىدى. ھويلىنىڭ ئوڭ يېقىدىكى ئۇجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ بالىخانىغا قارىدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق بولۇپ، دېرىزە پەردىسى چىراغ يورۇقىدا ھال رەڭ تۇسكە كىرگەنىدى. «ئامرىقىم مېنى ساقلاۋېتىپتۇ ـ دە» دېدى مىرزا ئەلى تاغاي ئىچىدە. باشقا ئۆيلەر ئىمتاس بولسىمۇ، پەردىسى قايرىلىپ بىر كۆزنىكى ئېچىپ قويۇلغان مېھمانخانىدىن يېنىك خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «خانئايىم ئۇيقۇچىلىقتا غېجەك چېلىۋېتىپتۇ. ئۇخلاۋەرسىلە، شاياتۇنۇم، ئويغانمىسىلا، بولسا مۇشۇ پېتى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا غەرق بولسىلا» دېگىنىچە پەلەمپەيگە پۇت قويدى. ۋادەكنى تۇتۇپ بالىخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا چىققاندا ھاسىراپ قالدى. بىردەم تۇرۇۋېلىپ تىنىقى ئورنىغا چۈشكەندە بالىخانىغا كىردى. جىنچىراغ تەكچىدە پىلىلداپ تۇراتتى، يەرگە گۈللۈك قارا كىگىز سېلىنغلىق ئىدى. ئۇدۇلدىكى تام تەرەپكە يوتقان سېلىنغلىق، ئەمما تەكىيىدە قىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىق بېشى كۆرۈنمەيتتى، ئۆي ئىچى ئۇن ـ تىنسىز ئىدى. ئاسقۇدا دۇتار، تەكچىدە «قۇرئان كەرىم»، فارابىينىڭ مۇسىقا توغرىسىدىكى كىتابى، ئىبنى سىنانىڭ ئىنسان كېسەللىكلىرىنى داۋالاش توغرىسىدىكى ئەسىرى، شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ناملىق كىتابلىرى، نەۋايى، لۇتفىي، ئابدۇراھمان جامىي قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ شېئىرىي دىۋانلىرى تىزىپ قويۇلغانىدى. بۇلارنى كۆرۈپ، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ قوشۇمىسى تەئەججۈپ ئىلكىدە تۈرۈلدى. «ماۋۇ ئىشنى ! بىر دېدەك تۇرۇپ بىباھا كىتابلارنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىۋالغىنى نېمىسى؟ توۋا،

www.uyghurkitap.com

تۇۋا ...»

ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا تەكچىنىڭ ئۇك بۇرجىكىدىكى دۇۋەت، قەلەم بىلەن باستۇرۇپ قويۇلغان كەشمىر قەغىزىگە چۈشتى. كۆڭلى كۈتمىگەن بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تۇيۇپ، دەرھال قەغەزنى قولىغا ئالدى. قەلەم يەرگە چۈشۈپ كەتتى، دۇۋەت ئۆرۈلدى.

قەغەزگە ئۇنچە - مەرۋايىتتەك چىرايلىق خەتلەر تىزىلغانىدى:

جانابىي ۋەزىر ئەزەم، سىلى مەندەك بىر دېدەك قىزنىڭ خەت قالدۇرۇپ كېتىشىنى خىياللىرىغا كەلتۈرمىگەن بولغىيدىلە؟ لېكىن، ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن سىلىگە ئاتاپ ئۇشبۇ نامىنى پۈتتۈم. نەزەرلىرىدە مەن بىر ئاجىزە، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان دېدەك. ئەمما، سىلىگە ئايانكى، مەن ئۇنداق تەربىيە كۆرمىگەن نادان قىز ئەمەس. سىلى يېڭىسارغا ھاكىملىق قىلىۋاتقاندا، ئاتام سەرمۇنشى ئىدى. مەن ئۇ چاغدا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەنىدىم. ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىۋاتاتتىم. رەھمەتلىك ئاتام ياخشى كۆڭلى بىلەن سىلىنى ئۆيىمىزگە مېھماندارچىلىققا چاقىرغاندا، نەزەرلىرى ماڭا چۈشۈپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئاتام غەمگە چۆمدى. سىلىدەك تويماس نەپسى بالانى، ۋەھشىي چىلبۆرىنى ئۆيىمىزدە مېھمان قىلغىنىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندى. بۇنى ماڭا ئېيتمىسىمۇ بىلىپ تۇردۇم. سىلى نومۇس قىلماي، مېنى كىچىك خوتۇنلۇققا سوراپ ئۆيىمىزگە ئەلچى كىرگۈزدىلە. «قىزىم كىچىك، ھاكىمغا لايىق كەلمەيدۇ» دەپ ئەلچىلەرنى چىرايلىق سۆز بىلەن ياندۇرغان ئاتام ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەيلا «يېڭىساردا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ خانلىقنى ئاغدۇرماقچى بولغان» دېگەن تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. كېيىن مېنى زورلۇق بىلەن

قەسىرلىرىگە ئەكىلىۋالدىلا. «سىزگە ئىچىم ئاغرىدى، كوچىدا قالسىڭىز بولمايدۇ، ئاتىڭىز ئورنىدا ئاتا بولىمەن» دەپ خەيرخاھلىق قىلغان بولۇپ، خوتۇنلىرىغا خىزمەتكارلىققا تۇتۇپ بەردىلە. بىچارە ئانامنىڭ ئىچ ئاغرىقى، مېنىڭ قايغۇمدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولغانىدىم، لېكىن مۇسۇلمان بەندە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا ئىككىلا دۇنيالىق سائادەتتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. شۇنىڭدىن باشلاپ، كىچىككىنە كاللامدا سىلىدەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، قارا كۆڭۈل، نائىنساب، قانخور ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈشتەك بىر ئارزۇ پەيدا بولدى ...

مىرزا ئەلى تاغاي چۆچۈپ كەتتى. قولىدىكى خەت يەرگە چۈشتى. چىرايى تاتىرىپ، گېلىنى بىركىم بوغۇۋالغاندەك بولۇپ ھالسىزلاندى. ئۇ تامغا يۆلەنگىنىچە ئۇياق - بۇياققا قورقۇمسىراپ قارىدى. «ئالجىپتۇغۇ بۇ مەرەز. ئۆزى نەگە كەتكەندۇ؟ يا بۇ ئۆي ئىچىگە مۆكۈۋالغانمىدۇ؟ ...» جىنچىراغنىڭ پىلىكى كۆيۈپ تۈگەيلا دەپ قالغانىدى. ئالاقزەدە بولغان مىرزا ئەلى تاغاي يەردىن خەتنى ئېلىپ پۇرلەپلا قويۇن يانچۇقىغا سالدى. بالىخانىدىن ئىتتىك چۈشۈپ تاشقىرىقى ھويلىغا چىقتى. باش توخۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: قى - قى - قىق! ... ئۇ خاس ھۇجرىسىغا كىرىۋالدى. ئىگىز دۆڭگە چىققاندەك ھاسىراپ كەتكەنىدى، كۆرپە ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. «ئۇ كاساپەت قەيەرگە كەتكەندۇ؟» بۇ سوئال ئۇنىڭ گاراڭ كاللىسىدىن نېرى بولمىدى. تاڭ سۇزۇلۇشكە باشلىدى، ناماز بامداتقا ئەزانمۇ چىقتى. ئۇ كۆزلىرىنى پالىلدىتىپ تورۇسقا قارىغىنىچە ياتاتتى. كۆڭ قىزىرىپ، شەپەق دېرىزىگە جۇلا تاشلىغاندا ئۇخلاپ قالدى.

— ۋەزىر ئەزەم، ۋەزىر ئەزەم! — ئۆي سىرتىدىن خاس مەھرەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

www.uyghurkitap.com

مىرزا ئەلى تاغاي ئاخىر كۆزلىرىنى ئاچتى، تونىنى كىيدى، قاپىقى ئىششىپ، يۈزى خالتىلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ خاس مەھرەمى تۇردى بىلەن ياساۋۇل قاسىم قىپچىرنى كۆردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەزىر ئەزەم، — ئېگىلىپ سالام بەردى قاسىم قىپچىر.

مىرزا ئەلى تاغاي جاۋاب سالامياندۇرمايلا، ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ئۆيگە ئەكىردى.

— ئاقسۇدىن قاچان كەلدىڭ؟

— بۈگۈن، ھېچ يەردە توختىماي، ھېچكىم بىلەنمۇ كۆرۈشمەي ئۇدۇل ئالدىلىرىغا كېلىشىم، — دېدى قاسىم قىپچىر ئالدىراپ سۆزلەپ. ئۇنىڭ سوزۇنچاق يۈزىنى چوقۇر باسقانىدى.

— ئەمىر خوجا سۇلتان بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ — سورىدى مىرزا ئەلى تاغاي پىچىرلاپ.

— كۆرۈشتۈم.

— مەكتۇپنى بەردىڭمۇ؟

— بەردىم، جاۋاب مەكتۇپمۇ ئەكەلدىم.

— ناھايىتى ياخشى، — ئۇ مەكتۇپنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن قاسىم قىپچىرنى بەش سەر كۈمۈش بىلەن تارتۇقلىدى.

— ئۆيۈڭگە قايتىپ ئوبدان ئارام ئالغىن، قاسىم. مۇشۇ كۈز ئاخىرىدا سېنى ئۆزۈم ئۆيلەپ قويىمەن.

— ئىنىپاتلىرىغا مىڭ مەرتەم ھەشقاللا، ۋەزىر ئەزەم. بويتاق يۈرۈپ گۇناھقا پېتىپ كەتتىم، مەريەمنىساغا بولسىمۇ ئۆيلەپ قويسىلا.

— مەريەمنىسانى دەمسەن؟ ئۇ بولمايدۇ. باشقا بىر چىرايلىق قىزغا چېتىپ قويىمەن. بارغىن، دەم ئال، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي بوغۇلۇپ.

قاسىم قىپچىر چىقىپ كېتىشى بىلەن ئۇ مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم !

جانابىي ۋەزىر ئەزەم، ئاۋۋال ئۆزلىرىگە ئاللانىڭ سالاملىرى بولغايكى، ئۇ ئۇلۇغ زات سىلىدىن رەھمەت – ئىنايىتىنى ئايىمىغاي. سالامدىن سوڭرە مەقسىتىم شۇكى، پېقىرغا مەكتۇپ يوللاپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ مېنى ئاتىسىغا چېقىپ، كۆزدىن يوقاتماقچى بولۇۋاتقىنىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، كەمىنىلىرىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقانلىقلىرى ئۈچۈن سىلىگە كۆپتىن – كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. مەسلىھەتلىرى بويىچە ئاكام سەئىدخاندىن ئادا – جۇدا بولۇش ئۈچۈن تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشتىم. جانابىي ئاللاغا ئايانكى، سىلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايمەن ۋە سىلىگە ئىشىنىمەن. ئەگەر مەقسىتىم ئەمەلگە ئېشىپ، مەملىكەت سۇلتانى بولسام، ئۆزلىرىنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەيمەن. مەن ھەرىكەتنى پات يېقىندا باشلايمەن، مەدەتكار بولغايلا.

ئېھتىرام بىلەن:

ئەمىن خوجا سۇلتان

ھىجرىيە 937 – يىلى① رەبىئۇلئەۋۋەل

— ماشائاللا، ماشائاللا، — مىرزا ئەلى تاغاي ئۆز – ئۆزىگە پىچىرلىدى، — ئەمىن خوجا سۇلتان قوزغالسىلا، ئابدۇرەشىدخان تۈگىشىدۇ – دە، سەئىدخان كەلگۈچە پايتەخت بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتىدۇ.

ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. «خەپ قانجۇق ! سېنى تاپماي قويمايمەن» دېگىنىچە يانچۇقىدىن ھېلىقى خەتنى ئالدى ۋە باشتىن ئوقۇپ «سىلىدەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، قارا كۆڭۈل، نائىنساب، قانخور ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈشتەك» دېگەن يېرىگە كەلگەندە «ھۇ مەرەزا!» دەپ تىللىۋەتتى. ئۇ ئىشىككە بىر

① ھىجرىيە 937 – يىلى — مىلادىيە 1531 – يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن خەتنىڭ ئاخىرىغا كۆز يۈگۈرتتى:

جانابىي ۋەزىر، ئون ئۈچ يېشىمدىن ھازىرغىچە خورلاپ كەلدىلە. ئاخىر ئاھىم ئاللاغا يەتكەن چېغى، ماڭا ساداقەتمەن يىگىت يار بولدى. مۇشۇ كېچە ئىپلاس ئاياغلىرى بالىخانىغا يەتكۈچە ئاشۇ يىگىتكە ئەگىشىپ كېتىپ قالدىم. ئۇ مېنى ۋىسال بېغىدا بەختىيار قىلغۇسى. سىلى ئەمدى مېنى قايتا كۆرەلمەيدىلا. قايتا دىدارلاشقىنىمىزدا شۇم باشلىرى نىجىس تەنلىرىدىن جۇدا بولغان بولىدۇ. ئاللا سىلىگە لەنەت قىلغاي.

مەرىيەمنىسا

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ چوققىسىدىن كىرگەن ئوت تاپىنىدىن چىقىپ كەتتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى. يۈزىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارتىشىپ، بېشىغا ئاغرىق كىردى.

— جانابىي ۋەزىر ئەزەم، — تۇردى ئىشىكنى ئېچىپ تەزىم قىلدى، — سۇلتان سىلىنى دەرھال ئوردىغا كەلسۇن دەپ چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ.

مىرزا ئەلى تاغاي ناشتىمۇ قىلماستىن، شاپاشلاپ ئوردىغا قاراپ ماڭدى.

## 2

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

شانۇشەۋكەتلىك، قەدىردان ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخانغا، جانجىگەر قىزىم چۈچۈك سۇلتان بېگىمگە، كۆزۈمنىڭ نۇرى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى بولغان نەۋرىلىرىم ئابدۇللەتىفخان بىلەن ئابدۇلكېرىمخانغا، مەملىكەت ئاتىسى بولغان سەئىدخان ئىنىمغا، مېھرىبان ھەمشىرىلىرىم مەختۇمە

سۇلتان بېگىم بىلەن ھەبىبە سۇلتان بېگىمگە ۋە خانزادىلەرگە ئاللاھنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللانىڭ دۇئايى سالامىلىرى بولسۇنكى، ئۇ مۇبارەك زاتنىڭ مېھىر - شەپقىتى سىلەرگە كېچەيۇكۈندۈز يار بولغاي !

مەن سىلەرنى ھەر زامان ياد ئېتىپ، مۇبارەك دىدارىڭلارنى ساق - سالامەت كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇۋاتىمەن. ئاللا ئىگەم بىزنى مۇراد - مەقسىتىمىزگە يەتكۈزگەي. ئايرىلىقىمىز يىراق بولغاچ، پات - پات ھال - ئەھۋال سورىشىپ، بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتەلمىدۇق. ھاياتلىقتا بەندىنى ئۆيلىمىغان تەقدىر - قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىكەن. مانا ئوغلۇم تاھىرخان سۆزۈمنى ئاڭلىماي قارا نىيەت مەنسەپدارلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، سەئىدىيە خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىش قەستىدە ئۆزبېكلەر بىلەن بىرلىشىش يولىنى تۇتتى. ئاقىۋەتتە بۇ نادان، تەجرىبىسىز ئوغلۇم دەشتى قىپچاقنىڭ سۇلتانلىقىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەتراپىدىكى ئەمىر، سەركەردىلەر ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ ھازىر سۇلتان ئەمەس، سەرسان. مانا شۇنداق ئەھۋالات تۈپەيلى سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كېتىپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈش نىيىتىدە سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمەن. ئاڭلىسام ئىنىم سەئىدخانمۇ ئىسسىقكۆل دىيارىدىن ياركەندكە قايتىپ كېتىپتۇ. ئوغلۇم تاھىرخاندىن ماڭا ۋاپا كەلمىدى. ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخاننىڭ ماڭا ئۆز ئانىسى ئورنىدا مېھىر - ۋاپا يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. كەرەملىك ئاللا تىلەكلىرىمنى ئىجابەت قىلىپ، پانىي ئالەمدىن ۋىدالاشقىنىمدا مەرھۇمە ئانام شاھ بېگىمنىڭ يېنىدا يېتىشىمغا نېسىپ قىلغاي، ئامىن !

دىدار كۆرۈشكۈچە ئاللا ھەممىمىزنى ئامان قىلسۇن.

سۇلتان نىگار خېنىم بىنتى سۇلتان يۇنۇسخان

ھىجرىيە 937 - يىلى شەئبان

چۈچۈك سۇلتان بېگىم مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

— سەۋر قىلىسىلا، خانىش ئايىم! — تەسەللى بەردى باش كېنىزەك شەمشىبانۇ، — ئاللا خان ئانىمىزنى ئامان قىلغاي.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، مەلىكەم، سەۋر قىلىسىلا، — دېيىشتى باشقا كېنىزەكلەرمۇ تەزىم قىلىشىپ.

— مېنى نېمىشقا يىغلىغىلى قويمايسىلەر؟ ياش بىلەن بىللە دەردىمۇ تۆكۈلىدۇ. سىلەر چىقىپ كېتىڭلار، ئىچىمنى بوشىتىۋالاي، — چۈچۈك سۇلتان بېگىم بىر - بىرىگە قارىشىپ گەپ قىلىشقا پېتىنالماي تۇرغان كېنىزەكلەرگە يىغلامسىراپ ئاچچىقلىدى.

شەمشىبانۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن كېنىزەكلەر چىقىپ كېتىشتى. سارايدا چۈچۈك سۇلتان بېگىم يالغۇز قالدى. ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ شۇنداق ھەسرەت بىلەن يىغلىدىكى، تام - تورۇسلارمۇ لەرزىگە كەلدى. ئەگەر سارايغا ئابدۇرەشىدخان كىرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ يىغىسى خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلغان بولاتتى.

— ئەي يۈرەك پارەم، نېمە بولدىڭىز؟ سىزگە كىمدىن ئازار يەتتى؟ نېمىشقا مۇنچىۋالا ھەسرەتلىك يىغلايسىز؟ — ئابدۇرەشىدخان مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى.

— ئاھ، باشپاناھىم! — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم پەرياد چېكىپ. ئۇ مەيدىسىگە يېيىلغان چاچلىرىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، قول سۇنۇپ كەلگەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلىغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— مەلىكەم، زادى نېمە بولدىڭىز؟ خاس ھۇجرىڭىزغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى كىرسەم، سىزنى «سارايدا سازەندە، ئۇسسۇلچى كېنىزەكلەر بىلەن كۆڭۈل ئېچىۋاتىدۇ» دېيىشتى. يېقىملىق مۇسىقا، نەپىس ئۇسسۇلدىن بىللە ھۇزۇرلىنىدىكەنمىز دەپ يېنىڭىزغا كىرسەم، ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپسىزغۇ؟ كېنىزەكلەر

قىنى؟

چۇچۇك سۇلتان بېگىم بۇرجەكلىرىگە گۈل كەشتىلەنگەن يىپەك قول ياغلىق بىلەن ياشلىرىنى سۈرتتى.

— كېنىزەكلەرنى چىقىرىۋەتتىم.

— نېمىشقا؟

— خان ئانامدىن مەكتۇپ كەپتىكەن، ئوقۇپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى، مۇسىقا بىلەن ئۇسسۇلدىن رايىم ياندى.

— سىزنى مۇنچە داغۇھەسرەتتە قويغان ئۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن مېنى ۋاقىپلاندۇرمامسىز؟

چۇچۇك سۇلتان بېگىم خەتنى ئۇنىڭغا ئۇزارتتى.

ئابدۇرەشىدخان مەكتۇپنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئويچان ھالەتتە دېدى:

— خان ئانام ئۆتكەنكى خېتىدە ئۆزىنىڭ ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، سىزنى كۆرگۈسى كەلگىنىنى ئېيتىپتىكەن. بۇ خېتىدە بولسا بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوچۇق ئىزھار قىپتۇ. بۇنىڭغا خۇش بولماي نېمانچە يىغلايسىز؟

— نېمىشقا يىغلىماي؟ ئەگەر مەن سىلىگە ياتلىق بولماي ئانام قېشىدا تۇرىۋەرگەن بولسام، تاھىرخان ئاكام دەشتى قىپچاقنىڭ خانلىقىدىن ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتى. مەن ئۇنىڭ باشباشتاقلىق قىلىشىغا يول قويمايتتىم. ئاھ، كىمدىنىڭ قېنىنى تۆكۈلگەن ئانا دىيار! ئاھ، مېنىڭ يېشىل يايلىقىم! ... — چۇچۇك سۇلتان بېگىم يەنە كۆز يېشى قىلدى، — ئاھ، غەمگۇزار ئانام! سەن قوغلاندى بولۇپ بۇ يەرگە كېلىدىكەنسەن. قارلىق تاغلارنى، گۈلچىمەنلىك دالانى، تاي ـ قوزىلار يايلايدىغان يېشىل يايلاقنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىدىكەنسەن. ئاھ، مېنىڭ مېھرىبانىم ئانام! ...

— يىغلىماڭ، بېگىم! — ئابدۇرەشىدخان كەينىنى قىلىپ يىغلاۋاتقان خانىشنى ئۆزىگە قاراتتى، — سىز ماڭا ياتلىق بولمىسىڭىزمۇ، تاھىرخاندىن سۇلتانلىق تاجىنى قازاق ـ

قىرغىز شاھزادىلىرى تارتىۋالاتتى. چۈنكى، ئاكىڭىز دىنسىز، توخۇ يۈرەك، پاراسەتسىز، سۆلەتۋاز. ئۇنداق كىشىلەر تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ. خان ئانام بۇ يەرگە كەلسە، يات ئەلگە قوغلاندى بولغان بولمايدۇ، بەلكى ئۆز ئېلىگە، ئانا يۇرتىغا كەلگەن بولىدۇ. سىز تېخىچە بۇنى بىلمەمسىز؟

— ئۇنى بىلىمەن. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاشۇ گۈزەل ماكانغا چىدىمايۋاتىمەن، پاسسىبانىم.

— بولدى، ئەمدى كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ. ئۇن نەچچە يېشىمدا جەڭگە قاتناشقانىدىم، تاكى مۇشۇ دەمگىچە قولۇمدىن قىلىچ چۈشمىدى. ئاتام موغۇلىستاندىلا ئەمەس، پۈتۈن ماۋەرائۇننەھردىمۇ تىنچلىق، ئاسايىشلىق بەرپا قىلىشقا كۆپ تىرىشتى. بابۇر مىرزا ئاغام ھىندىستاندا خانلىق تىكلىدى. ئاتام سەئىدخان زالىم سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى ئاغدۇرۇپ سەئىدىيە خانلىقىنى قۇردى. گەرچە ئەل ئادالەتلىك سۇلتانغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئادالەتنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىقە ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ جاھالەت، زورلۇق، زۇلۇم شۇمبۇيىلىرىنى ئۈندۈرمەكتە، ئەلنى بىئارام قىلماقتا. مەلىكەم، ئانىمىز سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىكى سەۋەبمۇ ئاشۇ. ئاتام ئۇنى ئۆز ئانىسىنى كۈتۈۋالغاندەك مەمنۇنىيەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. مەنمۇ ئوغۇللۇق مېھرىم بىلەن خىزمىتىدە بولىمەن. سىز ھەرگىز باشقىچە ئويدا بولماڭ.

چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى پەسىيىپ، گۈزەل چېھرى ئېچىلدى.

— ئانامنى ئۆز ئانىلىرىدەك كۆرىدىغان بولسىلا بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى، سۇلتانىم. ئاللا نىيەتلىرىگە يەتكۈزگەي، — دېدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئىلتىجا قىلغاندەك، ئارقىدىن يادىدىن بىرنەرسە كەچكەندەك بولۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بايا خۇش خەۋەر ئەكەلدىم دېگەنىدىلە. قېنى ئېيتىسىلىچۇ، قانداق خۇش خەۋەر ئىكەن ئۇ؟ — ئۇ ئۇدۇل تامدىكى ئەينەكتىن

ئابدۇرەشىدخاننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈرگۈرگەنلىكىنى كۆردى. چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، كىمخاب يېكەنداز ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئېرىنىڭ ئالدىدا يۈكۈندى. دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئېتەكلىرىگە زەردەك چېچىلدى.

— مەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىردىنبىر ۋەلىئەھدى بولدۇم، قەدىرلىكىم.

— راستمۇ، خان ئاتام شۇنداق جاكارلىدىمۇ؟ — هاياجانلىنىپ سورىدى چۈچۈك سۇلتان بېگىم.

— راست! — دېدى ئابدۇرەشىدخان، — خان ئاتام بۈگۈن ئەتىگەن سۇلتان سارىيىدا مەجالىسۇن ئۆمەرا[1] ئۆتكۈزۈپ، مېنى ۋەلىئەھدلىككە تەيىنلىدى. ئاندىن مەيدانى ئادالەتتە خەلقئالەمگە ۋەلىئەھد بولغىنىمنى تەنتەنە بىلەن جاكارلاپ، ماڭا شاهانە تون ۋە ئالتۇن تاج كىيدۈردى، بېلىمگە ئالتۇن كەمەر باغلاپ زۇلپىقار ئاستى، قولۇمغا شاهلىق هاسىسىنى تۇتقۇزدى. «قۇرئان كەرىم»نى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلماسلىق، جاپا - مۇشەققەتتە، راهەت - پاراغەتتە ئاۋام بىلەن بىللە بولۇش توغرىسىدا قەسەم قىلدۇرۇپ، تەختتە يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئىنىلىرىم ئىسكەندەر سۇلتان، ئىبراهىم سۇلتان، مۇهسىن سۇلتانلارنىڭ ماڭا سەمىمىي بەيئەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ قەسەم ئىچۈردى. بۈگۈن هاياتىمدا يېڭى بىر كۈن باشلاندى.

— مۇبارەك بولسۇن، سۇلتانىم، سىلىگە ئاززاق سوۋغام بار ئىدى، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلغايلا. مەن ئەكىرەي، — چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ، سارايدىن خاس هۇجرىسىغا چىقتى. كىيىم - كېچەكلەرگە مەسئۇل كېنىزەك گۈلئايىمغا بۇيرۇدى:

— ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئانام سۇلتان نىگار خانىم ئەۋەتكەن

---

[1] مەجالىسۇن ئۆمەرا — ۋەزىر - ئەمىرلەر كېڭىشى.

بوغچىنى كەلتۈرۈڭ.

— باش ئۈستىگە، خانىش ئايىم، — ئۇچىسىغا قوشۇقنىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان قارا يوللۇق ئەتلەس كۆڭلەك، بېشىغا گىلەم دوپپا كىيگەن گۈلئايىم ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

— ئات باقار ھاشىم قۇلانىغا ئېيتىڭ، مەن تاپشۇرغان ئاق ئاتنى قەسىرگە كەلتۈرسۇن.

— خوپ، ئالىيلىرى، — باش كېنىزەك شەمشىبانۇ ھاشىم قۇلانىغا مەلىكىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى.

گۈلئايىم بوغچىنى ئەكىردى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم بوغچىنى ئېچىپ چىرايلىق قاتلانغان يىپەك تونىغا بىر قارىۋېتىپ، يەنە يۆگەپ گۈلئايىمغا كۆتۈرگۈزدى، ئارقىدىن ھويلىغا چىقتى. ئىشىكتىن شەمشىبانۇ كىرىپ كەلدى.

— ھاشىم قۇلانىغا سۆزۈمنى يەتكۈزدىڭىزمۇ؟

— يەتكۈزدۈم، مەلىكە. ئاتنى ھازىر ئەكەلمەكچى.

— ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، ئاتنى ھەرەم سارىيى ئالدىغا ئېلىپ بارسۇن.

— خوپ، خانىش ئالىيلىرى.

چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئىچكىرىكى ھويلىدىن دالان ئارقىلىق كەڭ ھويلىغا چىقتى. كۆكلەم شامىلى ھويلىدىكى قىزىلگۈللەرنى يەلپۈندۈرەتتى. ھويلا يولى تال - باراڭلىق بولۇپ، كۆن چۈشمەيتتى. گىلاس، ئەينۇلا، ئالما دەرەخلىرى ھويلىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. يەرگە تۆت بۇرجەك خىش ياتقۇزۇلغان، پاكىز سۇپۇرۇلۇپ، سۇ سېپىلگەنىدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم كېنىزەكلىرى بىلەن ئوتتۇرىدىكى گۈللۈكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ سارايىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. گۈلئايىمدىن بوغچىنى ئېلىپ، كېنىزەكلەرنى قالدۇرۇپ ئۆزى سارايغا كىرىپ كەتتى.

ئابدۇرەشىدخان خانىشىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ:

— مەرھابا، مەلىكەم، ماڭا تەييارلىغان سوۋغىلارنى دۇنيانىڭ ئۇ قېتىدىن ئەكەلدىڭىزمۇ نېمە؟ شۇنچە ئۇزاق يوقلىماپ

كەتتىڭىزغۇ؟ — ئابدۇرەشىدخاننىڭ مىختەك قادالغان قارا كۆزلىرى خانىشنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى.

— نەدىكىنى، سۇلتانىم، يانلىرىدىن چىقىپ كەتكىنىمگە ئۇزاق بولمىدىغۇ؟ — خانىش ئولتۇرۇپ بوغچىنى ئاچتى، — قېنى كىيىپ باقسىلا.

ئابدۇرەشىدخان ئۈچىسىدىكى ئالتۇن تۇگمىلىك شاھانە تونىنى سېلىۋېتىپ، مىسىرنىڭ ئاق يىپەكىدىن تىكىلگەن زەر يوللۇق تونىنى كىيدى.

— شۇنداق ياراشتى، سۇلتانىم. بۇنى مۇشۇ كۈن ئۈچۈن ساقلاپ قويغانىدىم. بۇ مېنىڭ سوۋغىتىملا ئەمەس، خان ئانىلىرىنىڭمۇ سوۋغىتى. يىپەكنى ئۆتكەن يىلى ئانام دەشتى قىپچاقتىن ئەۋەتىپتىكەن. يازلىق تونلىرىغا ئوخشاش قىلىپ ئۆلچىتىپ تىكتۈرۈپ قويغانىدىم، — چۇچۇك سۇلتان بېگىم ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدى - كەينىگە ئۆتۈپ سىنچىلاپ قارىدى.

— ئىلتىپاتىڭىزغا كۆپ رەھمەت، قەدىرلىكىم، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن قاراپ.

خاس مەھرەم كىرىپ چۇشلۇك تاماققا داستىخان سالدى. كېنىزەكلەر چىنە - تەخسىلەرگە ئېلىنغان قېتىق، سۇزمە، مېۋە شەربەتلىرىنى ئەكىرىپ داستىخانغا تىزدى، نان، مەزە قويدى.

— كۆكلەم كىرگەندىن بۇيان شىكارغىمۇ ئاچىقمىدىلا، ئالەمپاناھ. دالانى، بوك - باراقسان جاڭگالنى، دەريا ۋادىلىرىنى سېغىنىپ قالدىم، — دېدى چۇچۇك سۇلتان بېگىم شاتۇت شەربىتى بىلەن تولدۇرۇلغان پىيالىنى ئېرىگە سۇنۇپ، — ۋەلىئەھد بولغان ئادەم خانىشى بىلەن شىكارغا چىقسا بولمامدۇ يا؟

ئابدۇرەشىدخان شەربەتنى ئىچىپ ھۇزۇرلاندى، خانىشقا قاراپ باش لىڭشىتتى.

— پىر - ئۇستازلار خوتۇن كىشى شىكارغا چىقسا نامەھرەم بولىدۇ، دەپ ماڭا بىرقانچە قېتىم ئېيتقانىدى، شۇڭا سىزنى

www.uyghurkitap.com

شىكارغا ئاچىقمىغانىدىم. ئەگەر راستلا چىققۇڭىز بولسا، شەنبە كۈنى ئاچىقاي. بۇنىڭ شەرتى شۇكى، شىكارغا مەن ۋە ئوغۇللىرىمدىن باشقا ئەر زاتى چىقماسلىقى كېرەك.

— سىلىنىڭ شەرتلىرىگە كۆنمەسلىككە كىمنىڭ ھەددى، سۇلتانىم. شەنبىگە يەنە تۆت كۈن بار ئىكەن.

— ئەمىسە تەييارلىقنى پۇختا قىلىڭ. توشقان ئوۋلىسىڭىز ئەجەب ئەمەس، — چاقچاق قىلدى ئابدۇرەشىدخان.

— توشقان؟ قاراپ تۇرسىلا، بۆرە ئوۋلىمىسام ھېساب ئەمەس، — چۈچۈك سۇلتان بېگىم قاقاھلاپ كۈلگىنىچە دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ سىرتقا قارىدى، — مانا شىكارغا مىنىپ چىقىدىغان ئاتىمۇ ئەكەپتۇ.

ئابدۇرەشىدخان ھەيرانلىق ئىلكىدە كېلىپ سىرتقا قارىدى. دېگەندەك ئېگەرلەنگەن بىر ئاق ئات گۈللۈك يېنىدا تىزگىن سىيرىپ تۇراتتى.

— بۇمۇ ۋەلىئەھد بولغانلىرىنى قۇتلۇقلاپ قىلغان سوۋغىتىم. ئۆتكەن يىلى دەشتى قىپچاقتىن ئېلىپ كېلىنگەن تاي ئىدى، چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ. چىقىپ كۆرۈپ باقسىلا، يارامدىكىن؟

ئابدۇرەشىدخان خانىش بىلەن ساراي ئىشىكىدىن چىقىشىغا، ھاشىم قۇلان ئاتنىڭ تىزگىنىنى شەمشىبانۇغا بېرىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

ئابدۇرەشىدخان كېلىپ شەمشىبانۇنىڭ قولىدىن تىزگىننى ئېلىۋىدى، ئاق قۇلان ياتسىرىغاندەك تېپچەكلەپ كىشنەۋەتتى. ئۇ ئاتقا بىر سەكرەپ مىنىۋالدى. ئاق قۇلان قاتتىق يۇلقۇنۇپ ئابدۇرەشىدخاننى ئېتىۋەتكىلى تاس قالدى. ئابدۇرەشىدخان ماھىر چەۋەنداز بولغىنى ئۈچۈن ئالدىغا ئېڭىشىپ تىزگىننى چىڭ تارتىپ ھويلىنى ئىككى قېتىم ئايلاندى. ئۈچىنچى قېتىمدا بىرئاز ياۋاشلىغان ئاق قۇلان شۇنداق چىرايلىق يورغىلىدىكى، چۈچۈك سۇلتان بېگىم كېنىزەكلەر بىلەن چاۋاك

چىلىشىپ كەتتى.

ئابدۇرەشىدخاننى چوچۇك سۇلتان بېگىملا قۇتلۇقلاپ قالماستىن، ئىككىنچى خانىشى نۇرنىسا سۇلتان بېگىممۇ مۇبارەكلىدى. ئۇ ئالتۇن ساپلىق خەنجەر بىلەن نەپىس تىكىلگەن ئاق قالپاق سوۋغا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغىنىنى بىلدۈرۈۋىدى، بۇ سوۋغا ھەممە سوۋغىدىن ئېشىپ چۈشتى. ئانىسى مەختۇمە سۇلتان بېگىم بىر ئالتۇن كەمەر تەقدىم قىلدى. ھەبىبە سۇلتان بېگىم ئۇنىڭغا تون كىيدۈردى. بۇ قۇتلۇق دەملەر ئۇزاققا سوزۇلمىدى. ئاقسۇدىن شۇم خەۋەر كېلىپ، گۈلئېرەم ئوردىسى ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى.

## 3

ئاسمان گىرىمسەن، كۈننىڭ نەۋاق بولغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. ھاۋا تىنچىق، شامالدىن ئەسەر يوق ئىدى. گۈلئېرەم ئوردىسىدىكى دەل ـ دەرەخلەر سالپىيىپ قىمىر قىلمايتتى. گۈل ـ گىياھلارمۇ سولىشىپ، گويا ھىجران ئازابىغا گىرىپتار بولغان قىزدەك مۇڭلىنىپ قالغانىدى. سۇلتان سارىيىنىڭ دەرپەردىلىك دېرىزىلىرى پۈتۈنلەي ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان سالقىن ھاۋا ئورنىغا قىزىق تونۇر تەپتىدەك بىر خىل ئىسسىق ھەر تەرەپتىن ئۇرۇلاتتى.

ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئەمىر ـ سەركەردىلەر، قازى ـ قۇززاتلار، ئالىم ـ ئەدىبلەر، مۇنەججىم ـ ھۆكۈمالار قوللىرىنى كۆكسىلىرىگە ئالغىنىچە تەختتە ئۆرە تۇرغان سەئىدخانغا تىكىلگەنىدى. ئۇلار قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەقىدە باغلاپ ئىخلاس قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆز سۇلتانىغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى دەپ بىلەتتى. سەئىدخان: «مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەم، مېنى مۇنچە ئىززەتلەپ، ئاللا ئالدىدا گۇناھكار قىلماڭلار» دەپ قانچە ـ

قانچە قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، تاغ ـ دالا، سەھرا ئەھلىدىن تاكى شەھەر، ئوردا ئەھلىگىچە ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق بەجانىدىل ھۆرمەت قىلىشاتتى، قەدىرلىشەتتى. بۇ چوقۇنۇش، ئۇلۇغلاش بولماستىن، تەبىئىي پەيدا بولغان سەمىمىي ئەقىدە ئىدى. ھەممە شاھ ـ سۇلتانلارنىڭ ئۇنداق ھۆرمەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. خەلق غېمىنى يەيدىغان ئادالەتلىك پادىشاھلار مۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايدۇ. لەۋزىدە تۇرمايدىغان، دىلى بىلەن تىلى ئوخشىمايدىغان، قىلغىنىنى دېمەيدىغان، دېگىنىنى قىلمايدىغان مۇستەبىت پادىشاھلار زورلۇق ـ زۇلۇم بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلەنمەستىن، ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزى بولمىسا جاھاندا قىل تەۋرىمەيدىغانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سېلىپ، ئاۋامنى ئۆزىگە چوقۇندۇرىدۇ. ئاقىۋەت ئۇنداق پادىشاھلار خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچراپ ھالاك بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۈگۈن سۇلتان سارىيىغا خوتەن، قەشقەر، تۇرپان، ئىسسىقكۆل، ئۆرەتۆپە، بەلۇجىستان، كەشمىر، تىبەت دىيارلىرىنىڭ ھاكىملىرى يىغىلغانىدى. ھىندىستان، ئافغانىستان، خۇراسان، خارەزىم، پەرغانە، ئىران، ئىراق، تۈركىيە، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىمۇ كەلگەنىدى. بۇنىڭدىن بۈگۈن ناھايىتى مۇھىم پەرماننىڭ جاكارلىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

سەئىدخان يەنە بىر قېتىم كۆپچىلىكنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. سەيىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگانغا باش لىڭشىتىپ قويۇپ ئاۋۋال ئۆزى ئولتۇردى. ئاندىن باشقىلار بىر ـ بىرلەپ ئولتۇرۇشتى. ئابدۇرەشىدخانلا ئۆرە تۇرۇۋەردى.

ــ يارلىق ! ــ سەئىدخاننىڭ ياڭراق ئاۋازى ساراي ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈردى، ــ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن، ۋەتەنگە،

خانلىقىمىزغا ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكارلاردىن باشقا مەھبۇسلار بۇ يىل رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىغىچە قويۇپ بېرىلسۇن. بۇ يارلىقنىڭ يازمىسى ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئەمىر، ھاكىملارغا بۈگۈنلا تارقىتىپ بېرىلسۇن!

— ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن بۇ يارلىقنى جارى قىلغايمىز، شاھىم، — دېيىشتى ئورنىدىن تۇرغان كۆپچىلىك.

— ئاللا سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن! ئولتۇرۇڭلار، جانابلار.

ھەممەيلەن ئولتۇرۇشتى. ئابدۇرەشىدخانلا سەئىدخاندىن بىر قەدەم ئارقىدا — تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قول باغلاپ تۇرىۋەردى.

— يارلىق! — سەئىدخاننىڭ ئاۋازى بايىقىدىنمۇ ياڭراق ئىدى، — ئېلىمىز پۇقرالىرى مەيلى يەككە، مەيلى كارۋان بولۇپ يات ئەللەرگە مال ئېلىپ چىقسا، مېلىدىن باج ئېلىنمىسۇن. يات ئەللەردىن ئەكەلگەن ماللارنىڭ پايدىسى بازار تەننەرخى بويىچە ئادىل ھېسابلىنىپ، نەخ پايدىنىڭ ئوندىن بىر قىسمى باجگىربەگ ئارقىلىق خانلىقىمىز خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلسۇن. يات ئەللىك سودىگەرلەر ئەكەلگەن ماللارنىڭ پايدىسىمۇ بازار نەرخى بويىچە توغرا ھېسابلىنىپ، نەق پايدىنىڭ ئوندىن بىر قىسمى باجگىربەگ ئارقىلىق خانلىقىمىز خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلسۇن. ئۇلار بازارلىرىمىزدىن سېتىۋالغان ھەرقانداق نەرسە ـ كېرەك ئۈچۈنمۇ باج ئېلىنمىسۇن. ئۇلارنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكى ئېلىمىزگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ تاكى تۇپرىقىمىزدىن چىقىپ كەتكۈچە مۇھاپىزەت قىلىنسۇن.

— ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن بۇ يارلىقنى جارى قىلغايمىز، — دېيىشتى يەنە ئورنىدىن تۇرغان كۆپچىلىك.

— جانابلار، كۈن ئىسسىپ تىنچىق بولۇپ كەتتى. ئاللا قەھرىتاندا ئىسسىق ئارامگاھ ئاتا قىلغاندەك، تومۇزدىمۇ باغۇبوستانلىق سەيلىگاھ ئاپىرىدە قىلىپ بەرگەندۇر. ھەربىرىڭلارنى جاھانباغدا سالقىنلاشقا تەكلىپ قىلىمەن. ئىككى يارلىق ھەققىدە قانداق پىكىر ـ تەكلىپىڭلار بولسا، ئاڭلاپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇلاھىزە قىلىپ باقسام بولىدۇ، — سەئىدخان شۇنداق دەپ سۇلتان سارىيىدىن چىقتى. كەينىدىن ئابدۇرەشىدخان، ۋەزىر - ۋۇزرالار قەدەم بېسىشتى.

سۇلتان سارىيى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىت قالدى. مىرزا ئەلى تاغاي سەييىدمۇھەممەد مىرزا، مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ۋە ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ھەمراھلىقىدا كېتىۋاتقان سەئىدخانغا نەچچە قېتىم يېقىنلاشماقچى بولدى - يۇ، سەپنى بۇسۇپ ئالدىغا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ نۆكەرلەر مەشىق قىلىدىغان سەيناسىغا ئۇلىغان ئاتلار كەلتۈرۈلگەنىدى.

سەئىدخان ئاق قاشقىلىق قارا گىر ئېتىغا مىنمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ شىۋىرلىدى:

— خان ئالىيلىرى، ئاقسۇدىن شۇم خەۋەر كەلدى. ئەمىن خوجا سۇلتان سەئىدىيە خانلىقىغا بېيئەت قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئالىيلىرىغا سادىق سەردار، بەگلەرنى قىرغىن قىپتۇ.

— بۇ خەۋەرنى كىم ئەكەلدى؟ — چىرايى ئۆڭۈپ سورىدى سەئىدخان.

— رۇستەمبەگ.

— ئۇ قېنى؟

— ئانىسىنىڭ يېنىدا ئارام ئېلىۋاتىدۇ.

— رۇستەمبەگ قاچان كەلگەنىدى؟

— ئالىيلىرى يارلىق جاكارلاۋاتقان چاغدا دىۋانخانىغا كىرىپ ئەھۋالنى ماڭا ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى كۆرۈمسىز بولغاچقا، ئالىيلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى بىئەپ كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكۈزۈۋەتكەنىدىم.

سەئىدخان بىرپەس تۇرۇپ قالدى - دە، ئابدۇرەشىدخانغا قارىدى.

— ئوغلۇم، سەن بىرىپ رۇستەمبەگكە ھەمراھ بولغىن،

كەچقۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن.
— ماقۇل، خان ئاتا.
سەئىدخان ناماز شامنى مېھمانلار بىلەن جاھانباغ مەسچىتتە ئوقۇپ، ھەببەبە سۇلتان بېگىم قەسرىگە كىرگەندە خۇپتەن بولغانىدى. ئابدۇرەشىدخان بىلەن رۇستەمبەگ ئۇنى قەسىر مېھمانخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۈتۈۋالدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خان ئالىيلىرى!
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھاردۇقۇڭ چىقىپ قالدىمۇ، يىگىت؟ ئاناڭ ئوبدان تۇرۇپتۇمۇ؟ — دېدى سەئىدخان ھال سوراپ.
— ھاردۇقۇم چىقىپ قالدى، ئاللانىڭ ھىممىتى بىلەن ئانامۇ ئامان - ئېسەن تۇرۇپتۇ، خان ئالىيلىرى. شۇغىنىسى، ئۆزلىرىگە خۇش خەۋەر ئەكېلەلمىدىم.
— دىدار كۆرۈشكىنىمىز نىڭ ئۆزى خۇش خەۋەردۇر.
رۇستەمبەگ ياداپ قالغان، يول ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن بولسا كېرەك، چىرايى قارىداپ لەۋلىرىگە گەز باغلاپ كەتكەن، پەقەت قوي كۆزلىرىلا چاقناپ تۇراتتى.
سەئىدخان ئابدۇرەشىدخاننى ئىسسىقكۆل ۋە دەشتى قىپچاققا سۇلتانلىققا تەيىنلەپ ئۇزاتقاندا رۇستەمبەگنى بەگ، سەردار ۋە خاس نۆكەرلەر بىلەن ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ يېنىغا ھال سوراپ سوۋغا - سالام بىلەن ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ خاس نۆكىرى سۈپىتىدە ئاقسۇدا تۇرۇپ قالغانىدى.
— يىگىت، بايا ئىشىكئاغىسىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ، كۆپ بىئارام بولدۇم. ئەمىر - ئەركانلار، ئەلچىلەر بىلەن سالقىنلىغاچ ئوبدان پاراڭلاشقان بولسامۇ، ئەس - يادىم سەن بىلەن دىدارلىشىشتا بولدى. ئىنىم ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ نېمە ئۈچۈن پايتەختكە كەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئەمدى چۈشەندىم. قېنى ئېيتقىنا، يىگىت، ئاقسۇ دىيارىدا نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟ — دېدى سەئىدخان خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ

www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرغاندىن كېيىن.

رۇستەمبەگ دەس تۇرۇپ سۆزلەشكە تەمشىلىۋىدى، سەئىدخان ئۇنى يېڭىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇچ كۆزلۈك شامدانىدىكى شاملار ئۆينى يورۇتۇۋەتكەندى.

— شاھ ئاتا، — گەپ باشلىدى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان رۇستەمبەگ، — ئاقسۇغا بارغان دەسلەپكى چاغلاردا ئەمىن خوجا سۇلتان مېنى ناھايىتى ئوبدان كۈتۈۋالدى، زىياپەتلەرگە قاتناشتۇردى. مەنمۇ بەجانىدىل خىزمىتىدە بولدۇم. خاس نۆكەرلەرنىڭ بىرسى سۈپىتىدە ئوردىنىڭ ھەممە ئىشىغا ئارىلاشتىم. ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، ئۆتكەن يىلى نۆكەر دېسە نۆكەر ئەمەس، چىرايى سۈرۈن بىر ئادەم ئوردىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەتراپىغا ئالاقزەدىلىك بىلەن قاراپ:

— سۇلتان ئالىيلىرى، مەن مۇھىم بىر خەۋەر ئەكەلدىم، ئايرىم سۆزلەشسەك، — دېدى.

ئەمىن خوجا سۇلتان مەندىن باشقا ھەممە بەگ، سەردارلارنى چىقىرىۋەتتى.

— بۇ مېنىڭ خاس مۇھاپىزەتچىم، سۆزلەۋەر، — دېدى يوچۇن كىشىگە.

— ئالىيلىرى، بۇ خەتنى ئۆزلىرى ئوقۇپ كۆرسىلە، — دېدى ئۇ كىشى ماڭا شۈبھە بىلەن قاراپ قويۇپ.

ئەمىن خوجا سۇلتان خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى، چىرايى ئۆزگىرىپ قاپىقى تۈرۈلدى.

— سىزمۇ چىقىپ تۇرۇڭ، رۇستەمبەگ، — دېدى زەردە بىلەن.

ئۇ شۇ ۋاقىتقا قەدەر ماڭا مۇنداق قوپال تەلەپپۇزدا گەپ قىلىپ باقمىغانىدى. ئەجەبلىنىپ ھەم غەزەپلىنىپ، سارايدىن گەپ قىلماي چىقىپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنى بىر ئاللاغا مەلۇم. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. مېنى دەرۋازىغا قارايدىغان ئاددىي نۆكەر

قىلىپ قويدى.

— ئۇنىڭغا سەن مېنىڭ خاس نۆكىرىم ئىكەنلىكىڭنى، دەرۋازىۋەنلىكنىڭ مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى دېمىدىڭمۇ؟ — سورىدى سەئىدخان خاپا بولۇپ.

— دېگۈم كەلمىدى، خان ئالىيلىرى. ھېلىقى يوچۇن ئادەم ئەكەلگەن مەكتۇپنى ئالىيلىرى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرۈۋېرىپتىمەن. تۆت - بەش ئايدىن كېيىن يوچۇن ئادەم يەنە كەلدى. مەن ئۇنىڭ ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرگىنىنى، ئەتىسى چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۆگۈنى ئەمىن خوجا سۇلتان نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ قەيەرگىدۇر يولغا چىقىپ، ئىككى ئايدا يېنىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بارغانلاردىن ئۇقسام، كۇچا، تۇرپانغا بېرىپ، سۇلتان مەنسۇرخان، باباخان سۇلتانلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇ كەلگەندە ناھايىتى ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزلىرىگە سادىق ئەمىر، سەردارلارنى ئارقا - ئارقىدىن زىندانغا تاشلىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ ئاسىيلىق قىلىش يولىغا ماڭغانلىقىنى، خەت ئەكەلگەن يوچۇن ئادەم بىلەن سىرلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلىپ يەتتىم. ئۆزۈممۇ ناھايىتى ھوشيار تۇردۇم. ئەمىن خوجا سۇلتان سەردار، بەگلەرنى زىندانغا تاشلاپلا قالماستىن، قەتل قىلغىلى تۇردى. ئاقسۇ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. بىر كۈنى كېچىسى ئۆيدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇراتتىم، ئىشىك قېقىلدى. چىقىپ قارىسام خەزىنىچى بەگ مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاس ئىكەن. دەرھال ئۆيگە باشلىدىم. ئۇ: «رۇستەمبەگ، ئەتە ئەتىگەن ئەمىن خوجا سۇلتان ئۆزلىرىنى قەتل قىلماقچى. ئۇ ئۆزىگە سادىق دەپ بىلگەن تۆت نەپەر ئوردا مەنسەپدارىغا بۇ سۆزنى ئېيتتى. مەن سۇلتان سەئىدخاندىن كۆپ ياخشىلىق كۆرگەن، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمايمەن، شۇڭا سىلىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي دەپ كەلدىم. دەرھال ئاقسۇ شەھىرىدىن چىقىپ كەتسىلە. مەندىن سەئىدخان ئالىيلىرىغا

www.uyghurkitap.com

سالام ئېيتسىلا، ئاللاغا ئامانەت، ئاللا سىلىنى ئامان قىلغاي» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇن يېرىم بولغاندا خوتۇنۇمنى دېدەك سىياقىدا ياساندۇرۇپ، ئىككى بالام بىلەن ئوردا دەرۋازىسىدىن چىقىرىۋەتتىم. ئۇلار كۆز يېتىم يەرگە بارغاندا ئېتىمنى مىندىم ـ دە، ئۇلارغا يېتىشىپ خوتۇنۇمنى قۇچاقتىكى بالام بىلەن ئارقامغا مىنگەشتۇردۇم، ئالدىمغا ئۇچ ياشلىق ئوغلۇمنى ئالدىم. ئۇچقاندەك چېپىپ بازاردىكى چايخانا غوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ئۇ ئادەم ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي كاسىپ ئىدى. كۆپ قېتىم چايخانىسىغا بېرىپ يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالغانىدىم. ئەھۋالنى ئېيتىپ، خوتۇن ـ باللىرىمنى ئۇنىڭ ئۆيىدە قالدۇردۇم. ئۇ ئاللانىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ، ئۇلارنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. مەن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئاقسۇ شەھىرىدىن چىقىپ كەتتىم. تاڭ ئاتقاندا دەشت ـ باياۋاندا كېتىۋاتىمەن، چۈش بولغاندا قاتتىق ھارغان ئات يىقىلىپ جايىدىلا ئۆلدى. كۆز ياشلىرىم بۇ قانتىمىنىڭ ئۇستىگە تۆكۈلدى. ئۇنى ناھايىتى تەستە بىر يۇلغۇن دەرىخىنىڭ يېنىغا سۆرەپ ئەكېلىپ كۆمۈپ قويدۇم. ئېلىۋالغان ناننى يەپ، قاپاقتىكى سۇدىن ئىچىپ، يولنى پىيادە داۋاملاشتۇردۇم. كەلپىن ئاچىلىغا كەلگەندە ئون بەش تىللاغا بىر ئات سېتىۋالدىم. توختىماي مېڭىپ مارالبېشىغا كەلگەندە بۇ ئاتمۇ ئۆلدى. ئون بەش تىللاغا يەنە بىر ئات ئالدىم. سېرىقبۇيىدىن ئۆتۈپ مەكىتكە كېلىپ، بىر كېچە ئۇخلاپ، يەنە يولغا چىقتىم. ياركەندكە تېزرەك يېتىۋالسام، ئانامنى كۆرسەم دەپ ئويلاپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتىم. سۆيۈم تۈگەپ كەتتى. ناماز دىگەر ۋاقتى بولغاندا ئات مۇدۇرۇپ يىقىلىپ، شۇ يەردىلا جان بەردى. ئۇنىمۇ جايىغا كۆمۈپ قويۇپ يولنى داۋاملاشتۇردۇم. ئەتراپ چەكسىز كەتكەن قۇم ـ توپىلىق، يولنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ماڭدىم، ماڭدىم، چۆلنىڭ چېتىگە چىقالمىدىم. كۈن ئولتۇردى، چۆلنىمۇ زۇلمەت باستى. ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇپ،

بىر ئاز نان يەپ، شۇ يەردىلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. بىر چاغدا ئويغانسام تاڭ سوزۇلۇشكە باشلاپتۇ. تەييەمموم قىلىپ، بامداتنىڭ سۈننەت ـ پەرزىنى ئادا قىلىپ، ئاللادىن ئامان ـ ئېسەن مەنزىلگە يەتكۈزۈشنى تىلەپ دۇئا قىلدىم. ھاۋا گۈلدۈرلىگەن بولسىمۇ، يامغۇر ياغمىدى. ناننى قۇرۇق يەپ يولغا چۈشتۈم. شۇنداق قىلىپ، تۆت كېچە ـ كۈندۈز چۆلدە تېنەپ يۈردۈم. ئاللاغا شۈكۈر، بەشىنچى كۈنى چۈشتە يىراقتىن دەل ـ دەرەخلەر كۆرۈنۈۋىدى، پۇتلىرىمغا ماغدۇر كىرگەندەك بولدى. دەرەخ كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. بىر چاغدا ئېگىز بىر سۇۋادان تېرەك يېنىغا كېلىپ قالدىم. خۇددى ئۇزاق يىللار كۆرمىگەن قېرىندىشىمنى قۇچاقلىغاندەك تېرەكنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىم. قۇلىقىمغا شارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. قارىسام تۆت ـ بەش قەدەم نېرىدىكى چوڭ ئۆستەڭدە لەپەڭشىپ سۇ ئېقىۋېتىپتۇ، بارغانچە ئۆزۈمنى سۇغا ئاتتىم، ئۇسسۇزلۇقۇم قاندى. مەن بۇ ئۆستەڭنى تونۇدۇم، خان ئالىيلىرى. بۇ ئۆزلىرىنىڭ خاسىيەتلىك پەرمانى بىلەن چېپىلغان خانلىق ئۆستەڭ ئىدى. ئاخىر شۇنداق قىلىپ ياركەندكە كېلىۋالدىم.

— بارىكاللا، يىگىت، بارىكاللا ! ھايات سىنىقىدىن بىر ئۆتۈپسەن. تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىڭنىڭ ئەجرىنى ئاللا بەرسۇن، — دېدى سەئىدخان تەسىرلىنىپ.

ئابدۇرەشىدخان شام يورۇقىدا رۇستەمبەگكە سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ قەيسەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. لېكىن، تاغىسىنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەزەپلەنگىنىنى چېكە تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈپ چىققانلىقىدىن، قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلگەنلىكىدىن بىلگىلى بولاتتى.

— خان ئاتا، قارا نىيەت تاغامنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە مېنى ئەۋەتسىلە، — دېدى ئۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا.

ئورنىدىن دەس تۇرغان رۇستەمبەگ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ سۆز قاتتى:

www.uyghurkitap.com

— خان ئالىيلىرى، ئانامغا ۋە ماڭا قىلغان شەپقەتلىرىنى ئۆمۈرۋايەت بوسۇغىلىرىنى سۈپۈرسەممۇ ياندۇرۇپ بولالمايمەن. بۇ نۆۋەت پېقىرنى ۋەلىئەھدكە خاس نۆكەر قىلىپ ئەۋەتسىلە، جېنىمنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ، ئىشەنچلىرىنى يەردە قويمايمەن.

سەئىدخان ئويغا پاتتى. بىر قارارغا كەلدى ئەتىمالىم، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇرەشىدخانغا، ئاندىن رۇستەمبەگكە قارىدى.

— ئۈچ كۈنگىچە سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، بەش مىڭ لەشكەر بىلەن يولغا چىقىڭلار. ئوغلۇم، — ئۇ ئابدۇرەشىدخانغا كۆز تىكتى، — ئاقسۇغا، ئەمىن خوجا سۇلتان ئورنىغا سۇلتان بولۇپ بارىسەن. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ۋەزىر، ئاقسۇ دىيارىنىڭ ئەھۋالاتىنى ئوبدان بىلگىنى ئۈچۈن رۇستەمبەگ خاس نۆكەر، ئىسھاق باھادىر سەرمۇنشى بولۇپ بارىدۇ.

يان ئۆيدە ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان چۈچۈك سۇلتان بېگىم «ئەي، مېھرىبان ئاللا، ئېرىم جەڭگاھلاردا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ كېلىپ، يەنە بۆرە ئۇۋىسىغا كىرىش ئۈچۈن ئاتلانماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، يەنە دىدار كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلغىن» دەپ يىغلاپ دۇئا قىلدى.

## 4

ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ، ئوردىنىڭ ئۈستىدىلا چاقماق چاقتى. چاقماق يورۇقىدا دېرىزىنىڭ رەڭگەر پەردىلىرى ھال رەڭ تۈسكە كىردى ۋە لەپەڭشىپ كەتتى.

— مەن جانابىي ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن ئاقسۇ دىيارىغا سۇلتان بولغاندىن بېرى ئاكام سەئىدخاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ كەلگەنىدىم. بىراق، ئۇ بەك ھەددىدىن ئاشتى. يىلدىن - يىلغا سېلىقنى كۆپەيتىپ، ئاقسۇ خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يېقىن كىشىلىرىنى پېيمىنى قىرقىش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەۋەتىپ، سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللاندۇردى. مەن ئۇلارنى ئىشەنچلىك بىلىپ، ئەمىر، سەردار، بەگ قىلىپ قويغىنىمنى قارىمامسىلەر؟ پايتەخت ياركەندتىكى قەدىردان دوستىمىز مېنى ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرمىغان بولسا، ئۇ دۆيۈزلەرنىڭ قولىدا نابۇت بولار ئىكەنمەن. ئۇلارنىڭ قوينىغا پىچاق يوشۇرۇپ يۈرگەن دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدىن كېيىن كەينىگە پايلاقچى سېلىپ قويغانىدىم. ئۇلاردىن بىرسى ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ خوتۇن ـ باللىرىنى ئەپقېچىپتۇ. بۇنى پايلاقچىلىرىممۇ بىلەلمەي قاپتۇ. ھۇ نان قېپىلار! — ئەمىن خوجا سۇلتان سۆزدىن توختاپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كۆپچىلىككە قادالدى. ئۇ تەختتە ئىككى پۇتىنى كېرىپ ئولتۇراتتى. بېشىدىكى ئالتۇن تاجنىڭ شولىسى تىزىغا چۈشكەنىدى. ئالتۇن ھەل بېرىلگەن شاھلىق ھاسىسىنى يەرگە دوككىدە سانجىپ ئورنىدىن قوپقاندا، چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالدى، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك چەكچەيدى. ئۇ ئىككى ئىلىك ئۆسكەن ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئەمىر، سەردار ـ بەگلەر، مۇنەججىم، ئۆلىمالار، ھەربىرلىرىنىڭ ماڭا سادىق ئىكەنلىكلىرىدىن گۇمانلانمايمەن، ئەمما بەزى كىشىلەردە ۋاپا ـ ساداقەت قالمىغاندۇر، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئاسىيلىق، خىيانەتكارلىق قاپلاپ كەتكەندۇر. مەن بۈگۈن ئەنە شۇ گۇناھكارلارنى جازالاپ، يەر يۈزىدىن يوقاتماقچىمەن. جاللات!

يۈزىگە نىقاب تارتقان، قارا كىيىم كىيگەن گەۋدىلىك بىر ئادەم: «لەببەي، شاھىم!» دەپ تەخت ئارقىسىدىن ئاي پالتا كۆتۈرۈپ چىققاندا سارايىنى ۋەھىمە باستى.

— مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاس! — قەھرى بىلەن توۋلىدى ئەمىن خوجا سۇلتان.

— لەببەي! — ئوتتۇرا بويلۇق، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان،

www.uyghurkitap.com

سالاپەتلىك بىر كىشى ۋەزىرلىك كۈرسىدىن تۇردى.

— سەن مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا سۇلتان بولۇشۇمنى خالامسەن؟

— سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە ئاقسۇ دىيارىنىڭ سۇلتانى بولۇشلىرىنى خالايمەن.

— سەئىدخاندەك ئۆز ئالدىمغا خان بولۇشۇمنى خالىمامسەن؟

مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاس مىيىقىدا كۈلدى:

— ئۇنداق ئىستىبدات، پەزىلەت ئۆزلىرىدە كەم، سۇلتان.

— جۆيلۈمە! ئاكام بۇ ئالەمنى دوست تۇتقان بىلەن، مەن دوست تۇتمايمەن. مەن ئۆز ئالدىمغا سۇلتان بولۇپ، پانىي ئالەمدىكى گۇناھكارلارنى جازالىماقچىمەن.

— «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن ھېكمەت، سۇلتان. كەم ئەقىللىق قىلىپ، ئۆز ئالدىمغا خان بولىمەن دېسىلە، ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. جازاغا ئۆزلىرى ئۇچراپ قېلىشلىرى مۇقەررەر.

ئەمىن خوجا سۇلتان تەختتىن ئالدىراپ چۈشۈپ، ئۇدۇل بېرىپ مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاسنىڭ كانىيىدىن ئالدى:

— ئېيتە! رۇستەمبەگنى قاچۇرۇۋەتكىنىڭ راستمۇ؟

— راست! — ئۇنلۇك جاۋاب بەردى ئۇ.

— نېمىشقا قاچۇرۇۋەتتىڭ؟!

— سىلى رۇستەمبەگنى قەتل قىلىدىغانلىقلىرىنى تۆت ۋەزىرگە ئۇقتۇردىلا، شۇلارنىڭ بىرسى مەن ئىدىم. گۇناھسىز بەندىنى قۇتقۇزۇش مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ بۇرچى، شۇڭا ئۇنى قاچۇرۇۋەتتىم.

— ئۇنىڭ ئورنىغا سەن ئۆلىسەن.

— ئاللانىڭ دەرگاھىغا بېرىشنى سائادىتىم بىلىمەن، سۇلتان.

— جاللات! بۇ ئاسىي مەلئۇننى جەھەننەمگە ئۇزات!

— باش ئۈستىگە، شاھىم!

ئىككى جاللات مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاسنى مۇرىسىدىن قاماللاپ سۆرەپ ماڭدى.

— پېقىر جانابىي ئاللانىڭ كۆڭلۈمگە سېلىشى بىلەن بىر گۇناھسىز كىشىنى بالىچاقىلىرى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇم. سەن بولساڭ مەندەك سەممىمىي، ياخشى نىيەتلىك بەندىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇۋاتىسەن. ئاسىي مەلئۇنىنىڭ مەن ئەمەس، بەلكى سەن ئىكەنلىكىڭنى ئاللا مانا شۇ سائەتتە كۆپچىلىككە بىلدۈردى. مانا بۇنىڭ ئۆزى ساۋاق، — دېدى ئۇ تىرەجەپ توختاپ، ئاندىن كۆپچىلىك بىلەن ۋىدالاشتى، — قېرىنداشلىرىم، سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. نائۇمىد بولماڭلار ...

جاللاتلار ئابدۇللا بارلاسنى ئاخىرقى سۆزىنى دېگىلى قويماي سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى.

ئەمىن خوجا سۇلتان دەرغەزەپتىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان ئالتە پايلاقچىنى (ئۇلار ئەسلىدە ئوردا مەنسەپداردارلىرى ئىدى) زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇدى. ۋەھىمە ئىسكەنجىسىدە سوكۇتتە ئولتۇرۇشقان ۋەزىر، ئەمىر، سەردار، بەگلەرنىڭ ئۆزىگە سادىقلىقىدىن ھەم گۇمانلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەكمۇ ياكى زىندانغا تاشلاش كېرەكمۇ؟ مۇنداق قىلسا ئۇ سۇلتانلىق ھوقۇقىنى كىملەرگە تايىنىپ يۈرگۈزىدۇ؟

ئەمىن خوجا سۇلتان ئۇندىمەستىن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

— سۇلتان ئالىيلىرى!

ئەمىن خوجا سۇلتان ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە نەزىرىنى ئاغدۇردى. بىر ئاي بۇرۇن ئاتا ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن ئەمىن سەيپىدىنبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇراتتى.

— ئەي، ئالەمپاناھ، — دېدى ئۇ بېشىنى ئېگىپ، — ئاسىي گۇناھكار مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىرى ھەق بولدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى زىندانغا تاشلاش كېرەك.

ئەمىن سەيپىددىنبەگ بويى ئېگىز، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى ئەمىن خوجا سۇلتاننى خۇشال قىلدى. ئۇ:

— توغرا دېدىلە، ۋەزىر ئەزەم، مۇھەممەد ئابدۇللا ئىبارلاسقا ئوخشاش ساداقەتسىز كىشىلەرگە رەھىم قىلماسلىق لازىم. ئۇنداق هارامزادىلەرنىڭ ئورنى ئوردا ئەمەس، گۆر بولۇشى كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەپ سوئال نەزىرى بىلەن كۆپچىلىككە قارىدى.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، ئۇنداقلارنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىنىمۇ قۇرۇتۇۋېتىش كېرەك، — دېدى ئەمىن سەيپىددىنبەگ دەرهال ئېغىز ئېچىپ.

— شۇنداق، ئالىيلىرى، ئاتا ۋەزىر توغرا دېدى، — بىرقانچە ۋەزىر، ئەمىر، بەگلەر ئاتا ۋەزىرنىڭ سۆزىنى قوللاپ، ئەمىن خوجا سۇلتاننى مەدھىيەلەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىشتى. شۇنىڭغا يارىشا ئەمىن خوجا سۇلتان ۋەزىر - بەگلەرگە، ئەمىرلەرگە تون كىيدۈرۈش بىلەن بىللە ھەربىر كىشىگە ئون سەردىن كۈمۈش ھەدىيە قىلىشنى ئەمر قىلدى.

— ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقالالا، شاھىم، — زەر چۇچىلىق كىمخاب تون كىيگەن ئەمىن سەيپىددىنبەگ چوڭقۇر تەزىم قىلدى، — ئاللا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نۇسرەتنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. ئالىيلىرى ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

— ئالىيلىرى ئۈچۈن جېنىمىز پىدا! — چۇرقىراشتى باشقا ئەمىرلەرمۇ.

— تەشەككۈر، ئەمىرلىرىم! — دېدى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەن ئەمىن خوجا سۇلتان تولىمۇ روھلىنىپ، — ھەممىڭلارنى چارۋاغقا بېرىپ مۇسەللەس ئىچىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

... ئەمىن خوجا سۇلتان چارۋاغدىن ناماز شامدىن يانغاندا قايتتى. خاس مەھرەملىرى ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ ھەرەم قەسىرىگە ئەكىرىشتى، ئەمما قايسى خانىشنىڭ ئىشىكىنى

قېقىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئەگەر شۇ چاغدا كۆنچىقىش تەرەپتىكى ئىشىك ئېچىلىپ چوڭ خانىش سەلتەنەت سۇلتان بېگىم كېنىزەكلىرى بىلەن چىقمىغان بولسا، ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشاتتى.

— سىلەر كىم؟ ھەرەم قەسىرىنى نېمىدەپ مالىمان قىلىسىلەر؟! — دەپ چالۋاقىدى ئېگىز بويلۇق، قەلەم قاشلىق سەلتەنەت سۇلتان بېگىم ئاچچىقلاپ. ئۇ ۋەزىر ئەمىن سەيپىدىنبەگنىڭ ئاغىچىسى نىسا خېنىمنىڭ يېنىغا كېچىلىك بەزمىگە ماڭغانىدى. ئۇ ئېرى ئەمىن خوجا سۇلتاننى ئۆزىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقارمايتتى.

كەچنىڭ سالقىن شامىلىدا سەل ھوشىنى تاپقان ئەمىن خوجا سۇلتان قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغان مۇلازىملارنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە خانىشنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بۇ كېچىدە نەگە بارىدىلا، ئاغىچا؟ — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

— مەن ئاغىچا ئەمەس، سۇلتان بېگىم، تەخسىر. ئۆزلىرى نەدىن كېلىۋاتىدىلا؟

— مەن تەخسىر ئەمەس، سۇلتانىمەن، ئاغىچا. كۆرمەيۋاتامدىلا؟

سەلتەنەت سۇلتان بېگىم ئوتقاش ۋە شاملارنى كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇلازىملارغا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟! كۆزۈمدىن يوقىلىش!

مەھرەملەر خانىشنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالسا ئۇردىدىن ھەيدىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، دەرھال چىقىپ كېتىشتى. سەلتەنەت سۇلتان بېگىم ئېرىنى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆز خانىسىغا ئېلىپ ماڭدى. ئەمىن خوجا سۇلتان:

— توختىسىلا، ئاغىچا. بۈگۈنكى نۆۋەت بۈۋى ئەسما خېنىمنىڭ، — دەپ داجىپ تۇرۇۋالدى.

— ئۆز قەدەملىرى بىلەن ئىشىكىم ئالدىغا كېلىپ، يەنە قايتىپ كېتەمدىلا؟ يۈرسىلە، سىلىگە دەيدىغان گەپ بار.

www.uyghurkitap.com

يۇرسىلە، سۇلتانىم.

ئەمىن خوجا سۇلتان «يەنە نېمە گېپى باردۇ بۇ خانىشنىڭ؟ تايىنلىق يوتقان ئىچىدىكى گەپتۇ» دەپ ئويلاپ ئاستا قەدەم يۆتكىدى. شىشە چىراغدان كۆتۈرۈۋالغان كېنىزەكلەر ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە پايپېتەك بولۇشۇپ، بىللە ھويلىغا كىرىشتى. ھەرەم قەسىرلىرى ئىچىدە سەلتەنەت سۇلتان بېگىمنىڭ قەسىرى ناھايىتى كۆركەم، ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆل بار ئىدى. كۆل ئەتراپىدىكى مەجنۇنتاللار قاپقارا سايە تاشلىغان، سالاسۇنلۇق پېشايۋاننىڭ نەقىشلىك تۈۋرۈكلىرىگە ئورنىتىلغان ئەينەكلىك شامدانلاردا رەڭگارەڭ شاملار يېنىپ تۇراتتى.

سەلتەنەت سۇلتان بېگىم «پېشايۋاندا بىردەم ئولتۇرايلى» دەپ تۇرۇۋالغان ئەمىن خوجا سۇلتاننى ئۈچ پايىلىك پەلەمپەيدىن يۆلەپ ئاچىقىپ ئايۋانغا قەدەم باستى، كېنىزەكلەر سىرتتا قالدى. ئۇ ئېرىنى ئايۋاننىڭ سول تەرەپىدىكى مېھمانخانىغا ئەكىرىپ، بېشىدىن ئالتۇن ئوتۇغاتلىق سەللىسىنى ئالدى، شاھانە تونىنى سالدۇردى. ئۆزىمۇ يەردە سۆرىلىپ تۇرىدىغان ناۋات رەڭ ھىلھىلە رومىلىنى بېشىدىن ئېلىپ قوزۇققا ئاستى. پەرەڭ تاۋىرىدىن تىكىلگەن ئالتۇن تۈگمىلىك ئىمچىسىنى سېلىپ قاتلاپ قويدى. ئۇچىسىدا بىنەپشە رەڭلىك يىپەك كۆڭلەكلى بىلەن پومپىيىپ تۇرغان كۆكسىگە دالدا بولغان يېشىل مەخمەل جىلىتكىسى قالغانىدى. ئۇنىڭ يۈزى دومىلاق، قارا كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى.

— سۇلتانىم، بۈگۈن بەك مەززىلىك يۇراپ كېتىپتىلىغۇ؟ ئاكىلىرى سەئىدخان شارابنى تەرك ئەتتى، سىلى بولسىلا مەي ـ شارابقا بېرىلىپ كەتتىلە، ئۆزلىرىمۇ خۇشخۇيلىشىپ قالدىلا. مۆڭ، تەرسا مىجەزلىرى ئۆڭشىلىپ، رايىش، زېرەك بولۇپ تېتىكلىشىپ كەتتىلە، — دېدى ئېرىنىڭ بويۇن ـ باشلىرىنى سۈرتۈپ. ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ شالاڭ چاچلىق يوغان بېشى خانىشنىڭ ئېڭىكىگە تىرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بويى پاكار،

ئاچچىقى يامان ئىدى. ئۇ قات ـ قات سىلىنغان كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت سۇلتان بېگىم قويۇپ بەرگەن تەكيە بىلەن پەر ياستۇققا يۆلەندى. مەستلىكى خېلى يېشىلغانىدى.

— سۇلتان غوجام، — دېدى يېنىدا ئولتۇرغان خوتۇنى، — مەست ـ ئەلەس يۈرۈپ يۈرت سورىغىلى بولمايدۇ، سەئىدخانىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن شارابتىن ۋاز كەچكەن، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ئاڭلىدىم، — ئەمىن خوجا سۇلتان بىرنەرسىنى ئەسلىگەندەك قىلىپ سورىدى، — خانىش، مۇھىم گەپ بار دېگەندەك قىلىۋېدىلە، نېمە گەپ ئىدى؟

— نېمە گەپ بولاتتى؟ پايتەختتىن ئادەم كەپتۇ.

— قاچان؟

— سىلى چارۋاغدا شاراب ئىچىۋاتقاندا كەپتىكەن، قورسىقىنى ئوبدان تويدۇرۇپ، ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ مۇلازىملار.

— نەدە؟

— تەكيىخانىدا.

— مەن ھازىرلا كۆرۈشەي، — ئىتتىك ئورنىدىن تۇرغان ئەمىن خوجا سۇلتان ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— مۇشۇنداق يۈپتاقلا چىقىپ كۆرۈشەمدىلا، سۇلتان غوجام؟ ئۇلار سىلىنى بۇ ھالدا كۆرسە، ئەمىن خوجا سۇلتان ئۆلۈپ، ئورنىغا بىر سوپى ئولتۇرغان ئوخشايدۇ، دەپ كېتىپ قالارمىكىن. تاج ـ تون، مەسلىرىنى كىيىۋالسىلا.

ئەمىن خوجا سۇلتان ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ سالدى. ئۇ تۇرۇپ بېرىۋىدى، خانىش كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئۆزى سەللىسىنى كىيدى. ئۇنىڭغا ھىلھىلە رومىلىنى ئارتىپ قويغان سەلتەنەت سۇلتان بېگىم قاقاھلاپ كۈلدى.

— ۋاي خۇدايىم، سىلى مەن، مەن سىلى بولغان بولساق، ئوڭ بولار ئىكەن، ئالدىمدا چېنىپ قالدىلا.

— نېمىدەپ ئالجىۋاتىدىلا؟ خانىش بولۇۋېلىپ، مۇنچە كۆرەڭلەپ كەتمىسىلە. ئەگەر مەن ئۆز ئالدىمغا خان بولمىغان

www.uyghurkitap.com

بولسام، سىلىمۇ خانىش بولالمايتتىلە، — دېدى سۇلتان زەردە بىلەن.

— «تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بولغۇچە، قۇشقاچنىڭ بېشى بولغان ئەۋزەل» دەپ مەسلىھەت كۆرسەتكەن ئادەم مەن بولغىيدىم.

— بولدى، خانىش. مەن چىقاي، — ئەمىن خوجا سۇلتان شاپاشلاپ مېڭىپ تەكيىخانىغا باردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ھەزرەتلىرى، — باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ پولۇ يەۋاتقان قارىقۇمچاق تەمبەل ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى. ئۇ شۇنچە بەخىرامان ئىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قاسىم ياساۋۇل. قانداق خۇش خەۋەر ئەكەلدىڭىز، ۋەزىر ئەزەم ئامان - ئېسەن تۇرغاندۇ؟ ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ.

قاسىم ياساۋۇلنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئۆچتى. ئاسمان يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلىغاندەك چىرايى سۆرۈن تۈس ئالدى. چوقۇرلىرى نامايان بولۇپ، ئەمىن خوجا سۇلتاننى سەسكەندۈرۈۋەتتى.

— ئىشىكئاغىسى ئۇستىلىرىگە لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتىدۇ، خان ھەزرەتلىرى.

— نېمە؟! مىرزا ئەلى تاغايمۇ؟ ئۇ ئۆز ئالدىمغا خان بولۇش مەسلىھەتىنى بەرمىگەن بولسا، ئالدىراپ - سالدىراپ شاھلىق تاجىنى كىيمىگەن بولاتتىم. ئۇنىڭ لەشكەر تارتىپ كەلگىنى نېمە قىلغىنى؟ — ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ چىرايىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىدى.

— خان ھەزرەتلىرى، راستىنى دېسەم لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقىنى ئىشىكئاغىسى ئەمەس، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، خاس نۆكەر رۇستەمبەگ، مىرزا ئەلى تاغايلار شاھزادىگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

— سېنى نېمىدەپ ئەۋەتتى؟ — ئەمىن خوجا سۇلتان ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، سەنلەپ سورىدى. ئۇ ئاچچىقى كەلگەندە كىم

بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەنلەيتتى، — ئېيتقىنا، قانچىلىك لەشكەر بىلەن كېلىۋاتىدۇ؟

— ۋەزىر ئەزەم مېنى شۇ ئىشنى خەۋەر قىلغىلى ئەۋەتتى. ئۇلار پايتەختتىن بەش مىڭ لەشكەر بىلەن چىققانىكەن، كاشغەرگە كەلگەندە يەنە بەش مىڭ لەشكەر قوشۇلۇپتۇ.

— بىر تۈمەن لەشكەر دېگىنە، — ئۇ بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى.

— شۇنداق، ئالىيلىرى. ۋەزىر ئەزەم ئېيتتىكى، خان هەزرەتلىرى قورقۇپ كەتمىسۇن، ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن كەلپىن ئاچىلىدا مۆكۈپ تۇرۇپ، ئابدۇرەشىدخانىنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ بارغان هامان ئىككى تەرەپتىن قورشاپ هۇجۇم قىلسۇن. ئابدۇرەشىدخانىنى ئەسىرگە ئېلىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغاندا، مەن ئۆزۈمنى ئاشكارىلايمەن. ئاتىدىن بەش تۈمەن لەشكەر توپلاپ كاشغەر، ياركەندكە يۈرۈش قىلىمىز.

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — پۈت - قولىغا قايتىدىن جان كىرگەن ئەمىن خوجا سۇلتان قاسىم ياساۋۇلنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، سەلتەنەت سۇلتان بېگىمدىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن تەكىيىخانىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

# ئۆكەر تىكلەشكەندە

## 1

مەرىيەمنىسا خېمىر كېسىۋاتقان، سېلىمىخان چۆچۈرە تۈگۈۋاتقانىدى. بۇلار ئولتۇرغان پېشايۋانغا تېخى كۈن نۇرى چۈشمىگەنىدى. چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان قېيىنئانىسىنىڭ قامىتىنى تىك تۇتۇپ چۆچۈرە تۈگۈۋاتقىنىغا مەستلىكى كەلگەن مەرىيەمنىسا ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىدىكى مەڭگە قاراپ ئانىسىنى ئەسلەپ قالدى. قارا كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېتىكىگە چۈشتى. بىردىنلا كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولۇپ ھۆ تۇتتى. كېلىنىنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرگەن سېلىمىخان:

— قىزىم، نېمە بولدىلا، بىر يەرلىرى ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى. ھۆ تۇتۇپ كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى مەرىيەمنىسا كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ.

— سىزىكلىرى قاتتىق ئوخشايدۇ، قىزىم. تاماقلىرى ئازلاپ قالدى، نېمە يېگۈلىرى كەلسە تارتىنماي دېسىلە، كۆزۈمگە قارىمىسىلا، مۇنداق كېتىۋەرسىلە ئاجىزلاپ كېتىدىلا. ئوغلۇم كەلسە، ئانام بېخىللىق قىلىپ، خوتۇنۇمنى ئاش - تاماقتىن قىسىپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ قالامدۇ؟ جېنىم بالام، مەندىن

خاپا بولۇپ قالدىمۇ؟ — دېدى سىلىمىخان چۆچۈرنى تېز - تېز تۇگۇپ.

— ئانا، سىلى مېنى ئۆز قىزلىرىدەك كۆرۈۋاتىدىلا، خاپا بولسام خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ ئۆزلىرىدىن بەك رازىمەن. بىلمىدىم، ئېغىر ئاياغ بولغىنىمدىن بېرى ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ قالدى.

— ئوغلۇم ئاقسۇغا كەتمەستە قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ يۈرەتتىڭ. ئۇ كەتكەندىن كېيىن بويلىرىدا قالغانلىقى مەلۇم بولۇش بىلەن تەڭ غەمكىنلىشىپ قالدىلا. قانداق قىلسام كۆڭۈللىرى ئېچىلاركىن، بالام، ھېچ بىلەلمىدىم.

مەريەمنىسا قېيىنئانىسىنىڭ تېزنىغا باش قويۇپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ ئاللانىڭ مۇشۇنداق كۆيۈمچان، مېھرىبان غەمگۇزارغا ئېرىشتۈرگىنىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى. ھېلىقى كېچىدە مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ئۆيىدىن بەھرام بىلەن قېچىپ چىقىپ، ئۇدۇل مۇشۇ ئۆيگە كېلىپ، بەھرامنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەنىدى. بۆرە ئۈۋىسىدىمۇ ئۆزىنى پاك ساقلىغان رەنانىڭ گۈلى مانا شۇ چەللە - باراڭلىق ھويلىنىڭ بالىخانىسىدا ئۈزۈلدى. مەريەمنىسا نىكاھى ئوقۇلۇپ، تويى بولمىغانلىقىدىن زادى ئەپسۇسلانمىدى. بىمەھەل قازاغا ئۇچرىغان ئاتا - ئانىسى ئۇچۇن قانچە قايغۇرغان بولسا، مىرزا ئەلى تاغايدەك قوۋۇ، نومۇسسىز تۇلكىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغانلىقى، ئۆز ئاشىقى بىلەن بىر تەكيىگە باش قويغانلىقى ئۇچۇنمۇ شۇنچە سۆيۈندى.

جىمى قىزلاردا بولىدىغان قېيىنئانىسىدىن ياتسىراش، خۇدۇكسىرەش كەبى چۈشكۈن تۇيغۇلار بارا - بارا ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ، كۆنسېرى خۇشاللىقى ئېشىپ باردى. سىلىمىخان ئۇنى ئەسلا ئىشقا بۇيرۇمايتتى. ئۇمۇ ئىشنى ئۆزى تېپىپ قىلاتتى. «نانىنى مەن ياقاي، كىرنى ئۆزۈم يۇيۇۋېتەي، ئاشنى مەن ئېتەي» دەپ تۇرۇۋالاتتى. سىلىمىخان بولسا «تېخى كۈچۈمدىن قالغىنىم يوق، بالام. ئەمدى بەش داۋاندىن ھالقىدىم. بىكار ئولتۇرۇپ قانداق چىدايمەن؟» دەپ ھەممە ئىشنى بىللە

قىلىشاتتى. ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كېلىنىنىڭ چىچىنى تاراپ قوياتتى. ھەر كۈنى پېشىندىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن ئۈزئارا سىردىشاتتى. سېلىمىخان كاشغەرلىك ئەتتارنىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى بەھرامنىڭ خەتنە تويى بولغان يىلى مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭدا قازا قىلغانىدى. بەھرام ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە نۆكەر بولغان، كېيىن ياركەندكە كېلىپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ خاس نۆكىرى بولغانىدى. سېلىمىخانمۇ ئىككى يىل ئىلگىرى ئوغلىنىڭ تەلىپى بىلەن ياركەندكە كۆچۈپ كېلىپ، مۇشۇ قورۇغا ئورۇنلاشقانىدى.

— ئانا، بەھرام كۆزۈم يورۇغۇچە قايتىپ كېلەرمۇ؟ — سورىدى مەريەمنىسا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان قېيىنئانىسىدىن. ئۇنىڭ ئېرىنى كۆرگۈسى كېلىپلا تۇراتتى، ھېچنېمىگە كۆڭلى تارتماي ئېرى بىلەن دىدارلىشىش كويىدا ئازاب چېكىۋاتقانىنىغا قارىغاندا، مەريەمنىسا ئېرىگە سىزىك بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى.

— خۇدا بۇيرۇسا كېلىدۇ. بەھرام كېچىدىن چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ لەگلەكتەك ئۇچۇپ كېلىپ، مۇشۇ پېشايۋانغا چۈشكۈدەك، قىزىم، — دېدى سېلىمىخان خۇددى ئوغلى ھازىرلا كېلىدىغاندەك ئىشىككە قاراپ.

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن، ئانا. ئۆلگۈر مىرزا ئەلى تاغاي مېنى ئىزدەپ تېپىۋالارمىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ.

— قورقمىسىلا، بالام، ئۇ دۆيۈزمۇ ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئاقسۇغا كەتتى. سىلىنىڭ بۇ ئۆيدە ئىكەنلىكلىرىنى خۇدادىن باشقا ئىنس ـ جىن بىلمەيدۇ.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، ئانا. ئۇ بەك مەككار، كۆز ـ قۇلاقلىرى كۆپ. جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلاپ رەسۋايىئالەم قىلىشىمدىن ئەنسىرەپ، ئاقسۇغا مېڭىش ئالدىدا ئىز ـ دېرىكىمنى قىلىش ئۈچۈن پايلاقچى قويىدىمىكىن دەيمەن، — مەريەمنىسا ئەندىشىسىنى ئوچۇق ئېيتتى.

سىلىمىخان چىم ـ چىم قايناۋاتقان ئاش سۈيىدىن بىر قوشۇق ئىچىپ بېقىپ، دېدى:
— ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغان بەندىسىگە ھېچكىم زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، قىزىم، غەم قىلمىسىلا. قارا نىيەتلەرنىڭ جازاسىنى ئاللا ئىگەم ئۆزى بېرىدۇ.
— تۇزى تېتىپتۇمۇ، ئانا، چۆچۈرىنى سالايمۇ؟ — كۆڭلىنى توختاتقان مەريەمنىسا قېينىئانىسىنىڭ باش لىڭشىتىشى بىلەن ياغاچ تاۋاقتا چىرايلىق تىزىلغان چۆچۈرىنى بىردىن ـ بىردىن قازانغا سالغىلى تۇرۇۋىدى، ئىشىك قېقىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاسقىپ گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.
— قىزىم، چۆچۈرىنى سېلىۋەرسىلە، ئىشىكنى مەن ئاچاي، — دېدى سىلىمىخان ئىشىككە قاراپ مېڭىپ، ئۇ پېشايۋاننىڭ پەلەمپىيىدىن چۈشكۈچە يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئىشىكنى ئاچقاندا، بەھرام ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئانا ئوغلىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى:
— ئوغلۇم، جان بالام!
— ئانا، ساق تۇردىلىمۇ؟
بەھرامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەريەمنىسا پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ، ئولتۇرۇپ قالدى.
بەھرام ئېتىنى ھويلىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېغىلغا ئەكىرىپ قاڭتۇرۇپ قويۇپ چىقتى. خوتۇنىنىڭ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقىنىنى كۆردى. بىرىپ قۇچاقلىۋالغۇسى بولسىمۇ، كۆڭۈل تىزگىنىنى تارتىپ ئانىسى ئالدىدا ئەدەپ ساقلىدى.
مەريەمنىسا ئۇنىڭغا ئۈن ـ تىنسىز سالام بەردى. ئاقىرىپ قالغان چىرايىغا قان يۈگۈردى. بەھراممۇ سەل ئېگىلىپ سالام قايتۇردى. كۆزلىرى خوتۇنىغا تىكىلدى. مەريەمنىسانىڭ چىرايى تاتىرىپ، ياداپ قالغان، ئەتلەس كۆڭلەك يوشۇرغان قورسىقى خېلىلا يوغىناپ قالغانىدى. بېشىدا نەپىس تىكىلگەن چىمەن دوپپا، كاتەكچە رومال، پۇتىدا سەندەل كەش بار ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئوغلۇم، ساڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزەي. قىزىم مەريەمنىسا ئېغىر ئاياغ، سەن كېتىپ قىرىق كۈن بولغاندا بىلىندى.

بەھرامنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

— شۇنداقمۇ، ئانا؟ ئاللا تىلەكلىرىگە يەتكۈزۈپتۇ.

مەريەمنىسا ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى. ئۇ ئىزا تارتىپ كەتكەنىدى.

ۋاراقلاپ قايناۋاتقان قازان تېشىپ كەتتى.

— ۋاي بالام، قازان تېشىپ كەتتى. مەن ئاشنى ئۇساي، سىلى داستىخان سالسىلا. بۇ تەلەيلىك ئوغلۇمنىڭ ئاشقا ئۇلگۈرۈپ كەلگىنىنى قارىمامدىغان.

بەھرام كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. مەريەمنىسا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چىنە چۆچۈرە قويدى. چامغۇر، يۇمغاقسۈت سېلىپ ئېتىلگەن ئاشنىڭ مەززىلىك ھىدى ھويلىنى بىر ئالدى. مەريەمنىسا بىردىنلا پېشانىسىغا پاققىدە ئۇرۇپ:

— ۋاي خۇدايىمەي، قولىلىرىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشنى ئۇنتۇپتىمەن، — دېگىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كۈپتىن ئاپتۇۋىغا سۇ توشتۇرۇپ چىقتى. بەھرام سۇپىدىن چۈشۈپ، بېشىدىن بادام دوپپىسىنى ئېلىپ، كەمزۇلىنى سالدى.

— كاشغەرگە كەلگەندە تۇمەنگە بىر چۆمۈلۈۋالغانىدىم، ياركەندكە كەلگۈچە چاڭ ـ توزانغا مىلىنىپ كەتتىم. يۈز ـ قولۇمنى يۇمايلا ئولتۇرۇۋالغىنىمنى كۆرۈڭ، — دەپ ئاشخانا يېنىدىكى ئەۋرەز ئالدىغا كېلىپ زوڭ ئولتۇردى.

ئۇ مۇشۇنداق خوتۇنى سۇ قۇيۇپ بېرىدىغان كۈننىڭ كېلىشىنى زارىقىپ كۈتكەنىدى. ياركەندتىن مىڭىش ئالدىدا ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيگە كېلىشىگە خوتۇنى سۇ قۇيۇپ بېرىپ، يۈز ـ قولىنى يۇيۇۋالاتتى.

ئۇ مۇشۇ تاپتا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتقان مەريەمنىسانىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى تۇيماستىن، شورقىراپ چۈشۈۋاتقان مۇزدەك سۇ بىلەن بويۇن ـ بېشىنى

يۈيـۈەردى. كۆزنگـە مىرزا ئـەلـى تاغاي كـۆرۈنـگەندەك بـولـۇپ چىرايى تۇتۇلۇپ قالغان مەريەمنىسانىڭ چىرايىغا بىردىنلا كۈلكە يـۈگۈردى. بۇنى كـۆرگەن سىلـىمخـان بېشـىنى يېنـىك چايقـاپ قويدى.

— مۇنداق مـەززىلىك ئـاش ئىچمـىگـىنىمگـە خېلى ئـايـلار بولـغانىدى، ئـادەمنىـڭ ئـۆز ئۆيى نـېمىدېگـەن ياخشـى، — دېـدى چۆچۈرىدىن بىر تال يەپ، سۇيىدىن بىر قوشۇق ئىچكەن بەھـرام. ئـۇنىڭغـا ئاش بەك تېـتىـپ كەتـكەنىـدى. بىر دەمدىـلا چىـنىنـى بوشىتىپ، ئىككىنچى چىنە ئاشنىمۇ ئىچىپ بولدى.

قۇياش غەربكە قىيسايغانىدى. سىلىـمخان ئـېشىنـى ئىچىـپ بولۇپ، ئاستىرتىن ئېرىگە قاراپ ئولتۇرغان كېلىنىنى ئىشارەت بىلەن ئايۋانغا باشلاپ كىرىپ:

— قىزىم، بالىخانىنى سۈپۈرۈپ قويغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سۈپۈرۈپ قويغان، ئانا، ھەر كۈنى سەھەر ھويلا ـ ئارانىـى سۈپۈرۈۋېتىپلا، مەنزەرنى① سۈپۈرۈپ چۈشىمەن، — يەرگە قاراپ جاۋاب بەردى مەريەمـنىسا قـېيىنـئانىسـى سورىغان سـوئالنىـڭ تېگىگە يېتىپ.

— خۇدايىم بەخت ـ سائادەتلىرىنى تېخـىمۇ زىيـادە قىلغـاي، قىزىم. بالىخانىغا چىقىپ دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ كۆرپـە سېلىـپ قويىسىلا، بەھرام ئـارام ئېلىـۋالسۇن، ئۇزۇن يـول يۈرۈپ ھېرىـپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ئەزەلدىن ئىشقا بۇيرۇمايدىغان قېيىنئانىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇ تـاپتا ئـىشقا بـۇيـرۇغانلىـقىنىـڭ سەۋەبىـنى چۈشەنگـەن مەريەمنىسا گەپ قىلماي ھويلىغا چىقىپ، تام تۈۋىگـە ياسالغـان پەلەمپەي بىلەن چەللە باراڭغا ئېلىنغان كاۋا ـ قاپاق پېلەكلىرى يامىشىپ كەتكەن بالىخانىغا چىقتى.

بالىخانا چاققانغىنا بىر ئېغىز ئۆي بـولۇپ، ئۇنىـڭغا قازناق

① مەنزەر — ئۆي ئۇستىگە سېلىنغان پېشايۋانلىق ئۆي، بالىخانا بىلەن ئوخشاش.

ياندىشىپ تۇراتتى. بۇلارنى بەھرام ئىسسىقكۆل دىيارىدىن قايتىپ كەلگەن يىلى ئۆزى سالغانىدى. بالىخانىنىڭ دېرىزىسى ھويلىغا قارايتتى. ئارقا تېمىدىكى كۆزنەك ياز كۈنلىرى ئېچىپ قويۇلسا، ھاۋا ئۆتۈشۈپ ئارامبەخش سالقىنىدىن ئادەمنىڭ تېنى يايراپ كېتەتتى. ھويلا ئىشىكى ئالدىدىكى بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ باراقسان شاخلىرى بالىخانا ئۆگزىسىگە سايە تاشلاپ تىنىماي شىلدىرلايتتى. ئۆيدە ئولتۇرغان ئادەمگە تۈگۈلۈكتىن شىلدىرلاۋاتقان يېشىل ياپراقلار كۆرۈنەتتى.

تورۇسى ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان بۇ بالىخانا ئۆيگە بەھرام خوتەندىن ئەكەلگەن گۈللۈك گىلەم لىق كەلگەن بولۇپ، ئۈچ تېمىدا ئىككىدىن كۈنگۈرىلىك ئەگمە ئويۇق، بىر تېمىدا دېرىزە ۋە تەكچە بار ئىدى. قىبلە تامدىكى ئىككى ئويۇقتا «قۇرئان» قاتارلىق كىتابلار قويۇلغان، شىمالىي تامدىكى ئىككى ئويۇقتا چىنە ـ قاچىلار تىزىلغان. جەنۇبىي تامدىكى ئىككى ئويۇقتا مەرىيەمنىسا ئۆتكەن ھەپتە ئالما، بېھى تىزىپ قويغان، سېلىنمىخان بىر باغلام ئادراسمان، بىر باغلام قۇرۇتۇلغان رەيھانگۈلنى ئاچىقىپ ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويغانىدى. شۇڭا، بالىخانىغا كىرگەن ئادەمنىڭ بۇرنىغا گۈپپىدە خۇشبۇي ئۇرۇلاتتى. ئۆينىڭ جەنۇب تېمىغا مىخلىق ئىككى چوڭ ساندۇق قاتار قويۇلۇپ، ئۈستىگە يوتقان ـ كۆرپە يىغىلغان، قىبلە تامدىكى ئاسقۇغا قىلىچ، خەنجەر، ساداق، قالقانلار ئېسىلغانىدى.

مەرىيەمنىسا ئۆيگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ساندۇق ئۈستىدىكى كۆرپىنى ئېلىپ دېرىزە ئالدىغا سالدى، تەكيە قويدى. ئۇ بالىخانىدىن چۈشۈپ كېتەي دەپ تۇرۇۋىدى، بەھرام چىقىپ ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى ـ دە، كۆرپىگە ياتقۇزدى.

— سىزنى بەك سېغىنىدىم، خوتۇن ...

— قويۇۋەتسىلە، سەت ئەمەسمۇ؟ ئانام ھويلىدا تۇرسا ...

— ئانام پېشىن نامىزىنى ئوقۇغىلى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ياق، ياق، بولمايدۇ، جېنىم، خۇدانىڭ قاراڭغۇ كېچىسى

بار ئەمەسمۇ ... — دېدى مەريەمنىسا تېپچەكلەپ، ئاندىن ئېرىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى.

— مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسىز، مەريەمنىسا، ئاقسۇغا كەتكەندىن بېرى يادىڭىزغا كەلمىگەن ئوخشايمەن، — دېدى بەھرام ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يېتىپ. ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى ئېتىبارغا ئېلىنمىغاچقا، ئاچچىقى كەلگەنىدى.

— ياخشى كۆرمىسەم سىلى بىلەن قېچىپ كەتمەيتتىم، — مەريەمنىسا ئېرىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئويغا چۆمدى...

## 2

مىرزا ئەلى تاغىنىڭ چوڭ خوتۇنى — خانئايىم پۈتۈن يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىغا مەريەمنىسانى بۇيرۇيتتى. قەيەرگە بارسا بىللە ئېلىپ باراتتى. ئۆزىنىڭ شۇنداق چىرايلىق دېدىكى بارلىقى بىلەن مەغرۇرلىناتتى. ئۆتكەن يىلى نورۇز بايرىمى كۈنى ئېرى خانغا ھەمراھ بولۇپ ھەيدەر باغدا ئۆتكۈزۈلگەن شائىرلار مۇشائىرەسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتكەندە، ئىككى قىزى بىلەن مەريەمنىسانى ئېلىپ نورۇزدۆڭدە بولىدىغان ئاممىۋى مەرىكىگە چاشگاھ ۋاقتىدا بارغانىدى. رەستە بولغان قىزلىرى بىلەن باشتىن - ئاياغ پەرەنجىگە پۈركەنگەن خانئايىم مەريەمنىسانى دېدەك ساناپ ئۇنىڭ بەلگە چۈشىدىغان زەيتۇن رەڭلىك يىپەك رومال ئارتىشىغا يول قويىغانىدى. «ئۇلار ئون ئىككى مۇقام»نى ئاساس قىلغان ئەلنەغمىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇسسۇللارنى كۆردى، ئوقيا ئېتىش، نەيزە ئۇرۇش، قىلىچ چېپىش، مۇشتلىشىش، كەكلىك، بۆدۈنە، خوراز سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش سورۇنلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ چېلىشىش بولۇۋاتقان مەيدانغا كېلىپ توختاشتى. خانئايىم قىزلىرىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، مەريەمنىسانى يېنىدا تۇرغۇزۇپ چېلىشىۋاتقانلارغا زەن سالدى. ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئاقپىشماق، شاپ بۇرۇت

پەتھۇللا پالۋان ئارقا ـ ئارقىدىن يەتتە ـ سەككىز غەيۇر يىگىتنى يانپىشىغا ئېلىپ ئېتىۋەتتى. مەيداننى قىيقاس ـ سۈرەن قاپلىدى. شۇ چاغدا بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بويلۇق بىر يىگىت مەيدانغا كىرىپ پەتھۇللا بىلەن بەل تۇتۇشتى. پەتھۇللا قاتتىق كۈچەپ ئىككى قېتىم يانپىشىغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇنى ئاتالمىدى. بۇغداي ئۆڭ يىگىت بىر ئۆرۈدەپ پەتھۇللانى دەس كۆتۈرۈۋالدى. مەيدان دەۋرەپ كەتتى. پەتھۇللا جان ـ جەھلى بىلەن تىپچەكلەپمۇ يەرگە پۇتىنى قويالمىدى. بۇغداي ئۆڭ يىگىت: «يا، ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۇنى ئېتىۋەتتى.

— يارايسەن، ئەزىمەت!

— بارىكاللا!

كۆپچىلىك شۇنداق دەپ تۇۋلاشتى. ياركەند شەھىرىنىڭ هاكىمبېگى ئوسمانبەگ بۇ پالۋان يىگىتنىڭ ئىسمى بەھرام ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، ئۇنىڭغا تون كىيدۈرۈپ، ئاتقا مىندۈردى.

— ئاللا ئامان قىلسۇن! — دەپ پىچىرلىدى بەھرامغا تىكىلىپ قالغان مەريەمنىسا ۋە ئىختىيارسىز ھالدا يانچۇقىدىن ياغلىقنى ئېلىپ يىمىرىپ يۈگەپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ كۈچەپ ئاتتى. مانا شۇ چاغدا بەھرامنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالدى ۋە ئۆزىدىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىغا چۈشكەن ياغلىقنى كۆردى، بىرپەس قاراپ قېلىپ ئۇنى قولىغا ئالدى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن، جۇۋايىنىمەك؟ — خانئايىم ئاچچىقلىنىپ ئۇنىڭغا گۆلەيدى، — ئىزا تارتماي ئۇ يىگىتكە ياغلىق تاشلاۋاتىسىنا! ھۇ نومۇسسىز! ماڭ، كېتىمىز!

خانئايىم مەريەمنىسانى تارتقۇچلاپ قىزلىرى بىلەن سورۇندىن ئايرىلدى ۋە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

مەريەمنىسا بەھرامنى ئىككىنچى قېتىم كۆرەلمەيمەن دەپ ئۈمىدسىزلەندى. يىللاردىن بېرى بىرەر غەيۇر، مەردانە يىگىت

بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا ئىنتىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، بەھرامنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. مىرزا ئەلى تاغايدەك نەپسى بالانىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جاندىن كېچىپ جانانغا يېتەلەيدىغان بىرەر پالۋان يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۇنىڭ ئەڭ زور ئارزۇسى ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق يىگىتنى نورۇزدۆڭدە كۆردى، ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى. تەلمۈرگەن كۆزلىرىدە مۇھەببەت ئىزھار قىلدى. جاۋاب ئالغۇچە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندا ئىت قاۋاپ ئويغىتىۋەتكەندەك ئىش بولدى.

خانئايىم ئۇنى ئۈچ كۈنگىچە تاشقىرىغا چىقارمىدى. تۆتىنچى كۈنى ئېرىنى ئوردىغا ئۇزىتىپلا، شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە بەرگەن بىلەزۈكنى ئەكېلىش ئۈچۈن زەرگەرنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى.

مەريەمنىسا سۇ سېپىپ، پاكىز سۈپۈرگەن چوڭ كوچىدا كېتىۋاتاتتى. كۆڭلىدە ئاشۇ پالۋان يىگىت ئۇچراپ قالسىدى، دەپ رومال ئىچىدىن ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئاستا قەدەم يۆتكەيتتى. ئۇ گەزمال رەستىسىدىن ئۆتۈپ زەرگەر بازىرىغا كەلدى. دۇكانلاردا پارىلداپ تۇرغان ئالتۇن بۇيۇملار كۆزنى چاقاتتى. ئۇ تونۇش زەرگەرنىڭ دۇكىنىغا كەلگەندە، ئۇستام كىچىك بولقا بىلەن ئالتۇننى سوقۇپ ياپىلاقلاۋاتاتتى. ئۇ سوۋۇپ قاتقان ئالتۇننى قىسقۇچ بىلەن تۇتۇپ ئوتقا سالدى ـ دە، كۆرەكنى باستى. ئوت يېشىل ئۇچقۇن چىقىرىپ پاراسلاپ كۆيدى. ئۇستام بېشىنى كۆتۈرمىگەندىن كېيىن مەريەمنىسا ئېغىز ئاچتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستام، بىلەزۈككە كېلىۋىدىم.

ئۇستام بېشىنى كۆتۈردى. ئالدىدا بىر نازىنىن قىز تۇراتتى. يۈز ـ كۆزلىرىدىكى قارا قۇرۇنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ئۆزىچە ئورنىدىن قوپۇپ يەنە ئولتۇردى، كۆيۈپ كۆتمەك بولۇپ قالغان قاشلىرى لىكىلدىدى. بىرپەستىن كېيىن كۈلۈمسىرىدى.

— ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئاغىچىسى ئەۋەتتىمۇ؟ ئۈلۈشكۈن

پۇتكۈزۈپ قويغانىدىم، سىمكىرىنى ئەكەلگەنلا؟

— ئەكەلدىم، مەرىيەمنىسا ئىزمىلىك قارا تاۋار كەمىرۇلنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن تەڭگە پۇلنى ئېلىپ، ئۇستامنىڭ ئۇزارتقان قولىغا بەرمەستىن يېنىدا قويدى. بۇ پۇلغا سەئىدخانىنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەنىدى.

— رەھمەت، خېنىم، — زەرگەر ئۇستامنىڭ ئىچىگە جىن كىردى، — ماۋۇ ئۈزۈكنى قوللىرىغا سېلىپ قوياي، پات - پات كېلىپ تۇرسىلا، خېنىم.

رومىلىنى قىيا ئېچىپ بىلەزۈكنى كۆرۈۋاتقان مەرىيەمنىسا قولىنى تارتىپ ئارقىسىغا بىر قەدەم ياندى.

— نېمە دەۋاتىسىدۇ ما سارالڭ ئادەم؟ خوتۇنلىرىنىڭ قولىغا سېلىپ قويسىلا، — ئۇ بىلەزۈكنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ، ئارقىسىغا قارىماي كېتىپ قالدى. ئۇستام خىرىلداپ كۈلگىنىچە قالدى.

مەرىيەمنىسا جوۋا①، يەل - يېمىش بازارلىرىنى ئايلىنىپ دوپپا بازىرىغا چىقتى. بۇ يەردە بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، مەنپۇ دوپپا، گىلەم دوپپا، مەرۋايىت دوپپا، مارجان دوپپىلارنى باشلىرىغا دەستىلەپ كىيىۋالغان خوتۇن - قىزلار مىغىلدايتتى. ئەسلىدە ئۇ كەلگەن يولى بىلەن كەتمەكچىدى، ئەمما ھېلىقى پالۋان يىگىتنى ئۇچرىتىپ قالارمەنمىكىن دەپ، مېڭىشقا تېگىشلىك بولمىغان يوللار بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇ مىسكەرلىك، تۆمۈرچىلىك قىلىۋاتقان كاسىپ يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئوردا ئالدىغا كېلىپ، داغدام ئېچىلغان ھەيۋەتلىك دەرۋازىغا قارىغىنىچە بىرھازا تۇردى. ئات مىنگەن سەرۋازلار، نۆكەر، ياساۋۇللار، بەگلەر، ئەمىرلەر، مويسىپىت ئۆلىمالار كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ يىگىت كىرگەنلەرنىڭمۇ، چىققانلارنىڭمۇ ئارىسىدا يوق ئىدى.

① جوۋا — ئاشلىق بازىرى.

مەريەمنىسا كۆننىڭ قىيام بولغىنىنى بىلىپ يولغا چۈشتى. «ئۇ چۈشۈم ئىكەن، ماڭا ئۇنداق ياخشى يىگىت نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ كۆزىگە ياش ئالغىنىچە ۋەزىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.

— خېنىم!

چۆچۈپ كەتكەن مەريەمنىسا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، داڭ قېتىپ قالدى. ئالدىدا يالاڭ بەقەسەم تون كىيگەن ھېلىقى يىگىت تۇراتتى. بېلىگە چىلىڭ باغلانغان بەلبېغىغا غىلاپلىق خەنجەر ئېسىلغانىدى.

— خېنىم، قورقمىسىلا، بىر ئېغىزلا گېپىم بار، دەپلا كېتىمەن.

يۈرىكى بوغۇزىغا كەپلەشكەندەك بولۇپ زوۋان سۈرەلمەي قالغان مەريەمنىسانىڭ ئاغزىدىن: «ۋاي ... كەتمىسىلە» دېگەن جانسىز سادا چىقتى. نېمە ئۈچۈن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى.

— خېنىم، مەن سىلىگە ئاشىق، نورۇزدۆڭدە دىدارلىرىنى كۆرگەندىن بۇيان ئەس - ھوشۇمنى يوقاتتىم. شۇ چاغدا ئارقىلىرىدىن كېلىپ، ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىرىنى كۆردۇم. ھەر كۈنى دىدارلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىلىرىدىن ئۆتىدىغان بولدۇم. بۈگۈن خۇدايىمنىڭ رەھمىتى كەپتىكەن، كۈتۈپ تۇرسام ئۆيدىن چىقماي بازاردىن كەلدىلە. كۆزلىرىگە سەت كۆرۈنگەن بولسام، مەن كېتەي، خېنىم. مەن سىلىگە ئاشىق ...

— توختىسىلا! — يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، دىدارىغا مۇشتاق بولغان يىگىتنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىغا ئىشەنگەن مەريەمنىسانىڭ ئاۋازى جاراڭلىق چىقتى.

— مەن گېپىمنى قىلىپ بولدۇم، — دېدى بەھرام تەلمۈرۈپ.

— قايسى گەپنى؟ — رومىلىنى سەل قايرىپ بەھرامغا

كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سەپسالغان مەريەمنىسا يۇرەكلىك سورىدى.

— خېنىم، مەن سىلىگە ئاشىق، — بۇ سۆزنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىدى ئۇ.

— مەن بىر دېدەك تۇرسام.

— مەن ئۇچۇن سىلى بىر مەلىكە.

— ئاتا - ئانىسى يوق قارا يېتىممەن.

— ھەر ئىككىلىمىزگە خۇدايىم بار.

— مەن قەپەستىكى تۇتى قۇش.

— سىلىنى ھاۋادا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇشقا جېنىم پىدا!

— بۇ گەپلىرىدە تۇرالامدىلا؟

— دار ئالدىدىمۇ بۇ گېپىمدىن يانمايمەن!

— ئەتە كېچە ئۇكەر تىكلەشكەندە، بۇ ئىشىمىك ئالدىغا كېلەلەمدىلا؟

— كېلىمەن!

— خەير، خۇدايىم بۇيرۇسا، سىلىنى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈۋالىمەن.

— خەير، مەشۇقۇم، — بەھرام شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى.

مەريەمنىسا يېپىقلىق ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ھويلىغا كىردى. خانئايىم مېھمانخانىدا پولۇ يەۋاتاتتى.

— ئاغىچا خېنىم، ئۇستام بىلەزۈكنى تېخى پۈتكۈزۈپ بولالماپتىكەن، ساقلاپ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرى دېگەندەك ئەتكۈزۈپ كەلدىم.

— ئالتۇنۇمنى ئوغرىلىۋالمىغاندۇ؟

— قاراپ تۇرۇپ ئەتكۈزدۈم، ئاغىچا خېنىم.

— ئېشىڭنى يەپ، يىغىلىپ قالغان كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇۋەتكىن.

— خوپ، ئاغىچا خېنىم.

مەريەمنىسا كىر يۇيۇۋېتىپمۇ، ئۆي - ھويلىلارنى سۈپۈرۈۋېتىپمۇ، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بىزەك قىلىقلىرىغا چىداپ

تۇرۇپ قولىغا سۇ قۇيۇۋېتىپمۇ بەھرامنى، بۇ قەپەستىن قۇتۇلۇشنى ئويلىدى. ئۇنىڭ كىچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ تەھەججۇت نامىزى ئوقۇپ ئاللاغا مۇناجات قىلدى: «پۈتۈن ئالەمنى ياراتقۇچى ئەي، ئاللا، ئىمانىمنى، ئاجىز تېنىمنى ئۆز پاناھىڭغا تاپشۇردۇم. نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگۈچى بىر ئۆزۈڭسەن ...»

ئۇ بالىخانا دېرىزىسىدىن قاراپ ئۇكەر يۇلتۇزنىڭ ئاسمان قەرىدە تىكلەشكەنلىكىنى كۆردى. «ئەتە كېچە مۇشۇ ۋاقىتتا بەھرام بىلەن كۆرۈشىمەن. خۇدا، ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.»

مەريەمنىسا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ جايناماздىلا ئۇخلاپ قالدى.

— ھەي، مەريەمنىسا ! — خانئايىم ھويلىغا چىقىپ ئۇنى توۋلىدى. چۈش كۆرۈۋاتقان قىز چۆچۈپ ئويغىنىپ بالىخانىدىن ئۆندەرەپ چۈشتى.

— ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتتىڭا، تومۇچۇقۇم؟ قىز بالا دېگەن سەگەك بولىدىغان. سىڭىنغۇ قىز دېگىلى بولمايدۇ. شېرىن چۈش كۆرۈپ شەيتان ئاتلاپ قالغان ئوخشايدۇ ـ ھە؟ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرماي كېلىپ چېچىمنى تاراپ قوي، جۇۋاينىمەك !

مەريەمنىسا ئۇنىڭ چىگىچلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنى تاراپ بولغۇچە تىل ئىشىتتى، ئەمما جاۋاب ياندۇرمىدى. كەچ كىرگۈچە ئۆي ـ ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ چىنىدەك قىلىۋەتتى. خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، بالىخانىغا چىقىپ «ئۇھ ! » دەپ ئورنىغا ئۆزىنى تاشلىدى، ئۇيقۇسى كەلمىدى. توغرا، قانداقمۇ ئۇيقۇسى كەلسۇن؟ قوپۇپ چىنچىراغنى يېقىپ، بۇلۇڭدىكى بوپىنى ئېچىپ ئانىسىدىن تەۋەررۇك قالغان كۆڭلەكنى، كۆك مارجاننى، باشقا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئېلىپ بوغچىغا يۆگىدى. كۆڭلەك ـ تامبىلىنىمۇ يۆتكىۋالدى. ئۇ دېرىزىنى ئېچىپ ئاسمانغا قارىۋىدى، ئۇكەر كۆرۈنمىدى. ئاسماندا ئاق ـ قارا بۇلۇتلار لەيلەپ

تۇراتتى، يۇلتۇزلار يوق دېگۇدەك ئىدى. كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. دەسلەپ قۇلىقى قىزىپ، كېيىن يۇزى ئوت ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك قىزىپ كەتتى. يەنە دېرىزىدىن ئاسمانغا قارىدى، ئاسمان باغرىدا قاتار يەتتە يۇلتۇز كۆرۈندى. ئۇلار تېخى يانتۇ بولۇپ، تىكلەشمىگەنىدى. ئۇ تۆتىنچى قېتىم ... ئون بەشىنچى قېتىم ئاسمانغا قارىدى. تىكلەشكەن يەتتە يۇلتۇز ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈندى. ئۇ دېرىزىنى ياپتى - دە، يالاڭ ئاياغ مېڭىپ شەپە چىقارماي پەسكە چۈشتى. ھويلا، ئۆي ئىچى جىمجىت، باشقىلار ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتكەنىدى. مەريەمنىسا ئىچكىرىكى ھويلىدىن تار دەھلىز ئارقىلىق تاشقىرىقى ھويلىغا ئۆتتى. تىمتاس. ئۇ ئىشىككە يېقىنلاپ كەلدى، دەل شۇ چاغدا ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

— كىم؟ — سورىدى مەريەمنىسا جىددىيلىشىپ.

— مەن بەھرام.

مەريەمنىسا ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەسسالام، ۋاقتىدا كەلگەنلىرى ئۈچۈن، ئاللا ئىگەم سىلىدىن شەپقىتىنى ئايىمىسۇن، — دېدى ئۇ باشقا سۆز ئاغزىغا كەلمەي ۋە بەھرامنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىشىكنى يېپىۋەتكەندىن كېيىن بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. ئون بەش كۈنلۈك ئاي يەتتە يۇلتۇز بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نۇر چاچتى. ھاياجانلانغان بەھرام يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن مانا شۇنداق ئۈكەر تىكلەشكەندە كېلىپ، ئۇنى مىرزا ئەلى تاغاي تاپالمايدىغان جايغا ئەكېتىپ، ئەمرىگە ئالىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ئۈزۈلگەن ئۈمىدى ئۇلانغان مەريەمنىسا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇنى ئۇزاتقاندىن كېيىن بالىخانىغا ئاستا چىقىۋالدى. لېكىن، بەھرام ئەتىسى سەئىدخانىنىڭ پەرمانى بىلەن نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئېلىپ، مەشۇقىغا دېمۇ قويالماي ھىندىستانغا — پادىشاھ بابۇر مىرزىنىڭ يېنىغا كەتتى. قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، باش ئەتىيازدا قايتىپ كەلدى. مەريەمنىسانىڭ

كۆزىدىن ئاقىقان يېشى كۆكلەم يامغۇرىدىنمۇ كۆپ ئىدى. بەھرامنىڭ نەچچە قېتىم كېچىسى كېلىپ، ئېتىكلىك ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپ قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئۇ نەدىنمۇ بىلسۇن؟

كۈندە نەچچە قېتىم كېلىپ ئەتراپىنى تازا كۆرۈۋالغان بەھرام بىر كۈنى كېچىسى ئۇكەر تىكلەشكەندە كېلىپ، ئىككى قولىغا ئىككى خەنجەرنى ئېلىپ، بالىخانىنىڭ كوچا تەرەپتىكى تېمىغا ياماشتى. خۇددى سىپىلغا چىقىش مەشقى قىلغاندەك خەنجەرنى تام ئاراچلىرىغا سانجىپ، بالىخانا ئۆگزىسىگە يالاڭ ئاياغ چىقتى. بالىخانىنىڭ قىيا ئوچۇق دېرىزىسىدىن قاراپ، باش چۆكۈرۈپ ئۇيقۇغا كەتكەن مەريەمنىسانى ئاستا تونۇلىدى. قىز ئاشىقىنىڭ ئۇنىنى چۈشىدە ئاڭلىغاندەك قىلىپ، ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ، كۆزىنى ئۇچىنچى قېتىم ئاچقاندا بەھرامنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، سۆيۈنگىنىدىن يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ بەھرامنى ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، دۇنياغا تۆرەلگىنىگە مىڭبىر پۇشايمان قىلغانىدى. ئىككىيلەن يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن بىللە قېچىشقا ۋەدىلەشتى.

ئەتىسى مەريەمنىسا مىرزا ئەلى تاغىنىڭ ئىككى كۈندىن كېيىن يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە بالىخانىغا چىقىشىغا قوشۇلۇپ، ئۇنى خۇش قىلىۋەتتى. مىرزا ئەلى تاغاي بالىخانىغا چىققاندا، بەھرام مەريەمنىسانى ئېلىپ غايىب بولغانىدى.

مانا شۇنداق تەقدىر - قىسمەت ئۇلارنى ئۆمۈرلۈك ئەر - خوتۇن قىلىپ قويدى ...

## 3

مەريەمنىسا كەچۇرمىشلىرىنى بىر قۇر ئەسلەپ چىققاندا بەھرام ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بەھرام ئويغانغاندا ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇ دەرھال قوپۇپ ھويلىغا چۈشتى. كۈز

شامىلى ئاشخانىدىن ئاچىققان پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدىنى دىمىقىغا ئۇردى.

— بالام، پولۇ دەم يېگىلى خېلى بولدى، ئۇخلىۋالسۇن دەپ ئويغاتمىدۇق، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ؟ — دېدى سېلىمىخان پېشايۋانغا داستىخان سېلىپ.

مەريەمنىسا ئېرىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن مەكتۇپ ئەكەلگەنىدىم، ئانا. ئەتىگەن ياركەندكە قەدەم قويۇپ ئۇدۇل ئوردىغا بارسام، خان شىكارغا چىقىپ كېتىپتىكەن، مەكتۇپنى بېرەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئانامنىڭ دىدارىنى چاپسانراق كۆرەي، دەپ ئۆيگە كېلىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ. چۈشۈمدە تېخى تۇغۇلغان ئوغلۇمنى كۆرۈپتىمەن، — دېدى بەھرام قولىنى لۆڭگە بىلەن ئېرتىۋېتىپ.

— ئانا دېگەن شۇنداق ئۇلۇغ! ئەتىگەن ئۆيىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ ئوردىغا بارماي، ئۇدۇل ئانام ئالدىغا كەلگەن بولسىلا، ئىشلىرى ئوڭغا تارتقان بولاتتى، — دېدى ئاشخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقان مەريەمنىسا.

بەھرام ئەپسۇسلانغاندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

مەريەمنىسا دۆۋىلەپ پولۇ ئۇسۇلغان چوڭ بىر تاۋاقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، داستىخانغا قويدى.

پولۇغا چامغۇر، بېھى، قوي گۆشى، ئىككى پارچە ئالما بېسىلغانىدى. زىرىنىڭ مەززىلىك ھىدى، ئالمىنىڭ خۇشبۇيى تاراپ تۇرغان پولۇ بىر كاپام - بىر كاپامدىن يېيىلىپ تۈگىدى.

— ئانا، دۇئا قىلىپ بەرسىلە، — دېدى بەھرام قولىنى ئېرتىۋېتىپ، — ئوردىغا بېرىپ شاھقا مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ كېلەي.

دۇئادىن كېيىن بەھرام مەريەمنىسا سۇنۇپ بەرگەن كۇزلۇك بەقەسەم تونىنى، بادام دوپپىسىنى كىيىپ، ئېغىلدىن ئاتنى ئاچىقتى.

سېلىمىخان كېلىنى بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، ھايال قالمىغىن، ئوغلۇم.

— خوش، ئانا، خۇپتەندىن يانغۇچە كېلىمەن.

ئاتقا مىنگەن بەھرام تام ياقىلاپ كېلىۋاتقان قارا پەرەنجىلىك ئىككى ئايالغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، قامچىسىنى كۆتۈردى ...

ئۇ سەئىدخان ھۇزۇرىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ قېلىپ، يېرىم كېچىگە يېقىن قايتىپ كەلدى. ئەجەبا، ئىشىك داغدام ئوچۇق تۇراتتى. ئاتتىن چۈشكەن بەھرام ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. كۆڭلى ئۆيۈپ ئاتنى يېتىلىگەن پېتى ھويلىغا ئەكىرىپ تۇۋرۇككە باغلىدى. ئاشخانىغا كىرىپ شامنى يورۇتۇپ، ئايۋانغا، ئىچكىرىكى ئۆيلەرگە كىردى.

— ئانا!

جاۋاب بولمىدى.

— مەرىيەمنىسا! — ئۇ تېخىمۇ ئەنسىرەپ توۋلىدى.

بىر قارا مۇشۇك مىياڭلاپ ئالدىغا كەلدى. ئۆيدە ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھويلىغا يېنىپ چىقتى. كۆزى بالىخانىغا قادالدى، ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. پەلەمپەينىڭ يېنىغا كېلىپ چۆچۈپ كەتتى، قولىدىكى ساپال چىراغ يەرگە چۈشتى. چۈنكى، ئۇ پەلەمپەينىڭ دالدىسىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان ئانىسىنى كۆرگەنىدى. يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشكىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ چىراغنى ياندۇرۇپ چىقىپ سۇپىغا قويدى. پەلەمپەيگە يېقىنلاپ كېلىپ: «ئانا!» دەپ توۋلىدى. جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن ئىتتىك بېرىپ يۈكۈندى ـ دە، ئانىسىنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى. ئانىسىنىڭ رومىلى قانغا بويالغان، باغرىغا پىچاق تىقىلغانىدى.

— ئانا! ئانا! ئانا!

ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى.

بەھرام تۇۋلاپ تۇرۇپ ئانىسىنىڭ كۆكسىگە قولاق ياقتى، يۈرىكى سىلىشتىن توختىغانىدى. ئاغزىنى ئاغزىغا باستى، نەپەسى ئۈزۈلگەنىدى. ئۇ يىغلىغىنىچە ئانىسىنى كۆتۈرۈپ ئايۋانغا ئەكىرىپ كۆرپىگە ياتقۇزدى. جايناماز ئۈستىدىكى ئاق رومالنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ياپتى.

— مەرىيەمنىسا ! — ئۇ تۇۋلىغىنىچە بالىخانىغا چىقتى. خوتۇنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۆگزىگە تېگىپ تۇرغان ئۈجمە شاخلىرى مۇڭلۇق شىلدىرلايتتى.

مەرىيەمنىسا نەگە كەتكەندۇ، قايسى تاش يۈرەك بۇ غەمگۇزار ئانىنىڭ باغرىغا پىچاق سالغاندۇ؟

بەھرام بالىخانىدىن چۈشتى، قولىدىكى پىچاقنى سۇپىغا قويدى، تۇۋرۇككە باغلاپ قويغان ئېتىنى بوشىتىپ، يېتىلىگىنىچە تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ ئاتقا مىنگەندە خوراز چىللىدى: قى - قى - قىق ! ...

# ئون تۆتىنچى باب

# جازا ھۆكۈم قىلىش

## 1

كەچ كۈز. ئاق تېرەك، سۇۋادان، قاپاق تېرەكلەرنىڭ سارغايغان ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ، يول ياقىسى، ئۆستەڭ ـ ئېرىقلارنىڭ گىرۋەكلىرى، ئېتىزلارنىڭ قىرلىرى غازاڭ بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. سېرىق ـ قارا سۆگەتلەرنىڭ ياپراقلىرى بولسا ئەمدىلەتىن سارغىيىشقا باشلىغانىدى. چۆلدىكى توغراقلارنىڭ ياپراقلىرى سەلكىن ئۇرسىلا پىلدىرلاپ يەرگە چۈشەتتى. ئىسسىق ياقلارغا كېتىۋاتقان قۇشلار ئاقسۇ ئاسمىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئابدۇرەشىدخان ھەرەم قەسرىدىن ئوردىغا چىقتى. مىرزا ئەلى تاغاي دىۋانخانا ئىشىكى ئالدىدا تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى، ئاللا دۈشمەنلىرىنى ئاياغلىرى ئاستىدا خار قىلغاي.

— ئىنشائاللا، دىۋان ئەمىرى، ئەمىر ـ ئەركانلاردىن يەنە كىملەر كەلدى؟ مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئاغام كەلمىدىمۇ؟

— بىرىنچى بولۇپ مەن كەپتىمەن، ئالىيلىرى. مىرزا ھەيدەر كۆرەگان تېخى كەلمىدى، ئۇ ھەمىشە ئالىيلىرىدىن كېيىن كېلىدۇ. بۇنىڭ ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا

بىلدۈرۈپ قويۇشنىڭ ۋاقتى كەلدى، — خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ئېگىلدى ۋەزىر.

— ھاجىتى يوق، ئەمىر - ئەركانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ساداقەتمەن كىشىلەر. ئۇلار توغرا قىلىۋاتىدۇ. سۇلتان بولغىنىم ئۈچۈن ئوردىغا مەن بىرىنچى بولۇپ كېلىشىم زۆرۈر، ۋەزىر. لېكىن، سىلى يېقىندىن بېرى دائىم بىرىنچى بولۇپ كېلىۋاتىدىلا، — دېدى ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەردە.

— شاھەنشاھ سەئىدخان ئالىيلىرى ئۆزلىرىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشىمنى تاپىلىغان. ئوردىغا ئەتىگەندە كېلىشىممۇ، دائىم يانلىرىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشۈممۇ شۇ ۋەجىدىندۇر، سۇلتانىم. ۋاللاھۇئەئلەم①، ئەتراپىمىزدا يوشۇرۇن دۈشمەن يوق ئەمەس. پەخەس بولمىسام، بىرەر ئىش يۈز بەرسە، سەئىدخان ئالىيلىرىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن، ئۆزلىرىگە قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ يېقىندىن گۇناھ ئۆتكەن بولسا، بويىنۇم قىلدا باغلاقلىق.

ئابدۇرەشىدخان مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بېشىنى گىلدىڭلىتىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، «ساداقەتمەنلەر ئىچىدە بۇ ئەمىرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويسام بولىدىكەن، ئۇزاق يىللاردىن بېرى مەن بىللە بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭدا سەممىيەتسىزلىكنىڭ بىرەر ئىپادىسى كۆرۈلمىدى. ئۇنىڭغا ئىشىنىشىم كېرەك ئىدى، ئەپسۇس. بۈگۈن كېلىپلا قاتتىق تېگىپ قويدۇم» دەپ ئويلىدى ۋە:

— رەھمەت، ئەمىر، مەن سىلىدىن رازى، — دېدى.

— ئاللا ئالىيلىرىدىن رازى بولسۇن، سۇلتانىم، — مىرزا ئەلى تاغاينىڭ خالتىلىشىپ قالغان ياداڭغۇ يۈزىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى، — ئاقسۇغا كېلىۋاتقىنىمىزدا ئۆزىمىزدىن بەك ئەنسىرىگەندىم. ئالىيلىرىنىڭ ئاقىلانە پىلانى بىلەن لەشكەرلىرىمىزنى ئۈچكە بۆلۈپ، پىيادە لەشكەر، ئاتلىق

① ۋاللاھۇئەئلەم — ئاللا بىلىدۇ، بىلگۈچى ئاللا.

چەۋەنداز ۋە سىپاھلارنى يېتەكلەپ ئالدىدا ئۆزلىرى ماڭدىلا. سول تەرەپتە توپچى، ئوقياچى مەرگەنلەر، ئوڭ تەرەپتە ھۇجۇمچى قەيسەرلەر يوشۇرۇنۇپ ماڭدى. تېرىسىگە سىغماي قالغان ئەمىن خوجا سۇلتان لەشكەرلىرى قانداق قورشاۋدا قالغىنىنى بىلەلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەيۋىسى ئالەمگە تارالغان ئاقسۇ يېغىلىقى تېزلا تىنچىدى. بۇنى ئويلىسام، ئالىيلىرىنىڭ تەڭداشسىز سەركەردە ئىكەنلىكلىرىگە قايىل بولماي تۇرالمايمەن.

— ئاللا مەدەتكار بولمىغان بولسا، غەلىبە قىلالمايتتۇق. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئاغامنىڭ تەدبىرى ئەمىن خوجا سۇلتاننى مەقسىتىگە يەتكۈزمىدى، — دېدى ئابدۇرەشىدخان چىرايىغا قايغۇلۇق تۈس ئېلىپ، — خان ئاتام مەكتۇپۇمنى كۆرۈپ نېمىدەپ قالاركىن؟ دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرگەن رۇستەمبەگنىڭ پارە - پارە قىلىۋېتىلىشىمۇ، بىزگە رەھىمسىزلىك قىلغان تاغام ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ غايىب بولۇشىمۇ خان ئاتامنى داغۇ ھەسرەتتە پۇچىلايدۇ. ئۇ مۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلمايتتى. مەن ئاتامنىڭ كۈتكىنىدەك قىلالمىدىم. ئاتامنى ياشانغان چېغىدا بۇ مۇسىبەتنى كۆتۈرەلمەي قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. چەۋەنداز بەھرام جاۋاب ئەكەلمىگۈچە خاتىرجەم بولالمايدىغاندەك تۇرىمەن.

مىرزا ئەلى تاغاي سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئەگىشىپ تەخت يېنىغا كەلدى. ئۇ ناھايىتى ھەسرەتلەنگەن قىياپەتتە مەڭزىدىكى ياش يۇقىنى ئېرتىپ، دېدى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەلمىساقتىن بېرى جەڭلەردە قان تۆكۈلۈپ كەلگەن. رۇستەمبەگ باھادىرلىق بىلەن دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ، قۇربان بولۇشىدىن قورقماي غەلىبىگە يول ئاچتى. ئالىيلىرىنى يول ئۈستىدىلا مەغلۇپ قىلىپ، ئەزىز باشلىرىنى مۇبارەك تەنلىرىدىن جۇدا قىلماقچى بولغان ئەمىن خوجا سۇلتاننى تىرىك پېتى ئەسىرگە ئېلىپ، ئالدىلىرىغا ئەكېلەلمىگىنىم ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنىمەن. ئاللانىڭ ئىرادىسى

www.uyghurkitap.com

شۇنداق بولمىسا، بۇ قانلىق جەڭمۇ بولمىغان، ئۇ سىتەمكار تاغىلىرى يوقىلىپ كەتمىگەن بولاتتى. شاھەنشاھ ئالىيلىرى كۆپ جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۇ چۈشىنىدۇ، قايغۇرمىسىلا.

ئارقا ـ ئارقىدىن سالام بېرىپ كىرىپ كەلگەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ۋە ئەمىر ـ ئەركانلار سۆھبەتنى بۆلۈپ قويدى.

«ئەمىن خوجا سۇلتان غايىب بولدى. ئۆلدىمۇ، بىر يەرگە قېچىپ كەتتىمۇ، نامەلۇم، ئۇنى ياساۋۇللار ئىزدەۋاتىدۇ. تۇتۇپ كەلسە ئوبدان بولاتتى...» ئابدۇرەشىدخان خىيالچان ھالەتتە تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. ئەمىن خوجا سۇلتان توپىلىڭدا تالاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىككى يارلىق چۈشۈردى.

ئاقسۇ شەھەر ئاھالىسى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى دېھقانلاردىن ئۈچ يىلغىچە باج ـ سېلىق ئالماسلىق توغرىسىدىكى بىرىنچى يارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەرنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ ئوردا خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قويغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىدى.

— جانابلار، سۇلتانىمىزنىڭ يارلىقى ئاقسۇ دىيارىدىكى ئاۋامغا خاتىرجەملىك، پاراغەت ئاتا قىلىدۇ. ھەربىرلىرى ئۇنى قوللاپ، ئىجرا قىلىشلىرى لازىم. گەرچە خەزىنىدىكى مال ـ مۈلۈكنى ئەمىن خوجا سۇلتان نابۇت قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، سەئىدىيە خانلىقى قۇدرەتلىك ھەم بايدۇر. بىز باج ـ سېلىق ئالمايمۇ ئاقسۇ دىيارىنى گۈللەندۈرەلەيمىز، لەشكەرلىرىمىزنى باقالايمىز. بۇ يارلىقنى ئىجرا قىلىشقا جېنىمنى پىدا قىلىمەن، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي.

مىرزا ھەيدەر سۈكۈت قىلدى. باشقا ۋەزىر، ئەمىرلەر ئابدۇرەشىدخاننىڭ يارلىقىنى قوللاشتى. ئابدۇرەشىدخان ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە يامانلىق يوقلۇقىدىن، نىيەتلىرىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانماي مەمنۇن بولدى. ئەمىرى

دىۋاننىڭ ئۆز قارارىنى باشلامچىلىق بىلەن قوللىغىنىدىن سۆيۈندى. ئۇ ئەتە تارىم ۋادىسىغا شىكارغا چىقىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ۋەزىر، ئەمىرلەرگە تەييارلىق قىلىشنى ئەمر قىلىپ، سۇلتان سارىيىدىن ھەرەم قەسرىگە ماڭغاندا كۆڭلى قىيام بولغانىدى.

مىرزا ئەلى تاغاي ئوردىدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقتى. ئۇ تۇرىدىغان قورۇ ھەرەم قەسرىگە يانداش بولۇپ، ئالدىدىكى چوڭ ئۆستەڭنىڭ سۈيى شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. بۇ قورۇنىڭ ياركەندتىكى قورۇسىغا ئوخشاش ئىچكىرى ـ تاشقىرى ھويلىسى بولمىسىمۇ، مېۋىلىك بېغى، كۆلى بار ئىدى. چوڭ خوتۇنى خانئايىم بىلەن تۆتىنچى خوتۇنى مەلىكىزات خېنىم دەھلىزلىك ئىككى ئۆيگە ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلارنى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىللە بىللە يېقىندا ئەكەلگەنىدى. مىرزا ئەلى تاغاي ياركەندتىكى چېغىدا ئىككىنچى، ئۈچىنچى خوتۇنلىرىنى تالاق قىلىپ خېتىنى بەرگەن، مەريەمنىسانىڭ ئۇن ـ تىنسىز يوقىلىپ كېتىشى ئۇنىڭ ئۆيلىنىش ئارزۇسىنى بەربات قىلغان بولسىمۇ، يەنە بىر خوتۇن ئېلىش خىيالىدىن تېخى ۋاز كەچمىگەنىدى. ئۇنىڭ خوتۇنلىرى ئۇنى «ۋەزىر ئەزەم» دەپ ئاتايتتى.

مىرزا ئەلى تاغاي ياساۋۇللىرى بىلەن ياپراقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان، سۆگەت شاخلىرى ئېگىلىپ تۇرغان ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ئادەم يوق دېگۈدەك ئىدى. ئۆستەڭدىكى سۇزۇك سۇنى كۆرۈپ، خىيالىغا مەريەمنىسا كەلدى. «كاساپەت، ئەجەب قىلدىڭ ـ ھە. سېنى تاپماي قويمايمەن. ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بولساڭ يۇتۇڭدىن تارتىپ چۈشۈرەلەيدىغان، يەرگە كىرىپ كەتكەن بولساڭ كوكۇلاڭدىن تارتىپ چىقىرالايدىغان ئادەملىرىم بار. چاھقا تاشلاپ ئۆلۈكۈڭنى قۇرت ـ قوڭغۇزغا يەم قىلىۋېتىمەن ...»

مىرزا ئەلى تاغاي ئاچچىقى تۇتقان ھالدا بىر ياساۋۇل كۆزەتتە

تۇرغان يوغان تۇچ هالقىلىق ئىشىكتىن كىردى. ياساۋۇللار دالاندا قالدى. ھويلىدىكى سۇپىدا دېدەكلىرى بىلەن ئولتۇرۇشقان خوتۇنلىرى تۇرۇپ تەزىم قىلىشتى. ئۇ خوتەن زىلچىسى سېلىنغان سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قوللىرىنى ئىككى يانغا كېرىپ تۇردى. ئەمدىلەتىن يىگىرمىنىڭ قارىسىنى ئالغان مەلىكىزات خېنىم يۈگۈرۈپ كېلىپ تونىنى سالدۇردى، بېشىدىن كۈمۈش ئوتۇغاتلىق ئاق شايى سەللىسىنى ئالدى.

بۇنىڭدىن خانئايىمىنىڭ خۇيى تۇتۇپ، كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغىنىچە ئېرىگە قارىمىدى. ياركەندتىن ئەكەلگەن دېدەك قىز ئاپتۇۋىدا سۇ ئەكېلىۋىدى، ئۇنىڭ قولىدىن مەلىكىزات خېنىم ئالدى. خانئايىمغا بىر قارىۋېلىپ:

— ۋەزىر ئەزەم، ئۈيدە مېھمان بار، — دېدى.

— نېمە مېھمان، نەدىن كەپتۇ؟ — سورىدى مىرزا ئەلى تاغاي قول - يۈزىنى ئالدىراپ يۇيۇپ.

— نەدىن كەلگەنلىكىنى دېمىدى.

— دېمىدى؟ — مەلىكىزات خېنىمنىڭ قولىدىن لۆڭگىنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئالغان مىرزا ئەلى تاغاي دەلدۈگۈنۈپ كەتكەن بۇ ياش خوتۇننى قارا چاچلىرىدىن تارتىپ ئۆزىگە يېقىن ئەكېلىۋىدى، ئۇنىڭ لىغىلداپ تۇرغان كۆكسىگە مەيدىسى تېگىپ قالدى، — دېمىدى؟ كىمگە دېمىدى؟ ئېيتە، قانجۇق!

— بۇ ئامراق خېنىملىرى بىلمەيدۇ، — خانئايىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ئېرىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كىم كەلدى؟ ئېيتسىلا، ئاغىچا، — مىرزا ئەلى تاغاي مەلىكىزات خېنىمنىڭ چاچلىرىنى قويۇۋەتتى، — مېھمان نەدە؟

— مېھمان ياساۋۇللار ئۆيىدە. نەدىن كەلگەنلىكىنى، كىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىلە بىلىدىلا، تەخسىرىم. مەن ھازىر دېمەيمەن.

— دەستار① بىلەن تونۇمنى ئېلىۋېتىڭ، كىچىك ئاغىچا، —

① دەستار — سەللە.

مىرزا ئەلى تاغاي كىچىك خوتۇنىغا بۇيرۇدى.

— ئەكەلسىلە ! — مەلىكىزات خېنىمنىڭ قولىدىن ئالغان سەللىنى ئېرىنىڭ پايىنەك بېشىغا، تونىنى كۆرۈمسىز ئۇچىسىغا كىيدۇرگەن خانىمىم مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ دېدى، — ئاقسۆغا كەلگەندىن بېرى ھەمىنىنى ئۆتتۈرۈۋەتكەن قىمارۋازدەك سەپرا بولۇپ قالدىلا. ماڭا ئۇنداق مۇئامىلە قىلسىلا بولمايدۇ، تەخسىرىم. مېھماننىڭ ئالدىغا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ كىرسىلە.

مىرزا ئەلى تاغاي دالاندىكى ياساۋۇللار ئۆيىگە كىرىپ، يوغان سەللە ئورىغان ساقاللىق بىر كىشىنىڭ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆردى. «كىمدۇ بۇ؟ ئەجەب تونۇيالماي قالدىمغۇ ...»

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دىۋانبېگى، — مېھمان ئورنىدىن تۇرۇپ ھال سورىدى، — ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ مەن نەمانگاندىن كەلدىم.

مىرزا ئەلى تاغاي مېھماننىڭ ئاۋازىدا ياسالمىلىق بارلىقىنى سېزىپ قالدى. قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ ئۇنى تونۇۋالدى. «قاسىم قېچىرغۇ بۇ، ياركەندتىن كەپتۇ ـ دە ...»

— جانابلىرىنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن، قېنى مېھمانخانىغا چىقايلى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي تەكەللۇپ بىلەن.

مېھمان ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى مېھمانخانىغا كىردى.

— قېنى ئولتۇر، قاسىم. ئۆزۈڭنى ئوبدان نىقابلاپسەن، — مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، خىرىلداپ كۈلدى.

— جانابلىرى، ماڭا ئۆزۈڭنى مەندىن باشقا ھېچكىمگە بىلدۈرمە، دەپ تاپىلىغانىدىلە. شۇڭا، مۇشۇنداق سودىگەر سىياقىغا كىرىۋالدىم.

— سەن تەدبىرلىك ئادەم، قاسىم، بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر خىزمىتىمنى قۇسۇرسىز قىلىپ كەلدىڭ، سەندىن تولىمۇ

رازىمەن. سىنىمۇ ئوبدان رازى قىلىمەن. خوش، ئېيتقىنا، قانداق خەۋەر ئەكەلدىڭ؟ بۇيرۇغانلىرىمنى قانداق ئادا قىلدىڭ؟ — مىرزا ئەلى تاغاي جىندەك توختاپتۇر، دېگەن مەنىدە ئۆتۈك تىزىنى بېسىپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

قاسىم قېچىر: «ئەمىرى دىۋاننى بىر خۇش قىلىۋېتەي، قانچىلىك ئىلتىپات قىلاركىن؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋېدى، مىرزا ئەلى تاغاي كىردى. ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن ئىككى تىللا ئېلىپ، قاسىم ياساۋۇلغا سۇندى.

— قېنى سۆزلە، قاسىم.

— جانابلىرىغا يەتكۈزىدىغان بىرىنچى خەۋىرىم: خان ھەزرەتلىرى ئىككىنچى ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتانغا يېڭىسارىنى، ئۈچىنچى ئوغلى ئىبراھىم سۇلتانغا خانئېرىقنى، تۆتىنچى ئوغلى مۇھسىن سۇلتانغا قاغىلىقنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىپتۇ.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — مىرزا ئەلى تاغاي پىسەنت قىلمىغاندەك سوراپ قويدى.

— جاكارچىدىن.

— شاھزادىلەر ئۆزلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن جايلارغا كەتتىمۇ؟

— ئاڭلىشىمچە ئىسكەندەر سۇلتان يارلىق چۈشۈپ، ئەتىسىلا يېڭىسارغا كېتىپتىكەن.

— ئىبراھىم سۇلتان بىلەن مۇھسىن سۇلتانلارچۇ؟

— خان ھەزرەتلىرى يارلىق چۈشۈرۈپ ئەتىسى شاھزادىلەرنى ماھارىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن شىكارغا ئاچىقىپ، ئوقيا ئاتقۇزۇپتۇ، ئاندىن يالغۇز ئۇۋ ئوۋلاشقا قويۇۋېتىپتۇ. ئىسكەندەر سۇلتان شۇ كۈنى قايتىپ كەپتۇ. ئىبراھىم سۇلتان بىلەن مۇھسىن سۇلتان ئېزىپ قېلىپ، ئوردىغا ئەتىسى كەچقۇرۇن قايتىپ كەپتۇ. ئىبراھىم سۇلتان ئۆگۈنى خانئېرىققا كېتىپتۇ. مۇھسىن سۇلتان ئاغرىپ يېتىپ قالغىنى ئۈچۈن يولغا چىقالماپتۇ. ئىككىنچى خەۋەر: خان ھەزرەتلىرى تىبەت ۋە

كەشمىر دىيارلىرىغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىققا كىرىشىپتۇ. چۈنكى، ئۇ يەرلەردىكى ھاكىم، سۇلتانلار سەئىدىيە خانلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغانىكەن.

— بۇ خەۋەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — جىددىي سورىدى مىرزا ئەلى تاغاي.

— ئوردىدىكى ئالائىددىن مەھمۇد مىرزىدىن. جانابلىرى ياركەندتىن يولغا چىقىش ئالدىدا مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويغانىدىلە.

— بىلدىم، ئۇ ئىشەنچلىك ئادەم. بۇ مۇھىم خەۋەر ئىكەن، قارىغاندا پايتەخت خانسىز قالىدىغان ئوخشايدۇ، — مىرزا ئەلى تاغاي ھىجايدى، — ئەمىن خوجا سۇلتان ئالدىراپ كېتىپ بېشىنى يېدى. ئەمدىلەتىن ھەرىكەت قىلغان بولسا، ئۇنداق ئاقىۋەتكە قالمايتتى، خەير ... — ئۇ ساقالسىز ئېڭىكىنى سىلاپ قويۇپ سورىدى، — مەريەمنىسا دېگەن بۇزۇقنىڭ دېرىكىنى ئالالىدىڭلارمۇ؟

— ئالدۇق، — دېدى قاسىم قېچىر قولىدىكى تىللانى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، — ئۇ ھازىر قۇمئېرىقتىكى باغلىرىغا قېزىلغان چاھ ئىچىدە.

— نېمە دېدىڭ؟ — مىرزا ئەلى تاغاي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، يۇمۇق كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، يۈز گۆشلىرى لىپىلدىدى.

— ئۇ جومباق باغلىرىدىكى چاھ ئىچىدە، دەۋاتىمەن.

— ئۇنى قەيەردىن تاپتىڭلار؟

— ئابدۇرەشىدخاننىڭ خاس نۆكىرى بەھرامنىڭ ئانىسى تۇرۇۋاتقان ئۆيدىن.

— ھە، بۇ پاسكىنىنى بەھرام ئەپقېچىپتىكەن - دە!

— شۇنداق، ئەپقېچىپلا قالماي، تېخى ئۇنى ئەمرىگە ئاپتۇ.

— ماۋۇ ئەبلەخنى! ئۇ رەسۋانىڭ بەھرامنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭلار؟

قاسىم قېچىر ھىجىيىپ بېشىنى قاشلىدى.

— بۇ، ئۆزى ...

— ئەزمەڭنى ئەزمەي گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېمەمسەن!

— خوپ، ئەمىر جانابلىرى، — قاسىم قېچىر تىللانى تىرنىقى بىلەن چېكىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — باشتا تۆردى ئاخۇن ئىككىمىز تاپشۇرۇقلىرى بويىچە ياركەند شەھىرىنى قېزىۋەتكەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدۇق. ئىلگىرى بويتاقچىلىقتا گۇلباغ مەھەللىسىدىكى تىللاخان دېگەن تىككۈچى چوكان بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم، ئاخىر ئاشۇ تىللاخاننى ئىشقا سالدىم. ئۇ ئايال بولغىنى ئۈچۈن ھەرقانداق ئۆيگە كىرەلەيتتى. ئۆزى چىرايلىق، شەرەنداز چوكان ئىدى. مەن مەريەمنىسانىڭ بوي ـ تۇرقىنى ئۇنىڭغا سۇرەتلەپ بەردىم ھەم ئۇنى كەينىمگە سېلىپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە ھەرقايسى كوچىلاردىكى ئۆيلەرگە كىرگۈزۈپ، شۇنداق قىز بارمۇ، يوق، تەكشۈرتكۈزدۈم. ئۇ: «مەن چاچ تارىغۇچى، چاچ تارىغىلى كىرىۋىدىم» دەپ كىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىمالال كىرىپ، ئايال، قىزلار چاچلىرىنى تاراتسۇن ـ تاراتمىسۇن ئوبدان سەپسېلىپ چىقىپ، مېنى خەۋەرلەندۈردى. ئۈچىنچى ھەپتىگە قەدەم قويغاندا شەھەر چېتىدىكى چىنىباغ مەھەللىسىنى قىدىرىشقا كىرىشتۇق. ئۆيمۇئۆي ئارىلاپ كېلىپ تىللاخان بىر بالىخانىلىق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن بىر چەتتىكى سۆگەت دەرىخىنىڭ دالدىسىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇپ تۇردۇم. تىلالاخان خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئىككى ئايالنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. جايىمدىن مىدىرلىماي تازا زەن قويۇپ قارىسام، تىللاخاننى ئۇزاتقىلى چىققان ئۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ياشانغان موماي، يەنە بىرسى بولسا مەريەمنىسا ئىكەن. ئۇ دېدەكنى ئەنە شۇنداق تەستە تاپتۇق، ۋەزىر ئەزەم. ئۇقساق بۇ ئۆي بەھرامنىڭ ئۆيى بولۇپ، ئۇ مەريەمنىسانى نىكاھىغا ئالغانىكەن.

— ئۇ شەرمەندىنى بەھرامنىڭ ئۆيىدىن قانداق ئاچىقتىڭلار؟ —

www.uyghurkitap.com

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولۇپ سورىدى.

— تۇردى ئاخۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پۇختا تەييارلىق قىلىپ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پەيشەنبە ئاخشىمى چىنىباغ مەھەللىسىگە باردۇق. ھەر ئىككىمىز ئايالچە ياسىنىپ، قارا پەرەنجىگە پۈركۈنۈۋالغانىدۇق. ئىشىك ئالدىغا يېقىن كېلىشىمىزگە بەھرام ئۆيدىن ئات يېتىلەپ چىقتى ۋە ئاتقا مىنىپ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىز تام ياقىلاپ كېتىۋەردۇق. بەھرامنىڭ ئاقسۆغا كەتكەنلىكىنى بىلەتتىم، قايتىپ كەلگىنىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا قەيەرگە ماڭغىنىنى بىلمەيتتۇق. تۇردى ئاخۇن ئىككىمىز جامائەت خۇپتەندىن يانغۇچە يىراقتىراق كۈتۈپ تۇردۇق. جامائەت ئۆيلىرىگە تارقاپ، كوچىدا بالىلارمۇ قالمىدى. ئىمتاس كېچىدە بەھرامنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدۇق. مەن ئىشىك ھالقىسىنى قاقتىم.

— بالام، كەلدىڭمۇ، مانا ھازىر ئاچىمەن، — دېگىنىچە بىر موماي ئىشىكنى ئاچتى. مەن مومايىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، سۆرەپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكەلدىم. تۇردى ئاخۇنمۇ ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ كەينىمدىن كېلىشىگە ئۆيدىن چىراغ كۆتۈرگەن مەريەمنىسا چىقتى.

— بالام، بۇلاڭچىلار ! — دەپ ۋارقىرىدى موماي. ئۇنىڭ چېكىسىگە بىر مۇشت ئۇرۇۋىدىم، يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى. مەريەمنىسا:

— ۋاي ئانام ! ... — دەپ مومايىنىڭ يېنىغا كەلمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدىم. تۇۋلاپ قولۇم - قوشنىلىرىنى ئويغىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاغزىغا رومىلىنى كەپلەپ، كۆتۈرۈپ مېڭىۋىدىم، تېپىچەكلەپ زادى بوي بەرمىدى. تۇردى ئاخۇن قوينىدىن تانىنى ئېلىپ، ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ، قولتۇقىمغا چىڭ قىسىۋالدى. ئۇنىڭ بويىنىڭ

ئېگىزلىكى، كۈچتۈڭگۈرلۈكىنىڭ پايدىسى بولدى. ئۇ پەرەنجىنىڭ بىر پېشى بىلەن مەرىيەمنىسانىڭ بېشىنى يۆگىۋالغانىدى. ئىشىكتىن چىقايلى دەپ تۇرساق، ھوشىدىن كېتىپ ياتقان موماي ئۆرۈلۈپ كۆزىنى ئېچىپ:

— قىزىمنى نەگە ئېلىپ بېرىشىسەن؟ توختاش ! — دەپ ۋارقىراپ، ئۆمىلەپ كەلگىنىچە پۇتۇمغا ئېسىلىۋالدى. بىر تېپىۋىدىم، دومىلاپ پايىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى. بىلىمگە ئېسىقلىق غىلاپتىن پىچاقنى سۇغۇرۇۋالدىم - دە، بېرىپ مومايىنىڭ قورسىقىغا تىقىپ قوچۇۋەتتىم. «خۇدايىم جاجاڭنى بېرەر، جۇۋاينىمەكلەر !» دېگىنىچە ئۇنى ئۆچتى، ۋەزىر ئەزەم. بىز بەھرام كېلىپ قالمىسۇن دەپ مومايىنىڭ ئۆلگەن - ئۆلمىگىنىگە قارىماي ھويلىدىن يېنىپ چىقتۇق. قاراڭغۇ كېچىدە بىزنى ھېچكىم كۆرمىدى. بىز نە - نەلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ مەرىيەمنىسانى سەھەرگە يېقىن قۇمئېرىقتىكى باغقا ئەكەلدۇق. بۇ چاغدا ئۇ ئۆلۈپ قالاي دەپتىكەن.

— قانچە ۋارقىراپ - جارقىراپ يىغلىساڭمۇ، ئەمدى كىشى ئاڭلىمايدۇ، — دەپ ئاغزىدىكى رومىلىنى ئېلىۋەتتىم. ئۇ كۈچەپ نەپەس ئالدى، يىغلىمىدى، تىللىمىدى، ئۈن چىقارمىدى. راستىنى دېسەم، ئۇنىڭ شېرىن مېۋىسىنى بىر تېتىغۇم بار ئىدى، لېكىن جانابلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، تاقىلداپ كەتكەن نەپسىمگە ھاي بېرىپ، ئۇنى ئۆزلىرى كولىتىپ قويغان چاھقا چۈشۈردۈم. ئۇنىڭغا تۇردى ئاخۇن قاراپ قالدى. مەن شەھەردىكى ئۆيلىرىگە قارىغاچ كوچا - كويلاردا يۈرۈپ گەپ تىڭشىدىم. ھەممە يەرگە ئابدۇرەشىدخاننىڭ خاس نۆكىرى بەھرامنىڭ ئانىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، خوتۇنىنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆز تاراپ كېتىپتۇ. بۇ ۋەقە پايتەختنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. سەئىدخان پەرمان چۈشۈرۈپ ياركەندىنىڭ ھاكىمبېگى ئوسمانبەگ بىلەن كاتىۋالبەگكە ئون كۈن ئىچىدە قاتىلنى تۇتۇپ، بەھرامنىڭ خوتۇنىنى تېپىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار

قانداقمۇ تاپسۇن؟ مەريەمنىسانى چاھقا تاشلىغانىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتىم. ئەمدى خۇش بولغانلا؟

— نېمىگە خۇشال بولىمەن؟ بەزنى مۇشۇك يەپ كەتكەن تۇرسا، — مىرزا ئەلى تاغاي ساقالسىز ئېڭىكىنى سىقىملىدى.

— ئۇ شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپتۇ، ئەمىر دېۋان، — تامىقىنى چەكتى قاسىم قېچىر.

— دەرەخنىڭ شېرىن مېۋىسىنى ئوغرى يەپ كېتىپتۇ. ئۇنى تۇتۇپ چاھقا تاشلىغىنىڭ ئوبدان بوپتۇ، ئەمدى بەھرامنىمۇ ئاشۇ چاھقا تاشلاپ تىندۇرۇۋەتمىسەم كۆڭلۇم ئارامىغا چۈشمەيدۇ، — مىرزا ئەلى تاغاي قاسىم قېچىرنىڭ ئالىقىنىغا يەنە ئىككى تىللا قويدى ۋە : «بەھرام مەريەمنىسانى مېنىڭ ئۆيۈمدىن ئەپقاچقانلىقىنى پىنھان تۇتۇپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ئۇڭغا تارتقىنى، يېپىق قازان يېپىق پېتى تۇرىۋەرسۇن. ئەمدى ئابدۇرەشىدخاننى قولغا كەلتۈرۈپ، دۈشمەنلىرىمنى ئۇنىڭغا جازالىتىمەن. بۇ ياش پادىشاھ ھەرقانچە ئەقىللىق، غەيۇر بولسىمۇ، ئۇندەككە كەلمەي قالمايدۇ» دەپ ئويلاپ ھىجايدى.

— رەھمەت، ئەمىر، بەھرامنى بويىندىن باغلاپ ئېتتەك سۆرەپ ئالدىلىرىغا ئۆزۈم ئەكېلىمەن. پېقىرغا ئىشەنسىلە، — دېدى قاسىم قېچىر تىللانى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ ۋە خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ھىجايدى.

— قاسىم، سەن ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇرغىن، سېنى ئۆيلەپ قوياي. زېرىكمەيسەن، بولامدۇ؟

— بولامدىغان، ئەمىر جانابلىرى، قىز ئېلىپ بېرەرلا؟

— سەن جۇۋاننىڭ قەدرىنى بىلمەيدىكەنسەن. كۆڭلۈڭ قىزنى تارتسا، قىز ئېلىپ بېرىمەن.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت، ۋەزىر ئەزەم. ئەمدى بىر سوئالىم بار، سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى قاسىم قېچىر كۆڭلىدىن بىر ئوي كېچىپ.

— بولدۇ، سورا، — مىرزا ئەلى تاغاي قىزىقىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— تۇردى ئاخۇن ماڭا لامزەللە كۆرۈندى. ئۇ مەريەمنىسانى ساقلىيالارمۇ؟

— بۇنىڭدىن غەم قىلما، — مىرزا ئەلى تاغاي كۈلۈپ كېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تۇردى ئاخۇننى ئۆزۈم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. بۇ ئون نەچچە يىل بۇرۇن بولغان ئىش. ئۇ چاغدا مەن سۇلتان سارىيىنىڭ ئىشىكئاغىسى ئىدىم. سەئىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن خوتەن دىيارىغا يىغىلغان سېلىقنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بارغانىدىم. ئون نەپەر ئوغرى، قاتىل دېگەندەك گۇناھكارنى خوتەننىڭ ھاكىمبېگى چالما - كېسەك قىلىشقا، بەزىلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىشكە بۇيرۇپ، مېنى بۇ جازانى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئارىسىدىكى بويى ھەممىدىن ئېگىز، شاپ بۇرۇتلۇق ياش يىگىت مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇ ھەدەپ ھاكىمبەگنى تىللاپ، باغلاقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇلقۇنۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنى كۆرسىتىپ:

— گۇناھى نېمە؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇ ئوغرى، ئۈچ نارەسىدە دېھقان قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغان، شۇڭا چالما - كېسەك قىلىنىدۇ، — دېدى ھاكىمبەگ.

مەن ئويلىنىپ قېلىپ:

— گۇناھى بەك ئېغىر ئىكەن، ئۇنى مەن پايتەختكە ئەكېتىپ، شۇ يەردە چالما - كېسەك قىلىپ ئاۋامغا ئىبرەت قىلسام، قانداق دەيسىلە؟ — دېدىم.

ھاكىمبەگ تەلىپىمنى رەت قىلالمىدى. ئۇ كاتىۋالبەگنى چاقىرىپ:

— گۇناھكار تۇردىنى دەرھال قايتۇرۇپ كېتىپ زىندانغا تاشلا. ئۇ پايتەختتە جازالىنىدۇ، — دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنى ياركەندكە ئەكېلىپ ئۆي خىزمەتكارى قىلىۋالدىم. خوتۇن ئېلىپ بەردىم. ئون نەچچە يىلدىن بېرى ساداقەتمەنلىك بىلەن

خىزمىتىمنى ئادا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ سەن دېگەندەك مۆلۈك، لامزەللە، لەقۋا ئەمەس، قورام تاشتەك چىڭ. ھەرگىز خاۋاتىرلانما، مەريەمنىسانى ئوبدان ساقلايدۇ.

— چۈشەندىم، ئەمىر، — قاسىم قېچىر كۆڭلىدە تۇردىغا ھەسەت قىلىپ، لېۋىنى چىشلىدى.

— سەنمۇ ئاتا - ئاناڭدىن كىچىك ۋاقتىڭدا يېتىم قالغان تىلەمچى ئىدىڭ، كۆزۈم چۈشۈپ ئۆيگە ئەكېلىۋالغانىدىم، خىزمىتىمنى قىلىپ چوڭ بولدۇڭ. سەندىن رازىمەن، قاسىم، كاجلىقىڭ ماڭا يارايدۇ. ئەگەر پايتەختكە بېرىپ باش ۋەزىر بولسام، سېنى بىرەر يۇرتقا بەگ قىلىپ قويىمەن.

— شۇنداق بولسا بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى، ئەمىر جانابلىرى، — قاسىم قېچىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— ئولتۇر، قاسىم، سەن مۇشۇ سودىگەرچە سىياقىڭ بىلەن ئابدۇرەشىدخان ئالدىغا بارىسەن. نەمانگاندىن كەلدىم، دەپ مىسىرنىڭ يوللۇق شايىسىدىن بىر توپ، ئەندىجان بەقەسىمىدىن بىر توپ، چاڭئەننىڭ كىمخاب - تاۋارلىرىدىن بىرنەچچە توپنى ئالدىغا قويىسەن. مەن سېنى يېقىن بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى، ئۆزلىرىدىن يات ئەللەرگە چىقىپ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن يول خېتى سوراپ كەپتۇ، دەپ تونۇشتۇرىمەن. شۇنداق قىلىپ، ياركەندكە نەمانگاندىن كەلگەن بولىسەن، ھېچكىم سەندىن گۇمانلانمايدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي دېدەك ئەكىرگەن داستىخاننى ئۇنىڭ ئالدىغا سېلىپ.

— چۈشەندىم، جانابلىرى، سىلى بەك تەدبىرلىك ئىكەنلا. ۋەزىر ئەمەس، خان بولۇشقا لايىقلىرى يېتىدىكەن، — قاسىم قېچىر ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ ماختاپلا كەتتى.

— ناۋادا ئامەت قۇشى بېشىمغا قونۇپ سۇلتان بولۇپ قالسام، سەن ۋەزىرىم بولىسەن، قاسىم، بۇگۇن - ئەتە مۇشۇ ئۆيدىن چىقماي دەم ئال. ئۆگۈنلۈككە ساڭا بىر قىزنى نىكاھ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قىلىپ ئۆي تۇتۇپ بېرىمەن.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا قاچان ئېلىپ بارىدىلا، ئەمىر ھەزرەتلىرى؟

— ئاشنى يەپ بولۇپ.

## 2

كەچ كۈزدە شىكارغا ئاتلانغان ئوۋچىلار بامدات نامىزىدىن كېيىنلا ئاقسۇ شەھەر دەرۋازىسىدىن دەبدەبە بىلەن چىقتى. ياركەند سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق تۇغ ـ ئەلەملىرىنى كۆتۈرگەن ئاتلىق توققۇز سەركەردە سەپنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر سۇنايچى باشچىلىقىدا سۇۋارى چىلان تورۇقتا مىنگەن قىرىق نەپەر شادىيانىچى سەككىز سەپ بولۇپ ماڭغانىدى. بۇلار كەينىدىن ئوق ئۆتمەس، قىلىچ كار قىلماس پولات دۇبۇلغا ـ ساۋۇت، تۆمۈر ھالقىلىق ئۆتۈك كىيگەن ئابدۇرەشىدخان قارا بويۇن ئاق قۇلانغا مىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇچىسىغا ئارتىۋالغان نوقۇت رەڭلىك يوپۇق لەپىلدەپ تۇراتتى. بېشىغا تۇماغا كىيدۈرۈلگەن بۈركۈتنى سول بىلىكىگە قوندۇرۇپ، ئوڭ قولىدا تىزگىنىنى تۇتۇۋالغانىدى. كۈمۈش باشلىق ئېگەرگە قىرىق بىر تال ساداق ئوقى غانجۇغىلانغانىدى. خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاق ئاتقا مىنىپ، بىلىكىگە بۈركۈت قوندۇرۇۋالغان مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئىز بېسىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ كەينىدە توققۇز نەپەر بۈركۈتچى ئوۋچى ئۈچتىن سەپ تۈزگەنىدى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدا قارا گىر ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتقان مىرزا ئەلى تاغاي تۇماغا كىيگەن قارچىغىنى سول بىلىكىگە قوندۇرۇۋالغانىدى. بويى پاكار بولسىمۇ جەڭ كىيىمى كىيىۋالغاچقا، خېلى سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قوللىرىغا بۈركۈت، قارچىغا قوندۇرۇۋالغان توققۇز خاس نۆكەر سەردار ئەكرەم باشچىلىقىدا

ئۆچتىن سەپ تۈزۈپ ماڭغانىدى. ئەكرەم قىلىچ، نەيزە بىلەن قوراللانغانىدى. بۇلار ئارقىسىدىن بەشتىن سەپ تۈزگەن قىرىق مەرگەن مىلتىقلىرىنى مۈرىسىگە ئاسقىنىچە قارا تورۇققا مىنىپ تۇغ كۆتۈرگەن بىرسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كېلىۋاتاتتى. بۇلار كەينىدە خۇددى شۇنداق سەپ تۈزگەن قىرىق بىر نەپەر ئوقياچى ئاق قاشقا يورغىغا، قىرىق بىر نەپەر سالمىچى بېغىر رەڭ جەدىگە مىنىپ كېلىشەتتى. ئاخىرىدا چېدىر، بارگاھ قۇرغۇچىلار، ئاشپەز، ناۋاي، كاۋاپچى، بېلىقچى دېگەندەك ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار لازىملىق نەرسىلەرنى باسقان ھارۋىلاردا كېلىۋاتاتتى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ شىكارچىلىرى توقسۇ، شاياردىن ئۆتۈپ، تۆتىنچى كۈنى كەچقۇرۇن تارىم بويىغا يېتىپ كەلدى. چېدىر، بارگاھ قۇرۇلۇپ، ئوۋچىلار ئاتلىرىنى باغلاپ ئارام ئېلىشتى.

تارىم بويىغا تۈننىڭ قارا پەردىسى يېپىلغان، ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، ئون يەتتە ـ ئون سەككىز كۈنلۈك بولغان تولۇن ئاي كۆكتە نۇر چاچاتتى، شولىسى تارىم دەرياسىدا كۈمۈشتەك پارىلدايتتى. ئابدۇرەشىدخان بارگاھىدىن چىققاندا پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇ دەريا بويىغا كېلىپ تاھارەت ئالدى. «ئاسماندىكى ئاي، يۇلتۇزلار تارىم دەرياسىغا چۆمۈلۈۋاتامدۇ، نېمە؟» ئۇ كۆزلىرىنى سۇدىن ئۈزۈپ كۆككە بېقىۋىدى، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ئاسماندا چاقناۋاتقانلىقىنى كۆردى. نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە بۇ ! سۇنىڭ شارقىراشلىرى، دەريا بويلاپ كەتكەن توغراقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى قوشۇلۇپ ئاجايىپ سىمفونىيە كۈي ھاسىل قىلغانىدى.

ئابدۇرەشىدخان قىرغاقتا چىقىشىغا توغراق تۈۋىدىكى غازاڭغا كۆمۈلۈپ ياتقان بوز توشقان پەرتتىدە قاچتى. ئۇ «ئەتتىگىنەي ! ئوقيانى ئاچىققان بولسام ئېتىۋالاتتىم» دېگىنىچە چېدىرغا كىرىپ ئوقياسىنى ئالدى ۋە تۇماغا كىيدۈرۈپ، قونداقتا چىقىرىپ قويغان بۈركۈتنى بىلىكىگە قوندۇرۇپ چېدىردىن

چىقتى. خۇددى گېپىنى بىر قىلىشىۋالغاندەك چېدىرلاردىن چىققان ئوۋچىلار باغلاپ سوۋۇتۇپ قويغان ئاتلىرىنى يېشىپ رەتلىك تىزىلدى. ئابدۇرەشىدخان ئۇلارغا كۆز يۇگۇرتۇپ چىقتى. ئۇ شىكارنىمۇ جەڭ ھېسابلايتتى. ئۇ ۋەزىر – ۋۇزرا، ئەمىر – سەركەردە، نۆكەر – ياساۋۇللاردىن يۇرۇش – تۇرۇشنىڭ رەتلىك، تەرتىپلىك بولۇشىنى، ئاز گەپ قىلىپ كۆپ ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلارغا بۇيرۇق چۈشۈرمەيتتى، ئۆز ھەرىكىتى بىلەن قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇ ئاتقا مىنىۋىدى، ھەممەيلەن ئاتلىرىغا مىنىشتى – دە، كېچىلىك شىكارغا ئاتلاندى. ئوۋچىلارنىڭ بىر قىسمى قورال – ياراغ ئورنىغا مەشئەل كۆتۈرۈۋېلىشقانىدى. خاس نۆكەر ئابدۇللا جاڭگال ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتكەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ كەينىدىن مەشئەلنى كۆتۈرگىنىچە چاپتى، ئاخىر يېتىشىۋالدى.

بۇ تارىم بويلاپ كەتكەن قەدىمىي توغراقلىق بولۇپ، ياپراقلىرى چۈشۈپ قاقشاللىشىپ كەتكەن توغراقلار ۋەھىمىلىك شىلدىرلاپ تۇراتتى. ئابدۇرەشىدخان توغرىسىغا ياتقان يوغان توغراق غولىدىن ئېتىنى سەكرىتىپ ئۆتۈشكە ئالدىدىن بىر تۈلكە چىقىپ قالدى. مەشئەل يورۇقىدا مەڭدەپ تۇرۇپ قالغان تۈلكە كۆزلىرىنى تىكىپ قاراپ، ئالدىدىكى ئولجا ئەمەس، بەلكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى، قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ قويدى. ئۇ قېچىشقا ئىلاجسىز قېلىپ سوزۇلۇپ ياتقاندەك قىلىپ ئوڭ تەرەپكە بەدەر قاچتى. ئابدۇرەشىدخان تۇماغانى ئېلىۋېتىۋىدى، ئېچىرقاپ كەتكەن بۈركۈت ئۆتكۈر كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇققا تىكىپ تۈلكىنىڭ ئالا بالداق قۇيرۇقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە قاناتلىرىنى كېرىپ پەرۋاز قىلدى. ئابدۇرەشىدخان ئېتىنى بۈركۈت پەرۋاز قىلغان تەرەپكە بۇرىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندا، ئاتنىڭ كۆزى يەردە ئىدى. ئابدۇرەشىدخان بىر چاغدا بۈركۈتنىڭ شىددەت بىلەن تۆۋەنگە شۇڭغۇغانلىقىنى كۆردى. تۈلكىنىڭ غىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئات قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ

كۆزلىرىنى سول تەرەپكە تىكتى. ئابدۇرەشىدخان ئاتنى شۇ تەرەپكە چاپتۇردى. ئەللىك ــ ئاتمىش قەدەم مېڭىپ بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. بۇ ئوچۇقچىلىق تاقىر يەردىكى تەبىئىي كۆلگە ئوخشايتتى، ئەتراپى توغراقلار بىلەن قورشالغان شور ئۆرلەپ تۇرغان بوز يەر ئىدى. تۆلكە قېچىپ توغراقلىققا تۆت قەدەمچە قالغاندا، ئوقتەك شۇڭغۇغان بۈركۈت ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قونۇپ تۇمشۇقىغا خەنجەردەك ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن چاڭگال سېلىۋالدى، كۆزلىرىنى چوقۇلاپ قانىتىۋەتتى. ئابدۇرەشىدخان بۈركۈتنى تۆلكىدىن ئاجرىتىۋالدى. ئېچىرقاپ كەتكەن بۈركۈت بىر پارچە لوقما بېرەرمىكىن دەپ غوجىسىغا تەلمۈردى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا تۇماغانى كىيدۈرۈپ قويدى. بۈركۈت ئاچ پېتى قاراڭغۇلۇقتا قالدى.

ئاي نۇرى توغراقلار ئۈستىگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. چېكەتكىلەر چىرىلدايتتى، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان تارىمنىڭ جاراڭلىق شارقىرىشى ئوۋچىلارنى روھلاندۇراتتى. ئاتتىن چۈشكەن ئابدۇللا مەشئەلنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، جان تالىشىپ ياتقان تۆلكىنى سويدى. تېرىسىنى ئېلىپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئېتىغا غانجۇغىلاپ قويدى. ئۇ مال سويۇشقا ماھىر ئىدى. قوي، كالىنىلا ئەمەس، ئات ــ تۆگىنىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن سويۇپ، سۆڭەكلىرىنى ئۈزىۋان، گۆشلىرىنى بۇيان قىلىۋېتەتتى. ئۇ تۆلكىنىڭ گۆشىنى غازاڭ بىلەن كۆمۈپ قويدى.

ــ كېيىك، جەرەن ئۇچرىمامدۇ نېمە؟ ــ دېدى ئابدۇرەشىدخان ئەتراپىغا قاراپ.

ــ توشقان يا قىرغاۋۇل ئۇچرىسىمۇ مەيلى ئىدى، قورساق كوركىراۋاتىدۇ، ــ دېدى ئابدۇللا راستىنى ئېيتىپ.

ــ ئالدىمىزغا مېڭىپ باقايلى، ــ ئابدۇرەشىدخان ئېتىنى يورغىلىتىپ توغراقلىق ئىچىگە كىردى. كېچىنىڭ سالقىن شامىلى غازاڭلارنى ئۇچۇرۇپ ئەكېلىپ ئاتنىڭ ساغرىسىغا

ئۆراتتى. توغراقلار شالاڭ بولغاچقا، ئاتنى چاپتۇرۇپ يۈرۈشكە بولاتتى. پات ـ پات ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، غازاڭ يەۋاتقان بىر توپ جەرەن ئۇچرىدى. ئاي يورۇقىدا توساتتىن چىقىپ كەلگەن ئاتلىق ئوۋچىلارنى كۆرگەن جەرەنلەر پىتىراپ قېچىشتى. ئابدۇرەشىدخان تۇماغانى ئېلىۋېتىپ بۈركۈتنى قويۇۋەتتى ـ دە، ساداقنى ئېلىپ غانجۇغىلاپ قويغان ئوقتىن ئۇچنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتتى. جەرەندىن ئىككىسى يىقىلدى. ئابدۇللا نەيزە ئېتىپ بىر جەرەننى يىقىتتى.

ئابدۇرەشىدخان يىقىلغان جەرەنلەرگە قارىماستىن قۇش كەينىدىن كەتتى. ئاسمان قىرىغا كۆتۈرۈلگەن بۈركۈت تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، سەكرەپ قېچىۋاتقان جەرەنگە چاڭگال سالماي، يۇلغۇن شېخىغا قونۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن قىرغاۋۇلنى باسماقداپ كانىيىدىن ئالدى. پالاقشىپ قاقىلدىغان قىرغاۋۇل بۈركۈت بىلەن تەڭ يەرگە چۈشتى. بۈركۈتنىڭ تۆمۈر رەڭ تىرناقلىرى بىچارە قىرغاۋۇلنىڭ كانىيىنى يىرتىۋەتكەنىدى. ئابدۇرەشىدخان بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۈركۈت جەرەننى ئالماي قىرغاۋۇلنى باسماقداپ تۇراتتى. ئۇ بۈركۈتنى قىرغاۋۇلدىن ئاجرىتىپلا تۇماغانى كىيدۈرۈپ قويدى. قىرغاۋۇلنى غانجۇغىلاپ كەينىگە ياندى. ئاي تىكلەشكەن، چاڭگال سۇتتەك يورۇپ كەتكەنىدى، ھەتتا قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئابدۇرەشىدخان بايىقى ئوچۇقچىلىققا كەلگەندە، ئابدۇللانىڭ جەرەنلەرنى بوغۇزلاپ قويۇپ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئابدۇرەشىدخان ئاتتىن ئىرغىپ چۈشتى.

— ئەمدى قايتايلى، بۈركۈتنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئابدۇللا بوغۇزلانغان جەرەننىڭ ئىككىسىنى ئۆز ئېتىغا، بىرسىنى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئېتىغا غانجۇغىلاپ: «ئەي، ئۇلۇغ

ئاللا، بۇ سۇلتانىمنى ئەلگە شەپقەتچى قىلىپ بەرگىنكى، قولىدىن ئادالەت چىرىغى چۈشمىگەي، كۆڭلى يورۇق، ئەقلى زىيادە بولغاي» دەپ مۇناجات قىلدى.

ئابدۇرەشىدخان بارگاھقا يېقىنلاپ كەلگەندە ناغرا ـ سۇناي، دۇمباق، بۇغىرىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئوۋچىلارنى چاقىرىۋېتىپتۇ» دەپ تىزگىننى قويۇپ بىرىۋىدى، ئات پۇشقۇرۇپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

شىكارغا داقا ـ دۇمباق، بۇغىرا ـ سۇناي ئاچىقىش ئابدۇرەشىدخاننىڭ تەدبىرى ئىدى. شىكارغا ماڭغاندا شادىيانە چېلىش غەلىبە ـ نۇسرەت تىلەشتىن دېرەك بېرەتتى. شىكار ۋاقتىدا چېلىش بولسا ئۇچار قۇشلارنى ئۈركىتىش، ھايۋاناتلارنى ئورنىدىن قوزغاش، شۇنداقلا ئوۋچىلارنىڭ جاسارەت ـ غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ئىدى. ئوۋچىلارنى بىر يەرگە يىغىش ئۈچۈنمۇ چېلىناتتى. ئوۋدىن قايتقاندا چېلىش ئامان ـ ئېسەنلىكنى بىلدۈرەتتى.

ئابدۇرەشىدخان كېلىپ كىچىلىك شىكارنىڭ ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىنى كۆردى. ئوۋلانغان ھايۋانلار ئىچىدە جەرەن كۆپ بولۇپ، يۈزدىن ئاشاتتى. قۇشلار ئىچىدە قىرغاۋۇل كۆپ ئىدى. يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن يەتتە قاۋان، تۆت بۆرە، توقىقۇز تۈلكە ئوۋلانغانىدى. تارىم دەرياسىغا تور سالغانلارنىڭ ئولجىسىمۇ كۆپ بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك بېلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى تازىلاپ تۇزلاشقا، بىر قىسمىنى گۆلخان يېقىپ كاۋاپ قىلىشقا كىرىشكەنىدى. يۇلغۇن زىخىغا ئۆتكۈزۈلگەن قىرغاۋۇل، كەكلىكلەر، پۈتۈن پېتى پىشۇرۇلۇۋاتقان جەرەن، كېيىكلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئابدۇرەشىدخان يۇمشاق توشقان گۆشىدىن ئالىقاندەك ئۈچ پارچە كېسىۋېلىپ، تۇماغانى ئېلىۋەتكەن بۈركۈتكە بەردى.

www.uyghurkitap.com

سەردار ئەكرەم باشچىلىقىدىكى ئوۋچىلارمۇ بۆركۈت، قارچىغىلىرىنى ئوزۇقلاندۇردى. ئۆزلىرىمۇ ئوۋ مەشغۇلاتلىرى بىلەن قورساقلىرىنى توقلىدى. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بېلىقنى كۆپرەك يېدى.

ئابدۇرەشىدخان تارىم بويىدا يەتتە كۈن شىكار قىلدى. ئوۋلىغان ئالۋ① شۇنچە كۆپ بولدىكى، يېقىن ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلاردا ياشايدىغان دېھقانلارغا تارقىتىپمۇ تۈگەتەلمىدى. ئۇلار سەككىزىنچى كۈنى يولغا چىقتى. تۆت كۈن يۈرۈپ شادىيانە بىلەن ئاقسۇغا كىرىپ كەلدى. بەھرام ئۇنىڭ ئالدىغا شاھزادە ئابدۇللەتىفخان بىلەن ئابدۇلكېرىمخاننى ئېلىپ چىققانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى! — بەھرام ئېگىلىپ سالام بەردى، ئۇنى ناھايىتى بوش چىقتى.

كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ياداپ قالغان بەھرامنىڭ چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. جاپا چەككەنلىكى، دەرد تارتقانلىقى سولغۇن چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئېغىر تىن ئالدى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا سەپسېلىپ دېدى:

— بەھرام، نېمە بولدىڭىز؟ سىزنى جاپا - مۇشەققەت دەشتىدە ئازابلاپ، غەم - ھەسرەت دېڭىزىغا غەرق قىلىۋەتكىنى رەقىبلەر قەستىمۇ ياكى ئىشق سەۋداسىمۇ؟ شىرغا يول بەرمەيدىغان يولۋاس ئىدىڭىزغۇ، بېشىڭىزغا نېمە كۈن كەلدى؟

— پېقىر خان ئاتىمىز شىكارغا چىقىپ كەتكەن كۈنى پايتەختكە يېتىپ بارغانىدىم. ئاقسۇغىمۇ ئالىيلىرى شىكاردىن يانغان كۈنى كەلدىم. ماڭا كەلگەن دەردى - بالانى سىلى بىلىۋېلىشقا چۈشلەيلا، سۇلتانىم. ئوردىغا بارغاندا سۆزلەپ بېرەي.

ئابدۇرەشىدخان باش لىڭشىتىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ماڭدى. يېنىدا كېلىۋاتقان مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ چىرايى توساتتىن ئۆزگىرىپ كەتتى.

---

① ئالۋ — ئوۋلانغۇچى.

## 3

ھاۋا رەڭ يىپەك پەردىنى قايرىپ دېرىزىدىن قارىغان چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئىككى ئوغلىنىڭ ئىككى كېيىكنى قەسىر ھويلىسىغا يېتىلەپ كىرگەنلىكىنى كۆردى: شاھزادە ئابدۇللەتىفخاننىڭ قولىدا تۈلكە تېرىسى، شاھزادە ئابدۇلكېرىمخاننىڭ قولىدا قارا كۆرپە بار ئىدى. خانىش كەچكى شەپەق جۇلا تاشلىغان ئۆيىدىن چىقتى.

— ئانا، دادام كەلدى! — ئابدۇللەتىفخان ئاھۇنى يېتىلىگىنىچە ئانىسىغا يېقىن كەلدى، ئۇ ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى.

— بۇ ئاھۇنى كىمگە ئەكەپتۇ؟ — چۈچۈك سۇلتان بېگىم تىنىق كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئاھۇنىڭ ماڭلىيىدىكى قارا قاشقىسىنى سىلاپ قويدى. كېيىك چۆچۈگىنىدىن قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، يېشىل جاڭگاللىقتا ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ بىر دۇنياغا كېلىپ قالغىنىدىن ئەجەبلىنىپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويدى. بۇ كېيىكنىڭ رەڭگى ئاقۇچ كۆككە مايىل بولۇپ، تۇرقىدىن مۇلايىملىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قاراپ، چۈچۈك سۇلتان بېگىم بالىلىق دەۋرىنى ئەسلەپ قالدى. مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان يېشىل يايلاق، ئوقچۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى، ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن چۈچۈك سۇلتان بېگىم ... ئۆسمۈرلۈك چاغلار نېمىدېگەن گۈزەل - ھە!

— بۇ ئاھۇنى دادام سىلىگە ئەكەپتۇ، ئانا، ماۋۇ تۈلكە تېرىسىنىمۇ.

— بەك جۇلالىق ئىكەن، ئوغلۇم. ئاۋۇ ئاھۇنىچۇ؟ — چۈچۈك سۇلتان بېگىم ئابدۇلكېرىمخان تۇتۇپ تۇرغان بوز رەڭ كېيىكنى كۆرسەتتى.

— ئۇنى نۇرىسا سۇلتان بېگىمگە ئەكەپتۇ، — دېدى

www.uyghurkitap.com

ئابدۇللەتىفخان سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

— ئۇنداقتا نېمىشقا بۇ يەرگە ئەكەلدىڭلار؟ ھاي، گۈلئايىم! — توۋلىدى خانىش.

— لەببەي، خانىش ئايىم، — يان تەرەپتىكى كېنىزەكلەر ھۇجرىسىدىن قوي كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان كېنىزەك چىقتى.

— ئاۋۇ ئاھۇ بىلەن قارا كۆرپىنى نۇرنىسا بېگىمگە ئاپىرىپ بېرىڭ.

— خوپ.

گۈلئايىم قارا كۆرپىنى قولتۇقىغا قىسىپ، كېيىكنى يېتىلەپ نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنىڭ قەسرىگە چىقىپ كەتتى.

«سۇلتان ئائىلىرى بۇ ياش خوتۇننى زادى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئىسسىقكۆل بويىدا ئۆسكەن قىرغىز قىزى بولغاچ، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئاھۇنى ياخشى كۆرسە كېرەك ...» دەپ ئويلىدى چۇچۇك سۇلتان بېگىم چىرايىغا ھەسەت ئوتى سايە تاشلاپ. ئابدۇرەشىدخان نۇرنىسا سۇلتان بېگىمنى ئالغاندىن بۇيان ئۇنىڭ كۆنداشلىقى كۈچىيىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ ھەرقانچە قىلغان بىلەن ئابدۇرەشىدخاننى يەنە خوتۇن ئېلىشتىن توسۇپ قالالمايتتى. چۈنكى، شەرىئەت ھۆكمىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى.

— سۇلتان ئوردىدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— دادام ئۆزىنىڭ ئارامگاھىدا، — جاۋاب بەردى ئابدۇللەتىفخان.

— يېنىدا مېھمان بارمۇ؟

— بار.

— شىكاردىن ھېرىپ قايتقاندا، بالىلىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالسا يامان بولارمىدى؟ شۇنچە تەييارلىق قىلىپ ئولتۇرسام كەلمىگىنىنى.

چۇچۇك سۇلتان بېگىم تېخىچە قورقۇمسىراپ تۇرغان ئاھۇنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— دادامنى چاقىرىپ كېلەيمۇ؟ — ئابدۇللەتىفخان ئانىسىنىڭ

كۆڭلىدىكىنى بىلىپ ئۆلگۈرگەنىدى. ئۇ ئانىسىغا بەك ئامراق ئىدى. ئۆتكەن يىلى كۈزدە ئىنىسى بىلەن بىللە سۈننەت تويىنى قىلىپ قويغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، باشقا قەسىردە بەگئەتكەلىرى، خاس نۆكەرلىرى بىلەن تۇرۇشۇۋاتاتتى.

— ياق، بالام. ئاھۇنى ھازىرچە ئۆكاڭ ئوردا بېغىغا ئاچىقىپ باغۋەنگە تاپشۇرۇپ بەرسۇن. قەسىر ھويلىسىغا ئەتە ـ ئۆگۈن جاي راسلىتىپ، ئاندىن قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆزۈم باقىمەن. سەن مەھرەملەر بىلەن ئاتاڭغا چاي، ھاردۇق ئېشى ئاپىرىپ بەرگىن.

ئابدۇلكېرىمخان ئانىسىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا كېيىكنى ئېلىپ ماڭدى. ئابدۇللەتىفخان بىرقانچە مەھرەم بىلەن سۇلتان ئارامگاھىغا كەلدى.

بۇ ئارامگاھ سۇلتان سارىيىغا يانداش سېلىنغان، دېرىزىسى ئوردا بېغىغا قارايدىغان، بىر كۆركەم مېھمانخانا، دەھلىز، كۇتۇپخانا ۋە ئۈچ خاس ھۇجرىدىن تەركىب تاپقان ئىمارەت بولۇپ، سۇلتاندىن باشقا ھېچكىم خالىغانچە كىرەلمەيتتى. بۇ سارايىنى مەرھۇم سۇلتان ئەھمەدخان ئاقسۇدا تۇرغان مەزگىلدە سالدۇرغان، ئەمىن خوجا سۇلتان قايتىدىن گەجخاك قىلدۇرۇپ، ناۋات بىلەن پاتلىتىپ، سىرلىتىپ يېپيېڭى قىلىۋەتكەنىدى. لېكىن، ئەمىن خوجا سۇلتان نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن بۇ سارايدا راھەتلىنىش نېسىپ بولماي نەگىدۇر يوقالغانىدى. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق بولسا كېرەك، مانا ھازىر بۇ سارايغا ئابدۇرەشىدخان ئىگە بولدى. ئۇ ياركەندتىن ئەكەلگەن ساتىراش ھاپىز ئاكىنى بۇ سارايغا قاراشقا قويۇپ، خىزمەتكە سېلىشقا ئىككى مەھرەم بەرگەنىدى. ھاپىز ئاكا بۇ سارايىنىڭ ئىشىكىدىن نېرى بولمايتتى. كۈن ئاشۇرۇپ ئابدۇرەشىدخاننىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساپ، شاھزادىلەرنىڭمۇ چاچلىرىنى ئالاتتى. قالغان ۋاقىتتا ئىشىكتە كۆزەتچىلىك قىلاتتى.

ھاپىز ئاكا ئابدۇللەتىفخاننىڭ مەھرەملەر بىلەن تاماق ئەكەلگىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى دەھلىزگە باشلاپ تۇرۇۋىدى،

ئابدۇرەشىدخاندىن ھاردۇق سوراپ كەلگەن ئەمىر ـ سەردارلار ئۇزاپ چىقتى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، شاھزادە غىزا ئەكەپتۇ، — دېدى ھاپىز ئاكا كىرىپ.

ئابدۇرەشىدخان چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ خاپا بولۇپ تاماق ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدى. شۇ تاپتا ئۇ بالىسىنى يولۋاس يەپ كەتكەن شىردەك غەزەپلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى، كاتتۇالبەگ① ئۇنىڭغا چايخانا غوجايىنىنىڭ ئۆيىدىكى رۇستەمبەگنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى سەيپىدىنىنىڭ ئادەملىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى يەتكۈزگەنىدى. ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇ شەھىرىگە بېسىپ كىرگەندە بۇ مەككار ۋەزىر يوشۇرۇنۇۋالغان، سۇلتاننىڭ ئىشەنچلىك ئەمىر، سەردارلارنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپ كەتكىنىدىن پايدىلىنىپ قاچماقچى بولغاندا، كاتتۇالبەگنىڭ پايلاقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغانىدى.

ئابدۇرەشىدخانىنىڭ چىرايى غەزەپتىن سۇرلۈك تۈس ئالغان، ئالدىغا سېلىنغان داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەرنى كۆرمىگەندەك پەردىلىرى چۈشۈرۈلگەن دېرىزىگە تىكىلگىنىچە مۈشتىنى چىڭ تۈگۈپ ئولتۇراتتى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، غەزەپلەنمىگەيلا. شىكار ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بوپتۇغۇ. مۇنداق پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىنى كىممۇ ئويلىغان؟ تەقدىر ـ قىسمەت شۇنداق ئوخشايدۇ. بىرئاز غىزالانسىلا، ھېلىمۇ ئەتىگەندىن بېرى تۈزۈك بىرنەرسە يېمىدىلە، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان.

ئابدۇرەشىدخان ئۈن چىقارمىدى. قېتىق، سۈزمىگە كۆزى چۈشتى. نەچچە كۈندىن بېرى كاۋاپ، گۆشلا يەپ تاماق سىڭمەي قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىشتىيى تۇتۇلۇپ غىققىدە بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىر پىيالە قېتىقنى

---

① كاتتۇالبەگ — ساقچى باشلىقى.

قولىغا ئېلىپ، بىر قوشۇق ـ بىر قوشۇقتىن ئىچىپ تۈگەتتى. ئىسسىق تۇتۇپ كەتكەچكە، خۇش يېقىپ ھۇزۇرلاندى. سۇزمىدىنمۇ بىر پىيالە يەپ، كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولۇپ مەززىلىك پۇراپ تۇرغان ئۇگرىدىن بىر پىيالە ئىچتى، لېكىن گۆش، گېزەكلەرگە ئېغىز تەگمىدى، مېۋىلەردىنمۇ يېمىدى.

مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، مىرزا ئەلى تاغاي، بەھرامنى تاماققا زورلاپ خېلى يېگۈزدى. ئۇ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھاپىز ئاكا ئابدۇللەتىفخان بىلەن داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— ئەمدى سۆزلەڭ، بەھرام، سىز مېنى بەك بىئارام قىلىپ قويدىڭىز.

بەھرام ياركەندتە يۈز بەرگەن پاجىئەنى بايان قىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— بۇ بىر سۇيىقەستتەك قىلىدۇ. خوتۇنىڭىزدىن زادى دېرەك بولمىدىمۇ؟ — سورىدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان.

— ئۇنىڭ پەقەت ئىز ـ دېرىكى بولمىدى، ۋەزىر ئەزەم. خان ئاتىمىز سەئىدخان بۇ پاجىئەنىڭ سىرىنى ئېچىشقا بەك كۆڭۈل بۆلدى. ياركەند شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى ئوسمانبەگ بىلەن كاتىۋالبەگلەرگە گۇناھكارلارنى دەررۇ تۇتۇشقا ئەمر قىلغان بولسىمۇ، ئون بەش كۈنگىچە نەتىجە چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن خاننىڭ رۇخسىتى بىلەن ئاقسۇغا كەلدىم. ئانامنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنۇمنى تۇتقۇن قىلغان يىلاننىڭ بېشى ياكى قۇيرۇقى ئاقسۇدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن، — بەھرام كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سۆزدىن توختىدى.

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، شۇ ھامان ئەسلىگە كەلدى.

— سىز كىمدىن گۇمانلىنىسىز؟

ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ سوئالى مىرزا ئەلى تاغاينى چۆچۈتۈۋەتتى، بەھرامنى بولسا ئويلاندۇرۇپ قويدى: «ياق،

مەريەمنىسانىڭ مىرزا ئەلى تاغاينىڭ دېدىكى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئەپقېچىپ ئەمرىمگە ئالغىنىمنى ئېيتسام بولمايدۇ.»

— ھېچكىمدىن گۇمانلانمايمەن، سۇلتان ئالىيلىرى، بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىسپاتىم يوق، — دېدى بەھرام يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا.

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى. «راستىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭ، بەتبەخت. ئېيتساڭمۇ، سۇلتان ساڭا كايىيتتى. قېرى ئاناڭنىڭ ئۆلۈمى بىلەن خوتۇنۇڭنىڭ غايىب بولۇشىنى ماڭا ئارتىپ قويالمايتتىڭ!»

— بەھرام، خان ئاتامنىڭ سالامەتلىكى ياخشىدۇ؟

— ياخشى، سۇلتان ئالىيلىرى، رۇستەمبەگنىڭ قازا قىلغانلىقىدىن خان ئاتىمىز بەكمۇ قايغۇردى، لېكىن ئۆزى تىمەن.

— ئېيتىڭا، بەھرام، ئانىسى ئوغلىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلاپتۇمۇ؟ — سورىدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئېچىنىپ.

— ئوردىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شۇم خەۋەر پايتەختكە يېيىلىپ كېتىپتىكەن، ئانا ئاڭلاپ، ھوشىدىن كېتىپ يېتىپ قالغانچە ئورنىدىن تۇرالماپتۇدەك.

— ئاق كۆڭۈل، جاپاكەش ئانا ئىدى، ئوغلىغا بەك كۆيۈنەتتى، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان خورسىنىپ.

— ھە راست، سۇلتانىم، ئەس - ھوشۇم تازا جايىدا بولمىغاچ، خان ئاتىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلىغان مۇھىم بىر قايغۇلۇق خەۋەرنى ئۇنتۇپتىمەن.

— ئېيتىڭ، بەھرام، قانداق قايغۇلۇق خەۋەر ئىكەن ئۇ؟ — ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى.

— ھىندىستاننىڭ شاھەنشاھى مۇھەممەد زەھىرىدىن بابۇر مىرزا ھىجرىيە 937 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بوپتۇ. خەۋەر كېچىكىپ كەلگەنىكەن، خان ئاتىمىز ئۇنىڭ ۋاپاتىغا

ناھايىتى قايغۇرۇپتۇ. يەتتە كۈن خەتمىقۇرئان ئوقۇتۇپ، روھىغا دۇئا قىپتۇ. قىشنىڭ يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي، شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرىگە ئىسكەندەر سۇلتاننى قوشۇپ ھىندىستانغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا ئەۋەتمەكچىكەن.

— خان ئاتام پادىشاھ بابۇر مىرزىنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. ئاتامنىڭ بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالماي شاھزادە ھىندال مىرزىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ قايتىپ كېلىشىمۇ پادىشاھ بابۇر مىرزىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىدىن بولغانىدى. مەنمۇ يەتتە كۈن قۇرئان ئوقۇتۇپ، ئۇنىڭ روھىغا ئاتىسام بولغۇدەك، ۋەزىر. مەرھۇم دوستۇم رۇستەمبېگنىڭ روھىنىمۇ يوقلايلى. ئەمما، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئاسىي قاتىللارنى جازالاپ ئەلگە ئىبرەت قىلىشىم كېرەك. بەھرام، سىز ھازىردىن باشلاپ كاتىۋالبەگ بولۇپ، ئاقسۇ دىيارىدىكى ئاسىي، قاتىللارنى تۇتۇشقا ئاتلىنىسىز. بۇ يارلىق. ۋەزىر، بۇ يارلىقىمنى ئەتە ئەتىگەن مۇنشىلارغا پۈتكۈزۈپ ئەمىر - سەردارلارغا تارقىتىپ بەرسىلە. جاكارچى ئاۋامغا يەتكۈزسۇن.

— خوپ، ئالىيلىرى، — مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— ئەتە جۈمە نامىزىدىن كېيىن سەيپىدىنبەگنى زەپەر مەيدانىدا ئۆزۈم سوراق قىلىپ، جازا ھۆكۈم قىلىمەن. ۋەزىر، كاتىۋالبەگ، ئەمىرى دىۋان، سىلەر بىرلىكتە ياخشى تەييارلىق قىلىڭلار.

— خوپ، ئالىيلىرى، — بۇ قېتىم بەھرامنىڭ ئاۋازى چىڭ، مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ بوش چىقتى.

ئابدۇرەشىدخان كېچىنى چۈچۈك سۇلتان بېگىمنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزدى. ئۇلار باش كېنىزەك شەمشى بانۇنى سۇلتان نىگار خېنىمغا سەپەردە ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن دەشتى قىپچاققا ئەۋەتىشنى مەسلىھەتلەشتى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم بۇنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ، ئابدۇرەشىدخانغا يەتتە قېتىم تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ خاپىلىقى خۇشلۇققا ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 4

ئابدۇرەشىدخان شىكاردىن غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھېلىقى پاجىئەلىك خەۋەر ئۇنىڭ غەزەپ ـ قەھرىنى تاشتۇرۇپ قويدى، ھەتتا بۇ شېرىن كېچىمۇ ئۇنىڭ قاتقان باغرىنى يۇمشىتالمىدى. سەھەردە ھاممامدا يۇيۇنۇپ چىقىپ بامدات نامىزىنى ئۆتىگەندىمۇ، ناشتىدىن كېيىن سۇلتان سارىيىغا چىققاندىمۇ، ئەمىر ـ ئۆمەرالارنىڭ سالام سۆزلىرىنى تىڭشىغاندىمۇ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇردى. ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇ جامەسىدە جۇمە نامىزىنى ئوقۇپ چىققاندا، زەپەر مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان، تەخت مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپىگە قويۇلغانىدى.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ئاللا يار بولسۇن!

— خان ئاتىمىز سەئىدخاننىڭ مۇبارەك تېنىنى ئاللا ئامان قىلسۇن!

— سۇلتاننىڭ ئورنى ئادالەت تەختىدۇر!

— زۇلۇم ئاپەتنى، ئادالەت سائادەتنى چىللايدۇ!

ئابدۇرەشىدخان ئاۋامنىڭ تىلەك سادالىرى ئىچىدە تەختكە چىقتى. ئوڭ تەرىپىدە ئاتا ۋەزىر مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، شەيخۇلئىسلام ۋە قازىكالان نۇرىدىن داموللا، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەنگەن ئىسھاق باھادىر قاتارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، سول تەرىپىدە ئەمىر ئەكرەم، سەردار بەھرام قاتارلىق بەگ، ئۆلىما، ھەكىملەر ئورۇن ئالدى.

كاتىۋالبەگ بەھرام سەيپىدىنبەگ قاتارلىق گۇناھكارلارنى يالاپ زىنداندىن ئەكەلدى.

سەيپىدىنبەگ ئېگىز، ئاق يۈزلۈك، قاشلىرى قويۇق، كەكە ساقال ئادەم ئىدى، خۇنى قاچقان كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. قوللىرى باغلىنىپ، بويىنىغا تاقاق سېلىنغان، كەينىدە قارا

پەرەنجە يېپىنغان ئىككى خوتۇن، بىر ئوغۇل، ئۈچ قىزىمۇ باغلاقلىق تۇراتتى. ئەمىن خوجا سۇلتان ۋاقتىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئىككى ۋەزىر، كاتىۋالبەگ، ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى، بازاربېگى، باجگىربەگ قاتارلىق گۇناھكارلارمۇ باغلىنىپ، بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنغانىدى. ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ تۆت خوتۇنى، ئوغۇللىرى، قىزلىرىمۇ گۇناھكارلار ئارىسىدا ئىدى.

— زالىملارغا ئۆلۈم!

— سەيپىدىنبەگ دارغا ئېسىلسۇن!

— زالىملاردىن تويۇپ كەتتۇق!

— زالىملارنىڭ جايى زىنداندۇر!

— زالىملارنى ئاللا جازالىسۇن!

كۆپچىلىكنىڭ غەزەپ ساداسى مەيداننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئابدۇرەشىدخان تەختتىن چۈشۈپ ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ ئاۋامنىڭ تىنچىشىنى كۈتتى. چۇقان - سۈرەن بېسىلدى.

— جامائەت، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — پۈتۈن ئالەم ئاللانىڭدۇر. ئاللا ئالدىدا ھەممە بەندە باراۋەر. قانۇن ئالدىدا، پادىشاھ ئالدىدا ھەممە پۇقرا باراۋەردۇر. بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىغان، ئۇنى بۇزغان پادىشاھ ياكى ۋەزىر، ئەمىر ياكى ھاكىم ئاقىۋەت ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. پېقىرنىڭ ئاقسۇ دىيارىدىكى ئاۋامنى جەبىر - زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىم ئاللاغا مەلۇمدۇر. مۇشۇ ئۇلۇغ جۇمە كۈنىدە ئاۋامغا زۇلۇم قىلغان، قۇترانقۇلۇق قىلىپ ئارىنى بۇزۇپ، ئۇرۇش قوزغاپ قان تۆكۈلۈشكە سەۋەبچى بولغان، گۇناھسىز كىشىلەرنى خورلاپ ئۆلتۈرگەن ئاسىي گۇناھكارلارنى، مۇناپىق قاتىللارنى ئوچۇق سوراق قىلىپ، ئۇلارغا جازا ھۆكۈم قىلماقچىمەن.

— ئادالەت سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر!

— ئادىل پادىشاھ ئەلنىڭ ئامىتىدۇر!

— ئاۋامغا ئالىيلىرىنىڭ ئادالىتى كېرەك!

www.uyghurkitap.com

ئابدۇرەشىدخان ئاۋامنىڭ قولاقنى يارغۇدەك ئۇنلۇك ساداسى ئىچىدە گۇناھكارلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ. ئاياللار بىلەن بالىلارنى قويۇۋېتىڭلار.

قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ گۇناھكارلارنى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئالغان ياساۋۇللار سۇلتاننىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئاياللار بىلەن بالىلارنى باغلاقتىن بوشاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان كاتىۋالبەگ بەھرام ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا ئىتتىك كېلىپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويدى.

— سۇلتان ھەزرەتلىرى، بۇ قانخورلار ئانا ـ بالىلارغا رەھىم قىلغان ئەمەس. رۇستەمبەگنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ناھەقتىن ـ ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەن تۇرسا، ئۇلارغا رەھىم قىلامدۇق؟ چايانىڭ بالىسىمۇ چايان، يىلاننىڭ بالىسىمۇ يىلاندۇر. مۇنداق مەلئۇنلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىش كېرەك.

— بولدى بەس، كاتىۋالبەگ، بىزنى ئۇلۇغ ئاللا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، گۇناھسىز ئادەملەرنىڭ قېنى بىھۇدە تۆكۈلسە، ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋاممۇ بىزدىن ئادىل ھۆكۈم كۈتمەكتە. بىزمۇ مۇشۇ قانخورلاردەك ياۋۇزلۇق قىلساق، ئۇلاردىن نېمە پەرقىمىز قالىدۇ؟ بىز پەقەت ئادەملەر ئىچىدىكى چايان، يىلانغا ئايلانغانلىرىنى يانجىپ تاشلىشىمىز، ئاجىز ئاياللار بىلەن نارەسىدە بالىلارنى ناھەق جازالىماسلىقىمىز، شەرىئەت ھۆكمىگە مۇخالىپ ئىش قىلماسلىقىمىز لازىم. ياساۋۇللار بۇلارنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويسۇن، — دېدى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان.

— خوپ، جانابلىرى، — يۈزى قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن بەھرامنىڭ يۈرىكى قىساس ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قانغا مىلىنىپ ياتقان ئانىسى كەلدى. شۇ تاپتا گۇناھكارلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى بىرسىنىمۇ قويماي ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا پۇخادىن چىقاتتى. ئۇ سۇلتاننىڭ ئەمرىنى

بېجىرىۋاتقاندا لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى.

ئابدۇرەشىدخان تەختكە قاراپ مېڭىۋىدى، گۇناھكارلار تۈپىدىن چىققان بىر بەستلىك پەرەنجىلىك ئايال:

— توختىسىلا، سۇلتان ئالىيلىرى، — دەپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

ئابدۇرەشىدخانىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئەھلى سورۇننىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا ئاغدى.

ئايالنىڭ يېنىدا خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش پەرەنجە ئارتقان، ئون بەش ياشلارغا كىرگەن بىر قىزمۇ بار ئىدى.

— سىلى كىم بولىدىلا، ئاغىچا؟ — دەپ سورىدى ئابدۇرەشىدخان ئەجەبلەنگەن ھالدا.

— مەن، مەرھۇم ئەمىن خوجا سۇلتانىنىڭ رەپىقىسى سەلتەنەت سۇلتان بېگىم، بۇ قىزىم دىلدار بېگىم بولىدۇ، — دېدى ئايال يىغلامسىراپ، — مۇرەببىم قازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىن تۇرپانغا كەتمەكچى بولۇۋىدۇق، ئەمما يولدا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، بۇ ۋاقىتقا قەدەر يوشۇرۇنۇپ كۈن ئۆتكۈزدۇق. تۈنۈگۈن كېچىدە بىز تۇرغان قورۇنى ياساۋۇللار قورشىۋېلىپ، بىزنى تۇتقۇن قىلدى. كېچىچە زىنداندا ياتتۇق، بۈگۈن بۇ مەيدانغا يالاپ كېلىندۇق.

— سىلى ئاتامغا ئۇۋال قىلىپ، بىزنى سەرسان ـ سەرگەردان قىلىۋەتتىلە، سۇلتان ئالىيلىرى، قېچىپ يۈرۈپ جاندىن جاق تويدۇق. بىزنى جازالاش ئۈچۈن ئەكېلىپ، قايتۇرۇۋېتىشلىرىدە نېمە سىر بار؟ ئاۋام ئالدىدا ئادىللىقلىرىنى نامايان قىلىپ، بىزنى پىنھاندا ئۆلتۈرمەكچىمۇ ياكى سەرگەردانچىلىقتا جاپاغا قويماقچىمۇ؟ بىزنىمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇسىلا، بىز ئەمدى كەتمەيمىز، — دىلدار بېگىمنىڭ ھەسرەتلىك سۆزلىرى ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تەمكىن ئېيتتى:

— دارغا ئاس دېسەم، ھازىرلا سىلەرنى كوكۇلاڭلاردىن تۇتۇپ

www.uyghurkitap.com

دارغا ئاسىدۇ. بېشىنى كەس دېسەم، جاللاتلار ھازىرلا بېشىڭلارنى كېسىۋېتىدۇ. لېكىن، مەن ئۇنداق تاش يۈرەك ئەمەس. سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن سەرگەردان بولۇپ، خورلىنىپ يۈرمەيسىلەر، ھەرەم قەسرىدە تۇرىسىلەر. مۇبادا تۇرپانغا كېتىمىز دېسەڭلار، ئىززەت - ھۆرمىتىڭلار بىلەن ئۇزىتىپ قويىمەن. قېنى ئېيتىڭلار، ئۆلۈمگە تۇرامسىلەر ياكى ياشاشنى خالامسىلەر؟

ئانا بىلەن قىز ئۈندىمىدى.

— كاتىۋالبەگ! — چاقىردى ئابدۇرەشىدخان.

— لەببەي، سۇلتانىم، — بەھرام قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ يېقىن كەلدى.

— بۇ خانىش بىلەن مەلىكىنى ھەرەم قەسرىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ئادەم بەلگىلەپ، سەيپىدىنبەگنى ئالدىمغا ئەكېلىڭ!

— خوپ، ئالىيلىرى!

ئابدۇرەشىدخان كۆن نۇرىغا چۆمۈلۈپ تۇرغان تەختكە چىقتى. ئۇ ھال رەڭ گۆھەر قادالغان ئالتۇن تاج بىلەن ئاق شايى تون كىيگەنىدى.

كاتىۋالبەگ بەھرام سەيپىدىنبەگنى يالاپ تەخت ئالدىغا ئەكەلدى.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى سەيپىدىنبەگ تىزلىنىپ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى.

— سېنى ئاللا كەچۈرمەيدۇ، ئاۋام كەچۈرمەيدۇ. قېنى جاۋاب بەر، ئەمىن خوجا سۇلتان بىز بىلەن جەڭ قىلىش - قىلماسلىق توغرىسىدا سەندىن مەسلىھەت سورىغانمۇ؟ — ئابدۇرەشىدخان كەسكىن سورىدى.

— سو... سورىغان، ئالىيلىرى.

— سەن قانداق مەسلىھەت بەرگەن؟

— مەن... مەن... — سەيپىدىنبەگ دۇدۇقلاپ جاۋاب بەرمىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، رۇخسەت قىلسىلا ئاتا ۋەزىر سەيپىدىنبەگنىڭ قانداق مەسلىھەت بەرگەنلىكىنى مەن دەپ بېرەي، — دېدى ئەينى چاغدا ئەمىن خوجا سۇلتاننىڭ ئىشىككئاغىسى بولغان ئابدۇلغوپۇربەگ. ياشانغان بۇ ئادەم ھازىرمۇ ئىشىككئاغىسى ئىدى. ئۇ تەخت ئالدىدا قول باغلاپ تۇردى.

دەل شۇ چاغدا ئەمىن خوجا سۇلتان دەۋرىدىكى ئەمىر، بەگلەر: «مەن دەپ بېرەي، مەن دەپ بېرەي» دېيىشىپ تەخت ئالدىغا كېلىپ، باشلىرىنى ئېگىپ تۇرۇشتى.

— ياق، ياق، ئۆزۈم ئېيتاي، — سەيپىدىنبەگ پۇشۇلداپ تىنىپ زۇۋان سوردى، — مەن ئۇ چاغدا ئۆز كۆمچىمگە چوغ تارتىپ، جەڭ قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرگەنىدىم.

— چاپسان ئېيت، كۆپچىلىك ئاڭلىسۇن، نېمىدەپ مەسلىھەت بەرگەنىدىڭ؟

— مەن... مەن، — دېدى سەيپىدىنبەگ راستىنى دېمىسە، غەزەپلەنگەن ئاۋامنىڭ چەيلەپ تاشلىشىدىن قورقۇپ، — مەن ئەمىن خوجا سۇلتانغا: «سۇلتان ئالىيلىرى، سىلى سەئىدخاندىن ئەقىللىك ۋە باھادىر. ئۆز ئالدىلىرىغا خان بولۇش ئارزۇلىرى ئاۋامنىڭ مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. سىلى ئاتلانسىلا، ئاقسۇ دىيارىدىكى پۈتۈن ئەھلى مۇسۇلمان قوزغىلىپ ئۆزلىرىگە ھەمدەم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەشىدخاننى مەغلۇپ قىلىپ نۇسرەت قازىنىدىلا» دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدىم، ئەقىلسىزلىك قىپتىمەن.

— ئاقسۇ دىيارىدىكى مۇسۇلمانلار سەن ئېيتقاندەك، تاغامغا ئەگەشتىمۇ؟

— ياق، سۇلتان ئالىيلىرى، بىز سىلىگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپ چىققاندا، ئاۋام ئەگەشمەيلا قالماستىن، ھەرقايسى يېزا - قىشلاقلاردىن مەجبۇرىي نۆكەرلىككە تۇتۇپ كېلىنگەنلەر جەڭ باشلىنار - باشلانمايلا قېچىپ، شېرىن خىيالىمىزنى كۆپۈككە

ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەمىن خوجا سۇلتان خاس نۆكەرلىرى بىلەن جەڭگاھتىن ئايرىلدى. مەنمۇ ئۆزۈمگە سادىق ياساۋۇللىرىم بىلەن قېچىپ ئاقسۇغا كەلسەم، خالايىق مەسچىتلەردە سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ نۇسرەت قازىنىشىنى، سەئىدخاننىڭ تېخىمۇ قۇدرەت تېپىشىنى تىلەپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇۋاتقانىكەن. شۇ چاغدىلا پۈتۈنلەي خاتا ئويدا بولغىنىمنى چۈشىنىپ، ئۆزۈمنى پىنھانغا ئالدىم. ئاخىر ئايالچە ياسىنىپ بالىچاقىلىرىم بىلەن قاچماقچى بولۇپ، ئاقسۇ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا تۇتۇلدۇم، — سەيپىدىنبەگ كۆزلىرىدىن نەپرەت ئوقى ياغدۇرۇپ تىكىلىپ تۇرغان ئابدۇرەشىدخانغا لاپپىدە تەزىم سالدى ـ دە، تېنى جۇغۇلداپ يەنە بېشىنى ئەگدى.

— مەن يەتتە چاقىرىم يەرگىچە ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالغان ئاقسۇلۇق قېرىنداشلىرىمغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان كۆزىنى سەيپىدىنبەگدىن ئېلىپ، ئاۋامغا ئىللىق نەزەر تاشلاپ، — تاغام خانلىقىمىزغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا خانلىق تىكلەش قەستىدە بولغاچقا، ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم بولدى. سەيپىدىنبەگدەك يۇرت ئۆلىماسى تۇرۇپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماقتا يوق، قۇتراتتى، نەتىجىدە نۇرغۇن ئادەمنىڭ جەڭدە ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدى. مانا بۇ ئۇنىڭ جىنايىتى، — ئابدۇرەشىدخان سۆزىنى توختىتىپ، لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان سەيپىدىنبەگدىن سورىدى:

— ئەمىن خوجا سۇلتان بىگۇناھ رۇستەمبەگنى قەتل قىلىش توغرىسىدا سەن باشلىق تۆت ۋەزىر بىلەن مەسلىھەتلەشكەنمۇ؟

— مەسلىھەتلەشكەن، ئالىيلىرى.

— سەن قانداق مەسلىھەت بەرگەن؟

سەيپىدىنبەگ يەنە جىم تۇرۇۋالدى. گېلىغا سۆڭەك كەپلىشىپ قالغاندەك، تامىقىنى قىقىپ خىرىلدىدى:

— مەن... مەن ئۇ چاغدا ئازغانىكەنمەن.

— جاللات ! — غەزەپ بىلەن توۋلىدى ئابدۇرەشىدخان.
— لەببەي، ئالىيلىرى، بۇ خۇنپەرنى ئاسامدۇق، چاپامدۇق؟
قىزىل قالپاق، قىزىل تون، قىزىل چورۇق كىيىپ، يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان ئىككى جاللات ئاي پالتا، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ سەيپىدىنبەگنىڭ يېنىغا كەلدى.
— زۇۋانغا كەلمىگەن تىلىنى كېسىڭلار !
— خوپ، ئالىيلىرى !
— سۇلتان... سۇلتان ئالىيلىرى، راستىنى ئېيتا، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە.
— توختاڭلار ! — ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن جاللاتلار سەيپىدىنبەگنىڭ يېنىدىن بىر قەدەم چېكىندى.
— مەن... مەن، — دېدى ئۇ كېكەچلەپ، — ئەمىن خوجا سۇلتانىنى رۇستەمبەگنى يوشۇرۇن قەتل قىلىشقا دەۋەت قىلغانىدىم، قالغان ئۈچ ۋەزىر بۇ پىكرىمنى قوللىمىغانىدى. بىر كېچىدە رۇستەمبەگنى خۇپىيانە كۆزىتىۋاتقان پايلاقچىلىرىم خەزىنە ۋەزىرى مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاسنىڭ رۇستەمبەگنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى، ئۇزاق ئۆتمەي يېنىپ چىقىپ تېز كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. مەن بۇ ئەھۋالنى ئەمىن خوجا سۇلتانغا ئېيتىپ، ئۇنى رۇستەمبەگنى دەرھال ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە دالالەت قىلدىم. سۇلتان ئەۋەتكەن ياساۋۇل - نۆكەرلەر رۇستەمبەگنىڭ ئۆيىدە خىزمەتكار، دېدەكلەردىن باشقا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلدى. مەن ئۇلارنى قايتا ئەۋەتىپ خىزمەتكار، دېدەكلەرنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلىدىم. مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاسنى سۇلتانغا چېقىشتۇرۇپ، ۋەزىر - ئەمىرلەر ئالدىدىلا چاپتۇرۇۋەتتىم.
— بەس ! سېنىڭ مۇنداق چاپتۇرۇۋەتكەن ئادەملىرىڭ ئاز ئەمەس، سۆزلىمىسەڭمۇ كۆپچىلىك بىلىدۇ. سەن راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەر، رۇستەمبەگنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا نېمە ئۈچۈن

زىيانكەشلىك قىلدىڭ؟

— ئەمدى خوجا سۇلتانغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، — دېدى سەيپىددىنبەگ نادامەت بىلەن.

— سەن ئۇنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، ئاتا ۋەزىر بولغانغۇ؟ يەنە ياخشى كۆرۈنۈپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدىم، ئەپسۇس...

— ئۇنى تىزگىنلەپ قانداق مۇددىئاغا يەتمەكچىدىڭ؟

— سىزغان سىزىقىمدىن چىقالماس، مەندىن بىسوراق ئىش قىلالماس قىلىپ قويماقچىدىم.

— مۇددىئايىڭ روشەن بولدى، ئاتا ۋەزىر، ئەمدى ئاۋامغا رۇستەمبەگنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى قانداق تۇتقانلىقىڭنى، قانداق زىيانكەشلىك قىلغىنىڭنى سۆزلەپ بەر، — دېدى ئابدۇرەشىدخان بارغانسېرى غەزىپى ئۆرلەپ.

سەيپىددىنبەگ يەنە جىم تۇرۇۋالدى. يۈز گۆشلىرى لىپىلداپ، ساقاللىرى تىترەپ، پۇت - قولىدا جان قالمايۋاتاتتى.

— جاللات، ئۇنىڭ سۆز قىلغۇسى كەلمەيۋاتقان تىلىنى كەس! — بۇيرۇدى ئابدۇرەشىدخان.

— خوپ، سۇلتان ئالىيلىرى.

— مەن... مەن سۆزلەي، — دېدى سەيپىددىنبەگ كېكەچلەپ.

— سۆزلە، مۇناپىق! تىلىڭ بەك ئۇزۇنغۇ سېنىڭ.

— ئاشۇ سۆزگە كەلمەيۋاتقان ئۇزۇن تىلىنى كېسىش كېرەك!

— تىلىنىلا ئەمەس، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان شۇم بېشىنىمۇ كېسىش كېرەك، — ئاما سۆرەن سالدى.

— مەن سۆزلەي، مەن سۆزلەي، سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ ئىككى يېنىدا قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغان جاللاتلارغا قورقۇمسىراپ قاراپ.

— سۆزلە، — ئابدۇرەشىدخان قولىنى سىلكىۋىدى، جاللاتلار قىلىچلىرىنى تۆۋەن چۈشۈرۈشتى.

— رۇستەمبەگنى خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن قېچىپ كەتكەن دەپ بىلەتتىم. ئۆزى كېتىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئاقسۇدا قالغىنى خىيالىمغا كىرىپ چىقمىغانىدى. بىر كۈنى ئوردىدىن كەلسەم، ھەنىپىخان ئىسىملىك چاچ تارىغۇچى خوتۇن پېشايۋاندا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ خوتۇن ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ چاچلىرىنى تاراپ قوياتتى. ئۇنىڭغا كۆز قىرىمنىمۇ سالماستىن ھۇجرامغا مېڭىۋىدىم، ئاغىچام: «بۇ ئايالنىڭ سىلىگە دەيدىغان گېپى بار ئىكەن» دېدى. چىپپىدە توختاپ ئۇنىڭغا قارىۋىدىم، «ۋەزىر ھەزرەتلىرى، مەن ئەمىر رۇستەمبەگنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى كۆردۇم» دېدى. «نەدە؟» دەپ سورىسام، «جوۋا يېنىدىكى چايخانا غوجايىنىنىڭ ئۆيىدە» دېدى. مەن دەرھال تۆت ياساۋۇلنى ئۇ ئايالغا قوشۇپ يولغا سالدىم. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار رۇستەمبەگنىڭ خوتۇنى، قۇچاقتىكى قىزى ۋە ئۈچ ياشلىق ئوغلىنى تۇتۇپ ئەكېلىشتى. زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇدۇم. ئەتىسى ئەمىر خوجا سۇلتانغا ئۇلارنى تۇتقىنىمنى ئېيتىپ، قەتل قىلىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرۈشنى ئۆتۈندۈم. «گۇناھسىز مەزلۇمنى، نارەسىدە بالىلارنى قەتل قىلساق، خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟» دېدى ئۇ. «شۇمبۇينى يىلتىزىدىن يوقىتىش لازىم، سۇلتان ئالىيلىرى. بۇلارنى قەتل قىلساق، رۇستەمبەگ خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ تىرىك مۇردىغا ئايلىنىدۇ» دېۋىدىم، سۇلتان شۇ ھامان ئۇلارنى قەتل قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى. ئۇلار زىنداندا قەتل قىلىندى. مەن بۇلارنى تۇتۇپ بەرگەن چاچ تارىغۇچى ئايالغا مەرھۇمەنىڭ ئالتۇن زۇننارىنى بەردىم.

— خۇدا سەندەك قانخورنىمۇ ئادەم قىلىپ يارىتىپتىكەن. لەنەت ساڭا !

— بۇ قانخورنى تاپىنىدىن ـ بېشىغىچە چاناپ ئۆلتۈرۈش كېرەك !

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئۇنى بىزگە تاپشۇرسىلا، چالما ـ كېسەك قىلىمىز !

خالايىق تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان سېلىشتى.

ئابدۇرەشىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ، جاراڭلىق ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

— گۇناھكار سەيپىدىنبەگ قىلمىشلىرىنى ئىقرار قىلدى. شەرىئەت بويىچە شۇنداق ھۆكۈم قىلىمەنكى، ئۇ ئاۋۋال قىرىق دەررە ئۇرۇلۇپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ يەتتە پارە قىلىنسۇن!

جاللاتلار سەيپىدىنبەگنى مەيداندىن سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى.

ئابدۇرەشىدخان يەنە ئون بىر گۇناھكارنى سوراق قىلىپ جىنايىتىنى ئىقرار قىلدۇردى. ئۈچ قاتىلنى دارغا ئېسىشقا، ئىككى زىناخورنى چالما - كېسەك قىلىشقا، ئۈچ مەككارنى يىگىرمىدىن دەررە ئۇرۇشقا، چېقىمچىلىق قىلىپ بىھۇدە ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولغان ئۈچ گۇناھكارنى يىگىرمىدىن دەررە ئۇرۇپ، ئۆمۈرلۈك زىندانغا تاشلاشقا ئەمر قىلدى. بۇ ئۈچ گۇناھكارنىڭ بىرسى ئايال، دەل شۇ ھەنىپىخان ئىدى.

ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىمۇ تۇتۇپ، مانا مۇشۇنداق جازاغا مەھكۇم قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن كاتىۋالبەگ بەھرام چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن مىرزا ئەلى تاغايغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى. ئۇ تەخت كەينىگە قويۇلغان كۇرسىدا ئولتۇراتتى. سەيپىدىنبەگنىڭ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلۈشى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغاندەك قىلاتتى. ئۇ بەھرامنىڭ سوغۇق نۇر چېقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرگىنىدە تېنى جۇغۇلداپ، يۈزىنى تەخت تەرەپكە قىلىۋالدى. «سېنى كۆزدىن يوقاتمىسام، بېشىمغا چىقىدىغاندەك تۇرىسەن بەتبەخت! پەخەس بولمىسام قاپقىنىڭغا چۈشۈپ قالغۇدەكمەن ...» ئۇ شۇ خىيال بىلەن تەختتىن چۈشۈپ ماڭغان ئابدۇرەشىدخان كەينىدىن ئاستا قەدەم تاشلىدى. مىڭلىغان ئاۋام ئابدۇرەشىدخاننى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ قالدى.

# ئون بەشىنچى باب

## مەقبەرە ئالدىدا تۆكۈلگەن قان

### 1

پايتەخت ئاسمىنى تامامەن كۈل رەڭ تۈس ئالغان، لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار يەر يۈزىدە ئېرىمەكتە ئىدى. پەقەت گۈلئېرەم ئوردىسىدىكى يوللارنىڭ بويىغا رەتلىك تىكىلگەن ئارچا، قارىغاي دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىدا توختاپ قالغان قارلار يېڭى ئېچىلغان غوزىدەك غۇژمەك ـ غۇژمەك بولۇپ قالغان، يىراقتىن كۆكلەم چېچەكلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ئوردا مۇنارىغا قادالغان ئاي، يۇلتۇزلۇق بايراقنىڭ بۇرجەكلىرىدىمۇ قار تۇرۇپ قالغان، خۇددى كەشتىلەپ قويۇلغان ئاق ئەتىرگۈللەردەك كۆرۈنەتتى. ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا ئاي پالتا، نەيزە تۇتۇپ تۇرغان قاراۋۇللارنىڭ تەلپەك، يەلكىلىرىگىمۇ قار قونغانىدى. گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ ئۆگزە، تام، پەشتاقلىرىغا چۈشكەن قارلار شۇ پېتى ئاقىرىپ تۇراتتى. ئۇياقتىن ـ بۇياققا ۋىچىرلىشىپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەن ئاق، سېرىق قۇشقاچلار تام ئۈستىدىكى قارلاردا گۈل چېكىپ قويغاندەك ئىزلارنى قالدۇرغانىدى.

ئوردا دەرۋازىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ كىرگەن ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ئۈستىبېشىغا يول بويىدىكى ئارچا دەرىخىنىڭ شاخلىرىدا توختاپ قالغان قارلار توزغاقتەك تۆكۈلدى. ئۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن بېرىپ، دىۋاننىڭ مەرمەر پەلەمپىيى

ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. خاس نۆكەرلىرىمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ شۇ يەردە قالدى. ئىسكەندەر سۇلتان دىۋانغا كىرگەندە، سەرمۇنشى، شەيخۇلئىسلام، ۋەزىر، سەردارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، سالام بەجا كەلتۈرۈشتى.

— مەن كەلگەنلىكلىرىنى سۇلتان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلاي، شاھزادە، — ئىشىكئاغىسى سۇلتان سارىيىغا كىرىپلا يېنىپ چىقتى، — كىرسىلە، شاھزادە، سۇلتان ئالىيلىرى ساقلاپ قالدى.

ئىسكەندەر سۇلتان ھەشەمەتلىك سارايغا كىرىشكە سەئىدخان تەختتىن چۈشۈپ، غۇلچىنى كەرگىنىچە كېلىپ ئۇنى باغرىغا باستى.

— خان ئاتا، ئوبدان تۇرۇۋېلا، — دېدى شاھزادە.

— خۇداغا شۈكۈر، ئوغلۇم، دىدارىڭنى بەكمۇ سېغىنىدىم، — سەئىدخان شاھزادىنىڭ پېشانىسىغا بىرنى سۆيۈپ قويدى، — ئەمدى ئاقسۇدىن قايتىپ كەلگەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئاغاڭ بىلەن كۆرۈشكىن.

ئىسكەندەر سۇلتان چېھرىدىن مەمنۇنىيەت كۈلكىسى تۆكۈلۈپ تۇرغان مىرزا مۇھەممەدھەيدەرگە سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستاز.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، شاھزادە، يېڭىساردىن ھازىر كېلىشلىرىمۇ؟

— شۇنداق، ئۇستازىم، ئاتامنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا يولغا چىققاندىم.

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ، بالام. مىرزا ھەيدەر ئاغاڭ بىلەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇق. خانلىقىمىزغا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋالغان تىبەت، كەشمىر دىيارىغا يۈرۈش قىلماقچىمىز. ئەسلىدە بۇ يۈرۈشنى ئۆتكەن يىلى كۈزدە باشلىماقچىدۇق، بىراق سوغۇق چۈشۈپ كېتىپ ئاتلىنالمىغان. مانا بۇ يىل ئەتىيازدا يولغا چىقماقچىمىز. مەكتۇپۇمدا بۇ

توغرۇلۇق يازغانىدىم.

— ئەمىرلىرىگە بىنائەن كەلدىم، خان ئاتا. خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — دېدى ئىسكەندەر سۇلتان قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

چەك كىيىمىنى كىيگەن شاھزادە سەئىدخانغا ناھايىتى روھلۇق كۆرۈندى.

— ئاكام ئابدۇرەشىدخانمۇ بۇ يۈرۈشكە بىللە ئاتلىنامدۇ؟ — سورىدى ئىسكەندەر سۇلتان.

— ياق، ئوغلۇم، ئاكاڭ ئاقسۇ دىيارىغا بېرىپ، ئەمىن خوجا سۇلتانىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىتى، ئازاب چەككەن خەلقنى پاراۋان تۇرمۇشقا يېتەكلىدى. گەرچە ئەمىن خوجا سۇلتان غايىب بولۇپ، رۇستەمبەگ قازاغا ئۇچراپ، باغرىم زېدە بولغان بولسىمۇ، خانلىقىمىز پارچىلانمىدى. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكاڭدىن بەكمۇ رازى بولدۇم. ئۇ ئاقسۇدا تۇرۇپ خانلىقىمىزغا باشپاناھ بولۇپ بەرسە، ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزا نائىب خان بولۇپ كاشغەر ۋە ياركەندتە تۇرسا، بىز پەرۋەردىگارنىڭ ئىنايىتى بىلەن بۇ مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلانساق ئۇلۇغ ئېلىمىزگە ئەمىنلىك بېغىشلىيالايمىز، ئوغلۇم.

— چۈشەندىم، خان ئاتا. قاچان يولغا چىقىمىز؟

— ئىنىڭ مۇھسىن سۇلتان ئېغىر بىتاپ، قارغىلىقتىن يېقىندا قايتۇرۇپ كەلدۇق. ئۇ بىرئاز ياخشىلانسا، ئاندىن يولغا چىقىمىز، — سەئىدخانىنىڭ چىرايى قايغۇلۇق تۇس ئالدى. ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىدىكى ئاق كۆپىيىپ قالغانىدى. رۇستەمبەگنىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئانا يالغۇز ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ، قارا سوغۇقتا ۋاپات بولغانىدى. ئۇنىڭ نامىزىغا داخىل بولغان سەئىدخان مەرھۇمەنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئويلاپ قالغانىدى ...

پەرمان بىلەن ئاقسۇدىن قايتىپ كەلگەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان سەئىدخانىنىڭ ئويىغا يېتىپ

www.uyghurkitap.com

قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— خان ھەزرەتلىرى، ئەمدى ئەمىر - ئۆلىمالارغا قارارلىرىنى بىلدۈرەمدىلا؟ — دەپ سورىۋىدى، سەئىدخان بېشىنى چايقاپ، دېدى:

— يەنە بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلايلى. ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخان بىزنى ئۆزاتقىلى كەلمەكچى، كەنجى ئوغلۇم مۇھسىن سۇلتاننىڭ سالامەتلىكى ياخشىلانسۇن. ئۇ كېسەل پېتى قالسا، قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن؟ ئەمىر - ئۆلىمالارغا ئېيتسىلا، بۇگۈن ئاۋام ئارىسىغا بېرىپ، دەردمەن يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھالىغا يېتىپ كەلسۇن.

— خوپ، ئالىيلىرى.

مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان چىقىپ، ئەمىر - ئۆلىمالارغا خاننىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى.

سەئىدخان ئاي، يەسىل باشلىرىدا دۆلەت ئەركانلىرىنى ئاۋامنىڭ ھالىغا يېتىشكە ئەۋەتتى. ئۆزىمۇ كەچلىرى سودىگەر، كاسىپ ياكى دېھقان سىياقىدا ياسىنىپ، ئاۋامنىڭ دەردۇھالىنى، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاۋام ئارىسىدىكى ياخشى - يامان تەسىرلىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن بازار، كوچا ئارىلايتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ۋەزىر، ئەمىرلەردىن تارتىپ، مەھەللە ئاقساقاللىرىغىچە ئاۋامغا غەمخورلۇق قىلىش، ئاۋامغا كۆيۈنۈشتەك پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئاۋامغا جەبىر قىلىپ، ئۆلارنى قاقتى - سوقتى قىلغانلار، خىيانەتچىلەر ۋاقتىدا پاش قىلىنىپ ئەدىپىنى يەيتتى. پۇقرالار سەئىدخاندىن ناھايىتى رازى ئىدى، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ غەمخار ئاتىسىدەك كۆرەتتى.

سەئىدخان ۋەزىر، ئەمىرلەر ئۆزىغاندىن كېيىن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان، ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن ئوردا شىپاخانىسىدا داۋالىنىۋاتقان مۇھسىن سۇلتاننى يوقلىغىلى باردى. شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى. ئۇ خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما چىرايىدىكى سېرىقلىق

توگىمىگەندى. ئۇنى داۋالاۋاتقان ئوردىنىڭ باش تېۋىپى نۇرىدىن ئابدۇلۋاھىد زەھۇرى:
— خان ھەزرەتلىرى، شاھزادە يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ياخشىلىنىپ قالدى. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئوردىغا قايتسا بولىدۇ... — دەپ مۇھسىن سۇلتاننىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلدى.
— سىلىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، تېۋىپ ھەزرىتىم، — دېدى سەئىدخان كەنجى ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — ئەمدى سەپەرگە ئاتلانساق بولغۇدەك.
— قەيەرگە بارىدىلا، ئاتا، ئەتە يولغا چىقامدىلا؟ — سورىدى مۇھسىن سۇلتان بالىلىق مېھرى بىلەن ئاتىسىنىڭ قولىنى سىلاپ.
— بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز نىڭ مەنزىلى ئۇزۇن، ئوغلۇم. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن سەن شىپاخانىدىن چىقىسەن، خۇدا بۇيرۇسا، بىز شۇ كۈنى ماڭىمىز.
— ياق، ئاتا، مېنى دەپ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى كېچىكتۈرسىلە بولمايدۇ. ھېلىھەم يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ سىلىنى ئۇزىتىپ قويالايمەن. سەپەرگە ئاتلىنىۋەرسىلە، ئاتا.
سەئىدخان بۇ كەم سۆز، ئەمما كەسكىن، يۈرەكلىك ئوغلىغا خېلى ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارىدى. سەپەرگە كەتسە ئىككىنچى قېتىم كۆرەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا كۆڭلى بۇزۇلدى.
— ساڭا ئاللا رەھمەت قىلسۇن، ئوغلۇم. تىلىكىڭ شۇ بولسا ئاكاڭ ئابدۇرەشىدخان كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا يولغا چىقايلى. سەن ئورنۇڭدا نائىب سۇلتان بولۇپ قالىدىغان ئەمىر كەبىر سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ سۆزىدىن چىقمىغىن، بالام. ئۇ ماڭا ئاغا، ساڭا ئاتىدۇر.
— سۆزلىرىنى ئەستە تۇتىمەن، خان ئاتا. ئەمىر كەبىر كاشغەردە تۇرامدۇ ياكى پايتەختتە تۇرامدۇ؟ — سورىدى شاھزادە.
— بۇگۈن ياكى ئەتە پايتەختكە يېتىپ كېلىدۇ. بىز سەپەردىن

كەلگۈچە كاشغەرگە بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدۇ، بالام. چوڭ ئاكاڭ ئابدۇرەشىدخان بىزنى ئۆزىتىپ قويۇپ يەنە ئاقسۇغا كېتىدۇ. ئۇ ناھايىتى تەدبىرلىك ۋە قەيسەر، خانلىقىمىزنىڭ ۋەلىئەھدى. مەكتۇپ ئارقىلىق دىدارلىشىپ تۇرغىن. تېۋىپ رۇخسەت قىلمىغۇچە قارغىلىقتا كەتمىگىن، ــ دېدى سەئىدخان يۈرەك پارىسىگە قىيماي ۋە خۇددى ئۇنى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك تولىمۇ ھەسرەت بىلەن.

كۆزلىرىگە ياش كەلگەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان:

ــ خان ئالىيلىرى، شاھزادە ئۇمىدلىرىنى يەردە قويمايدۇ، ــ دېدى.

ــ خان ئاتا، ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، ــ ۋەدە بەردى مۇھەسسىن سۇلتان شىپاخانا ئىشىكىگىچە بىللە چىقىپ. ئۇ ئاتىسىدىن ئايرىلىشقا قىيماي كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ــ سىلىنى چوقۇم ئۇزىتىپ قويىمەن. خۇداغا شۈكۈر، ئاتا، ئەھۋالىم خېلى ياخشى. مەندەك كېسەلمەن، ئاجىز ئوغۇللىرىنى دۇئالىرىدىن ساقىت قىلمىغايلا.

ــ بالام، بىزنى ئۇزىتىمەن دەپ زورۇقۇپ قالما، ئۆزۈڭنى ئاسرا. سېنى كېرەملىك ئاللاغا تاپشۇرىمەن ھەم دۇئالىرىمدا دائىم ياد ئېتىپ تۇرىمەن، ئاللا مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي.

* * *

ئەلقىسسە. شاھزادە ئابدۇرەشىدخان شۇ كۈنى كەچ ئاقسۇدىن كەلدى. بۇ ئوغلىدىن چەكسىز رازى بولغان سەئىدخان ھەرەم سارايىدا بارلىق خان جەمەتىدىكىلەرگە دىدار مۇلاقات چېيى ئۆتكۈزۈپ بەردى. دۇئا ـ تەلەپ، ئاقىيول تىلەش بىلەن تۈن يېرىم بولغاندا بەركەتلىك داستىخان يىغىلدى. دەل شۇ چاغدا كاشغەردىن كەلگەن سەيىدمۇھەممەد مىرزا سەئىدخاننى غايەت خۇش قىلىۋەتتى. بۇ كېچە ھېچكىمنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى.

بامدات نامىزىغا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەزان بىلەن تەڭ ئوردا مەسچىتىگە چىققان سەئىدخان سەييىدمۇھەممەد مىرزا، مىرزا ھەيدەر كۆرەگان قاتارلىق دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن بامدات نامىزىنى ئادا قىلدى.

بارلىق جامائەت بۇ قەدىردان پادىشاھىغا ئاقىۋول ۋە سالامەتلىك تىلەپ دۇئا قىلدى. ياركەند شەھەر مەھەللىلىرىنىڭ بارلىق مەسچىتلىرىدىكى جامائەتمۇ سەئىدخانغا ئاقىۋول ۋە نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ مېڭىشتى.

سەئىدخان ئابدۇرەشىدخان، ئىسكەندەر سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان، مۇھسىن سۇلتان ھەم سەييىدمۇھەممەد مىرزا، مىرزا ھەيدەر كۆرەگان قاتارلىق خان جەمەتىدىكىلەر، دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن ئوردا ئالدىغا چىقىشتى. بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇشقان ئەمىر دايىم ئەلى، مىرزا ئەلى تاغاي، مۇھەممەدى بارلاس كەبى ئوردا ئەربابلىرى تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

ــ ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقان ئاللا ! غەمخار سۇلتانىمىزنى ساڭا تاپشۇردۇق. بۇ سەپىرىنى ئاقىۋەتلىك، نۇسرەتلىك قىلغايسەن، ئامىن !

ئوردا ئالدى ۋە مەيدانى ئالدالەتكە توپلانغان سانسىز خالايىق:

ــ ئامىن ! ــ دەپ دۇئا بەردى. يەرۇئاسمان لەرزىگە كەلدى.

سەئىدخان ھاياجان ئىلكىدە دۇئا قىلىۋاتقان ئاۋامغا قارىدى.

ــ قېرىنداشلىرىم، ئايرىلىش ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ. سىلەرگە ئاللادىن ئامانلىق، ئەمىنلىك، غەيرەت، جاسارەت تىلەيمەن. ئامىن !

سەئىدخان ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇشقان پەرزەنتلىرىگە تىكىلدى.

ــ باللىرىم، سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. ئاناڭلارنى ئىشىككە قارىتىپ قويماڭلار، يوقلاپ تۇرۇڭلار. بىر ـ بىرىڭلارغا كۆيۈنۈڭلار، يار ـ يۆلەكتە بولۇڭلار. ئاراڭلارنى دۈشمەنىنىڭ

بۇزۇشىدىن ساقلىنىڭلار.

— نەسىھەتلىرىنى ئېسىمىزدىن ھەرگىز چىقارمايمىز، ئاتا، خاتىرجەم بولسۇنلار، — شاھزادىلەر چىن قەلبىدىن ۋەدە بېرىشتى.

— سۇلتان ئاكا، ئالىيلىرىغا ھەمراھ بولالمىغىنىمدىن كۆڭلۇم بەك يېرىم، — دېدى ئەفرۇزە سۇلتان بېگىم سەئىدخاننىڭ يېشىنى سۈرتۈپ.

— يىغلىمىسىلا، سىڭلىم، گۈلنىگار سۇلتان بېگىم بىلەن ئاچا - سىڭىلدەك ئۆتۈپ، بالىلارنى ئوبدان تەربىيە قىلىشسىلا.

سەئىدخان ھەمشىرىسى بىلەن خوشلىشىپ، يېپيېڭى پەرەنجىلەرگە ئورالغان خانىشلارنىڭ يېنىغا باردى.

مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى. ھەبىبە سۇلتان بېگىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ مۈرىسىگە باش قويۇۋالغانىدى. پەخرىنىسا سۇلتان بېگىم ئۈنلۈك يىغلاۋاتاتتى.

— يىغلاشمىسىلا، ئەزىزلىرىم، يىغلاشمىسىلا، دۇئا قىلىشسىلا، ئۆزلىرىنى ئاسراشسىلا، — دېدى سەئىدخان ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ.

— ئانىلىرىم، يىغلاشمىسىلا، ئاتام زەپەر قازىنىپ قايتىپ كېلىدۇ، — دەپ تەسەللى بەردى ئابدۇرەشىدخان ئۇكىلىرى بىلەن.

خانىشلار ئۆزلىرىنى ئەتىۋارلايدىغان، ئۆزلىرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان، دەردلىرىگە دەرمان بولالايدىغان غەمخار ئېرىدىن ئايرىلىشقا قانداقمۇ چىدىسۇن؟

سەئىدخان بىلەن بىللە يولغا چىقىدىغان ۋەزىر، ئەمىر، سەردار، بەگلەرنىڭ، نۆكەر، ياساۋۇللارنىڭ بالىچاقىلىرىمۇ يىغلىشىپ ئاقىيول تىلىدى.

شارقىراپ ئېقىۋاتقان زەرەپشان دەرياسىمۇ كۆچلۈك ئۆركەشلەپ سەئىدخانغا نۇسرەت تىلىدى. دەل - دەرەخلەر تەزىم

قىلغاندەك ئېگىلىپ شىۋىرلاشتى. ئۇچار قۇشلار ئاقيول تىلەپ مۇڭلۇق سايراشتى. يەرۇكۆك سەئىدخانغا ئامانلىق تىلىدى.

«ئەي، ئالەمنىڭ يېگانە ئىگىسى ئاللا، ۋەتەنداشلىرىمنى، قېرىنداشلىرىمنى، ئائىلە ـ تاۋابىئاتىمنى ئۆز پاناھىڭغا تاپشۇردۇم. ئۇلارنى شەپقەت كېمەڭگە سالغىن. قەدىرلىك پەرزەنتلىرىمنى دۈشمەن قەستىدىن ساقلىغىن» دەپ كۆڭلىدە ئىلتىجا قىلىپ، كۆككە قارىغان سەئىدخان چاپچىپ تۇرغان ئاتقا مىندى.

ئۇزاتقىلى چىققان خالايىق يەتتە چاقىرىم يەرگە ئەگىشىپ باردى.

شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. سەئىدخان ئاۋامنىڭ «ئامىن !» دېگەن ياڭراق ساداسىدا يىگىرمە مىڭ خىللانغان لەشكەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

## 2

— ئاللاھۇئەكبەر ! ئاللاھۇئەكبەر ! ...

بامدات نامىزىغا ئەزان چىقىش بىلەن تەڭلا ئاقسۇ شەھىرىنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلدى. غۇرۇلداپ سوقىقان دالا شامىلى بىلەن بىللە باشتىن ـ ئاياغ قارا لىباس كىيگەن بىر ئاتلىق ئادەممۇ دەرۋازىدىن كىردى. يولدا تېخى ئادەم كۆرۈنمەيتتى. شەھەر كوچىسىدا تېز كېتىۋاتقان بۇ ئاتلىق ئىشىك ئالدىلىرىدا شاھادەت ئېيتىپ تاھارەت ئېلىۋاتقان كىشىلەرنىمۇ ئىلغا قىلالمىدى. دەريادىن كۆتۈرۈلگەن تۇمان ئاقسۇ شەھىرىنى قاپلىغان، تاڭ سۈزۈلگەن بولسىمۇ، يەر يۈزى قاراڭغۇ ئىدى. ئاتلىق ئادەم ئوردا ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، دەرۋازىۋەنلەر ئۇنى توستى:

— سەن كىم؟ بۇ سەھەردە ئوردىغا نېمىدەپ كىرىسەن؟!

— مەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ خاس نۆكىرى، چەۋەنداز ئابدالقۇل بولىمەن. خوتەندىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا خان

www.uyghurkitap.com

ئالىيلىرىنىڭ مەكتۇپىنى ئەكەلدىم.

— سۇلتان ھازىر ئوردا مەسچىتىدە.

— ئالىيلىرى بىلەن دەرھال كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار.

— ئاۋۋال قوۋۇقبېگىگە مەلۇم قىلايلى. ئۇ رۇخسەت قىلمىغۇچە ئوردىغا كىرەلمەيدىلا، سەل تەخىر قىلسىلا.

ئابدالقۇل ئىچى تىتىلداپ، دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە كۆز سالدى. سۇلتان سارىيىنىڭ پەشتاق، گۈمبەزلىرى غۇۋا پارىلداپ تۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي قوۋۇقبېگى ھەسەنبەگ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

— كىمكىن دېسەم، ئابدالقۇل ئىكەنلىغۇ؟ كەلسىلە، كەسىلە، مۇھىم خەۋەر ئەكەلگەن ئوخشىمامدىلا؟

ھەسەنبەگ پايتەختتە ئۆزى بىلەن ئوردا نۆكىرى بولغان، كېيىن سەئىدخانغا خاس نۆكەر بولغان ئابدالقۇلنى بىر قاراپلا تونۇغانىدى.

— بامدات ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، ئوردا مەسچىتىگە سىلى بىلەن بىللە بېرىپ ناماز ئوقۇۋالاي. ئۇ يەردە سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈپ خەتنى بېرەي، — دېدى ئابدالقۇل ئېغىر تىن ئېلىپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەسرەت - نادامەت چېكىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. يىغلامسىرىغاندەك ئاڭلانغان ئاۋازى ھەسەنبەگنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ قارا چەكمەن تون كىيىۋالغىنىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ سورىدى:

— سەردار جانابلىرى، قارا تون كىيىۋاپىلىغۇ؟ چىرايلىرى ھەم گەپ - سۆزلىرىدىنمۇ قايغۇ - ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ، پايتەختتە بىرەر ئەھۋال بولمىغاندۇ - ھە !؟

— بۇنى كېيىن ئۇقىلا، بېگىم، ئاۋۋال مېنى سۇلتان بىلەن كۆرۈشتۈرسىلە.

ھەسەنبەگ قاراۋۇلخانىدىن بىر ئۈزۈق سۇ ئاچىقتى.

ئابدالقۇل ھەسەنبەگ بىلەن يانمۇيان مېڭىپ پەشتاق -

گۇمبەزلىرىگە يېشىل كاھىش چاپلانغان مەسچىتنىڭ كۈمۈش ھالقىلىق كۆركەم دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. نامازنىڭ پەرزىگە تەكبىر ئېيتىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئىككى رەكەت سۈننەتنى ئىتتىك ئۆتىدى ـ دە، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ پەرزگە تۇرۇشتى. دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ئابدالقۇل: «... بۇ نامازنىڭ ساۋابىنى مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ روھىغا ئاتىدىم ...» دېگىنىدە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

ئوردا مەسچىتىنىڭ جامائىتى بولغان سۇلتاندىن تارتىپ ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سەردار، نۆكەر، ياساۋۇل، ئات باقار، باغۋەن، گۈلچى، تازىلىقچى، مەھرەملەرگىچە ھەممىسىلەن مەسچىتتىن يېنىشىپ، تۇرار جايلىرىغا تارقاشتى. ئابدۇرەشىدخان ھەرەم قەسىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، «سۇلتان ھەزرەتلىرى!» دېگەن ئىدانى ئاڭلاپ كەينىگە قارىدى. ئۆزىنىڭ خاس نۆكەرلىرى قاتارىدا قارا كىيىملىك، ئېگىز ھەم تەمبەل كەلگەن بىر يىگىت تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى يىگىت چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، — ئەدەپسىزلىك قىلىپ ئۆزلىرىنى توختىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن جازاغا لايىقمەن.

ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ قايغۇلۇق چىرايىغا زەن سېلىپ قاراپ ئۇنى تونۇۋالدى.

— سىز خان ئاتامنىڭ خاس نۆكىرى ئابدالقۇلغۇ، قانداق بولۇپ ئاقسۇ دىيارىغا كېلىپ قالدىڭىز؟

— ھەزرەتلىرىگە مەكتۇپ ئەكېلىۋىدىم، — دېدى ئۇ لېپاپىنى سۇنۇپ، سارغۇچ قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنى چېچىلدى.

— يۈرۈڭ، ئىچكىرىگە كىرىپ سۆزلىشەيلى.

ئابدۇرەشىدخان ئۇنى ھەرەم قەسىرىنىڭ تەكىيىخانىسىغا

باشلاپ كىردى.

قۇياش ئۇپۇقتىن باش كۆتۈرگەندى. شەپەق تەكىيەخانىنىڭ پەردىلىرى يېرىم قايرىقلىق دېرىزىلىرىگە جولا تاشلىدى. نەپىس توقۇلغان چوڭ ئىران گىلىمى ئۆيگە لىق كەلگەندى. رەڭگارەڭ قاپارتما نەقىش چېكىلگەن كۆنگۈرىلىك ئويۇق تامنى بويلىتىپ ئىككى قات گۈللۈك مەخمەل كۆرپە سېلىنغان، ھەربىر كىشىلىك ئورۇننىڭ تام تەرىپىگە بىردىن پەر ياستۇق يۆلەپ قويۇلغانىدى. تۆر تامغا قۇببىلىك يېرىم گۈمبەز چىقىرىلىپ، ئاستىغا ئوچاق ياسالغان، ئوچاقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئالتۇن ھەللىك كىچىك تەخت قويۇلغانىدى. دېرىزىلەردىن چۈشكەن شەپەق شولىسى تەختنىڭ كۈمۈش شارچىلىرىنى چاقنىتىپ تۇراتتى.

ئابدۇرەشىدخان تەختتە ئولتۇردى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، ئابدالقۇل. نېمە خەۋەر ئەكەلدىڭىز؟

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئاۋۋال مەكتۇپنى ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانسىلا، ئاندىن مەن ... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي، يېكەندازدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىدىن كۆڭلىنى ئەندىشە چىرمىغان ئابدۇرەشىدخان مەكتۇپنى ئاچتى:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خانلىقىمىزنىڭ ۋەلىئەھدى بولغان ئاكام سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا، ئەمىر تۇمەن باھادىر باشلىق ۋەزىر - ئۆمىرالارغا، قازى - قۇززات، مۇنەججىم، ئۆلىمالارغا ئاللانىڭ سالامى بولغاي.

سىلەرگە مەلۇم بولسۇنكى، ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ھىجرىيەنىڭ 938 - يىلى① زۇلھەججە ئېيىدا خان ئاتىمىز سۇلتان سەئىدخان پايتەختتە قۇربان ھېيتنى ئۆتكۈزگەندىن

① ھىجرىيە 938 - يىلى — مىلادىيە 1532 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

كېيىن يىگىرمە مىڭ خىلىلانغان لەشكەر بىلەن كەشمىر، تىبەتلەرگە يۈرۈش قىلغانىدى. يولدا مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان بىلەن مېنى بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن سانجۇ، تۈپراخار يولى ئارقىلىق تىبەتكە يۈرۈش قىلىشقا ئەمر قىلىپ، ئۆزى قالغان لەشكەرلەرنى باشلاپ خوتەن، ئالى داۋىنىدىن ئۆتۈپ، تىبەتنىڭ دۆلپا قەبىلىسى دىيارىغا قاراپ كەتتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن خانىنىڭ ئەمرى بىلەن كەشمىرگە يۈرۈش قىلدۇق.

مەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئاغام بىلەن خەتەرلىك لاداخ تاغ ـ داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، كەشمىر لەشكەرلىرىگە ئىككى ياقتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋىدۇق، ئۇلار قاچتى. بىز قوغلاپ جەڭ قىلىپ، سىرىنگار شەھىرىنى پەتھى قىلدۇق. كەشمىر سۇلتانلىرىدىن ئابدال مەكرى، لوھۇر مەكرى، كاجى جەك، رىكى جەكلەر سەردارلىقىدىكى كەشمىر قوشۇنلىرى لاي قەلئەسىگە قېچىپ بېرىۋالدى. بىز سىرىنگار شەھىرىدىكى راجىدان ئوردىسىدا يىگىرمە تۆت كۈن ئارام ئېلىپ، ئاندىن كەينىمىزگە ياندۇق. لاي قەلئەسىدىكى كەشمىر لەشكەرلىرى بىزنى چېكىنىدى دەپ ئويلاپ، ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ زەربە بەرمەكچى بولدى. كەينىمىزگە يېنىشىمىز دۈشمەننى بېكىنىۋالغان مۇستەھكەم قەلئەدىن چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلىمىز ئىدى. بىز ئاتلارنىڭ بېشىنى بۇراپ، قەلئەدىن چىققان كەشمىر لەشكەرلىرىنى تۆت تەرەپتىن ئارىغا ئېلىۋالدۇق. ئەلى مىر باشلىق كەشمىر لەشكەرلىرىنىڭ بىر قانچە سەردارى نۆكەرلىرى بىلەن ئەسىرگە چۈشتى، قالغانلىرى قېچىپ كەتتى. ئارقىسىدىن قوغلاپ جادۇ دېگەن يەرگە كەلگەندە، قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدۇق. مېنىڭ ئوڭ تەرەپ تاغىقىمغا ساداق ئوقى تەگدى. مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئاغامنىڭ ئېتى نەيزە تېگىپ ئۆلدى. ئەمما، بىز قەتئىي نىيەت بىلەن

چېكىنمەي جەڭ قىلدۇق. ئاخىر مەغلۇپ بولغان ئابدال مەكرى باشلىق كەشمىر سۇلتانلىرى سۈلھى تەلەپ قىلدى. بىز ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، سۈلھى تۈزۈشكە قوشۇلدۇق. سۆھبەت لاي قەلئەسىدە ئېلىپ بېرىلىپ تۆۋەندىكىچە سۈلھى كېلىشىمى هاسىل قىلىندى:

بىرىنچى، كەشمىر دىيارى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇش، ئەمما كەشمىرلىكلەر ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش؛

ئىككىنچى، كەشمىردە ياركەند سەئىدىيە خانلىقى نامىدىن پۇل چىقىرىش؛

ئۈچىنچى، هەر يىلى كەشمىرنىڭ يىللىق خەزىنە كىرىمىنىڭ بىر ئۈلۈشىنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇش؛

تۆتىنچى، كەشمىر پادىشاھى مۇھەممەد سۇلتاننىڭ قىزىنى سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتانغا ياتلىق قىلىش.

سۇلتان ئاكا، مەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئاغام بىلەن بۇ سۈلھىنامىگە ئاتىمىز سەئىدخان نامىدىن قول قويدۇق. ئابدال مەكرى، لوھۇر مەكرى سۇلتانلار پادىشاھ مۇھەممەد سۇلتان نامىدىن قول قويدى، شۇنىڭ بىلەن جەڭ توختىدى. قىرىق بىر كۈن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، كەشمىر شاھى مۇھەممەد سۇلتاننىڭ قىزى قەمەر بانۇنى نىكاھىمىغا ئېلىپ، يىل بىلەن مەنزىلگاھىمىغا كۆچۈرۈپ كەلدىم. يەتتە كۈن توختاپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن سەپەرگە ئاتلاندۇق. بىز بالتىستاندا① قىشلاۋاتقان خان ئاتامنىڭ يېنىغا كەلدۇق. كەشمىردە سەئىدىيە خانلىقى نامىدىن چىقىرىلغان ئالتۇن ــ كۈمۈش پۇللارنى، ئېسىل كەشمىر ماللىرىنى سوۋغا قىلغىنىمىزدا، ئاتام غەلىبىمىزدىن

① بالتىستان ــ تىبەتنىڭ بىر ۋىلايىتى.

تاھايىتى خۇش بولدى. كەشمىر شاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگىنىمنى مۇبارەكلىدى. مېنى كۈمۈش ساپلىق قىلىچ بىلەن، كېلىنىنى ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك بىلەن تارتۇقلىدى. تىبەت دىيارىنى تولۇق پەتىھ قىلىش ئۈچۈن داۋاملىق يۈرۈش قىلىشىمىزغا ئەمر قىلىپ، ئۆزى لاداخقا قايتتى.

بىز تىبەتنىڭ ئۇرساڭ، دۇلپا، كۇكۇ ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندۇق. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئاتام يېنىمدىن ئابدالقۇل دېگەن چاپارمەن كەلدى. ئۇ ماڭا خان ئاتامنىڭ ياركەندكە قايتىش ئۈچۈن نۇبرەدىن يولغا چىققىپ، مۇزئارت داۋىنىغا كەلگەندە ئىس ئېلىپ كېتىپ سالامەتلىكى يامانلىشىپ كەتكىنىنى، ئۇ يەردىن تېز يۆتكىلىپ ھاۋاسى ياخشى جايغا بارغان بولسىمۇ، ياخشىلىنىپ كېتەلمەيۋاتقىنىنى يەتكۈزدى. مەن لەشكەرلەرنى مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان ئاغامغا تاپشۇرۇپ، خاس نۆكەرلىرىم بىلەن دەررۇ يولغا چىقتىم. ئۇچقاندەك يۈرۈپ مۇزئارت داۋىنىغا كەلدىم. ئالدىن ئاتام بىلەن ساق ـ سالامەت كۆرۈشتۈرۈشنى تىلەپ، بۇ سۇرلۇك داۋاندىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتتۇم. ئاتنى قامچىلاپ شۇنداق ئىلدام يۈردۈمكى، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈچ ئات يىقىلىپ ئۆلدى. تۆتىنچى كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا يىراقتىن چېدىر، بارگاھ كۆرۈندى. چېپىپ بارسام، خان ئاتىمىزنىڭ بارگاھى ئىكەن. ھەتتا ۋەزىر، ئەمىرلەر بىلەن سالاملىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ، بارگاھقا ئېتىلىپ كىردىم. كىمخاب تۆشەكتە قەدىردان ئاتىمىز كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. سالام بېرىۋىدىم، كۆزىنى ئاستا ئاچتى.

— كەلدىڭمۇ، بالام؟ — دېدى نۇرى خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ.

— كەلدىم، ئاتا، كەلدىم، — دېدىم قىزىق مەڭزىگە يۈزۈمنى يېقىپ.

— ئاناڭ تىنچلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى خان ئاتام بېشىنى

www.uyghurkitap.com

سەلگىنە كۆتۈرۈپ. مېنى پايتەختتىن كەلدى دەپ قالغان چېغى، مەنمۇ دەرھال:

— ئانام يوللىرىغا قاراپ قالدى، خان ئاتا، ئۆزى ناھايىتى تىمەن، — دېدىم.

— بالام، بۇ سەپەرگە چىقمىسام بوپتىكەن، — دېدى ئانام ئېغىر خورسىنىپ.

خان ئاتامنىڭ چىرايى ئېچىنىشلىق تۇس ئالدى، نېمىگە شۇنچە ئەپسۇسلانغىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم.

— ئاكاڭ ئابدۇرەشىدخان كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە.

«كەلمىدى» دېسەم كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دەپ، «كېلىۋاتىدۇ» دېدىم. ئاتامنىڭ ئۆنى بارا - بارا پەسلەپ قېلىۋاتاتتى. ئەتراپىدا نۇرىدىن ئابدۇۋاھىد زەھۇرى، قازى شەمشىدىن ئەلى، مۇنەججىم بابا سادىق مىرزا، ئەمىر مىرزا ئەلى تاغاي، شاھمۇھەممەدى بارلاس، ئەمىر دايىم ئەلى، ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاس قاتارلىق ھۆكۈما، ئالىم، سەردارلار باش سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— نۇبرەدىن يولغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت خان ھەزرەتلىرىنىڭ دېمى سىقىلىپ، يۈرەك سوقۇشى رېتىمسىزلىشىپ، مىجەزىدە ئۆزگىرىش بولغانىدى. بىز بۇنىڭغا قارىتا جىددىي چارە - تەدبىر قوللاندۇق. ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن يېنىپ نۇبرەگە كەلدۇق. خان ئاتىمىز قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. شاھزادە، ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بار، ياركەندكە قايتىش ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم يولغا چىققاندىمۇ تىمەن ئىدى. مۇزئارت داۋىنىدىن ئۆتكەندە مىجەزى يەنە ئۆزگىرىپ قالدى. چاپسان يۈرۈپ مانا شۇ ھاۋالىق يەرگە كەلگىنىمىزگە ئون كۈندىن ئاشتى. ئەسلىگە كېلەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى تېۋىپ نۇرىدىن ئابدۇۋاھىد زەھۇرى ماڭا پىچىرلاپ.

— يۇنۇسخان بوۋام، ئەھمەدخان ئاتام، قاناتبەگ ئاكاملار كەلدى، ئالدىغا چىقىڭلار، — دەپ پىچىرلىدى ئاتام كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، بىر كۆزى ئوچۇق، بىر كۆزى يۇمۇق ئىدى. ئاتام شۇ ھالدا قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— قارا، ئاناڭ يىغلاپ كېلىۋاتىدۇ، بالام. ئاكاڭ ئابدۇرەشىدخانمۇ كەلدى. ئىبراھىم، مۇھسىنلارمۇ كەلدى. ھەممەيلەن يىغلىشىۋاتىدۇ. مەختۇمە سۇلتان بېگىم، ھەبىبە سۇلتان بېگىم، ھامىمام سۇلتان نىگار خېنىملارمۇ يىغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىن، يىغلىمىسۇن، يىغىنى ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ، — دېدى ئاتام بىردىن ئىشىككە تىكىلىپ، سۆزلىرى شۇنداق ئېنىق ئىدى.

— سىلەر بىلەن ياركەندكە بېرىۋالسام بولاتتى، بالام. ئابدۇرەشىدخان ماڭا ئاق تورۇقنى ئېگەرلەپ بەرسۇن، بىز دەررۇ يولغا چىقايلى، — بىردىن ئاۋازى پەسلەپ، ئىشىكتىن كۆزىنى ئېلىپ تورۇسقا تىكىلدى، — ئۇكاڭ مۇھسىن ئاق قۇلاننى ئېگەرلەپ كەپتۇ، مېنى ئەكېتىمەن دەيدۇ. نېمىشقا ئابدۇرەشىدخان كەلمەيدىغاندۇ، چاپسانراق كەلسە بولاتتى...

ئاتام بىردىنلا سۆزدىن قالدى، قولۇمنى سىقىپ تۇرغان بارماقلىرى مۇزلاپ، قارىچۇقى تارتىلدى. پېشانىسىدا تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. يۈزى لىپىلداپ، تىنىقى ئىتتىكلەشتى. قازى شەمشىدىن ئەلى دەمىدە سۇيى ئىچۈردى.

— ئۇھ ! ئەجەب مۇزدەك سۇ ئىكەن، يۈرىكىمگە بەك خۇشياقتى، — دېدى بىردىن زۇۋان سۈرۈپ ئاتام. سۇدىن ئىككى يۇتۇم ئىچتى، ئۈچىنچى يۇتۇم سۇ گېلىدىن ئۆتمەي جاۋغىيىدىن ئېقىپ كەتتى. كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، سارغۇچ چانىقى ياشقا تولدى، مۆلدۈرلەپ ماڭا قارىدى. شۇ قارىغىنىچە كۆزلىرى قېتىپ قالدى. بۇ چاغدا كۈن قىيام بولغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ئاكا، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلىتى، ئادىل ـ مېھرىبانلىقى بىلەن ئەل ـ ئاۋامنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە نائىل بولغان قەدىردان، غەيۇر، دانىشمەن خان ئاتىمىز ئەنە شۇ تەرىقىدە باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى.

ياركەندكە مېڭىش ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ يازغان بۇ خېتىمنى ياساۋۇل ئابدالقۇلدىن يولغا سالدىم. ئاكا، ئۇشبۇ مەكتۇپ قوللىرىغا تەگكەن ھامان پايتەختكە قاراپ يولغا چىققايلا. ئۆزلىرى خان ئاتىمىز ئەلگە جاكارلاپ بېكىتكەن ۋەلىئەھد. دۆلەت ئەركانلىرى، ئاۋام خەلق، لەشكىرىي سەئىدىيە سىلىنى كۈتمەكتە. تېز يېتىپ كەلگەيلا.

ئالىي ئېھتىرام بىلەن غەمگۇزار ئىنىلىرى
ئىسكەندەر سۇلتان
939 ـ يىلى زۇلھىججەنىڭ 16 ـ كۈنى①

خەت سەمىمىي ۋە تەپسىلىي يېزىلغانىدى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ چىرايى بىردىن ئاقىرىپ، شۇنداق ھەسرەتلىك تۇس ئالدىكى، ئابدالقۇل ئۇنى ئايلىنىپ كېتىدىغان بولدى دەپ يۆلىمەكچى بولۇپ تەييار تۇردى. ئەمما، ئۇ يىقىلمىدى، چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى، بىر تامچە ياشمۇ ئاقمىدى. كۆز ئالدىغا ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى ئاقسۇغا ئۇزاتقان چاغدىكى مەنزىرە كەلدى. ئانىسى، خانىشلار يىغلىشىپ خوشلىشىۋاتقاندا، سەئىدخان مۇنداق دېگەنىدى:

— ئاللانىڭ ئىرادىسىنى يىغلاپ قايغۇرۇش بىلەنمۇ، كۈلۈپ مەغرۇرلىنىش بىلەنمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق ئىشتا تەمكىن بولۇشىمىز، جۇدالىققا بەرداشلىق بېرىشىمىز لازىم. مەملىكەت دېگەن ۋەتەن، ۋەتەن دېگەن بىر چوڭ ئائىلە. ۋەتەننىڭ

① ھىجرىيە 939 ـ يىلى زۇلھىججەنىڭ 16 ـ كۈنى — مىلادىيە 1533 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

قەيىرگە بارغىن، ئائىلىدىن ئايرىلغان بولمايسەن، مۇساپىر سانالمايسەن. ئاقسۇ چوڭ ئائىلىمىزنىڭ بىر ھويلىسى. ئوغلىمىز بۇ ھويلىدا تۇرسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ سىلەر ئابدۇرەشىدخاننى يىغلاپ ئەمەس، بەخت ـ نۇسرەت، ئاقيول تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇڭلار.

سەئىدخان سۆزدىن توختاپ، ئابدۇرەشىدخاننىڭ كەمىرىنى چىڭىتىپ قويدى. ئاندىن:

— بالام، سەن ئوغۇللىرىمنىڭ چوڭى، ئىزباسارىم. سېنى قەيەرگە يولغا سالسام، شۇ يەرنىڭ ئەمىن، باياشات بولۇشىدىن ئۈمىدۋارمەن. دىلىڭدا ئاللاغا سىغىنىپ، قولۇڭدا ئادالەت تۇغىنى چىڭ تۇتقىن. نەزىرىڭنى ئەلگە سال. ناھەق قان تۆكۈشتىن ساقلان. ئاۋام پايدا كۆرسۇنكى، زىيان تارتمىسۇن دەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تەلەپ قىلمىغىل ياخشى نامدىن بۆلەك،
كوھنارمايدۇ بۇ نام، بىلمەك كېرەك.
پۇقرانىڭ ئىسلاھىنى سەن كۆزەت،
بولسۇن مەندىن ئۇل ساڭا يادىكار...

مانا بۇنىڭغا ئۈچ يىل بولغانىدى. ئابدۇرەشىدخان: «مەن ئاتامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالىدىممۇ؟ ئاتام ھايات چېغىدا ئۇنى رازى قىلالىغان بولغىيمىدىم؟ ئەي، خۇدا! پېقىر قۇلۇڭنى ھەسرەتتە قويما. بۇ دۇنيادا ئاتامغا يۈز كېلەلىگۈدەك ھايات كەچۈرۈشكە نېسىپ قىلغىن ...» دەپ ئىچىدە نالە قىلغىنىچە ئايدالقۇلغا قارىدى ۋە شۇنداق دېدى:

— سىز بۇ يەردە ئوبدان غىزالىنىڭ. مەن ھازىر ئوردىغا چىقىپ، دۆلەت ئەربابلىرىغا بۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزىمەن. دەرھال تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقىمىز، پايتەختكە تېز يېتىپ بارمىساق بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇرەشىدخان تەكىيىخانىدىن چىقىپ تۇرۇۋىدى، ئىشىكئاغىسى قارشىسىدىن چىقتى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، تىبەتتىن ئادەم كەلدى، — دېدى ئۇ ئېگىلىپ.

ئابدۇرەشىدخان زۇۋان سۇرمەي ئىتتىك يۈرۈپ دىۋانخانىغا كىردى، ئۇردا ئەربابلىرى ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ سالام بەردى. ئېھتىرام بىلەن يەر ئۆپكەن قارا ساقاللىق كىشى بىر لېپاپىنى ئۇزارتتى. ئابدۇرەشىدخان لېپاپىدىن خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى:

مەملىكىتىمىزنىڭ ئادىل، غەمخار خانى سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ئاتقان ئوقتەك قايتماس لەۋزى بىلەن جاھانغا بىلدۈرگەن ۋەلىئەھدى، پاساھەت باغىنىڭ باغبانى، سائادەت گۈلشىنىنىڭ پاسىبانى باھادىر شاھزادىمىز ئابدۇرەشىدخان ئالىيلىرىغا:

تۈگىمەس قايغۇ ــ ئەلەم بىلەنمۇ مەلۇم قىلىشقا پېتىنالمىغان، جۇرئەت ــ جاسارىتىمىزنى يوقاتقان ھەسرەت ــ نادامەتلىك خەۋەرنى قانداق يەتكۈزۈشنى بىلەلمەي بېشىمىز چويۇندەك قاتتى. تاشقىن بولغان كۆزلىرىمىزدىن دەريا ــ دەريا ياش ئاقتى. خانلىقىمىزنىڭ قەدىردان ئاتىسى، ئادىل، ساپ دىل پادىشاھىمىز سەئىدخان ئالىيلىرى باشقىلارنىڭ دەۋىتى، زورلىشى بىلەن ئۆتكەن يىلى كۆكلەمدە خالىمىغان سەپەرگە ئاتلىنىپ تىبەتكە يۈرۈش قىلغانىدى. ۋەلىئەھدى بولغان ئالىيلىرى پاراسەتلىك ساپمۇساق خانىمىزنى ئايرىلىشقا قىيماي ئۇزىتىپ قالغانىدىلە. يول ئازابى، بولغان جەڭلەرنىڭ قاتتىقلىقى، ئىس ــ تۈتەكنىڭ دىشۋارلىقى تۈپەيلىدىن ئاشۇ شىرغەرراندەك تىمەن غەيۇر خانىمىز كېسەل تېگىپ يېتىپ قالدى. ئۆزىنىڭ تەلىپى بىلەن قايتىپ ياركەندكە كېتىۋاتقاندا يول ئۈستىدە ۋاپات بولدى. بىز مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ بۇ ۋەھىملىك شۇم خەۋەردىن

ئالىيلىرىنى تېزرەك ۋاقىپلاندۇرۇشقا خالىماي تۇرۇپ مەجبۇر بولدۇق. چۈنكى، تەختكە كۆز تىككەن بەتنىيەتلەر قۇتراشقا باشلىغانىدى. شۇنى سەمىلىرىگە سالىمىزكى، خان ھەزرەتلىرى جان ئۈزۈش ئالدىدا قېشىدا پايپېتەك بولۇپ تۇرغان خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس بىلەن ئىككىمىزگە: «مېنىڭ تىبەتكە بېرىپ ئۈزۈش قىلىش غەرىزىم يوق ئىدى، سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزاھەيدەر كۆرەگان ۋەج ـ سەۋەبلەر بىلەن دالالەت قىلىپ مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچار قىلدى. ئەگەر پەرزەنتىم ئابدۇرەشىدخان ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرمىسە مەن ھەرگىز رازى بولمايمەن. سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزاھەيدەر كۆرەگاننى قەتل قىلسا مېنىڭ قىساسىمنى ئالغان بولىدۇ. سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەر كۆرەگانلا بولىدىكەن، خانلىق ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخانغا مەنسۇپ بولماي قالىدۇ...» دېدى. خاننىڭ بۇ يۈرەك سۆزىنى ئىشىتىپ: «خاتىرجەم بولسىلا، سۇلتانىمىز، ۋەلىئەھدىمىز ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالىيلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز» دەپ قەسەمياد قىلدۇق. شۇڭا، كۈيۈ ئوغلۇم يادىكار مىرزىنى ئۈشبۇ مۇسىبەتنامە بىلەن ھايالسىز يولغا سالدۇق. ئالىيلىرىنىڭ دەرھال ئاتلىنىپ، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىدىن بۇرۇن پايتەختكە كېلىشلىرىنى، خان ئاتىلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، روھىنى ئەمىن تاپتۇرۇپ، سۇلتانلىق تەختىگە چىقىشلىرىنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتىمىز.

كامالى ئېھتىرام بىلەن مۇسىبەت يېشىغا غەرق بولغان قەدىرسىز قۇللىرى مىرزا ئەلى تاغاي، خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس

ھىجرىيە 939 ـ يىلى زۇلھىججەنىڭ 17 ـ كۈنى.

خەتنى ئوقۇپ بولغان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قايسقى تۇرۇلدى: «ئەجەبا ئىنىم بولغان ئىسكەندەر سۇلتان خېتىدە بۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە يازماپتۇ. پەقەت مىرزا ھەيدەر كۆرەگان بىلەن بولغان جەڭلىرىنى بايان قىلىپ، ئاخىرىدا ئاتامنىڭ ۋاپاتى توغرۇلۇق قىسقىغىنا ئۇچۇر يېزىپ قويۇپتۇ. تەختتە ئۆزىنىڭ ئولتۇرغۇسى بار ئوخشايدۇ. مەن خان ئاتام بېكىتكەن ۋەلىئەھدى، تەختنى ھەرگىز تارتقۇزۇپ قويمايمەن !...» دېگەننى ئويلاپ دەرھال يولغا چىقىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەمر قىلىپ ئەتىسى تاڭ سەھەردە مۇسىبەت لىباسىنى كىيگەن تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن ياركەندكە قاراپ ئاتلاندى.

## 3

ياركەند ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىغان، سىم - سىم يامغۇرغا قارىماي شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەرلەر بېشىغا سەللە ئوراپ، ئۇچىسىغا قارا چەكمەن تون كىيگەن، ئاياللار ئاق رومال سېلىپ، قارا پەرەنجە ئارتقانىدى. ھەممەيلەن «ئاللا - ئاللا !» دەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئىچىدە بەندەر شاھ — سودىگەرلەر ئاقساقىلى، ھۇسەيىن ئاخۇن، چايخانا غوجايىنى ئابدۇخېلىل ئاخۇنلارمۇ بار ئىدى. بۇلار شۇنداق ئىلدام مېڭىشتىكى، كېتىۋاتقان خالايىقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپمۇ توختاشمىدى. سەپ - سەپ بولۇپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقان نۆكەر، ياساۋۇللار يېنىغا كېلىشكەندىلا توختاشتى. ئاق باغلانغان تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈۋالغان چەۋەندازلارنىڭ ياشلىق كۆزلىرى يولدا ئىدى. بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - ئۆلىمالار، بەگ - سەردارلار، ئالىم - ئەدىبلەر، مۇنەججىم - ھۆكۈمالار، شائىر - مۇغەننىلەرنىڭ سەپلىرىمۇ خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ غەمناك چىرايلىرىدىن ھەسرەت يامغۇرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئايرىم تۇرۇشقان ئالاھىدە بىر توپ بولۇپ، بۇلار سەئىدخاننىڭ

ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىدى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم، ھەببىبە سۇلتان بېگىملەرنىڭ سەئىدخانىنىڭ يولىغا تەلمۈرگەن كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلماقتا، ئىبراھىم سۇلتان ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىمۇ كېنىزەك، دېدەكلىرى بىلەن كۆزلىرىنى يولغا تىكىپ ئۇنسىز يىغلاشماقتا ئىدى.

مانا بۇلار يول ئۇستىدە قازا قىلغان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىغا چىققانلار ئىدى.

ئۆتكەن يىلى يازدا خان جەمەتى، ئوردا ئەھلى، پايتەخت ئاھالىسى مانا مۇشۇ يەرگىچە كېلىپ سەئىدخاننى دەبدەبە بىلەن ئۇزىتىشقانىدى. مانا ئەمدى ئۇلار روھى تەن قەپىسىدىن مەھرۇم بولغان، كاللىسى ئوي ـ تەپەككۇردىن، يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختىغان قەدىردان باشپاناھىنىڭ جىسمى بىلەن بولسىمۇ ۋىدالىشىۋېلىش ئۈچۈن، ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن بۇ يەرگە كېلىشىپ كۈتۈپ تۇرۇشماقتا ئىدى. سىم ـ سىم يامغۇر ئۇلارنىڭ بويۇن ـ باشلىرىدىن سىرغىپ چۈشمەكتە، يۈزلىگەن تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ چۇچىلىرىدىن تامچىلىماقتا، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرىدىن قۇيۇلماقتا، ئاسمان ـ زېمىن يىغلىماقتا...

— كەلدى ! شاھ ھارۋىسى كەلدى ! ... — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئادەملەر تۇپى دېڭىزدەك چايقالدى.

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەلىللاھىل ھەمد !» يىراقتىن تەكبىر ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ساداغا ئاۋام خەلقنىڭ ئاۋازى قوشۇلدى.

— ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر !

ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا مۆڭلۈك غىچىرلاپ كېلىۋاتقان شاھ ھارۋىسى ئەتراپىنى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى. ھارۋىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئاق تۇغ ـ شەددە، ئالدىغا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق بايرىقى ئورنىتىلغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ھەزرەتلىرى ! ئات يورغىلىتىپ كېلەر دەپ شېرىن ئارزۇدا بولغانىكەنمىز، ھارۋىدا ئۇنىمىز يېتىپ كېلىپتىلا، غەپلەتتە قاپتۇق، — دېدى شەيخۇل ئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا ھارۋىغا ياندىشىپ، ئۇنىڭ قايغۇلۇق كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى ئاق ئارىلىغان ساقىلىغا ساقىدى، — مۇبارەك دىدارلىرىنى شەپقەت بۇلاقلىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن ئاۋام كۆرۈۋالسۇن، — دەپ يۈزىگە يېپىقلىق ئاقنى قايرىپ قويدى. قول - پۇتلىرى سوزۇلغان سەئىدخاننىڭ يېرىم ئوچۇق قوي كۆزلىرى خۇددى خىيالغا غەرق بولغاندەك نەگىدۇر تىكىلگەنىدى. ئاق كىرگەن ساقاللىرى ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، چىرايى سەبدەردەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

— ئەلۋىدا، سۇلتانىمىز، رازى بولسىلا !

— ئەلۋىدا، شاھىمىز، ياتقان جايلىرى جەننەتتە بولسۇن !

— ئاللا ئۆزلىرىنى يېقىن كۆرۈپ دەرگاھىغا ئەكېتىپتۇ. قازاغا رىزا بولماي نېمە ئىلاجىمىز؟ ئەلۋىدا ...

ھارۋا ھەر تەرەپتىن ئاڭلانغان قايغۇلۇق سادالار ئىلكىدە ئاستا - ئاستا سىلجىماقتا. ھارۋىغا سەئىدخان ئالماشتۇرۇپ مىنىدىغان ئاق قۇلان، قاراگىر جەدە، ئاق قاشقىلىق تورۇقلار قوشۇلغانىدى. چاپچىپ، كىشنەپ تۇرىدىغان بۇ ئاتلار ئىگىسىنىڭ ۋاپات تاپقىنىنى بىلگەندەك، باشلىرىنى سالغىنىچە ئاستا قەدەم باساتتى. بۇ ھارۋا كەينىدىن ھوشىدىن كەتكەن مەختۇمە سۇلتان بېگىمنى خانىش، چۆرە، كېنىزەكلەر ئارىغا ئېلىپ ئولتۇرغان ئۇستى يېپىق ھەرەم ھارۋىسى ماڭدى. ئۇلار كۈن قىيام بولغاندا گۈلئىرەم ئوردىسىغا يېتىپ كېلىشتى. سانجاق - سانجاق خالايىق مەيدانى ئادالەتكە سىغماي قالدى.

كۆك قۇم ئۇستىدە ياتقۇزۇلۇپ، چۆرىسىگە مۇز تىزىلغان سەئىدخاننىڭ جەسىتىنى شەيخۇلئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا بىلەن مىرزا ئەلى تاغاي ھارۋىدىن ئالدى. ئەمىر - ئۆمىرا، سەركەردىلەر بىلەن كۆتۈرۈشۈپ، ھەرەم قەسىرىدىكى



www.uyghurkitap.com

ئارامگاھقا ئەكېلىنىشتى. شۇ يەردە زەرەپشان دەرياسىدىن ئەكەلگەن سۇزۇك سۇدا يۇيۇپ كېپەنگە ئېلىپ، ئاق يوپۇق يېپىلغان جىنازىغا سالدى. يىللاردىن بېرى سەئىدخان بىلەن بىللە جەڭ قىلغان ئەمىر دايىم ئەلى، بابا سادىق مىرزا، مۇھەممەد مىرزا، خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس قاتارلىق تۆت سەركەردە جىنازىنى كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئوبۇل ئەلاخان جىنازىنىڭ ئالدىنقى بىر بالدىقىنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەي، خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاستىن باشقا ئۈچ سەركەردە بىلەن بىللە كۆتۈردى. جىنازىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىسكەندەر سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان ماڭدى. ئۇلار كەينىدىن ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئەمىر ـ ئۈمىرالار، ئالىم ـ ئەدىبلەر، شەيخۇلئىسلام، قازى ـ قۇززات، ھاكىم ـ ھۆكۈمالار تەسبىھ ئوقۇپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قىرىق نەپەر ئاق ئەلەم كۆتۈرگەن قارا كىيىملىك سەردار بەگ باشچىلىقىدا سىپاھلار قەدەم باستى.

جىنازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئاق كىيىم كىيىپ، ئاق سەللە ئورىغان قىرىق نەپەر قارىي سۈرە ياسىننى؛ جىنازىنىڭ سول تەرىپىدە يېشىل كىيىم كىيىپ، يېشىل سەللە ئورىغان قىرىق نەپەر قارىي سۈرە تەبارەكنى قىرائەت قىلىپ ماڭدى. جىنازا ئارقىسىدىن قارا تون كىيىپ، قارا شايى سەللە ئورىغان قىرىق نەپەر شائىر ـ مۇغەننى «يائاللا، يا مۇھەممەد» دەپ تەسبىھ ئېيتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە مۇسىبەت قايغۇسىدا يۈرىكى لەختە بولغان ئوردا ئەھلى، ھازىدارلار سەپ تۈزگەنىدى. ئەڭ ئارقىدا قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى يەرگە قارىتىپ، مىلتىق ـ ساداقلىرىنى توغرىسىغا تۇتقان ياساۋۇل، نۆكەرلەر سەپ تارتىشقانىدى.

گۈلئېرەم ئوردىسىدىن كۆتۈرۈپ چىققان جىنازا پەلەك قەرىدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتتەك سىلجىپ كېلىپ، مەيدانى ئادالەتنە ئادەم دېڭىزىغا غەرق بولدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن جەندىلىرىنى تەتۈر كىيىپ كەلگەن ئەھلى تەرىقەتچىلەر جىنازا ئەتراپىدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

چەمبەر تۈزۈپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ جەررە سېلىپ ماڭدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى يىل مۇقەددەم ياركەنتتىن كەتكەن خاجەئى نۇران ھەزرەتلىرىنىڭ مۇرىتلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۇ تارتىپ ئوقۇغان ھۆكمەتلىرى يۈرەكلەرنى تىترەتتى:

كىشى دۇنياغا مېھماندۇر، ياھۇ يائاللا،
ئىمانى كۆچ ـ دەرماندۇر، ياھۇ يائاللا،
كېلىپ ـ كەتمەك جەرياندۇر، ياھۇ يائاللا،
ئاللاغا يېقىن بول، بەندە، ياھۇ يائاللا،

يىغقان دۇنيا قالىدۇ، ياھۇ يائاللا،
جاننى خۇدا ئالىدۇ، ياھۇ يائاللا،
پادىشاھسەن، گادايسەن، ياھۇ يائاللا،
ئاللاغا يېقىن بول، بەندە، ياھۇ يائاللا،

ئازار بەرمە، ئاغرىتما، ياھۇ يائاللا،
دوستنى كۆلدۈر، يىغلاتما، ياھۇ يائاللا،
بۇرچۇڭنى قىل ئادا، ياھۇ يائاللا،
ئاللاغا يېقىن بول، بەندە، ياھۇ يائاللا.

شاھزادە ئىبراھىم سۇلتان تونىنى تەتۈر كىيىپ ئۇلارغا قوشۇلدى.

— ئاللاھۇ ئەكبەر! — دېگەن ئاۋام ساداسى سوپىلارنىڭ يىغا ـ زارىنى بېسىپ كەتتى.

ئاپپاق رەخت بىلەن ئورالغان جىنازا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ جامەنىڭ سەيناسىغا ئېلىپ كىرىلدى. پېشىن نامىزىدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن شەيخۇلئىسلام مەرھۇم سەئىدخاننىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈردى. جىنازا يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. سانجاق ـ سانجاق ئادەملەر سەئىدخاننىڭ مېيىتىنى بىر دەقىقە بولسىمۇ

كۆتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن قول سوزۇشاتتى. بىر ئۆمۈر ئەل - ئاۋامنىڭ غېمىنى يېگەن، يۈرەك قېنىنى مەملىكەتنى روناق تاپتۇرۇپ، ئاۋامغا بەخت - سائادەت يارىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان باشپاناھىنىڭ مېيىتىنى كۆتۈرۈشنى بۇ سانسىز مۇسىبەت ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى دەپ بىلەتتى.

ئادەملەر قەدەم يۆتكىيەلمەي بىر - بىرىگە يېپىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. جىنازا قولدىن - قولغا سۇنۇلۇپ گۆلئىبرەم ئوردىسىغا ئېلىپ كىرىلدى.

يامغۇر تېخىچە توختىماي يېغىۋاتاتتى. سۆرۈن شامال دەرەخلەرگە ئاستا ئۇرۇلاتتى، گويا سېھىرلىك قوللىرىدا توپا باسقان ياپراقلارنى يۇيۇۋاتاتتى. ئاشۇ يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلغان ياپراقلار يېشىل زۇمرەتتەك پارقىراپ، يېڭى كېلىننىڭ يىپەك قول ياغلىقىدەك چىرايلىق بولۇپ كەتكەندى. كاشكى، بەزى ئادەملەر كۆڭلىدىكى ئالىلىق، دىللىرىدىكى قارىلىق ئىبرەتلىك مۇسىبەت يېشىدا ئەنە شۇنداق يۇيۇلۇپ كەتسىدى ...

سەئىدخاننىڭ جەسىتى مىرزا ئەلى تاغاي ۋە شاھمۇھەممەدى بارلاسنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن ئوردا دىۋانخانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا ئالمان - تالمانلا دەپنە قىلىندى. خۇش ئاۋاز ئوتتۇز قارىي قەبرە بېشىدا ئوتتۇز پارە قۇرئاننى ئوقۇپ تاماملىدى. لەرزان ئۈنى بىلەن تاشنى ئېرىتىۋېتىدىغان مۇرەتتەپ قارىي ئون يەتتە ياشلىق مۇھەممەد سالىھ مەخدۇم سۈرە تەبارەك قىرائەت قىلغاندىن كېيىن، شەيخۇلئىسلام دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئامىن ! — خالايىقنىڭ دولقۇنلۇق ئاۋازى پەلەككە يەتتى. ئۇلار بىر ئۆمۈر ئاۋامنىڭ غېمىنى يېگەن، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئەركىنلىكنى جارى قىلدۇرغان ئادىل پادىشاھ سەئىدخانغا جەننەتتىن ئورۇن ئاتا قىلىشنى ئاللادىن تىلەشتى. ئاخىرىدا بۇ جۇدالىقتىن يۈرەك - باغرى لەختە - لەختە قان بولغان ئىسكەندەر سۇلتان شەيخۇلئىسلامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

www.uyghurkitap.com

— ھەزرەتلىرى، خان ئاتام قانداق كىشى ئىدى؟ — دەپ ئۇنسىز يىغلاپ تۇردى.

— ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، — دېدى شەيخۇلئىسلام ئىسكەندەر سۇلتانغا مېھرلىك نەزەر تاشلاپ، — ئاتىلىرى مەرھۇم سەئىدخان كۆل - دەريالىرى يېتەرلىك، تاغ - داۋانلىرى ھەيۋەتلىك، شەھەر - قىشلاقلىرى ئەلۋەك كاتتا زېمىندا سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ، ئۆز خەلقىگە ئەمىنلىك ۋە ئاسايىشلىق بەخش ئەتكەن، ئەل - يۇرتنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن سورىغان، گۇناھكارلارنى قىلچە رەھىم قىلماي شەرىئەت ھۆكمى بويىچە جازالىغان ئىمانى كامىل پادىشاھ ئىدى، — شەيخۇلئىسلام كۆزىنى ئىسكەندەر سۇلتاندىن ئېلىپ كۆپچىلىككە باقتى، — ئۆلۈم ئاللا ئىرادە قىلغان مۇتلەق ھەقىقەتتۇر. ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماسكى، ئۆلۈمگە رازىمەنلىك بىلەن يۈزلەنمەك مەقبۇل ئىبادەتتۇر. بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە مەيلى پادىشاھ، باي بولسۇن، مەيلى گاداي، نامرات بولسۇن، ياخشى ئەمەل ۋە تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتمىكى زۆرۈردۇر. پانىي ئالەم بەندىلەر ئۈچۈن سىناق مەيدانىدۇر، ئاللانىڭ سىناقلىرىغا سەۋر - تاقەت قىلىش، ئۆلۈمدىن ئىبرەت ئېلىش ھەربىر مۇسۇلمان بەندە ئۈچۈن ھەممىدىن زۆرۈردۇر...

شەيخۇلئىسلام سۆزىنى تۈگىتىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ روھىغا ئاتاپ يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن تارقاشتى. ئىسكەندەر سۇلتان قىرىق قارىي بىلەن مەقبەرىدە تىلاۋەت قىلىپ قالدى.

بۈگۈن قۇياش ياركەند شەھىرىگە نۇرلىرىنى چاچمىدى. قارا پەردە تارتىلغان ئاسماننىڭ چېكى سۆكۈلۈپ، پەرىشتىلەرنىڭ يېشى تۆكۈلدى. غەمخار باشپاناھىدىن ئايرىلغان ئاممىنىڭ جۇدالىق ياشلىرى تۆكۈلدى. مېھرىبان، سۆيۈملۈك ھەمراھىدىن

مەھرۇم بولغان غەمگۇزار ئانىلارنىڭ جۇدالىق تىغىدا چاك - چاك يېرىلغان يۈرىكىدىن قان تامچىلىدى. ۋۇجۇدىغا ھاياتلىق، قەلبىگە زىبا بەخش ئېتىپ، بەخت - سائادەت بۇلاقلىرىغا چۆمدۈرگەن تاغدەك يۆلەنچۈكىدىن — مېھرىبان ئاتىسىدىن ئايرىلغان پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدىكى ئاچچىق ھەسرەت - نادامەتلەر كۆز ياملۇرىغا ئايلاندى.

كەچقۇرۇن ئۇپۇق ئاسمان بىتىگە جۇلاسىنى يايمايلا، يەر - جاھاننى تۇن ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئاي - يۇلتۇزلار مەڭگۈلۈك غايىب بولغاندەك، كۆكتە نۇر - زىيادىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. دەرۋەقە ئاسمان ئېخىچە ياش تۆكۈپ تۇراتتى.

مەختۇمە سۇلتان بېگىممۇ كۆيۈمچان، قەدىناس ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا چىدىماي ياقا يىرتىپ ياش تۆكۈۋاتاتتى، جۇدالىق ئازابىدىن ۋۇجۇدى ئۇششۇك تەگكەن ياپراقتەك غال - غال تىترەيتتى، تايىنىۋالغان ھاسىسىمۇ تىنىمسىز تەۋرىنەتتى. ھەبىبە سۇلتان بېگىمنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياملۇردەك ياش تۆكۈلەتتى. ئىبراھىم سۇلتان «ئاھ، ئاتا، بىزنى نېمىشقا تاشلاپ كەتتىڭ، ئاتا !...» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ، قەسىر ھويلىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلار بۇ ھەسرەتلىك كېچىنى كۆز يۇمماي تاڭ ئاتقۇزۇشتى. تاڭ ئاتقۇچە ئاسماندا ئۈكەرمۇ، چولپانمۇ چىراي كۆرسەتمىدى.

بامدات نامىزىغا ئەزان چىقتى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم، ھەبىبە سۇلتان بېگىم ۋە ئوردىدىكى ئاغىچا خېنىملار كېنىزەكلەر بىلەن، ئىبراھىم سۇلتان خاس نۆكەرلىرى بىلەن سەئىدخاننىڭ تۇپراق بېشىغا كېلىشتى. بۇ يەردە ئىسكەندەر سۇلتان قىرىق قارىي بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلار سەما بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ئاۋۋال تولا يىغلاپ ئۈنى پۈتۈپ كېتىشكەن خانىشلار قەسىرلىرىگە قايتتى، ئاندىن ئاتىسى روھىغا يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلىشقان ئىبراھىم سۇلتان ياندى. تۇپراق بېشىدا شاھزادە ئىسكەندەر سۇلتان قارىيلار بىلەن يەنە قالدى.

www.uyghurkitap.com

## 4

بۈگۈن زۇلھەججەنىڭ 29 ـ كۈنى چارشەنبە ئىدى. مەقبەرىدىن يانغان ئىسكەندەر سۇلتان ھەرەم قەسرىگە كىرمەيلا دىۋان مەھكىمىسىگە كەلدى. ئەمىر ـ ئەركانلار جىمغىنا، ئولتۇرۇپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان، كۆڭۈللىرىدىكى ھەسرەت ـ نادامەتلىرى چىرايلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. سۇلتان سارىيى بوش، پارىلداپ تۇرغان ئالتۇن تەختتە خان يوق ئىدى. ئىسكەندەر سۇلتان ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېچ يەردىن ئاتىسىنىڭ دىدارىنى ئۇچرىتالماي دىۋان مەھكىمىسىدىن قايتىپ چىقىشىغا، تونىنى تەتۈر كىيىپ، سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى چۇشۇرگەن مىرزا ئەلى تاغاي ھاسىسىنى يەرگە توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ: «ئاھ، خان ئاتا، نەگە كەتتىلە؟ خان ئاتا، ئالتۇن تەختتە كۆرۈنمەيلىغۇ؟ ھەممىمىزنى داغدا قويدىلىغۇ، خان ئاتا ...» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. شاھزادە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئاكام ئابدۇرەشىدخان كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر سۇلتان يېشىنى ئېرتىپ. ئۇ ئاكىسىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى شۇنچە ئۈمىد قىلاتتىكى، كەلمەي قالسا بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ چىرايى لاپپىدە ئۆڭدى ـ يۇ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— كېلىۋاتىدۇ، شاھزادىلىرىم، سەۋر قىلىشسىلا، بىزمۇ يولىغا مۇنتەزىر بولدۇق، — دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— ئەمىر ـ ئۆمىرالار بىلەن ئالدىغا چىقساق بولغۇدەك، تەخسىر. ھازىر قەيەرگە كەلگەندۇ؟ — سورىدى ئىسكەندەر سۇلتان. ئۇنىڭمۇ ئاكىسىنى كۆرگۈسى كەلگەن، ئاكىسىنى تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخان: «كېلىۋاتقىنىمنى ئىنىلىرىمغا، ۋەزىر - ۋۇزرالارغا يەتكۈزۈپ، پايتەختكە كىرىدىغان قۇتلۇق كۈننى كېڭىشىپ بەلگىلەپ، ئەمىر - ئەركانلار بىلەن ئالدىمغا كەلسىلە» دەپ چاپارمەندىن ماڭا خەت ئەۋەتكەنىكەن، شۇڭا مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئوردىغا كەلگەنىدىم، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي ئېسەدەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان تەقرىزدە.

— شۇ تاپتا دىۋان مەھكىمىسىدە بارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەر بار، دەرھال كېڭەش ئۆتكۈزەيلى، تەخسىر. قېنى ماڭسىلا، — ئىسكەندەر سۇلتان ئالدىدا قەدەم تاشلىدى.

ئىسكەندەر سۇلتان، ۋەزىر، ئەمىر، مۇنشى، شەيخۇلئىسلام قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى سۇلتان سارىيىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ مۇنداق قارار قىلىشتى: ۋەلىئەھد — سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھەم يىلنىڭ ئايىغى، ھەم ئاينىڭ ئاخىرى بولغان چارشەنبە كۈنىدە شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى بۇ كېچە شەھەر سىرتىدا كۈتۈپ تۇرۇپ، پەيشەنبە كۈنى كىرسۇن. بۇ ھەم مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى، ھەم 940 - يىلنىڭ بېشى، ناھايىتى قۇتلۇق ھەم مۇبارەك كۈندۇر، شۇ كۈنى شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغاي.

مىرزا ئەلى تاغاي ئۆمىرالار كېڭەشىنىڭ بۇ قارارىنى ئېلىپ، ئۆز ياساۋۇللىرى بىلەن ئىلدام يولغا چۈشتى. ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ئۇنى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمىدى.

مىرزا ئەلى تاغاي شەھەردىن تۆت چاقىرىم يىراقلاشقاندا:

— بېشىم ئايلىنىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىۋاتىدۇ. سىلەر ئاستا ماڭغاچ تۇرۇڭلار، بىردەم ھاردۇق ئېلىۋېلىپ، كەينىڭلاردىن يېتىشىۋالاي، — دەپ باشقىلارنى ماڭدۇرۇۋېتىپ قاسىم ياساۋۇلنى ئېلىپ قالدى. باشقىلار كەتكەندىن كېيىن قويۇن يانچۇقىدىن قەغەز، قەلەم ئېلىپ سەئىدخان نامىدىن ۋەسىيەتنامە يازدى،

قارارنامىنى پارچە - پارچە قىلىپ شامالغا ئۇچۇرۇۋەتتى.

— قاسىم، ئامىتىمىز كېلىدىغان كۈن يېقىنلاشتى، ئابدۇرەشىدخان ئەمدى سىزنىڭ قولىڭىزدىن چىقالمايدۇ، — دەپ خىرىلداپ كۈلدى ئۇ. ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان قاسىم قېچىرمۇ ھىجايدى. ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىپ قامچا ئۇرۇشتى. ھايال ئۆتمەي، ئاستا كېتىۋاتقان ياساۋۇللارغا يېتىشىۋالدى. ئۇلار ئابدۇرەشىدخان كۈتۈپ تۇرغان جايغا كەلدى. ئۇ كاشغەردە قالغان بولماستىن، ياركەند شەھىرىگە ئۈن بىر چاقىرىم كېلىدىغان يەردە توختاپ، دۆلەت ئەربابلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ چاپارمەن ئەۋەتكەنىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مىرزا ئەلى تاغاي شاھمۇھەممەدى بارلاس بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ ئەجەللىك سۈيىقەستنىڭ ئاقىۋىتىدىن مەمنۇن بولغىنىچە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بارگاھىغا قەدەم قويدى. ئۇ زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ «ۋەسىيەتنامە»نى ئابدۇرەشىدخانغا تاپشۇردى. ئابدۇرەشىدخان ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇدى:

«مېنىڭ تېنىمدە بىرىپ ئۇرۇش قىلىش غەيرىتىم يوق ئىدى. سەيىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا مۇھەممەدھەيدەر كۆرەگان تولا سايا - سەۋەبلەر بىلەن دالالەت قىلىپ، مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچار قىلدى. ئەگەر پەرزەنتىم ئابدۇرەشىدخان ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرمىسە، مەن ھەرگىز رازى بولمايمەن. سەيىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەرلا بولىدىكەن، خانلىق ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخانغا مەنسۇپ بولماي قالىدۇ...①»

— ھۇ! تۈز كورلار! مەرھۇم خان ئاتامنىڭ جېنىغا شۇلار زامىن بوپتىكەن - دە! ئاتامنىڭ قىساسىنى ئالماي تۇرۇپ تەختتە ئولتۇرمايمەن، — دېدى ئابدۇرەشىدخان غال - غال تىترەپ، ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، كۆزلىرىدىن

① «تارىخى رەشىدىي» 1013 - بەت.

غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى.

پۇكۇلۇپ تەزىم قىلغان مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ يىغلامسىرىغىنىچە پىچىرلىدى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، مەرھۇم خان ھەزرەتلىرىنىڭ گەدىنىمىزدە تۇز ھەققى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، سەييىدمۇھەممەد مىرزا ماڭا ۋە باشقا ئەمىرلەرگە قىلدۇرغان قەسەمنى بۇزۇپ، بۇ ئەھۋالنى ئەرز قىلىۋاتىمەن، ۋاقتىدا بۇنىڭ تەدبىرىنى كۆرگەيلا. ئەرزىم شۇكى، سەييىدمۇھەممەد مىرزا ھەممىمىزگە قەسەم قىلدۇرۇپ: «ئابدۇرەشىدخان سۇلتان كەلگەن ھامانلا ئۇنى ئاتىسىنىڭ يېنىدا ياتقۇزىمىز ۋە خانلىق تەختىگە ئىسكەندەر سۇلتاننى ئولتۇرغۇزىمىز» دەپ كېڭەش قىلىپ قارار قىلدى.

— بۇگۇن ھەم زۇلھەججەنىڭ ئاخىرى، ھەم يىلنىڭ ئايىغى. ئاللا خالىسا، ئەتە، يەنى مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۇنى پايتەختكە كىرىپ، قارا نىيەت ئاسىيلارنى جازالاپ، ئاتامنىڭ روھىنى خوش قىلىمەن. مېنى بۇ ئىرادەمدىن ھېچكىم ياندۇرالمايدۇ، — ئابدۇرەشىدخان قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇۋېلىپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ چېپىۋىدى، ئۇجمە دەرىخىنىڭ ئىككى تال شېخى كېسىلىپ چۈشتى.

— تولىمۇ دانا قارار چىقاردىلا، سۇلتانىم. ئاللا ئۆزلىرىنى غالىب بەندە قىلىپ ياراتقان. سەييىدمۇھەممەد مىرزا، ئەلى سەئىد كوكۇلداش كەبى ئاسىيلارنىڭ كاللىسىنى ئالماي تۇرۇپ، ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئەتكىلى بولمايدۇ.

— ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئەمىر، سىلى ئىسمىنى ئاتىغان ئاشۇ ناكەسلەر مەن ھۆرمەت قىلىدىغان زاتلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىمىزدىكى دۇشمەن ئىكەنلىكىنى ئويلىسام قانداقمۇ غەزەپلەنمەي تۇرالايمەن. دۇشمەنگە رەھىم قىلماسلىق، دوستلارغا شەپقەت قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم، زىنھار ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلىگۇچى بولماڭ.

— ئەلۋەتتە، سۇلتان ئالىيلىرى، دۈشمەنلىرىگە ئۆلۈم تىلەيمەنكى، بىرسىنىڭمۇ ھايات قېلىشىنى خالىمايمەن.

ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاماز خۇپتەنگە چىققان ئەزان ساداسى بۆلۈۋەتتى.

— يارىلانغان شىردەك غەزەپكە كەلگەن ئابدۇرەشىدخان كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزدى.

تارىخنىڭ 940 ـ يىلى مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۈنى① تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرغان ئابدۇرەشىدخان ئالدىراپ تاھارەت ئالدى. سەردار ـ سىپاھلىرى بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، ئەمىر ئەكرەم سەپراس قىلغان تۆت مىڭ ئاتلىق لەشكەرگە كۆز سالدى.

— تەييارمۇ سىلەر؟

— سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىگە ھەرقاچان تەييارمىز! — دەپ ۋارقىراشتى قىلىچلىرىنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن يەرگە قاراتقان سەرۋازلار.

— ئاللا سىلەرنى سالامەت ۋە غالىب قىلسۇن! — دېدى ئابدۇرەشىدخان قولىنى كۆتۈرۈپ، — بۈگۈن پايتەختكە كىرىمىز. ھەرقاچان جەڭگە تەييار تۇرۇڭلار.

— بىز تەييار!

ئاق تۇتەك قاپلىغان ئاسماندىن قۇمدەك ئۇششاق يامغۇر تۆكۈلۈۋاتاتتى.

ئابدۇرەشىدخان جەڭ كىيىمى ئۈستىدىن ئاق يوپۇق يېپىنىپ قارا گىر ئېتىغا مىندى، چىرايىمۇ ھاۋادەك تۇتۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ نوقۇت رەڭلىك تۇغلىرىنى كۆتۈرگەن قىرىق ئەلەمدار، ئارقىسىدا قىرىق نەپەر خاس نۆكەر بىلەن بەھرام سەردار ئات يورغىلىتىپ ماڭدى. باشتىن ـ ئاياغ قارا كىيىنگەن مىرزا ئەلى تاغاي يۈزدىن ئارتۇق ۋەزىر، ئەمىر،

① مىلادىيە 1533 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

بەگ، سەردار بىلەن «يا ھەسرەتا، يا نادامەتا ...» دەپ يىغلاپ ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا چۈشتى. بۇلار ئابدۇرەشىدخاننىڭ نەزىرىدە ئۆزىگە سادىق مەمۇرىي، ھەربىي ئەمەلدارلار ئىدى. يەتتىدىن سەپ بولۇشقان تۆت مىڭ سىپاھىنىڭ ھەممىسى قارا كىيىم كىيىپ، ئاق سەللە ئورىۋېلىشقانىدى. بۇلار ئىچىدە قىلىچ، نەيزە بىلەن قوراللانغانلار مىڭنى، ئوقيا ـ ساداق تۇتقانلار مىڭنى، مىلتىق كۆتۈرگەنلەر مىڭنى، توپچى، لەخمە كولىغۇچى، پارتلاتقۇچىلار بەش يۈزنى، ھەييارلار، ئايغاقچىلار، جەڭ دۇمبىقى چالغۇچى شادىيانچىلار بەش يۈزنى تەشكىل قىلاتتى. بۇلارنىڭ كەينىدىن ئاشپەز، لاۋازىمەتچى، ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئېلىپ ماڭغان ھارۋىكەشلەر توپى كېلىۋاتاتتى. ياركەند شەھەر دەرۋازىسىنىڭ پەشتاق ـ مۇنارلىرى كۆرۈنگەندە، ئابدۇرەشىدخان «ئاللاھۇ ئەكبەر !» دەپ تەكبىر ئېيتىۋىدى، ئالدى ـ ئارقىسىدىكىلەرمۇ قوشۇلدى.

مىرزا ئەلى تاغايدىن خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇشقان دۆلەت ئەربابلىرى ئابدۇرەشىدخاننىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قارشى ئېلىش ئۈچۈن گۈلئېرەم ئوردىسىنىڭ ئالدىغا چىقىشتى.

«شەھەردىن يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ مېنى كۈتۈۋېلىشقىمۇ رايى بارماپتۇ» دەپ ئويلىغان ئابدۇرەشىدخان دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئىنىلىرىنىڭ ھۆرمەت سالامىغا تۈزۈك جاۋابمۇ قايتۇرمىدى. لەشكەرلىرىنى سىرتتا قالدۇرۇپ، خاس نۆكەر، ۋەزىر، ئەمىرلىرى بىلەن گۈلئېرەم ئوردىسىغا كىردى. دىۋانخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاتلىق يېتىپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا تۇنۇگۈن قەشقەردىن كېلىپلا سەئىدخاننىڭ مەقبەرىسىدە قارىيلار بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا باشلىغان سەيىدمۇھەممەد مىرزا ياقىلىرىنى يىرتىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى يۇلۇپ، كۆك سەللىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، بوينىغا قارا كىگىز سېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى ـ دە: «ۋاي ھەسرىتا !

ۋاي ئىستا !» دەپ باھار بۇلۇتىدەك ياش تۆكۈپ زار ـ زار يىغلاپ تۇردى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا غەزەپ بىلەن:

ــ تۇتۇڭلار بۇ ئاسىي ناكەسنى ! ــ دەپ ئەمر قىلدى.

بەھرام باشلىق تۆت نۆكەر باشتىن ـ ئاياغ مۇسىبەت كىيىمى كىيگەن سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى ئالدى ـ ئارقىسىدىن قاپساپ كېلىپ تۇتتى ۋە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئەكەلدى.

ــ جاللات ! بۇ ئاسىينىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىل ! ــ دەپ بۇيرۇدى ئابدۇرەشىدخان.

ــ سۇلتان ئالىيلىرى، قايسى قارا يۈز خۇدادىن قورقماي، پېقىرنى ئۆزلىرىگە ئاسىي دەپ چاقتى؟ قانداقمۇ بۇ رەزىل تۆھمەتكە ئىشەندىلە؟ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېنىقلاپ كۆرسىلە مەسىلە ئايدىڭ بولمامدۇ؟ ئالدىراقسانلىق بىلەن قىلىنغان ھۆكۈمنىڭ ئاقىۋىتى نادامەتلىك پۇشايماندۇر، ــ دېدى چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن سەييىدمۇھەممەد مىرزا قول ـ مۈرىلىرىدىن تۇتۇپ تۇرغان نۆكەرلەرنى ئاچچىقى بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ.

نۆكەرلەر ئارىسىدىن چىققان ئىككى جاللات سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى كۆزىنى تېڭىپ ياتقۇزۇپ، قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋەتتى. مەقبەرە قىزىل قانغا بويالدى. ۋەھىمىگە چۆمگەن ۋەزىر، ئەمىرلەر ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان ئەلى سەئىد كوكۇلداش ئابدۇرەشىدخان يېنىدا گىدىيىپ تۇرغان مىرزا ئەلى تاغايغا تازا بىر ھومىيىپ قاراپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى:

ــ سۇلتان ئالىيلىرى، ئەمىر كەبىر سەييىدمۇھەممەد مىرزا جانابلىرىدا قىلچە گۇناھ يوق، ئۇ مەرھۇم خان ئاتىمىزغا ناھايىتى سادىق ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇۋال بولدى ...

ــ بولدى بەس ! ــ ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

ــ بۇ قارا يۈز ناكەسنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىش كېرەك، سۇلتان ئالىيلىرى، ــ دېدى مىرزا ئەلى تاغاي ئەمىرلەر ئارىسىدا غادىيىپ تۇرغان خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسقا «سەنمۇ

گەپ قىل، بۇ دېگەن پۇرسەت» دېگەن مەنىدە قاراپ.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەلى سەئىد كوكۇلداش سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ يان تايىقى. بۇ تاياق ئۇشتۇپ تاشلانمىسا، مۇبارەك باشلىرىنى ياردىغان چويۇن چوماققا ئايلىنىدۇ، — دېدى خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ. ئۇ شۇنچىلىك ئېگىلىپ تەزىم قىلدىكى، بېشى تىزىغا تېگەي دەپ قالدى.

— جاللات ! بۇ ئاسىي ناكەسنىڭمۇ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىل !

بۇيرۇق دەرھال ئىجرا قىلىندى.

مىرزا دايىم ئەلى، بابا سادىق مىرزا، مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق سەركەردىلەرمۇ تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلاندى.

— مەرھۇم خان ئاتامغا ئوغۇل، ماڭا ئىنى تۇرۇپ سۇيىقەستچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن بۇ تۇزكورنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاڭلار !

ياساۋۇللار كېلىپ مەڭدەپ قالغان ئىسكەندەر سۇلتاننى سۆرىگىنىچە زىندانغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىسكەندەر سۇلتانغا يېقىن بولغان بىرقانچە ئەمىر، سەردارمۇ ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن زىندانغا تاشلاندى.

— بۇزرۇكۋارىم خان ئاتا، ھەزرەتلىرىنى رىيازەت چۆلىدە نابۇت قىلغان ئاسىي مۇناپىقلارنى جازالىدىم. ئارامگاھلىرىدا تىنچ ياتقايلا. ئاھ، مېھرىبان ئاتام، — دەپ نالە قىلدى ئابدۇرەشىدخان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يانغان قەھر ـ غەزەپ ئوتىنى مېھىر بۇلاقلىرىدىن ئوقچۇغان سۆيگۈ تاشقىنى ئۆچۈردى. ئۇمۇ شۇ تاپتا قەھرلىك پادىشاھتىن ئىنتائەتمەن، باغرى يۇمشاق پەرزەنتكە ئايلانغانىدى.

مىرزا ئەلى تاغاي ياسالمىلىق بىلەن «ئاھ، خان ئاتام ! ...» دەپ پەرياد چەككىنىچە ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ تۇرغان خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاسقا قاراپ ھىجايدى.

بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئەلائىددىن مەھمۇد بارلاس: «ئەي، ئۇلۇغ خۇدا، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ خۇنرىز مۇناپىقلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ. پېقىر قۇلۇڭنى كەچۈرگىن، توغرا يولغا باشلىغىن، ھەق بىلەن ناھەقنى سەنلا ھەقىقىي ئايرىغۇچىسەن ...» دەپ ئىچىدە ھەسرەت چەكتى. كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك تۆكۈلگەن ياش ئايىغىدا يېيىلىپ قېتىشقا باشلىغان ئىسسىق قانغا قوشۇلدى.

— مەن مەقبەرىدە يالغۇز قېلىپ، ئاتامنىڭ روھى بىلەن سىردىشىۋالاي، جانابلار، — دېدى ئابدۇرەشىدخان توپا دۆۋىلەپ قويۇلغان لەھەتتىن كۆز ئۈزمەي.

يۇرەكلىرى پوكۇلداپ تۇرغان ۋەزىر، ئەمىر، سەردار، بەگلەر، ئوردا ياساۋۇللىرى دەرھال چىقىپ كېتىشتى.

مەقبەرە توپىسىدىن بىر سىقىم ئالغان ئابدۇرەشىدخان ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

شۇ تاپتا دېۋانخانىدىن چىققان مىرزا ئەلى تاغاي بىلەن خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشۋاتاتتى.

— جانابلىرى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغاي چىرايىغا تەپكەن خۇشلۇقنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈشكە تىرىشىپ، — شۇنچە يىللاردىن بېرى كۆڭلىمىزگە پۈككەن ئارمىنىمىزغا ئەمدى يېتىدىغان بولدۇق. ئامەت دېگەن شۇ دە.

— مىرزا بۇنىڭ ئۈچۈن خوجا ئاكىلىرىغا رەھمەت ئېيتىپلا قالماستىن، خىزمىتىمنى بەجانىدىل قىلىشلىرى لازىمغۇ دەيمەن، — خوجا شاھمۇھەممەدى بارلاس ئاۋازىنى پەسەيتىپ مىرزا ئەلى تاغاينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — مېنىڭ دېگىنىمدەك سەۋرچان بولمىغان، مەسلىھەتلىرىمنى بەجانىدىل قوبۇل قىلمىغان، تۇر دېگەن يەردە تۇرمىغان، ماڭ دېگەن يولغا ماڭمىغان، تاپىلىغىنىمدەك قوي تېرىسىنى يېپىنچاقلاپ ئىتقابلانمىغان بولسىلا ئارمانغا يېتەلمەيتتىلە. يەنە شۇنى

ئەسلىرىدىن چىقارمىسۇنلەركى، شاھزادە ئابدۇرەشىدخانغا بىرنەچچە يىلدىن بېرى بەگئەتكە بولۇپ، ئۇنى ئوتقا كىر دېسەم كۆيۈپ كېتىشتىن قورقمايدىغان، سۇغا كىر دېسەم چۆكۈپ كېتىشتىن قورقماي دەرياغا ئۆزىنى ئاتىدىغان پەرمانبەردار قىلىپ تەربىيەلىدىم. بىراق، بۇ بىلەرمەن شاھزادە ناھايىتى زېرەك. كېچىككىنە دىققەتسىزلىك قىلسىلا مەككار سۇيىقەستچى ئىكەنلىكلىرىنى سېزىۋېلىپ تېرىلىرىنى تەتۈر سويىدۇ. شۇڭا، ھەربىر قەدەمنى مېنىڭ مەسلىھەتىمسىز باسماسلىقلىرى زۆرۈردۇر.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە. بۇ ماڭا مەلۇملۇق. جانابلىرىمۇ بىلىپ قويسىلىرىكى، بۇ ۋاقىتچە سۈرۈن تەلەتلىرى بىلەن ئوردا ئەھلىنىڭ قوللىشىغا، ھۆرمەتلىشىگە دېگەندەك ئېرىشەلمەي كەلدىلە. ئۇنداق بۆرە تېرىسىنى يېپىنچاقلىۋالماي ماڭا ئوخشاش ئۇستىلىرىگە قوي تېرىسىنى ئارتىۋالسىلا، — مىرزا ئەلى تاغاي مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ خوجا شاھمۇھەممىدى بارلاس بىلەن ئورۇندىن چىقتى ۋە مەيدانى ئادالەتكە قاراپ ماڭدى.

— ئەمدى مەملىكەت ئابدۇرەشىدخانغا قالدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىقىپ ئىشەنچىگە ئېرىشىۋالسىلا، مىرزا، مەملىكەتنى ئۇ شاھزادە ئەمەس، ئىككىمىز سورايمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، ئەمىر، ھەرقانچە زېرەك بولار، سەئىدخاندەك بولار. مەن سەئىدخاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن يەردە، ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلمەسمەنمۇ؟ بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا. سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئىنىم ئەمىر ۋەلى تاغاينىڭ ئاچچىق ساۋىقى ھەر دائىم مېنى ھوشيار بولۇشقا چاقىرىپ تۇرىدۇ.

— سىلىنى مىرزا ئۆلۈك چاقىرىپ يېنىغا ئەكېتىپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى خوجا شاھمۇھەممىدى بارلاس كۆرەڭلىك بىلەن سۆز قىستۇرۇپ، — ماڭا تايانسىلا، ئابدۇرەشىدخان بىلەن

بىۋاسىتە كۆرۈشەلەيدىغان يەگئەتكە ئەمىر ئىكەنلىكىمنى زىنھار ئۇنتۇپ قالمىسىلا.

— ئەلۋەتتە ئۇنتۇپ قالمايمەن، ئەمىر. جانابلىرىمۇ مېنىڭ قابىل، چارە ـ تەدبىرلىك ۋەزىر ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇمىسىلا. دۈشمەنلىرىگە، دۈشمەنلىرىمگە ھەرگىز ئامانلىق بەرمەيمەن. قاراپ تۇرسىلا، ھېچقايسى مىرزا چىقىپ باقمىغان ئۈستۈن ئورۇنغا چىققانلىقىمنى كۆرىدىلا.

— مېنىڭ تىلىكىممۇ شۇ، مىرزا.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ خۇشلۇقى ئىچلىرىگە سىغماي قالغانىدى.

كۆپ يىللاردىن بېرى قوي تېرىسىنى يېپىنىۋالغان باياۋاننىڭ چىل بۆرىسى بىلەن جاڭگالنىڭ كۆك بۆرىسى ئۆزلىرىنىڭ گۆشخور يىرتقۇچ ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇنداق ھىيلە ـ مىكىر بىلەن بىلدۈرمەي، خانلار ۋە شاھزادىلەرنى بىخۇدلاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇلار يەنە قاچانغىچە بىگۇناھ، ساپ دىل مەملىكەت ئەربابلىرىنىڭ جېنىغا زامىن، ئاق كۆڭۈل ساددا ئاۋامنىڭ ھۆر، پاراۋان تۇرمۇشىغا توسقۇن بولار؟

بۇ سوئالغا مەيدانى ئادالەتكە ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن يىغىلغان ئاۋامنىڭ قايغۇلۇق نەزىرى جاۋاب ئىزدەپ، يامغۇرلۇق ئاسمانغا ئۈمىد بىلەن تىكىلەتتى. تارىخ بۇنىڭغا لىللا جاۋاب بەرگۈسى. ھالبۇكى، دۇنيا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەڭشىلىپ تۇرىدۇ.

# سۇلتان سەئىدخان

( رومان )


**ئاپتورى:** ھاجى مىرزاھەمد كېرىمى
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** گۈلباھار ئەخەت
**مەسئۇل كوررېكتورى:** زەمىرە پىدائى
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 13.375
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 5000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-228-18341-8
**باھاسى:** 38.00 يۈەن